سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆمۈر داستانى

(ئەسلىمە 1)

## زۇلۇم زىندانلىرىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى


سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆمۈر داستانى


(ئەسلىمە .1)

## زۇلۇم زىندانلىرىدا


مىللەتلەر نەشرىياتى




سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ياش ۋاقتى.



سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دادىسى
تاشاخۇن ئەزىزى



سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئانىسى
سارىخان ئەزىزى



سەيپىدىن ئەزىزى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە.




سەيپىدىن ئەزىزى 1936 ـ يىلى تاشكەنتتە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە.



ئابدۇكېرىم مەخسۇم




خوجانىيازھاجى



مەخمۇت شىجاڭ



مۇھەممەت ئىلى ئەپەندى



ياڭ زېڭشىن



جىن شۇرېن



شېڭ شىسەي

# مۇندەرىجە

سۆز بېشى ........................................ 1

## بىرىنچى قىسىم
## باللىق دەۋر

بىرىنچى باب بىرىنچى قەدەم ــ مەكتەپكە .............. 3
ئىككىنچى باب "كۆڭلەك ۋەقەسى" .......................... 19
ئۈچىنچى باب مەكتەپ ھاياتى ................................ 33
تۆتىنچى باب مەنسۇر ھىدايەت.............................. 38
بەشىنچى باب بالا ئوقۇتقۇچىلىق ............................. 46

## ئىككىنچى قىسىم
## شىنخەي ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭ

بىرىنچى باب شىنخەي ئىنقىلابى ئەلنى تىترەتتى............ 71
ئىككىنچى باب شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭدا بولغان
قوزغىلاڭلار ........................................ 77
1. ئىلى ئىنقىلابى ........................... 77
2. "گېلاۋخۇيچىلار" ھەرىكىتى ................ 90
3. تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى.................. 93
ئۈچىنچى باب ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ
119 ..........................................

## ئۈچىنچى قىسىم
## زۇلۇم زىندانلىرىدا تەمتىرەش


بىرىنچى باب 20 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ ................. 139
ئىككىنچى باب شىنجاڭدا "جەدىتچىلىك"................. 142
ئۈچىنچى باب سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا
تەسىرى ........................... 149
تۆتىنچى باب قاتمۇقات زۇلۇم ۋە بايىلار جېدىلى........... 157
بەشىنچى باب ئازاب ئىچىدە تەۋرەش ................. 165


## تۆتىنچى قىسىم
## چوڭ پارتلاش


بىرىنچى باب قۇمۇل قوزغىلىڭى........................ 179
ئىككىنچى باب قەشقەردىكى قوزغىلاڭ ................. 221
ئۈچىنچى باب قەشقەرگە ھۇجۇم ...................... 239
تۆتىنچى باب ئۈچ تەرەپ كۈرىشى ...................... 254
بەشىنچى باب ئىچكى توقۇنۇش ۋە چەتنىڭ ئارىلىشىشى
...................................... 266
ئالتىنچى باب ئۈچ قېتىملىق جەڭدە...................... 271
1. ھىمدتىنىڭ سېپىدىكى جەڭدە.................. 271
2. يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش جېڭىدە
...................................... 279
3. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش .................. 286

يەتتنچى باب خوتەن قوزغلىڭى.................... 292
سەككىزىنچى باب "شەرقىي تۇركىستان ئىستىقلالىيەت
جۇمھۇرىيىتى ھۆكۇمىتى"................. 298
توققۇزىنچى باب خوجانىياز ھاجى بىلەن شىڭ شىسەيىنىڭ
بىرلىشىشى ................................ 311
ئونىنچى باب ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا........... 323
ئون بىرىنچى باب 30 - يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا
قىسقىچە باھا.......................... 335

## بەشىنچى قىسم
## قان ئىچىدە ئىزدىنىش

بىرىنچى باب شىڭ شىسەيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى
........................................ 351
ئىككىنچى باب بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقا ................ 363
ئۈچىنچى باب شىڭ شىسەيىنىڭ نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ
جىياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى
........................................ 385
تۆتىنچى باب ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق................... 396
بەشىنچى باب سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش .................. 421
ئالتىنچى باب چۆچەكتە ئالتە يىل .......................... 469

# سۆز بېشى

بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈر مەنزىللىرىمنى يادىمغا ئالسام قىسقا مۇساپە ئەمەس ئىكەن. بۇلار ھەققىدە بىر ئەسلىمە يېزىپ قالدۇرۇشنى خېلىدىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتىم. ئەمدىلىكتە يېشىم 70 دىن ئاشقاندا، ئاشۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

تارىخ ئىزسىز ئۆتمەيدۇ. بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى دېمىگەندىمۇ، يېشىم 17 گە توشۇپ، ئاتقا مىنىپ خەلق قوزغىلاڭ-چىلىرى سېپىگە قاتناشقان ۋاقتىمدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بۇ يېرىم ئەسىر ئىچىدە دۇنيادا، جۇڭگودا شۇنداقلا شىنجاڭدا ئالامەت كاتتا ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. دۇنيا مىقياسىدىن ئېيتقاندا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، فاشىزمىنىڭ دۇنياۋى ھالاكىتى، يەنە بىرمۇنچە سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ جۇڭگودا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى؛ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ يوقلىشى، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىققا چىقىشى؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت

ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى؛ شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلابىغا ماسلاشقان (چىڭ خاندانلىقىغا قارشى) خەلق ئىنقىلابىي قوزغىلاڭلىرى، شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت زۇلمىغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلغان ئىنقىلابىي كۈرىشى؛ شىنجاڭ خەلقىنىڭمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە ئازادلىققا چىقىشى؛ ئازادلىقتىن كېيىنكى جاپالىق، كۈرەشچان، مول مەنىلىك ئوتتۇز نەچچە يىل — مانا بۇلار دۇنيا تارىخىدا، جۇڭگو تارىخىدا، شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ ئىشلار. كىشىلىكنىڭ ئەسىرلەر بويى قىلغان قانلىق كۈرەشلىرىنىڭ مېۋىلىرى — كەلگۈسىدىكى ھەقىقىي ئەركىن، باراۋەر، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغ يېڭى دۇنيانىڭ — كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ باشلاپقى قەدەملىرى.

مەن ئۆمرۈمدە بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئەسلىگەندە، ئاشۇ ئىشلار ئىچىدىن كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى يېزىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن ئۇنچە جىق يازالمايمەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى، ماڭا بەكرەك تەسىر قىلغان چوڭراق ئىشلارنى يازالىسام‌مۇ چوڭ گەپ.

مەن ئۆزەمنىلا يازماقچى ئەمەسمەن. ئۆمۈر يولۇمدا كەچۈرگەن ئىشلارنى، ئاڭلىغانلىرىمنى يازماقچىمەن. ئاممىلېكىن، يازمىشلىرىمنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئوينىغان رولۇم، مەيلى ئۇ ئەڭ كىچىك دائىرە ئىچىدە دېيىلگەندىمۇ، سىرتتا قالماسلىقى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنىڭ ئىجتىمائىي كۈرەش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدا ۋە ئۆزەم يەكۈنلىگەن تەجرىبە-ساۋاقلار توغرىسىدا گەپ قىلماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس.

ئەسلىمىلەرنى قايسى تەرىقىدە، قايسى ئۇسلۇبتا يېزىش مۇ بىر مۇھىم مەسىلە ئىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، يېزىلغان ئەسلىمىلەر ھەر خىل. بەزىلەر ئۆز ھاياتىدىكى ئۇچراشتۇرغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ئەسلىمىلەر يېزىشتى. بەزىلەر ئۆز ھاياتىنى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئەسلىمىلەر يېزىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىنى ئۆز ھاياتىدا ئۇچراشتۇرغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۇ ياق، بۇ ياق قىلغۇچى ئورنىدا قويۇپ ئەسلىمىلەر يېزىشتى.

مەن بۇ ئەسلىمىلەرنى يېزىشتا، ئۇنىڭ بايان ئۇسلۇبى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىشتىن ئاۋۋال، مۇئەييەن شەكىل ۋە ياكى ئۇسۇل ھەققىدە ئۆز-ئۆزەمگە بېكىتىپ بەرگەن فورما يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. مەن پەقەت ئۆز ئۆمرۈمدە كۆرگەن-بىلگەن ئاساسىي تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە ئۆزەم مۇھىم دەپ تونۇغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى تولۇقىراق يېزىشقا تىرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ۋەقەلەر بايانىدا، زۆرۈر دەپ قارىغان جايلاردا يانداپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بەدىئىي جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندىم.

بۇ ئەسىرىمدە بايان قىلىنغان بىرقانچە تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىدىن تاشقىرى، ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن ئىزدەپ-سوراپ بەزى ئارخىپ ماتېرىياللارنى كۆردۈم. بۇ ماتېرىياللار ئوخشاش بولمىغان دەۋر شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشتىكى بارماقلارنىڭ قەلىمىدە ھەر خىل سىياسىي سىياھ بىلەن يېزىلغانلىقتىن، ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا بېرىلگەن باھالارنىڭ ھەر خىل ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغانلىقى دىققىتىمنى تارتتى. مەن بۇلارغا نىسبەتەن مۇلاھىزە

قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەلىي پاكىتلارنى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇش، تارىخىي تەرەققىيات ئۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىش، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمى توغرىسىدا ئىزدىنىشنى ئاساس قىلىپ، توغرا ياكى ئاساسەن توغرا دەپ بىلگەن قاراشلىرىمنى بايان قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلدىم.

مەن بۇ ئەسلىمىلىرىمنى يېزىۋېتىپ ئۆز ئۆمرۈمنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىنى كۆرگەندەك، ياشلىق-قىرانلىق يىللىرىم تېخى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەندەك ئاجايىپ ھېسسىياتقا چۆمدۈم. ئەمما، ئاشۇ "دەۋر" ۋە "يىللىرىم"غا تارىخ ئۆز تامغىسىنى بېسىپ ئۆتكەندى. مەن بۇ تامغىنىڭ بېسىپ قويغان ئىزناسىغا شاھىت بولالىشىملا مۇمكىنكى، ئۇنى ئۆزگەرتىپ قويالىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەسلىمىلەر، پەقەت "كۆرگەن-بىلگەنلىرىمدىن ئەسلىمىلەر"لا بولالايدۇكى، رەت قىلغىلى بولمايدىغان ھۆججەت بولالمايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى چۈشىنىشلىك: ئۇرغۇن تارىخىي، كونكرېت، تەپسىلىي ئىشلارنى ئەينەن ئېيتىپ بېرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى مەن بايان قىلغان ئەھۋاللارنىڭ چىن، ھەقىقانىي بولۇشى مۇتلەق زۆرۈر بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ بەھۇزۇر، كەڭ-كۇشادە ئەمەسلىكى، ھەربىر كونكرېت ۋەقەلىكنى نەق مەيدان، چىن پاكىتلار بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىقىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوق ئىكەنلىكى سەۋەبلىكلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قىسقىسى، مەن ئاڭلىغان بەزى ۋەقەلەرنى ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ھۆججەتلىك ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىم چوڭقۇر بولمىدى.

بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئىككى ياكى ئۈچ تەرەپلىك خاتىرىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ "ئەسلىمە"لىرىمدە ئۇنىداق ياكى مۇنىداق كەمچىلىك، سەھۋەنلىكلەرنى سادىر قىلغانلىقىمنى "يوق" دېيەلمەيمەن. بۇنى پەقەت مەن ئەسىرىمنى تەقدىم قىلىۋاتقان ئەڭ سۆيۈملۈك كىتابخانلىرىمدىن كەچۈرۈم سوراش بىلەنلا ئىپادىلىيەلەيمەن.

بۇ ئەسەر ئىلگىرى ئېغىزغا ئېلىنغاندا «تەڭرى تاغدا گۈلدۈرماما» دەپ يېزىلغانىدى. ئەمدى «ئۆمۈر داستانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، جەمئىي ئۈچ كىتاب بولماقچى. بىرىنچى كىتاب «زۇلۇم زىندانلىرىدا»، ئىككىنچى كىتاب «تەڭرىتاغدا گۈلدۈرماما»، ئۈچىنچى كىتاب «تەڭرىتاغدا قۇياش نۇرى».

مېنىڭ بۇ "ئەسلىمە"لىرىمنى يېزىش، تولۇقلاش- تۈزىتىش ئىشلىرىمغا، بەزى ماتېرىيال مەنبەلىرى بىلەن ئىختىيارىي تەمىنلەش، تولۇقلاشقا سەمىمىيلىك بىلەن ياردەم بەرگەن سەپداشلىرىمنىڭ، تونۇيدىغان- تونۇمايدىغان يولداشلىرىمنىڭ خالىسانە، دوستلارچە قىلغان ياردەملىرىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

مەن ئېيتىپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر، مەشھۇر كىشىلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردا ئېنىقسىزلىقلار، سەھۋەنلىكلەر بولسا، بۇلارنى روشەنلەشتۈرۈش ۋە توغرىلاش — شۇ ۋەقەلىكلەر ۋە كىشىلەر توغرىسىدا تېخىمۇ توغرا، ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە كىتابخانلارنىڭ ۋىجدانىغا قېپقالدى. مەن ئۇلارغا ئالدىنئالا رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا يولداش سەمەت دۇگايلى كۆپ ياردەم قىلدى، بۇ يەردە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن.

سەيپىدىن ئەزىزى

1988 - يىل ئىيۇن.

# بەرنچی قسم
# بالىلق دەۋر

# بىرىنچى باب

## بىرىنچى قەدەم — مەكتەپكە

ئادەم دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھېسابلىغىلى بولمايدىغان ھايات قەدىمىنى بېسىپ ياشايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبەدىي ئۇنتۇلغۇسىز قەدەملەرمۇ بولىدۇ. تۇنجى قېتىم ئۆرە بولۇپ مېڭىش بىر مۇھىم قەدەم بولسا، چوڭىيىپ مەكتەپكە كىرىش بۇ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، ئەستىن چىقمايدىغان قەدەم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ چاغلاردا مەكتەپكە بېرىش ناھايىتى چوڭ، داغدۇغىلىق، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان "ئالاھىدە ۋەقە" ھېسابلىناتتى. مېنىڭ مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىمنى ئالتە ياكى يەتتە يېشىممىكىن، دەپ ئويلايمەن. مەكتەپكە بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئۆيدىكىلەر پات ـ پات: "ئەتە ـ ئۆگۈن مەكتەپكە بارىسەن" دەپ مېنى پەپىلەشكە باشلىغانىدى. مەن مەھەللىمىزدە مەكتەپكە بارغان، ئۆزەمدىن ئاز ـ تولا چوڭ بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خۇشال بېرىپ، خۇشال قايتىپ كېلەتتى. بەزىلىرى بولسا قورقۇپ، تارتىنىپ بېرىپ، يىغلاپ، خاپا بولۇپ قايتاتتى. كېيىنكىلەرنىڭ تاياق يەپ، "جازالىنىپ" قايتقانلىقىنى ئاڭلايتتىم. ماڭا بولسا "تاياق"، "جازا" دېگەنلەر يوقلاڭ گەپلەردەك، خۇشال بېرىپ ـ خۇشال قايتىشلا "مەكتەپ"نىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىدەك بىلىنەتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانام ماڭا مەكتەپكە بارغانلىقىنىڭ

بىردىنبىر نىشانى سانىلىدىغان "جىلتە" تىكىپ تەييارلاشقا باشلىدى. ئانامنىڭ ماڭا ئاتاپ تىككەن بۇ جىلتىسى ھېلىغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئۇ جىگەر رەڭ يوللۇق ماتادىن تىكىلگەن، ياپقۇچىغا ئىزمە بېكىتىلىپ تۈگمە قادالغان، بويۇنغا ئېسىش ئۈچۈن ئىككى ئۇچىدا پۆپۈكى بار كۆك يىپتىن قۇر ئورنىتىلغانىدى.

بۇ جىلتە مېنى ئۆزىگە قاتتىق مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئۇ تىكىلىپ تەييار بولغۇچە مەن ئانامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆگىلەپ يۈرگەنىدىم ۋە پات-پات: "قاچان پۈتتۈرىسىز، مەن قاچانمۇ ئېسىپ باقالايمەن؟" دەپ تەقەززالىق بىلەن سورايتتىم. ئانام: "ئالدىرىغىنىڭ بىلەنمۇ مەكتەپكە بارغان كۈنى ئاسسەن..." دەيتتى.

ئاخىر مەكتەپكە بارىدىغان كۈنۈممۇ كەلدى.

شۇ كۈنى ئانام مېنى باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا ئەتىگەنرەك تۇرغۇزۇپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، چاي بەردى-دە، ھېلىقى جىلتىنى بوينۇمغا ئاستى. ئاندىن پېشانەمگە مېھرىبانلارچە سۆيۈپ تۇرۇپ: "مانا ئەمدى مەكتەپكە ماڭ، سېنى ئاكاڭ ئاپىرىپ قويىدۇ" دېدى. مېنىڭ "ئابلىز" ئىسىملىك ئاكام بار ئىدى، ئۇ قولۇمدىن يېتىلەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ قويدى.

مەكتەپكە بارغان شۇ كۈنكى قىياپىتىم ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ: ئۈستۈمدە جىگەر رەڭ ماتادىن تىكىلگەن قىسقا يەكتەك، بېلىمدە كۆك سەگەز بەلباغ، پۇتۇمدا كونىراق قىزىل كۆن ئۆتۈك، بېشىمدا شاپاق دوپپا، بوينۇمدا جىلتە بار ئىدى. بۇ شۇ زامانلاردىكى ئوتتۇرا ھاللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىياپىتى ئىدى. گەرچە مەكتەپكە بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەندىن ياخشىراق كىيىنگەن

ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولسىمۇ، يىرتىق كىيىملىك، پۇتىغا چورۇق
تارتقان بالىلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتىم.

مەن ھويلىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققاندا، خۇشلۇق ۋە قورقۇنچ
تەڭلا يېپىشىپ كەلدى. خۇشلۇقۇم مەكتەپكە بارالىغۇدەك بىر بالا —
ئۆز چۈشەنچىمچە كارغا يارايدىغان بىر بالا — بولۇپ قالغانلىقىمغا
سۆيۈنگەنلىكىمدىن بولغان بولسا، قورقۇنچۇم ئوقۇيالماي پەلەققە
تارتىلىپ، تاياققا قېلىشتىن ئەنسىرەش ئىدى. چۈنكى، مەكتەپ
بالىلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى تاياق بىلەن تاغاقتا ئۇرۇش، پەلەققە
تارتىلىش... قاتارلىق جازالاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان-
دىم. مەكتەپ بالىلىرىنىڭ جازالىغۇچىسى ”خەلپەت“ ئۇنۋانلىق چوڭ
بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم ۋە بىر قېتىم ئاشۇ ”خەلپەت“نىڭ
مەھەللىمىزنىڭ توپىلىق يولىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
ئۆزەمچە سۈر باسقاندەك بولۇپ قېچىپ كەتكەنىدىم.

ئاكامنىڭ يېتىلىشى بىلەن مەكتەپكە كېتىۋېتىپ ئەڭ ئاۋۋال
ئېسىمگە كەلگىنى ئاشۇ ”سۈرلۈك خەلپەت“نىڭ قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ
گۆدەك ئېڭىمدىكى ”تاياق“، ”پەلەق“ تۇتقان قوللىرى بولغانىدى.
شۇڭا: ”ئۇ مېنىمۇ ئۇرارمۇ؟ دادامنىڭ ئابرويى بار ئادەملىكىنى
بىلەرمۇ، ياكى...“ دېگەندەك ئوي-خىياللار بىلەن ماڭغانىدىم.
ئەمما، كەنتىمىزنىڭ توپىلاق كوچىسىدا ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، بىر
توپ مەكتەپ بالىلىرى مېنى ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە ئوي-خىياللىرىمنى
چالغىتىپ، ھۇگا-سۈرەن بىلەن مەكتەپكە ئېلىپ ماڭدى.

بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ نامى ”ۋاق-ۋاق“ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاستىن-
ئاتۇشنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپىدە بىر دەريا بار ئىدى.
شىمالىدا ”باغلا“، ”شورۇق“ دېگەن يېزىلار بىلەن پاسىل بولۇپ،

غەربتىن شەرققە ئۇزۇن بىر توپا تاغ سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېزىمىزدىن ئاتۇشنىڭ غەرب تەرىپىدىكى "قومالتاغ" دەپ ئاتىلىدىغان تاقىر تاغمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېزىمىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن "كاتتا يايلاق"قا بارىدىغان يول ئۆتەتتى. يولنىڭ شىمال تەرىپى زەيلىك، جەنۇب تەرىپى قۇرۇق، سېغىزلىق ئىدى.

مەكتەپ يېزىمىزنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، ئۆستەڭ بويىدىكى تۈگمەن ئالدىغا جايلاشقان مەمتىلى قارىي خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئىدى. مەن شۇ ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا باللاردىن ئايرىلىپ قېپقېلىپ ئاكامنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم. ئاكام مېنى ھويلىغا باشلاپ كىردى. شۇ ئانلا بىزنىڭ ئالدىمىزغا مەمتىلى قارىي خەلپىتىم چىقىپ كەلدى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا، گويا بىر قورقۇنچلۇق مەخلۇققا دۇچ كەلگەندەك چۆچۈپ، قورقۇپ كەتتىم. دېمىسىمۇ ئۇ بويى ئۆسكىلەڭ، ئۇزۇن پاچاق، بۇرۇتى شالاڭ، ساقىلى قىسقا، قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان مۇز تەلەت كىشى ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قاپىقى ئاستىدىن سۇرلۇك، سوغۇق تىكىلىپ قارىشى مېنىڭ بالا يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغاندى. مەن ئالاقزادە بولۇپ تىترەپ كەتتىم. ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىم بىلەن ھېسابلىشىدىغاندەك ئەمەس، بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئاكام قولۇمدىن تۇتۇپ تۇرمىغان بولسا، ئەتراپىمدىكى تەڭتۇش ۋە سەل-پەل چوڭراق باللاردىن ئۇيالمىغان بولسام، ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا قېچىپ كېتىشتىن يانمايتتىم. شۇڭا ئەيمىنىپ، يېتىرقاپ، تىترەپ جىمجىت قاراپ تۇردۇم. ئۇ بىزگە يېقىن كېلىپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى ماڭا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ھە، ئابلىز، — دېدى مەمتىلى قارىي خەلپىتىم ئاۋۋال ئاكامغا باپىقى كۆلۈمسىرىشى كەتمىگەن چىرايى بىلەن تىكىلىپ قاراپ، — سەيپىددىننى ئەكىلىپسىز - دە؟ — ئاندىن ئۇ ماڭا تەبەسسۇم قىلدى - دە، قولۇمنى ئالقىنىغا ئالدى ۋە سەل ئېگىشىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مانا ئەمدى سەن مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم بولدۇڭ، ياخشى ئوقۇغىن، بولمىسا ئۇرۇشۇپ قالىمىز...

ئۇنىڭ ئاۋازى سىيلىق بولسىمۇ، يېقىمسىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ قوپال سىقىمىدا تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە قولۇمنى تارتىۋالماقچى بولغان بولسامۇ چىقىرالمىدىم. بىر ئۇنىڭغا، بىر ئاكامغا قاراپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئاكام مېنىڭ ھېسسىياتىمنى بىلگەن بولسا كېرەك:

— ھە، ئوبدان ئوقۇ، بۇ، مەمتىلى خەلپىتىم، ياخشى ئادەم، مەنمۇ كىچىك ۋاقتىمدا مۇشۇ يەردە ئوقۇغان، — دېدى - دە، مېنى خەلپىتىمگە بېرىپ تاشقىرى ماڭدى. خەلپىتىم مېنىڭ نېمە بولۇۋاتقىنىم بىلەن ھېسابلاشماي، قولۇمدىن يېتىلەپ ئىچكىرى ماڭدى. مەن، مېنى بىر ئادەم يېتىلەپ ئەمەس، بوينۇمدىن ئارغامچىدا باغلاپ سۆرەپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدىم. باللار يەنە چۇقان سېلىپ خەلپىتىم بىلەن ئىككىمىزنى ئورۇۋالدى، مەن زورمۇزور باللارغا قاراپ ھىجايدىم. دوستلۇرۇمنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق كېرەك - تە؟

شۇنداق قىلىپ مەن مەكتەپكە كىردىم، مەكتەپ ئارقىلىق جەمئىيەتكە ماڭغان بىرىنچى قەدىمىمنى باشلىدىم.

مەن ئاشۇ بىرىنچى قەدىمىمنى، مەكتەپتە قانداق ئوقۇغانلىقىمنى ئويلىسام، ئۆزەمگە ھەم غەلىتە، ھەم قىزىق تۇيۇلىدۇ. بىراق مەن شۇ دەسلەپكى مەكتەپ ھاياتىمنى دائىم ئەسلەيمەن. ئۇ مەكتەپ

ماڭا هازىرقى مەكتەپلەرنىڭ بۈگۈنكى ئۆسمۈرلەرگە بېرىۋاتقىنىغا قارىغاندا چوڭ بىرنېمە بېرەلمىگەن بولسىمۇ، بىلىم ئېلىش يولىنى باشلاپ بەرگەنىدى. مەن هازىرقى بىلىمىمنى ئويلىسام ۋە مۇشۇ بىلىمگە سېلىنغان ئاساسلارنى ئويلىسام، ئاشۇ مەكتەپنى، ئاشۇ بىرىنچى قەدەمنى ئەستىن چىقىرالمايمەن.

مەكتەپتىكى بىرىنچى كۈنىنىڭ بىرىنچى دەرسى باشلاندى. مەندىن چوڭراق بىر بالا بىر ئۆيدىن چىقىپ بىرنېمە دەپ ۋارقىرىغانىدى (كېيىن بىلسەم بۇ بالا سىنىپ باشلىقى ئىكەن)، بالىلار چۇقانلىرىنى توختىتىپ، شۇ چىققان ئۆيگە ماڭدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىردىم. بۇ مەكتەپ بار-يوقى ئاشۇ بىر ئېغىز كونا ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە هېچنېمە يوق ئىدى. مەنمۇ بالىلار بىلەن بىللە ئۆينىڭ تېمىنى چۆرىدەپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. بىز تالادىن خۇددى بىر بۆرە كىرىدىغاندەك قورقۇپ پات-پات ئىشىككە قاراپ ئولتۇراتتۇق. قولىدا كىچىك تاياق تۇتقان خەلپىتىم ئىشىكتىن كىرىشىگىلا هېلىقى سىنىپ بېشىنىڭ باشلامچىلىقىدا هەممىمىز ئورنىمىزدىن قوپۇپ: "ئەسسالام!" دەپ تەڭ ۋارقىراشتۇق. خەلپىتىم ئۇدۇل مېڭىپ تام تۈۋىدىكى كىچىك پەس سۇپىغا چىقىپ، بىر پارچە كونا پالاسنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بىزمۇ ئولتۇردۇق. خەلپىتىم ئالىغاي كۆزى بىلەن سىڭايان ئالىيىپ، بالىلارغا بىر قاراپ چىقتى-دە: "سەيپىدىن بىلەن مۆمىن مەيەرگە كېلىڭلار!" دەپ توۋلىدى ۋە باشقا بالىلارغا قاراپ: "ساۋىقىڭلارنى ئوقۇڭلار!" دېدى. مۆمىن بىلەن ئىككىمىز خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قاتار يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق. مەن سۇر بېسىپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي ئولتۇراتتىم. مۆمىن بولسا پەرۋاسىزلىق بىلەن

خەلپىتىمنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇراتتى ۋە جەينىگى بىلەن پات-پات بېلىمگە نوقۇپ قوياتتى.

— سىلەر بۆگۈندىن تارتىپ مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بولدۇڭلار، — دېدى خەلپىتىم قولىدىكى تاياقنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، — بۇندىن كېيىن مېنىڭ سىزىقىمدىن ھەرگىز چىقمايسىلەر، "بىسمىللاھىر راھمانىررەھىم" دەڭلار!

بىز ھودۇقۇپ تۇرۇپ چالا-بۇلا "بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم" دېدۇق. ئۇ رازى بولماي، قارىيلارچە بىزگە قايتا-قايتا ئۆگەتتى. كېيىن: "مۇشۇ سۆزنى ئەتىگىچە ساناپ مىڭ قېتىمدىن ئېيتىسىلەر" دېدى. ئاندىن ئۇ جىلتىمىزدىكى دەپتەر بىلەن قەلەمنى ئېلىپ ئىككى ھەرپنى يېزىپ بەردى. "مانا بۇنى ئېلىف(ئا) دەيدۇ، ماۋۇ بە(ب). ياخشى پىشۇرۇڭلار، ئەتىلىككە سورايمەن" دېدى. بىز قايتىپ ئورنىمىزغا كەلدۇق، مەن تىترەك بېسىپ، باياتىندىن بېرى پېشانەم-دىن ئاققان تەرنى يېڭىم بىلەن ئېرتتىم. كېيىن باللارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ: "بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم"نى تەكرارلاشقا باشلىدىم. بىردەمدىن كېيىن خەلپىتىم يەنە ئىككى بالىنىڭ ئېتىنى توۋلىدى. ئۇلارمۇ بېرىپ سۇپا ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ باللاردىن بىرنىمىلەرنى سورىدى، ھەممە باللارنىڭ كۆزى ئاشۇ سۇپىدا ئىدى. بىرۋاقىتتا خەلپىتىم قاتتىق ۋارقىرىدى-دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىككى بالىنىڭ بېشىنى ئالدىغا باستى، ئاندىن ئولتۇرغىنىچە ئىككى بالىنىڭ بېشىنى ئىككى پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، قولىدىكى تاياق بىلەن سۆڭگىچىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. باللار يىغلاپ تۇرۇپ بىرنىمىلەرنى دېدى. كېيىن ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ دېگىنى "توۋا قىلدىم، خەلپىتىم توۋا" دېگەن سۆز ئىكەن. خەلپىتىم

باللارنى بوشتىپ قويۇۋەتتى. شۇ كۈنكى مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ھازىرقىدەكلا يادىمدىن چىقمايدۇ. مەن، مېنىمۇ ئاشۇنداق ئۇرارمۇ، دەپ قورقاتتىم. مەندىن چوڭراق بىر بالا: "ياخشى ئوقۇمىساڭ سېنىمۇ ئۇرىدۇ، ئۆزەڭ بىلىپ، ساۋاقدىشىڭ بىلمىسىمۇ يەنە سېنى ئۇرىدۇ" دېدى. كېيىن بىلدىمكى، باللارنى بىر جۈپتىن ساۋاقداش قىلىپ قويىدىكەن. بىللە ساۋاق ئالىدىكەن، بىللە ساۋاق (ئىمتىھان) بېرىدىكەن. ساۋاقنى ياخشى بېرەلمىسە، بايىقىدەك بېشىغا دەسسەپ تۇرۇپ ئۇرىدىكەن. مەن بۇندىن كېيىن بۇ مەكتەپتە كۆرىدىغىنىم بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

شۇنداق قىلىپ خەلپىتىم بىر جۈپتىن ساۋاقداش باللارنى سۇپىغا چاقىرىپ- يانىدۇرۇپ تۇردى. گاھىلىرىغا ئانچە كايىمايلا يېڭى دەرس بېرەتتى، گاھىلىرىنى بايىقىدەك ئۇرۇپ قايتۇراتتى. خەلپىتىم يەنە ئارىلاپ- ئارىلاپ باشقىلىرىمىزغا: "ساۋاقلىرىڭنى ئوقۇش" دەپ ۋارقىراپ قوياتتى- دە، مۇقاۋىلىرى يىرتىلىپ كەتكەن بىر كونا كىتابنى ئوقۇشقا باشلايتتى. بىزلەر پۈتۈن ئۆينى بېشىمىزغا كىيىپ، تامغا يۆلەنگەنچە ئىككى يېقىمىزغا ئىغىناپ تۇرۇپ كۆزلىرىمىزنى چالا- بۇلا يۇمۇپ ۋارقىرايتتۇق. باللار ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ دەرسىنى تەكرارلايتتى. مۆمىن بىلەن ئىككىمىز "بىسمىللاھىر راھمانىررەھىم" دەپ تۇۋلايتتۇق.

بىرۋاقىتتا باللار جىم بولۇپ قالدى، قارىساق بىر بالا تالاغا چىقماق بولۇپ، ئەمدى ئىشىكنىڭ تۈۋىگە بارغانىكەن، خەلپىتىم: "ھەي، مەيەرگە كەل" دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن بالىنى دۈم ياتقۇزۇپ، ئىشتىنىنى سىيرىپ چۈشۈرۈپ، قولدىكى تاياق بىلەن پەللىكىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. بالا: "تۇۋا قىلدىم، تۇۋا..."

دەپ توۋلاپ ئېغنايتتى. كېيىن خەلپىتىم ئۇرۇشنى توختىتىپ: "ئورنۇڭدىن قوپ!" دەپ توۋلىدى. ئاندىن بىر قولى بىلەن ئىشتىننى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن ياش كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرغان بالىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئەدەبنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

— يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، خەلپىتىم.

— يەنە ئەدەبسىزلىك قىلامسەن؟

— يوقسۇ خەلپىتىم.

— ماڭ، تالاغا چىقساڭ ئەدەب بىلەن چىق!

— بالا سۇپىدىن چۈشۈپ خەلپىتىمگە قاراپ تۇرۇپ يىغا ئارىلاش "ئەدەب، خەلپىتىم" دېگەنىدى، خەلپىتىم "چىق!" دېدى. بالا سۆڭگىچىنى ئۇۋۇلاپ تالاغا چىقىپ كەتتى. مەن بۇ ۋەقەنى زادى چۈشىنەلمىدىم. بالىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوقۇغۇچىلار تالاغا تەرەتكە چىقىدىغان بولسا خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئەدەب، خەلپىتىم" دەپ توۋلايدىكەن، خەلپىتىم رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن چىقالايدىكەن، "ئەدەب" دېمەي چىقىپ كېتىدىغان بولسا جازالىنىدىكەن. مەكتەپتىكى بۇ بىرىنچى جازانى كۆرۈپ، تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. ئۆز ئۆيىدە خالىغانچە يۈگۈرۈپ كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ئالتە-يەتتە ياشتىكى بالىلار بۇ "ئەدەب"كە قانداقمۇ كۆنەلىسۇن؟ بۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەدەب تايىقى يېمىگەنلەر بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم مەن.

خەلپىتىمنىڭ بىرىنچى ساۋىقى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىزمۇ ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ، ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن يارتا نانلىرىمىزنى ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە چىلاپ يېدۇق.

ھېلىقى قورقۇنچلۇق تاياقلار يادىمىزدىن چىقىپ كەتتى. ۋارقىرىشىپ، چۇرقىرىشىپ، چېلىشىپ، چىرمىشىپ ئويناشتۇق. بىرپەستىن كېيىن يەنە سىنىپقا كىردۇق. ئەمدى خەلپىتىم كىرمىدى. ھېلىقى "خەلپەت" بالىنىڭ باشچىلىقىدا ساۋىقىمىزنى تەكرارلىدۇق. ئەمدىكى ھالىمىز بايىقىدەك جىددىي بولمىدى، تۇرۇپلا ئويناپ كەتسەك "خەلپەت"نىڭمۇ كۆڭلى يەتمەي قالدى، ئۇ ۋارقىراپ گەپ ئاڭلىتالماي، ئاخىر يىغلاپ كەتتى. بىزگە گەپ ئاڭلىتالمىسا ئۇمۇ تاياق يەيدۇ-دە! ئۇنىڭغا ئىچىمىز ئاغرىسىپ، ئويۇننى توختىتىپ يەنە دەرس تەكرارلىدۇق. بىرۋاقىتتا، "خەلپەت" بالا تالاغا چىقىپ كىرىپ "ئازاد!" دەپ توۋلىغانىدى، شۇندا ق ئالدىراپ قوپۇپ، قالايمىقان يۈگۈرۈشتۇقكى، بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، يىقىلمىغان بالىلار ئاز قالدى. ئىشىكتىن چىقىپ ئارقىمىزغىمۇ قارىماي، ئۆيلىرىمىزگە چاپتۇق...

مېنىڭ بىلىم يولىدا باشلىغان بىرىنچى قەدىمىم ئاشۇنداق باشلاندى، بىرىنچى كۈنلۈك مەكتەپ ھاياتىم ئاشۇنداق ئۆتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ مەن: "ئاشۇ مەكتەپكە ئەتىمۇ بارارمەنمۇ؟" دەپ ئويلىدىم. بىراق، يەنە بارماقچى بولدۇم. چۈنكى ئوقۇشقا بۇرۇن بارغان بالىلار: "تاياق يېيىش ھەممە مەكتەپتە بار ئىش..." دېگەنىدى. مەن: "نەگىلا بارغىنىم بىلەن ئوقۇيمەن، دېسەملا تاياقتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا ئوقۇۋېرەي، ئەمما، تاياقنى ئازراق يەيدىغاننىڭ كويىغا چۈشىمەن" دېگەن ئوي بىلەن ئۆيگە كەلدىم. مەكتەپكە كىرگىنىمنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاز بولسىمۇ بىرنەرسە بىلدىمغۇ؟... بىسمىللاھىر راھمانىررەھىم... بۇ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم گەپ ئوخشايدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆگەنگەن ئېلىپ، بە لەر ساۋات چىقىرىشنىڭ

باشلىنىشى ئوخشايدۇ...» دەپ ئويلىدىم.

دېمەك، نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ بىرىنچى كۈن مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت مەنىسىز ئۆتكىنى يوق. گەرچە ئۇ يەر ماڭا قورقۇنچلۇق تۇيۇلسىمۇ، هامان ئۇ مېنى ئۆزىگە تارتىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ مەكتەپ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن مەكتەپكە بېرىۋەردىم. بىزنىڭ «مەكتەپ هاياتىمىز» ئەتىگەندە بېرىپ ساۋاق بېرىش (ئالدىنقى كۈندىكى دەرستىن ئىمتىهان بېرىش)، يېڭىدىن ساۋاق ئېلىش (دەرس ئوقۇش)، ئوقۇغانلىرىمىزنى كۆزنى يۇمۇۋېلىپ يادلاش، دەرس ئارىلىقىدا بىرەر قېتىم ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ پومۇداقلىشىپ، تولاپ - ۋارقىراپ ئويىنىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. هەر كۈنى دېگۈدەك خەلپىتىم بىر - ئىككى بالىغا جازا بېرىپ تۇراتتى. جازانىڭ ئەڭ قاتتىقى پەلەققە تارتىش بولۇپ، بۇنداق جازا ئارىلاپ - ئارىلاپ بېرىلەتتى.

بىركۈنى خەلپىتىم يېشى چوڭراق بىر جۈپ ساۋاقداش بالىنىڭ بىردىن پۇتىنى پەلەققە تارتىپ شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، باللارنىڭ تاپانلىرىدىن قان چىقىپ كەتتى. بىردىن پۇتى پەلەققە تارتىلىپ ئۇڭدىسىغا ياتقان هېلىقى ئىككى بالا تووا دېسە توۋا دەپ نالە - پەرياد قىلىپ يىغلىناتتى. پەلەقنىڭ ئىككى بېشىنى تۇتۇپ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى بالىنىڭ بىرسى باللارنىڭ هالىغا قاراپ بۇقۇلداپ ئۈنىنى چىقارماي يىغلايتتى، يەنە بىرى بولسا تەتۈر قارىۋېلىپ ئاستى كالپۇكىنى چىشلەپ، قاپىقىنى تۈرۈپ جىم تۇراتتى. تاياق يېگەن باللارنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقى يادىمدا يوق، گۇناھى چوڭ بولسا، يا بىرەر كۈن مەكتەپكە كەلمەي قويغان ياكى سوقۇشۇپ

قالغان، يا بولمىسا باشقىلارنىڭ ئېتىنى ئۈزۈپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ ياشتىكى بالىلار ئۇنىڭدىن باشقا قانچىلىك ئىش قىلالىسۇن؟ بىراق، پەلەق بەك قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ئىدى. بالىلار باشقا جازادىن قورقمىسىمۇ، پەلەقنى ئويلىغاندا تىترەپ كېتەتتى. مۇنداق پەلەققە تارتىشلارنى كۆرگەندە "مەن قاچان پەلەققە تارتىلارمەن؟" دەپ ئەندىشە قىلاتتى. مەن پەلەققە تارتىلمىدىم، بۇ مېنىڭ چوڭ گۇناھ قىلمىغانلىقىمدىنمۇ ياكى خەلپىتىم دادامنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئادەتتىكى جازالاردىن قۇتۇلالمى-دىم، ياخشى ساۋاق بېرەلمىگەندە باشقا دەسسەپ تۇرۇپ ئۆرۈش، بۇلۇڭغا ئاپىرىپ توختىتىپ قويۇش، ئالىقانغا تارىشا بىلەن ئۇرۇش...قا ئوخشاش جازالار بىرنەچچە قېتىم بولدى.

مەكتىپىمىزنىڭ پەيشەنبە كۈنى باشقا كۈنلەردىن ئەندىشىلىكرەك ئۆتەتتى. بۇ ھەم خۇشلۇق، ھەم خاپىلىق بولىدىغان كۈن ئىدى. پەيشەنبىلىك ئەكەلگەن بالىلار خاتىرجەم ئولتۇراتتى، پەيشەنبىلىك ئەكەلەلمىگەنلەرنىڭ بولسا ئىشى چاتاق ئىدى. پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ھەربىر بالا سىنىپقا كىرگەندە تەرتىپ بويىچە "ئەسسالام" دەپ كىرەتتى، كېيىن سۇپىغا — خەلپىتىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېيىقلىق داستىخانغا بىر نان، يېنىدىكى لېگەنگە پەيشەنبى-لىك پۇل قويۇشى كېرەك ئىدى. خەلپىتىم بولسا بىردەم بالىغا، بىردەم داستىخان بىلەن لېگەنگە قاراپ، بىردەم كۈلۈمسىرەپ، بىردەم خاپا ھالدا ئولتۇراتتى، توقاچ نان بولمىسا زاغرا نان، پۈتۈن بولمىسا پۇچۇق نان، ئىشقىلىپ، نان كېلىپ تۇراتتى. پەيشەنبىلىك پۇلنى بولسا ئەكىلەلىگىنى ئەكىلەتتى، ئەكىلەلمىگەنلەرمۇ كۆپ بولاتتى. پۇل ئالتە پۇل، سەككىز پۇلدىن

ئاشمايتتى (ئۇ ۋاقىتتىكى پۇل ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بار مىس داچەن پۇل بولۇپ، بىر داچەننى ئىككى پۇل دەيدىغان، بىر پۇلنى ئىككى پۇل دېيىش — شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ پۇلنى جىق كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان ھارامزادىلىكى بولسا كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاند خوتەندە بىر داچەننى ئىككى پۇل دەيسەن دېگەندە خوتەنلىكلەر "بىينى بىي دېگۈلۈك" دەپ ئۇنۇماي، خېلىسى جازالىنىغانىمىش!). گاھى باللار خاتىرجەم كىرىپ "ئەسسالام" دەپلا پۇلنى لېگەنگە تاشلىسا، گاھى باللار ئىشىكتىن مەيۈس كىرىپ، "ئەسسالام"مۇ دېيەلمەي، بېشىنى گۇناھكارلارچە ئېگىپ، قايغۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىگە ئەسلا مۇناسىپ بولمىغان خىجالەتچىلىك ئىچىدە خەلپىتىمنىڭ سوئال نەزىرىدىن كۆزىنى قاچۇ-رۇپ: "دادام ئۆيدە يوق ئىدى..."، ياكى: "ئانام ئەتىگىچە بېرەي دېدى..." دەيتتى. بۇنداق باللارنى خەلپىتىم شۇ زاماتلا ئۇرمايتتىيۇ، ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قارىشى تەنلەرنى چىملىدىتىۋېتەتتى. ئۇ قوپال ئاۋاز بىلەن ھېلىقىدەك باللارغا ئالىيىپ: "ئولتۇر!" دەپ ۋارقىرايتتى. بىرپەستىن كېيىنلا "پەيشەنبىلىك" ئەكىلەل-مىگەن باللارنىڭ تولىسى ئۇنداق سەۋەبتىن بولمىسا بۇنداق سەۋەبتىن چوقۇم تاياق يەيتتى. بەزىلىرى شۇ تاياق زەربىدىن ياكى كېيىن يەنە تاياق يېيىشتىن قېچىپ، مەكتەپكە پۈتۈنلەي كەلمەي قوياتتى. "پەيشەنبىلىك"نى ئۆزمەي ئەكىلىپ تۇرغان باللار بولسا بەخىرامان، خاتىرجەم ئولتۇراتتى ۋە جازاغىمۇ ئاز ئۇچرايتتى. ئاتا-ئانىسى خەلپىتىمگە پوشكال توشۇيدىغان، ياكى خەلپىتىم ئۆزى بېرىپ مېھمان بولۇپ زەللە بىلەن ياندىغان ئائىلىنىڭ باللىرى بولسا ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمايتتى.

مەمتىلى قارىي خەلپىتىمنىڭ بالىلارغا قىلغان بۇنداق قوپال، رەھىمسىز مۇئامىلىسى مۇتلەق ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە بەزى ھاللاردا تۇساتتىن مۇلايىم، مېھرىبان بولۇپ كېتەتتى. كەمبەغەل، نامرات بالىلارنىڭ تىرىشىپ ئوقۇيدىغانلىرىغا پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىپ، گەپتە قوپاللىق قىلسىمۇ، كۆرۈنۈشتە جازالىغاندەك تۇرسىمۇ، ئاستىرتىن ئاسراپ، قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنداق بالىلار مەكتەپكە كەلمەي قالسا، ئۆزى بېرىپ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئېلىپ كېلەتتى. باينىڭ بالىلىرى ئازراق جازاغا ئۇچرىغىنى بىلەن خەلپىتىمنىڭ ھېلىقىدەك مېھرىبانلىقىنى كۆرمەيتتى. ئۇلار مەكتەپتىن كېتىپ قالسا كەينىدىن سۈرۈشتۈرۈپ بارمايتتى. ئۇلارنىڭ ساۋىقىنى تەكرارلاشلىرىنىمۇ "ھە-ھۇ" دەيتتىيۇ، تازا چىڭ تۇتمايتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، يېزىمىزدىكى ھاللىق، باي ئادەملەر مەمتىلى خەلپىتىمنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشمايتتى. ئالدىدا "ھە" دەپ قويۇپ، كەينىدىن تىللايتتى. شۇڭا ئۇ ئەتراپتىكى تەڭتۇش "قارىي خەلپەت"لەر ئىچىدە خېلى بىلىملىك بولۇشىغا قارىماي (مەمتىلى قارىي خەلپىتىم دىن دەرس، ئىنشا ۋە ھېساب دەرسلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇتاتتى.) يۇقىرى "ئۆلىما" دەپ ئېتىراپ قىلىنمايتتى. كېيىنرەك ھېس قىلىشىمچە، ئۇ يېزا "مۆتىۋەر"لىرىنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسىنى بەك پىسەنتكە ئېلىپ يۈرمەي، مەكتىپىنى باشقۇرۇۋەرگەندى.

مەمتىلى قارىي خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدە يېرىم يىلدەك ئوقۇغان بولسام كېرەك. يادىمدا قالغىنى، ھەپتىيەكتىن تولۇق دەرس ئالغان، ئىنشادىن "ئېلىف"تىن "يا"غىچە يازالايدىغان بولغانىدىم. مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىمان — ئىسلامنى بىلىۋېلىش، ھەرپلەرنى تونۇپ، ئوقۇيالايدىغان بولۇش، خېلى چوڭ ئۇتۇق — مەنپەئەت

بولغانىدى. ئەمما، مېنىڭ بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇشۇم ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. مەمتىلى قارىي خەلپىتىم ياكى بالىلار كۆپرەك بارماي، تىرىكچىلىكى ئاقماي قېلىپ مەكتەپنى ئۆزى تارقىتىۋەتتىمۇ، ياكى ئۆزى باشقا بىر پالاكەتكە ئۇچرىدىمۇ، بۇنىسى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ، مەكتەپكە بېرىشىم توختىغانىدى.

مېنىڭ بالىلىقىمدىكى تۇنجى مەكتەپ ھاياتىم يېرىم يىللىق مۇساپە بىلەن تامام بولدى. مېنىڭ بۇ "مەكتىپىم" شۇ يىللاردىكى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تىپى ئىدى. كېيىنرەك ئاڭلىشىمچە، باشقا ھەرقانداق بىر مەكتەپنىڭ "ئىلمىي ھاۋاسى" بىزنىڭ مەكتىپىمىزنىڭكىدىن ياخشىراق ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ مەكتەپتە تېخى خەت ئوقۇتۇپ يازدۇرىدىغان ئىنشا دەرسى، ھېساب دەرسى بار ئىدى. ئەمما شۇ تىپتىكى نۇرغۇن-نۇرغۇن مەكتەپلەردە خەت ئوقۇتۇپ يازدۇرىدىغان ئىنشا دەرسىمۇ، ھېساب دەرسىمۇ يوق، پەقەت قارىسىغا يادلايدىغان "ئىمان" دەرسىلا بار ئىدى.

مەن بىرىنچى قەدەملىك مەكتەپ ھاياتىمنى ئەسلىگىنىمدە، تۇنجى مۇئەللىمىم مەمتىلى قارىي خەلپىتىمنى ئۇنتۇيالمىدىم. ئۇنىڭ بالىلارنى ئۇرۇپ جازالاپ باشقۇرۇشى، ساۋاق بېرىش-ئېلىش ئۇسۇلى، پەيشەنبىلىككە ھېرىسمەنلىكى ئاشۇ دەۋر ئۇنىڭغا يۇقتۇرغان ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن، ئاشۇنداق يولدا مېڭىشتىن باشقا چارە تېپىلمايدىغان ئومۇمىي ئادەت كۈچىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چوڭلار بالىلارغا: "تاياق جەننەتتىن چىققان، بالا ۋاقتىدا تاياق يېگەن ئورۇندىن قىيامەتتە گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ..." دەپ نەسىھەت قىلاتتى. دېمەك، بالىلارنىڭ مەكتەپتە تاياق يېيىشى "قانۇنىي ئىش" دەپ قارىلاتتى. "پەيشەنبىلىك" شۇ زامان مائارىپىنىڭ قائىدىسىدە

مۇئەللىملەرنىڭ ئىش ھەققى ئىدى. بىزنىڭ يېزىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى "پەيشەنبىلىك"كە تايىناتتى.

يۇقىرىقىدەك، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتىدا مەمتىلى قارى خەلپىتىمنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، "پەيشەنبىلىك" يىغىشنى يەككە- يېگانە ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، دەپ قاراشنى تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرىلا، مەن ئۇنىڭ ماڭا تۇنجى قېتىم "ئاغزىمغا ئىلىم سېلىپ" "ئېلىپ، بە"نى ئۆگەتكەنلىكىنى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىلىم ئىگەللەشلىرىمنىڭ بىرىنچى قەدىمى دەپ قارىغانىدىم. كېيىنچە، خېلى چوڭ بولۇپمۇ، شۇ چاغدىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىرىمىزدا مەمتىلى قارى خەلپىتىم ۋە ئۇنىڭ ئاچچىق مەكتىپى توغرىسىدا سېغىنىشلىق ئەسلىمىلەرنى تەكرارلىشاتتۇق. بۇ ئۇنىڭ ئەمەس، مەكتەپنىڭ، ئىلىمنىڭ سېھرىي خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك.

# ئىككىنچى باب
## ”كۆكلەك ۋەقەسى“

مەمتىلى قارى خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدىن قالغاندىن كېيىن ئۆيدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. مېنى ئاكام، ئۇ يوق چاغلاردا ئانام ئوقۇتاتتى. ئابلىز دېگەن ئاكام قاچان، قانچىلىك ئوقۇغان يادىمدىمۇ يوق، شۇ چاغلاردا ئۇ ئۆي ئىشلىرىغا قارايدىغان. ئەمما، ئۇ ماڭا دەرس بېرىپ ئوقۇتالايتتى. بۇ مېنىڭ بىر قورساقتىن تۇغۇلغان تۇنجى ئاكام بولۇپ، مىجەز-خۇلقى ياخشى، ئەقىل-ئىدراكلىق بولسا كېرەك، ئائىلىمىزدە ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. ئۇنى مەنمۇ بەك ياخشى كۆرەتتىم، مېنىڭ ئاداشلىرىممۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئانامنىڭ ساۋاتلىق ئىكەنلىكىمۇ ئاشۇ دەۋرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھۋال ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ خەت-ساۋاتلىق بولۇشى كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. ئانامنىڭ ئېتى سارىخان بولۇپ، دادىسى ئاتۇشتا خېلى نامى بار مۇنەۋۋەر ئاخۇن ئىسىملىك تېۋىپ ئىدى. ئۇ پەرزەنتلىرىنى ئۆي ئىچىدە ئۆزى ئوقۇتسا كېرەك، ھەممىسى ساۋاتلىق ئىدى. ئۇ ئادەم تېۋىپلىككە ئائىت كىتابلاردىن باشقا كىتابلارنىمۇ كۆپ ئوقۇيتتى.

ئانام ماڭا ئۆيدە ”ھەپتىيەك“نى داۋاملىق ئوقۇتتى، ئۇندىن تاشقىرى ھەرپ تونۇش، قوشۇپ ئوقۇش ۋە يېزىش، رەقەملەردىن ساۋات بېرىش...نى چىڭ تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئايدىن

كېيىنلا مەن ھەرپلەرنى قوشۇپ خەت يازالايدىغان بولدۇم. ھېلىمۇ
يادىمدا: تۇنجى قېتىم يازغانلىرىم: "دادام قاچان كېلىدۇ؟" دېگەن
مايماق ـ سايماق سوئال جۈملە بولغانىدى. ئانام بۇنى كۆرۈپ ناھا-
يىتى خۇش بولۇپ كەتكەن ۋە "ياخشى ئوقۇساڭ داداڭ چاپسان
كېلىدۇ" دېگەنىدى.
ئانام مېھرىبان، مۇلايىم ئايال ئىدى. مەھەللىمىزدىكى كەمبەغەل
ئاياللار يىراقتىكى ئەرلىرىگە ياكى باشقا تۇغقانلىرىغا خەت يازدۇر-
غىلى كىرسە ئېرىنمەي يېزىپ بېرەتتى، باللارغا تەڭ قارايتتى،
ئۆينى ئوبدان تۇتاتتى. قولى بوش بولسىلا قانداقتۇر كىتابلارنى
ئوقۇيتتى. ياش بولغىنىغا قارىماي ئەھل ـ مەھەللە، قولۇم-
قوشنىلار نەزىرىدە ھۆرمەتلىك ئىدى.
دادام بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆيدە يوق ئىدى، ئۇنى بەزى
قەشقەردە، بەزى يەكەندە دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلايتتىم. دادامنىڭ
ئەسلى ئىسمى ئابدۇرىشىت بولۇپ، كىچىك چېغىدا بوۋام "بۇ پىش-
شىق ئادەم بولىدۇ" دەپ يەنە "تاش" دېگەن قوشۇمچە ئات قويۇپ
قويغانىكەن. مەن چوڭ بولغان چاغلىرىمدا ئۇنى يىراق ـ يېقىن،
كۆرگەن ـ بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى "تاشاخۇن" دەپ چاقىرىدىكەن.
دادامنىڭ دادىسى ئەزىز ئاخۇن، ئۇنىڭ دادىسى ئابدۇرىشىت،
ئۇنىڭ دادىسى موللاتوختى ئاخۇن ئىكەن (ئەجدادلىرىمنى مەن
شۇلارغىچىلا بىلەتتىم). دادامغا ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئېتىنى قويۇپتىكەن-
دۇق. بوۋام ئەزىز ئاخۇننىڭ ئىقتىسادىي ئوتتۇرا ھالىمىدىكىن،
كەنتىمىزنىڭ ئايىغىدىكى "بەلۇن دانا خېنىم" دەپ ئاتىلىدىغان بىر
كىچىكرەك مازارغا شەيخ بوپتىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "ئەزىز
شەيخ" دەپمۇ ئاتىشىدىكەن. ئۇنىڭ پاتماخان، رەبىخان، تاشاخۇن

(مېنىڭ دادام)، زورىخان، قۇناخۇن دەپ ئۈچ قىز، ئىككى ئوغلى بوپتىكەن. دادامنىڭ تۆت باشلامدىن (خوتۇندىن) 17 بالىسى بولغان. ئۇلار مۇھىددىن، نەجمىددىن، ھىلالىددىن، نىساخان (بۇلارنىڭ ئانىسى نىساخان)؛ ئابدۇلئەزىز، ئابدۇلھەق، سەيپىدىن (مەن)، لىۋائىددىن، زىيائىددىن، مەمبىددىن، مەتلىددىن، زەينەپخان (ئانىمىز سارىخان)؛ شەمشىددىن، زىۋىدىخان (بۇلارنىڭ ئانىسى ھاپىزخان)؛ نۇسرەت-خان، زىۋانىخان، ئىرپان (بۇلارنىڭ ئانىسى تۇخان) ئىدى. بۇلار-دىن ھىلالىددىن، سەيپىدىن (مەن)، زىۋىدىخان، ئىرپان قاتارلىق 14 كىشى ھازىرمۇ بار. ئابدۇلئەزىز 1940-يىلى، لىۋائىددىن 1937-يىلى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئابدۇلھەق 1987-يىلى ئۆز ئەجىلىدە ۋاپات بولدى.

دادام مەن بىلگەن چاغلاردا ساقىلىغا ئاق كىرىپ قالغان، كېلىش-كەن ئادەم ئىكەندۇق. ئۇنىڭ كىچىكلىكىدە قانداق مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھەر ھالدا ئۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق دىنىي بىلىم ئالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ زامانىۋى پەن-بىلىملەردىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. بۇنى ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ بىلىۋالغانمۇ، ياكى "قۇلاق موللىسى" بولۇپ باشقىلاردىن ئاڭلاپ بىلىۋالغانمۇ، ئىشقىلىپ، ئاسماندىن، يەردىن، دۇنيادىن، ھېسابتىن، تارىختىن جىق نەرسىلەرنى بىلەتتى ۋە سۆزلەپ بېرەتتى.

دادام چوڭ بولغاندىن كېيىن خېلى كۆپ بايلىققا ئىگە بوپتى-كەن. مەن بىلسەم، ئۇنىڭ يەر-زېمىنى ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ يەر-لەرنىڭ جىقراق قىسمىنى ئورتاققا قويۇپ تېرىسا كېرەك، تەپسىلىي ئەھۋالدىن خەۋىرىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى يەر تېرىدىمايتتى، ئاۋۋال سودىگەرچىلىك بىلەن، كېيىن يەرلىك قول ھۈنەر

سانائىتى بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ
كەينىدە مەكتەپ ئېچىش، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى
ئويغىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردە بولغانىكەن. كېيىن 1911 ـ (ياكى
1912 ـ ) يىلى ھۆكۈمەت ئۇنى "گېلاۋخۇي"غا قاتنىشىپتۇ دەپ تۇتۇ-
دىغان چاغدا ئالدىن بىلىپ قېلىپ روسىيىگە قېچىپ كەتكەنىكەن.
ئۇنىڭ روسىيىگە كېتىشى كۆزنىڭ چوڭراق ئېچىلىشىغا سەۋەب
بولغان بولسا كېرەك، كېيىن ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ روسىيىنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا، موسكۋا، پېتېرگرادقا، ئاندىن فىنلاندىيە-
گىمۇ بارغانىكەن. بىز كىچىك چاغلاردا ئۇ: "مەن ئالتە ئاي كۈندۈز،
ئالتە ئاي كېچە بولىدىغان يەرگە بارغان. ئۇ يۇرتنىڭ ئېتىنى فىنلان-
دىيە دەيدۇ. ئۇ مۇز دېڭىزغا يېقىن جاي..." دەيدىغانىدى.

دادام روسىيىدە ئۈچ ـ تۆت يىل يۈرۈپ ئەرمەن مىللىتىدىن
بولغان ياكوۋ (كىشىلەر ئۇنى "ياقۇپ ئەرمىنى" دەيتتى) دېگەن بىر
كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ سەرەڭگە ياسايدىغان بىر زاۋۇتلۇق ئۈس-
كۈنە ئېلىپ قايتقانىكەن. ئۇلار زاۋۇتنى يەكەنگە قۇرۇپتۇ. ئاندىن
يەنە قەشقەردە ئىككى ـ ئۈچ يەردە سۇ چىغىرىقى بىلەن ئىشلەيدىغان
كىچىكرەك پاختا زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپتۇ.

دادام روسىيىدىن قايتقاندىن كېيىن داۋاملىق كونىلىققا قارشى
تۇرۇش، يېڭىلىقنى تەرغىپ قىلىش، يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكەت-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىپتىكەندۇق ھەم يۇرتىمىزنى ئاساس قىلىپ قول
ھۈنەرۋەنلەر شىركىتى قۇرۇپتىكەندۇق.

مەن مەكتەپتىن قېلىپ ئۆيدە ئوقۇپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە
يەكەندىكى سەرەڭگە زاۋۇتى توختاپ قالغانلىقىنى، دادامنىڭ
قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىركۈنى ئانام ماڭا:

"داداڭ كېلەلمەيدىكەن، سېنى يەكەنگە ئەكىلگىلار دەپتۇ" دېدى ۋە مېنى يەكەنگە يولغا سېلىشقا تەييارلاندى. بىزنىڭ مەھەللىدە ھەسەن ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ئۇستا تامچى ھەم نامى چىققان چېلىشچى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى "ھەسەن نوچى" دەپمۇ ئاتايتتى. مېنى ئاشۇ ھەسەن ئاخۇن يەكەنگە ئاپىرىدىغان بولىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا مىندى، ئارقىسىغا بىر كۆرپىنى سېلىپ ئۇستىگە مېنى ئولتۇرغۇزدى، يىقىلىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن بىر ماتا بەلباغ بىلەن بېلىمدىن ھەسەن ئاخۇننىڭ بېلىگە چېتىپ باغلاپ قويىدى. بىز ئاشۇ ھالەتتە يولغا چىقتۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەكەنگە بېرىش ئۈچۈن تۆت - بەش كۈن كېتىدىكەن. ھەسەن ئاخۇن ماڭا ئۈچ كۈندە يېتىپ بارىمىز، دېگەنىدى. راست دېگەنىدەك بىز ئۈچ كۈندە يېتىپ باردۇق.

بۇ سەپەر ماڭا بەك قىزىق تۇيۇلدى. ئاتقا مىنگىنىمگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم. چۈنكى، مەن ئات، ئېشەككە مىنىشنى بەك ھەۋەس قىلاتتىم. ئەمما، بىرەر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن قىيىنىلىش، زېرىكىش ھېس قىلىشقا باشلىدىم. يول ئۇزارغانسېرى مۈگدەك بېسىپ، ئۇيقۇم كېلىپ ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي قالدىم. ھەسەن ئاخۇن پات - پات "ئۇخلاپ قالما" دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. مەن ھەسەن ئاخۇننىڭ بېلىگە باغلانغان ماتا بەلباغنى چىڭ قاماپ تۇتۇش بىلەن ئىنكاس بىلدۈرەتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە، بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردۇق. قەيەرلەرنى بېسىپ ، قەيەرلەردە قونۇپ ئۆتكەنلىكىمىز ئېسىمدە يوق. ئېسىمدە قالغىنى "قىزىل بويى" دېگەن بىر جاي بولىدى. بىز بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئاشۇ جاينىڭ بازىرىغا كېلىپ

چۈشكەندۇق. مېنىڭ دىققىتىمنى دەرھال ئۆزىگە تارتقىنى، شۇ يەرلىك كىشىلەر كىيىۋالغان ئېگىز كۆرپە تۇماقلار بولدى. قىزىق تۇيۇلغىنى، بۇ يەردىكى ئاياللارمۇ ئاشۇنداق تۇماق كىيىدىكەن. ئەر-ئايال ھەممىسى قاۋۇل، گەۋدىلىك بولىدىكەن.

بىز چۈشكەن كۈنى بازار كۈنى ئەمەس ئوخشايدۇ. ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئات، ئۆكۈز قوشقان ھارۋىلار، ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، ئويناپ يۈرگەن بالىلارلا كۆزگە چېلىقاتتى.

شۇ ئەسنادا مەن بىر ئادەمنىڭ تونۇر ئالدىدا تۇرۇپ قومۇرۇلغان سامسىسىنى ۋارقىراپ ماختاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى توختىماي بىر ئېڭىشىپ، بىر تۇرۇپ تونۇردىن سامسا قومۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ زىخىدىن تەۋەڭگە چۈشۈۋاتقان سامسىلار كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتىكى، شۇ ئانلا يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرنى ئېلىپ يېگۈم كېلىپ كەتتى. شۇڭا ھەسەن ئاخۇننى بېقىنلاپ: ھەسەن ئاخۇن ئاكا، قارىڭا ئاۋۇ سامسىلارنى...“ دېدىم. ”ھە“ دەپ قويدى ئۇمۇ سامسىغا قاراپ.

بىز بىر دەڭگە چۈشتۇق. دەرۋازىدىن كىرگەندە ئانچىلا چوڭ بولمىغان ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار-قاتار ئۆيلەر، ئۇدۇلدىكى ئالدى ئوچۇق ئېغىلدا ئات-ئېشەكلەر باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. بىز كىچىكرەك بىر ئۆيگە كىردۇق. كۆرپە، خۇرجۇنلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ سۇپا ئۈستىگە جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەسەن ئاخۇن ئاكام مېنى ئۇخلاشقا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىشىكنى تېشىدىن ئېتىپ غايىب بولدى، بىر كەمدە ئىشىكنىڭ زەنجىرى شىرىقشىپ، ئارقىدىن ئىشىك ئېچىلدى. ھەسەن ئاخۇن ئاكام بىلەن تەڭ سامسىنىڭ مەززىلىك

پۈرىقىمۇ كىردى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— هە، مانا سامسا ئەكەلدىم، يېقىنراق كەل، — دېدى ھەسەن ئاخۇن ئاكام ۋە بەلبېغىغا ئوراقلىق سامسىلارنى قىسقا پۇتلۇق پەس شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇ چىقىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي ئىككى قولىدا ئىككى غېدىر سوغاق سۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى، — سامسىنى سوغۇق سۇغا تۆگۈرۈپ يېسە ياخشى بولىدۇ، — دېگىنىچە مېنىڭ قولۇمغا بىر سامسىنى تۇتقۇزدى.

سامسىنى ھەسەن ئاخۇن ئاكام ئۆگەتكەندەك يېگەننى ئاڭلىمىغان، ياكى كۆرمىگەنىدىم. ئۇ دېگەندەك سامسىنى سوغۇق سوغا چىلاپ يېگەنلىكتىنمۇ، ياكى قورسىقىم ئاچقانلىقتىنمۇ، سامسا بەك تېتىپ كەتتى.

كېيىن ھەسەن ئاخۇن ئاكام مېنى يېتىلەپ بازارغا ئەپچىقتى، ئۇ ياق، بۇ ياقنى ئايلىنىپ بازارنىڭ چېتىگە چىقساق، بىر سۆگەتلىكتە بىرمۇنچە ئادەملەر سورۇن تۈزۈپ ئۆرۈستۆپە بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىر قىزىق ئىش بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، بارساق چېلىش بولۇۋاتقانىكەن، ھەسەن ئاخۇن ئاكام مېنى يېتىلەپ كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئالدىنقىراق كېلىپ ئولتۇردى. سورۇندا تۆت-بەش جۈپ چېلىشچىلار قىزغىن چېلىشىۋاتاتتى. قارىسام ھەسەن ئاخۇن ئاكام چېلىشقا قاراپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى، كېيىن ئۇ تىترەشكە باشلىدى. يېنىمىزدا ئولتۇرغان بىر بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ:

— هە، يىگىت، چېلىشچى ئوخشايسەن-دە، — دېدى.

— هە، ياق، چېلىشچىغۇ ئەمەس، ئانچە-مۇنچە چېلىشىپ باققان، — دېدى ھەسەن ئاخۇن ئاكام ئۇنىڭغا.

— هە، بولدى، تىترەپ ئولتۇرالماي قالدىڭ، بۇ چېلىشچىنىڭ

ئادىتى، — دېدى بوۋاي ۋە ھەسەن ئاخۇننى قولىدىن يېتىلەپ سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ جاكارلىدى، — مانا ماۋۇ بىزنىڭ مېھمان پالۋانغا تەڭ كېلەلەيدىغانلار بولسا سورۇنغا چۈشسۇن!

كىشىلەر ھەسەن پالۋانغا قىزىقىپ قاراشتى، ئۇ چوڭ بەستى بىلەن بوۋاي بەرگەن بەلباغنى باغلاپ "قېنى كېلە" دېگەندەك كۈتۈپ تۇردى. توپ ئارىسىدىن بىرنەچچە چېلىشچى مەيدانغا چۈشتى. ھەسەن پالۋان ھايت-ھۇيت دېگۈچە تۆت-بەشىنى يىقىتتى. ئۇ يا كۆتۈرۈپ تاشلايتتى، يا يامپاشقا ئېلىپ ئاتاتتى. سورۇندا غۇلغۇلا كۆچەيدى. ئاخىر بىرنەچچە ئادەم كەڭ گەۋدىلىك يوغان بىر يىگىتنى سورۇنغا ئېلىپ چۈشتى، ئۇ خۇددى ئېتىلىدىغان بۇقىدەك تۇراتتى، كىشىلەرمۇ "قېنى بۇنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ باق" دېگەندەك ھەسەن پالۋانغا قارايتتى. ئىككى پالۋان تۇتۇشتى. بۇ قېتىمقى چېلىش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. ئاخىر ھەسەن پالۋان پۈتۈن كۈچى بىلەن يەرلىك پالۋاننىڭ بېلىنى يىغدى، ئاندىن "يائەلى!" دەپ ۋارقىراپ كۆتۈرۈپ ئالدى-دە. بىرنەچچە پىرقىرىتىپ يەرگە ئاتتى. سورۇندا ھۇگا-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. يەرلىك پالۋان ھەسەن ئاخۇننىڭ بېلىنى قويۇپ بەرمەي ئورنىدىن قوپۇپ: "ھېساب ئەمەس، يەنە چېلىشمەن!" دېدى. ئەمما ھېلىقى بوۋاي كېلىپ:

— بولدى يىگىت، پالۋانلارنىڭ چېلىشىشى بىرلا قېتىم بولىدۇ، — دېدى ۋە ھەسەن ئاخۇن ئاكامنى مەيداندىن قايتۇرۇپ چىقتى.

ھەسەن ئاخۇن ئاكام چاپىنىنى كىيگەندىن كېيىن مېنى يېتىلەپ توپتىن چىقتى. بىرمۇنچە كىشىلەر خېلى يەرگە كەلگۈچە كەينىمىز-دىن ئەگىشىپ كەلدى. شۇ كۈنى مەن "پالۋان" دېگەن سۆزنىڭ

مەنىسىنى چۈشەندىم.

بىز ئەتىسى يولغا چۈشتۇق. يەكەن شەھىرىگە يېقىنلاشقانسېرى مەھەللىلەر قويۇقلاشتى، ئېگىز-پەس ئۆيلەر كۆپەيدى. بىز ئىككى چېتىدە قاتار-قاتار سۆگەتلەر قويۇق تىكىلگەن چوڭ يول بىلەن "مىشا دەرياسى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا بويىغا كەلدۇق. دەريانى بويلاپ بىرپەس مېڭىۋىدۇق، ئوڭ تەرەپتە شەھەر سېپىلى كۆرۈندى. بۇ يەكەن شەھىرىنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىز شەھەرگە كىرمىدۇق، سېپىل سىرتىدىكى چوڭ دەرۋازىلىق بىر ھويلىغا كىرىپ ئاتتىن چۈشتۇق. دادام بىزنى بەك خۇشال كۈتۈۋالدى. بۇ يەردە يەنە نەجمىددىن دېگەن چوڭ ئاكاممۇ بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا ھاپىزخان ئىسىملىك بىر ئۆگەي ئانام شەمشىددىن، زىۋىدىخان دېگەن ئىككى بالىسى بىلەن ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئۆيدە، تۇخان ئىسىملىك يەنە بىر ئۆگەي ئانام نۇسرەتخان، زىۋاندخان دېگەن قىزلىرى بىلەن ھويلىنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى ئۆيدە تۇرىدىكەن.

بۇ ھويلا زاۋۇت دەپ ئاتىلىدىكەن. سەينىسى چوڭ بولۇپ كەڭتاشا ئويناشقا بولىدىكەن. مەن، شەمشىددىن دېگەن ئىنىم ۋە دادام بىلەن شېرىك زاۋۇت قۇرغان ياقۇپ ئەرمىنىنىڭ ئىككى ئوغلى قوشۇلۇپ تۆتىمىز بىللە ئوينايدىغان بولدۇق.

ياقۇپ ئەرمىنى ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئېگىز ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇ يۈزىنى قاپقارا ساقال-بۇرۇت قاپلىغان، كېلىشكەن ئادەم ئىكەن. خوتۇنى ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ توختىمايدىغان ئايال ئىكەن. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ بىز ئويناۋاتقان تەرەپكە قاراپ "سەنلى-گۇۋۇك" دەپ ئىككى بالىسىنى تەڭ

تۇۋلايتتى. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ قايسىسى "سەنلى"، قايسىسى "گۇۋۇك" ئىكەنلىكىنى بىلمەي، بىزمۇ شۇنداق دەپ ئاتايتتۇق. ياقۇپ ئەرمىنىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ئۇيغۇرچىنى چالا سۆزلەيتتى، لېكىن تولۇق چۈشىنەتتى. ياقۇپ ئەرمىنىنىڭ پېشايۋىنىدا ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنا، بويىغا يەتكەن بىر قىزى كۆپ ۋاقىتلىرى كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئۇ، نەجمىدىن ئاكام تالاغا چىققاندا ئۇنىڭغا جىق قارايتتى، بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام "ئوكام بېرى كەل" دەپ قىچقاردى، مەندىن ئۇ ياق، بۇ ياقتىن گەپ سوراپ، ئىككى چاقماق قەنت بەردى، ئاندىن قولۇمغا كىچىككىنە، پۈكلەنگەن بىر قەغەزنى بېرىپ، "ئاۋۇ ئاكاڭغا ئاپىرىپ بەرسەڭ" دەپ، كۆل بويىدا ھەرە بىلەن نېمىندۇ كېسىۋاتقان ئاكامنى كۆرسەتتى، ئاپە-رىپ بەردىم. ئاكام قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇپ، ھېلىقى قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، ماڭا قاراپ "بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا" دېدى. بۇ ئىش مېنىڭ ئۇزاققىچە يادىمدىن چىقمىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئويلىسام، ئۇ بېكار خەت ئەمەس ئىكەن، مەن بىر كىچىك "پوچتىنچى" بوپتىكەنمەن. ئۇلار توي قىلمىز، دېسە، دادام ئۇنىماپتىكەن.

مەن بارغاندا سەرەڭگە زاۋۇتى توختاپ قالغانىكەن. بىز زاۋۇت ئىچىگە كىرىپ ئويناتتۇق. چوڭ بىر زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر-بىرىگە كىرىشكەن يوغان تۆمۈر چاقلار ئورنىتىلغان. چاقلاردىن تېشىغا قاراپ ئۇزۇن تۆمۈرلەر تارتىلغان، تۆمۈرلەرنىڭ ئۇچىدا تاسمىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ تۆمۈرلەرگە ئات قوشىدىكەن. بۇ ئات كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان ئاددىي ماشىنا بولۇپ، ئۇنىڭدا سەرەڭگىنىڭ تاللىرىنى توغراپ چىقىرىدىكەن. يەنە بىر ئۆيدە سەرەڭگىگە

گۈڭگۈرت (باش) تۇتقۇزۇش، قاپ ياساش، قاچىلاش ئىشلىرى قىلىنىدىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ئىشلىنىدىكەن، ئېيتىشلىرىچە بۇ زاۋۇتتا ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ئىشلەيدىكەن، ئۇنىڭ تولىسى ئاياللار ۋە ياش باللار ئىكەن. زاۋۇتنىڭ نېمە ئۈچۈن توختاپ قالغانلىقىنى ئۇ ۋاقىتتا مەن بىلەلمىدىم، كېيىن ئاڭلىسام، ئىككى سەۋەب بىلەن بوپتۇ. ئۇنىڭ بىرى ياقۇپ ئەرشىنى دادام يەكەندە يوق چاغدا بىر قىسىم پۇلغا خىيانەت قىلغانىكەن؛ يەنە بىرى، مېنىڭ چوڭ ئاكام مۇھىددىن دادام يوق چاغدا بىر كاتتا توي قىلىپ، قالغان پۇلنى ھەشەمەتكە سەرپ بېرىپتۇ. ئۇ تويىنىڭ داڭقى يەكەنگىلا ئەمەس، قەشقەرگىمۇ پۇر كەتكەن، چوڭ پۇل خەجلەنگەن داغدۇغىلىق توي بولغانىمىش.

مەن يەكەندە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپلا قايتىپ كەلدىم، دادامغۇ ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ باقتى، ئۇ كېچىدە ئىچىگە ئېلىپ ياتاتتى، ئاكام ئانچە ـ مۇنچە ئۇقۇتاتتى، بىراق بىر ئىش بالىلىق كۆڭلۈمگە يامان تەگكەن بولسا كېرەك، يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ قايتىپ كەلدىم. ئۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى:

ھېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنلىرىدە ئانام ئاتۇشتىن بىر كۆڭلەك ئەۋەتىپتۇ، بۇ كۆڭلەكنى كۆرۈپ شۇنداق خۇش بولدۇمكى، يىغلاپ تاشلىدىم. بۇ ئانامنى سېغىنغىنىم بولسا كېرەك. دادام كىيدۈرۈپ باققانىدى، كۆڭلەكتىن شاراقلاپ ئاۋاز چىقىپ كەتتى، ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان بىر يوللۇق رەختتىن تىكىلگەنىكەن، ئويلىسام ئۇ زاۋۇت رەختى بولسا كېرەك. دادام: "سېلىپ قوي، ھېيت كۈنى كىيىسەن" دېدى. ھېيت كەلگۈچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كەتتى. كۈندۈزلىرى ئارىلاپ ئۆيۈندىن كىرگەندە ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ ئولتۇرىمەن.

مانا، هېيتـنىڭ هارپا كۈنىـمۇ كەلـدى، كۆڭلەكـنى ئەتە ئەتىـگەن
كىيىپ قويىمەن دەپ، تەكىينىڭ ئاستىغا قويۇپ يېتىپ ئۇخلىدىم. ئۇ
كۈنى شۇنداق جىق چۈش كۆردۈمكى، هازىر ئۇنى ئەسلىيەلمەيمەن.
بىراق چۈشلىرىمدە ئانام، كۆڭلەك ۋە هېيت، باللار بىلەن ئويـناش
ۋە هېيت، مۇشۇنـداق نەرسـلەرنى كۆردۈم. ئەتـسى ئەتىـگەندە
ئويغىنىپ، خۇشلۇقۇمدا سەكرەپ قوپۇپ، كىيەي دەپ قارىسام كۆڭلەك
يوق. يىغلىدىم، ئىزدىدىم، دادامنى ئىزدىسەم نامازغا كېتىپتىكەن، شۇ
قورۇدا ئىشـلەيدىـغان بىر ئايال مېـنى ئۆيىگە ئەكىرىـپ، يىـغامنى
بېسىپ، ئولتۇرۇپ ئەهۋالنى ئېيـتىپ بەردى، يىغام بېسـلامدىغان،
تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆگەي ئانام تۈن
يېرىمىدا كۆڭلەكنى تەكىينىڭ ئاستىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئاۋۋال قايچا
بىلەن ئۆگرىدەك قىلىپ توغراپتۇ. كېيىن ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈ-
ۋېتىپتۇ. مۇنـداق ئەلەمـنى كۆتۈرگىـلى بولامدىـغان؟ مەن بىر بالا
تۇرسام، ئازغىنا رەھىمـمۇ كەلـمەپتۇ. ئويلـسام، ئۇنىڭ بۇ ئىـشى
ئانامغا بولغان كۈندەشلىـك ئۆچلۈكـىدىن بولـسا كېرەك. يىغلىدىم،
قاقشىدىم، دەرۋازىغا چىقـىپ دادامـنى كۈتـۈپ ئولـتۇردۇم. دادام
ئاكام بىلەن نامازدىن قايتىپ كەلدى، ئالدىغا ئۆزەمنى ئېتىپ يىغلى-
دىم. توختىماي "كېتىمەن!" "ئانا!" دەپ يىغلىغىنىم زادى ئېسىمدىن
چىقمايدۇ. ئەهۋالنى ئۇقۇپ دادام بەك خاپا بولـدى، ئاكام نەجىمى-
دىن تېخىمۇ خاپا بولدى. ئۇ، كۆيدۈرمىگەندۇ، ساندۇققا تىقىۋال-
غان بولسا كېرەك، دەپ، بىر پالتىـنى كۆتۈرۈپ كىرىـپ، ئـۆگەي
ئانامنىڭ قۇلۇپلاقلىق ساندۇقىنى چاقماقچى بولدى. بىراق، هېلىقـى
ئايال ئەهۋالنىڭ راستىـنى ئېيتىـپ بەرگەنـدىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ
غەزەپلەندى. ئاندىن كېيىن مېـنى ئېلىـپ شەھەر ئىچىدىـكى مامۇت

ئاخۇن ئۇستام دېگەن بىر سەيپۇڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئۇ ئادەمگە بۇگۈنلا ماڭا بىر كۆڭلەك تىكىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ سەيپۇڭ ئوبدان ئادەم ئىدى، مېنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ھېيتنى قويۇپ قويۇپ دەرھال ماشىنىغا ئولتۇردى-دە، چۈشكىچە كۆڭلەكنى پۈتتۈ-رۈپ بەردى. ئاكاممۇ قاراپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلەك پۈتكەندىن كېيىن ماڭا كىيگۈزمەكچى بولغانىدى، مەن كىيگىلى زادى ئۇنىمىدىم. بۇ ئانام ئەۋەتكەن كۆڭلەك ئەمەس، دەپ يىغلاپ كىيمەي تۇرۇۋالدىم. ئاخىر ئۇلار ئالداپ، بەزلەپ كىيگۈزدى. بۇ كۆڭلەكمۇ يامان ئەمەس ئوخشايدۇ، سەيپۇڭ ئۇستامنىڭ: "باناريس رەخت" دېگىنى يادىمدا بار. ئانام ئەۋەتكەن كۆڭلەكنىڭ رەختى يوللۇق چىت بولسا كېرەك. لېكىن، مېنىڭ نەزىرىمدە، دۇنيادىكى ھەممە كۆڭلەكلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئاشۇ كۆڭلىكىمگە يەتمەيتتى.

مەن يېڭى كۆڭلەك كىيگەن بولسامۇ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپلا يۈر-دۈم. شۇ كۈندىن تارتىپ "كېتىمىز" دەپ دادامغا يىغلاپ تۇرۇۋال-دىم. يىغام ئەتىگىنىمۇ، ئاخشىمىمۇ بېسىلمايتتى، گاھىدا تۈن يېرىمىدە ئويغىنىپ كەتسەممۇ دادامنى ئويغىتىپ يىغلاپ تۇرۇۋالاتتىم. دادام شۇ كۈنلەردە ھېلىقى ياقۇپ ئەرمىنى بىلەن دەۋالىشىقلى تۇرغانلىقتىن مېنى ئېلىپ كېتەلمەيدىكەن. بەختىمگە، شۇ ئارىدا ھىلالىددىن ئاكام قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ قالدى. دادام مېنى ھىلالىددىن ئاكامغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدى. ئۈچىنچى چوڭ ئاكام مېنى ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ، ئاۋايلاپ-ئاسراپ ئېلىپ ماڭدى. بىز كەلگەن يولىمىز بىلەن تۆت-بەش كۈن مېڭىپ ئاتۇشقا كەلدۇق. ئانامنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئېتىپ يىغلاپ كەتكىنىم ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ. بۇ ئۇنى سېغىنىپ كەتكەنلىكتىن،

بولۇپمۇ ئاشۇ كۆكلەكنىڭ ئەلىمى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ئىدى.

ئانام باشتا مېنى پەپىلەپ، جوۋۇتۇپ كۆڭلۈمنى ياسىماقچى بولغانىدى. كۆكلەك توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇمۇ مېنى يېڭىباشتىن باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. ئۆيدىكى باشقىلارمۇ كۆز يېشى قىلىشتى.

يەكەنگە بېرىپ يۈز بەرگەن ئاشۇ "كۆكلەك ۋەقەسى" خېلى چوڭ بولغان چاغلىرىمدىمۇ قەلبىمنى ئازابلاپ يۈردى. مانا ھازىرغىچىمۇ ئۇ ئىش ئېسىمدە ھېلى بولغاندەك تۇرۇپتۇ.

# ئۈچىنچى باب
# مەكتەپ ھاياتى

مەن يەكەندىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىزنىڭ ھويلىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلدى. مەكتەپ تاشقىرىقى ھويلىدىكى كەڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيدە بولۇپ، ئۇنىڭدا 30 ـ 40 چە قىز ـ ئوغۇل باللار ئوقۇيتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ مەكتەپ ئانامنىڭ تەلىپى بىلەن ئاكام ئابلىز تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ئاكامنىڭ ئۆزى بولسا باشقا بىر مەدرىستە يۇقىرىراق ئوقۇيتتى. ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆي ئىشلىرىغا قارايتتى.

بىزنىڭ مەكتىپىمىزگە مەتمىن ئاخۇن خەلىپىتىم دېگەن بىر كىشى دەرس بېرەتتى. ئۇ 30 ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ياۋاش، ئوبدان ئادەم بولۇپ، باللارنى ئۇرمايتتى، تىللىمايتتى. ئۇنىڭ ئوقۇتىدىغىنىمۇ يەنىلا ھەپتىيەك، دىنىي قائىدىلەر ۋە ئاز ـ تولا ئىنشا، ئاندىن ھېساب ئىدى. بۇ مەكتىپىمىز مېنىڭ دەسلەپ ئوقۇغان مەكتىپىمگە قارىغاندا خېلى ئەركىن ۋە خېلى ياخشى ئىدى. بىراق مەكتىپىمىز ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. خەلىپىتىمىز ئارىلاپ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاڭلىساق ئۇنى كۆرەلمەس موللىلار ئۆزىچە بىر مەكتەپكە خەلىپىتىم بولۇپ كېتەرمۇ، دەپ دارىتمىلاپ تىللاپ كەلتۈرمەيدىكەن، بىركۈنى خەلىپىتىم كەچرەك كەلدى ـ دە، ھەممىمىزنى سىنىپقا ئەكىرىپ، تامنىڭ تۈۋىدە قاتار ئولتۇرغۇزدى، كېيىن بىزنى

بىر ـ بىردىن ئالدىغا ئەكىلىپ، يېنىدىكى شوپۇكـلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. نېمىشقا ئۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمىدۇق. ئۇ ھەر قېتىم شوپۇك بىلەن ساۋىغاندا "مەن بوگـۇن بار، ئەتە يوق" دەيتتى ۋە ئۇرغاچ كۆزلىرىدىن ياش تۆكەتتى. بىز زادى چۈشىنەلمەي، ھاڭۋېـ قىـپ بىر ـ بىرىـمىزگە قارىـشاتتۇق ۋە بەزىـلىرىـمىز يىغلىشاتتۇق. يىغلىشىمىز تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئەمەس ئىدى. چۈنـكى ئۇ يىغلاتـقۇدەك قاتتىق ئۇرمايتتى، ئۇنىڭ يىغلىغىنى بىزگـىمۇ تەسىر قىـلغان بولسا كېرەك. ئۇ، ھەممىمىزنى بىر ـ بىرىـدىن ئۇرۇپ بولـدى ـ دە، ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. شۇ چاغدا بىز باشلىرىـمىزنى سىلىپ، ئۆرە تۇراتـتۇق. ئۇ بىزگە مۇلايىـم قاراپ: "خوش بالـلار، مەن بوگـۇن بار، ئەتە يوق، مەنـدىن خاپا بولـماڭـلار" دېدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى مەكتەپكە كېلىپ كۆتتۇق، خەلپىتىم يوق. بىرۋاقىتـلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاكام كىرىپ: "خەلپىتىڭلار يوق. بىر ياققا كېتىپ قاپتۇ، ئەمدى سىلەر قايتىـپ تۇرۇڭـلار" دېـدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتىپىمىزمۇ يوق بولدى.

ئاشۇ مەتىمىن ئاخۇن خەلپىتىم 80 ياشلاردىن ئېشىپ 1987 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ھاياتلىقىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 1946 ـ يىلى مەن قەشقەرگە بارغاندا ئۇ ئادەمنى ئۇچراتتىم، بەك سەمىمىي كۆرۈشتۇق، ئۆزى ئىلـغار ئاخۇنـلاردىن بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىپ، ئاكتىپ خىزمەت قىلىـپ كەلگەنـىدى. بىر قېـتىم بېيجىڭـغا مەجلىسكە كەلگەنـدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭـلىشىـپ قالـدۇق، مەن بۇ ئادەمنى دائىم يادلايتـتىم. لېـكىن ئاشۇ ئۇرغانلىقـى، يەنە كېـلىپ

يىغلاپ تۇرۇپ ئۇرغانلىقى ئېسىمگە كەلسە، نېمىشقا ئۇرغان بولغىيدى؟ دېگەن بىر سوئال خىيالىمدىن كەتمەيتتى. بۇ قېتىم شۇ ئۆتكەنكى ئىشلاردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاشۇ ۋەقەنى سورىدىم. ئۇ ئىنزا تارتقاندەك بولۇپ كۈلدى ـ دە: "شۇ ئىش تېخى ئېسىڭىزدە بار ئىكەن، يۇرتتىكى يامان ئادەملەر ئۇستۇمدىن پىتنە تېرىپ مېنى قوغلىۋەتكەندە سىلەرگە چىدىماي شۇنداق قىلغانىدىم" دېدى. ئەتراپىمىزدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى. "بۇمۇ بىر خىل مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ئىكەن ـ دە؟" دېدى بىرەيلەن.

* * *

ئۆز ھويلىمىزدىكى مەكتەپ خەلپەت يوقلۇقىدىن تاقىلىپ قالغاندىن كېيىن، مەن توپا خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. بۇ مەكتەپ بىزنىڭ كەنتىنىڭ تۆۋەنرەكىدىكى "بەلۇن دانا خېنىم" مازىرى-نىڭ يېنىغا جايلاشقان جۇمە مەسچىتىنىڭ خانىقاسى ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە ئىدى. توپا خەلپىتىم بەستلىك، كېلىشكەن، سېرىق ساقال ئادەم ئىدى. ئۇ يازلىقى شاپاق دوپپا، قىشلىقى سەرپۇچ تۇماق كىيەتتى. دوپپا ۋە تۇماق ئۇستىدىن چاققانغىنا سەللە ئورايتتى. دەرس ئۇستىدە ئالاھىدە كەپسىزلىك قىلغان باللاردىن باشقىلارنى ئانچە ئۇرمايتتى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى سۇرلۇك بولۇپ ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. ئوقۇغۇچىلارغا قوپال، قاتتىق تەنبىھ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. "پەيشەنبىلىك" ئەكىلەلمىگەن باللاردىن خاپا بولسىمۇ، بەك چېچىلىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئاربلاپ ـ ئاربلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتۇق.

بىركۈنى خەلپىتىمنىڭ ھويلىسىغا كوچىنىڭ ئۇ ياقىدىن خىش

توشۇۋاتاتتۇق. كۈنچىقىش تەرەپتىن نۇرغۇن ئاتلىق چېرىكلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مەھەللە كىشىلىرى ئۇلارغا ئەيمىنىپ، قىزىقىپ ئۈركۈپ قارىشاتتى. كېيىن ئاڭلىساق، ئۇلار مادۇتەينىڭ چېرىكلىرى بولۇپ ماتىتەينى يوقاتقىلى كەلگەنىكەن.

توپا خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدە مەن يەنە «ھەپتىيەك»نى باشتىن ئاخىرىغىچە ئوقۇدۇم ۋە «قۇرئان»نىڭ بەزى قىسقا سۈرىلىرىنى ئوقۇ-دۇم، بۇ مەكتەپتە يەنە «ناماق» (نامەھەق) «پەتىنامە» (پەندنامە) دېگەن كىتابلارنى ئۆگىنەتتى. بۇ كىتابلارنى چۈشەنمەيتتۇق، «قۇرئان»نى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتۇق، كىتابلار ئەرەبچە، يا بولمىسا پارسچە ئىدى. «نامەھەق» بىلەن «پەندنامە» دېگەن ئىككى كىتابتا ئارىلاپ ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ بار ئىدى. لېكىن باش-ئايىغىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. كېيىن بىلسەك، ئۇلار دىنىي قائىدىلەرنى ۋە نەسىھەتلەرنى ئۆگىتىدىغان ئەدەبىي كىتابلار ئىكەن.

بۇ مەكتەپتە ئىككى-ئۈچ يىل ئوقۇپ بارماي قويدۇم. چۈنكى ئاڭلىساق ئۇ خەلپىتىم ئۇنىڭدىن يۇقىرىسىنى ئوقۇتالمايدىكەن، بۇ مەكتەپتىكى چوڭ ئۇتۇق خەت ئوقۇش ۋە يېزىشنى راۋان ئۆگىنىش، پىششىقلاش بولدى.

* * *

ئاندىن كېيىن، ھاجى خەلپىتىم دېگەن ئادەمدە ئوقۇدۇم، بۇ توغرىدا ئۆز ۋاقتىدا كەلتۈرۈپ كېيىن يەنە توختىلىمەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئويۇنغا ناھايىتى ھېرىس بولۇپ كەتكەن بولسام كېرەك، تالادىن كىرمەيدىغان، مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، كىتاب جىلتەمنىمۇ يوقىتىپ قويغان ۋاقىتلىرىم بولدى. بالىلار بىلەن ئويناش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىدى. دەرەخ ئۈستىگە

يامشىپ، تاملار ئۈستىدە مېڭىپ ياكى ئۆستەڭدە سۇغا چۆشۈپ كۈننى كەچ قىلىۋېتەتتىم، توپ ئويناش، ئاقسۆڭەك ئويناش، قارا ـ قارا قۇشلارىم... ئىشقىلىپ ئويۇنلار خىلـمۇخىل ئىدى، ئارىلاپ چېلىشىپ ئويناپتتۇق، بەزى چېلىشلارنىڭ ئاخىرى جېدەل بىلەن تۈگەيتتى، ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولاتتى.

# تۆتىنچى باب

## مەنسۇر ھىدايەت

بىركۈنى مەھەللىنىڭ پاتىخانىسىدا توپ ئويندۇق، توپ قىزىپ كەتتى، ۋارقىراش، چۇرقىراش "ئا ياققا تۇر، ما ياققا يۈگۈر" دېگەندەك ۋاڭ-چۇڭلار بېسىقمىدى. ئۆزىمىزنى يوقاتقان دەرىجىدە تەرگە چۆمۈپ كەتتۇق. بۇنداق ۋاقىتلاردا باللار ئۆزئارا نامىلىرىنى ئېيتىپ ۋارقىرىشاتتى. بىرئاز ئوينىغاندىن كېيىن قارشى تەرەپنىڭ مەن تەرەپكە ئۇرۇلغان توپىنى قوغلاپ چەتتىرەك بىر ئېرىق تۈۋىگە باردىم، ئېگىشىپ توپنى ئەمدى ئېلىشىمغا ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان بىر ئادەم قوپۇپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ: "سىز سەيپىدىنمۇ؟" دەپ سورىدى. "ھەئە" دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن. ئۇنىڭ چەت-ياقلىق ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىياقى، كۈلۈپ تۇرۇشى ماڭا بەك يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن جىگەر رەڭ يەكتەك كىيىۋالغان، بېشىدا سەرپۇچ تۇماق، پۇتىدا كەش-مەسە، ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەم ئىدى. بۇرۇتى يېڭى چىققانمۇ ياكى بۇرۇت قويغانمۇ، ئىشقىلىپ چىرايىغا يارىشىپ تۇرىدىغان بۇرۇتى بار ئىدى. ئۈستىبېشىدىكى توزاندىن ئۇنىڭ خېلى يىراقتىن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ: "مەن نەجمىدىن ئاكىڭىزنىڭ يېنىدىن كەلدىم" دەپ كىچىككىنە بىر پارچە خەتنى سۇندى. قاراپلا ئاكامنىڭ قەلىمىنى تونۇدۇم،

خەت مېنىڭ ئابلىز ئاكامغا يېزىلغان بولۇپ، "مۇشۇ خەتنى ئاپارغان كىشىنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، يوشۇرۇن ساقلىغلار، قالغان گەپنى ئۆزى ئېيتىپ بېرىدۇ..." دېيىلگەنىكەن. "مېنىڭ ئېتىم مەنسۇر هىدايەت" دېدى ئۇ ماڭا كۈلۈپ قاراپ. مەن توپىقىمۇ قارنماي ئۇ ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ كەلدىم، ئابلىز ئاكام ياخشى قارشى ئالدى، چەتتىرەك بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىرىپ، ئۇزاق سۆزلەشتى. مەن چاي ئەكىرىپ بېرىپ تۇردۇم، كېيىن ئاكام مېنى باشلاپ كەتمەن ـ كۈرەكلەرنى كۆتۈرۈپ باغنىڭ بۇلۇڭىغراق بېرىپ، چوڭ بىر تۈپ شاپتۇلنىڭ تۈۋىگە گەمە قازدۇق. مەن ئازراق قارىشىپ بېرىپ هېرىپ قالدىم. ئاكام: "سەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ قاراپ تۇر، باشقا كىشى كېلىپ قالمىسۇن" دەپ ئۆزى كولاشقا باشلىدى. نامازشام بولۇپ كۆز قاراڭغۇلاشقان ۋاقىت بولغاندا قايتىپ بارسام گەمە خېلى چوڭ قېزىلىپتۇ، ئاكام ماڭا بىر باغلام قوناق شېخى، بىر كىگىز ئەكىلىشنى تاپشۇردى. ئۇلارنى سېلىپ ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاكام مەنسۇر هىدايەت بىلەن تاماق يەپ، ئاندىن ئۇنى ئاشۇ گەمىگە ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىشنى بىز ئىككىيلەندىن باشقا ئانام بىلەن ئاچاملا بىلەتتى. باشقىلاردىن، بولۇپمۇ سىرتقى ئادەملەر-دىن قاتتىق يوشۇرۇن تۇتتۇق. ئۇ ئادەمگە تاماق توشۇش مەخسۇس ماڭا تاپشۇرۇلدى، ئاكام كېچىلىرى بېرىپ سۆزلىشەتتى. مەن بارسام ئۇ ئادەمنىڭ كىتاب ئوقۇپلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. كىتابلاردىكى بەلگىگە قارىسام، دادامنىڭ كىتابلىرى ئىكەن.

ئۇ ئادەم مەندىن قەغەز ئالدۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يازاتتى، ئۇنىڭ يازغانلىرى شېئىرگە ئوخشايتتى. بەزىدە يازغانلىرىنى ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى، ئۇ شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم.

بەزىدە ئۇ يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز "ئاغىنە" بولۇپ قالدۇق، ئۇ ئادەم مېنى ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ كاللامدىن: "بۇ زادى قانداق ئادەمدۇ؟ نېمىشقا قېچىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇپ ياتىدىغاندۇ؟" دېگەن سوئال كەتمەيتتى. سوراي دېسەم پېتىنالمايتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ بىر سىرلىق ئادەم ئىكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوبدان ئادەم ئىكەنلىكى بارغانچە ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. ئىككىمىزنىڭ "ئاغىنىدارچىلىقىمىز" كوچىيىگەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىلنى بىرسى تۇتماقچىمۇ؟

— ھەئە، مەن قاچقۇن، مېنى تۇتماقچى، بەلكى ئۆلتۈرمەكچى، — دېدى ئۇ ماڭا كۈلۈپ قاراپ.

— ئۇلار دېگەن كىملەر؟

— دوتەي، بەگلەر.

— دوتەي دېگەن قارا خىتايمۇ؟

— ھە، قارا خىتاي. ئۇنىڭ ئىسمىنى مادوتەي دەيدۇ.

مېنىڭ قارا خىتايمۇ دەپ سورىغىنىم، ئۇ زامانلاردا كەينىدە ئۇزۇن بىر تال چېچى بار، بېشىدا گادازىلىق قارا موزىسى بار، ئۇزۇن چاپان كىيگەن ھۆكۈمەت كىشىلىرىدىن ھەممە ئادەم تازا قورقاتتى. "قارا خىتايلار تۇتۇۋالسا ئىش تۈگەيدىكەن - دە؟ — دەپ ئويلىدىم ۋە، — بۇ ئادەمنى چىڭ ساقلاش كېرەك ئىكەن" دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

— ئۇلار سىزنى نېمىشقا تۇتماقچى؟ — دەپ سورىدىم مەن يەنە.

— مەن ئۇلارغا قارشى بولغانلىقىم ئۈچۈن، — دېدى ئۇ ماڭا

قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز قىزىقسىڭىز مەن سۆزلەپ بېرەي.

مەن خۇش بولۇپ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

مەنسۇر ھىدايەت قەشقەر شەھىرىدە بىر قىسىم تالىپلار بىلەن نامايىش قىپتۇ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۋېت دوختۇرخانىسىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىش ئىكەن. شۋېت دوختۇرخانى-سىدىكىلەر ئادەم داۋالاش باھانىسىدا خرىستىئان دىنىنى تارقاتقۇچى "مىسسىئونېر" دەپ ئاتىلىدىغان ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار دىن تارقىتىدى-كەن، ئىسلام دىنىغا قارشى ھالدا ئۆز دىنىنى تەشۋىق قىلىدىكەن. شەھەردىكى پاناھسىز قالغان كەمبەغەل يېتىم بالىلارنى يىغىپ كېيىم، تاماق بېرىپ ئوقۇتىدىكەن. مۇنداق بالىلار يوقاپ كېتىپ ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىن "ئوقۇمۇشلۇق" يېڭىچە ئادەملەردىن بولۇپ يەنە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل كېيىن مەن شەھەرگە كىرىپ داۋالىنىش ئۈچۈن ئاشۇ شۋېت دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، مەنسۇر ھىدايەتلەرنىڭ نېمىشقا ئۇلارغا قارشى نامايىش قىلغانلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئاندىن چۈشەندىم. مېنى تاغام ئاتىخان باشلاپ دوختۇرغا كۆرسىتىشكە ئېلىپ باردى، بىردەمدىن كېيىن بىر ئادەم چىقىپ بىزنى چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىردى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئوخشاش كىيىنگەن جىقلا بالىلار ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار ئاشۇ شۋېتلەر ئوقۇتۇۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى ئىكەن. بىز ئارقىدىراق ئولتۇردۇق. بىرۋاقىتتا ياۋروپاچە كىيىنگەن، چاچ قويغان، ساقال - بۇرۇتى يوق بىر ئادەم كىرىپ، قارشىسىدىكى تاختا سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە سۆزلەشكە باشلىدى، كىشىلەرنىڭ "ھەسەن ئەپەندى" دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. كېيىن

سوراپ بىلسەم، بۇ ھەسەن ئەپەندىم ئاشۇنداق يىغىۋالغان كىچىك باللار ئارىسىدىن تاللاپ چەت ئەلگە چىقىرىلىپ ئوقۇتۇپ قايتۇرۇپ ئەكەلگەن ئادەملەردىن ئىكەن ھەم چوڭ دوختۇر ۋە دىنىي تەشۋىقاتچى ئىكەن، ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. ئاۋۋال خىرىستىئان دىنىنى، ئەيسا پەيغەمبەرنى، مەريەمنى ماختاپ جىق سۆزلەپ كەتتى، ئاخىردا سۆزلىگەن بىرنەچچە جۈملە سۆزى ھازىرغىچە مېنىڭ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئۇ "مەن سىلەرگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي" دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

"بىركۈنى بىر بۇلبۇل باغقا كىرىپ تەكىنىڭ شېخىغا قونۇپ، گۈل دەردىدە تاڭ ئاتقۇچە سايراپتۇ، كېيىن تاڭ ئېتىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىككى ئايىغىنى تەكىنىڭ يېڭى ئۆسۈپ چىققان يىپى چىرمىۋېلىپ ئۇچالماي قاپتۇ. بۇلبۇل سايراپتۇ، نالە قىلىپ يىغلاپتۇ، كەلگەن قۇشلارنىڭ ھەممىسىگە ۋە كۆرۈنگەن ئادەملەرگە ئىلتىجا قىپتۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلماپتۇ. رەھىمسى كەلگەنلەرمۇ قانداق قۇتقۇزۇشنى بىلمەپتۇ. كېيىن باغۋەن باغقا كىرىپ قارىسا، بۇلبۇل نالە قىلىپ سايراۋاتقۇدەك. بارسا ئۇ ئۇچالمايدىكەن، پۇتلىرى باغلاقلىق، باغۋەننىڭ رەھمى كېلىپ، يىپلارنى ئۈزۈپ، بۇلبۇلنى ئازاد قىپتۇ، بۇلبۇل باغۋەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بېرىپ قىزىلگۈل شېخىغا قونۇپ ئەركىن سايراپتۇ. سىلەر بېشىڭلارغا كۈن كەلسە ياكى جەننەتكە كىرمەكچى بولساڭلار، گۇناھتىن پاكىز تازىلىنىشىڭلار كېرەك. باشقا ھەرقانداق كىشىگە يېلىنغان بىلەن ياكى باشقىسىغا تېۋىنغان بىلەن سىلەرنى قۇتقۇزالمايدۇ. پەقەت ئاشۇ شەپقەتلىك باغۋەنلا قۇتقۇزالايدۇ. ئۇ زات بولسا — ئاللانىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەيسا پەيغەمبىرىم."

بۇنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدۇق، يېنىمدا ئولتۇرغان چوڭراق بىر
ئادەم: "بۇلار كاپىر، بۇلارنىڭ خۇداغا، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىگە
قارشى سۆزىنى ئاڭلاشقا بولمايدۇ" دېدى-دە، بىزنى باشلاپ
ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كېيىن ئېيتىشلىرىچە، داۋالىنىش ئالدىدا
ئاغرىق كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر چوقۇم ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ ھەسەن
ئەپەندىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىكەن.

ئەمدى مەنسۇر ھىدايەتنىڭ ھېكايىسىگە كېلەيلۇق، ئۇلار ئەنە
ئاشۇ شۋېتلەرگە قارشى، ئۇلارنىڭ خرىستىئان دىنىنى تارىتىش،
ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ۋە بىزنىڭ يۇرتىمىزغا
كېلىپ زوراۋانلىق قىلىشلىرىغا، بالىلىرىمىزنى ئالداپ، بۇزۇشلىرىغا
قارشى نامايىش قىپتۇ. نامايىشچىلار بارغانچە ئۇلغىيىپ، شۋېت
دوختۇرخانىسىغا بارغۇچە بىرنەچچە مىڭ ئادەمگە يېتىپتۇ. نامايىش-
چىلار شۋېتلەرنىڭ دەرھال چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار
رەت قىلغاندىن كېيىن، قورۇ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، بىرمۇنچە
ئۆيلەرنى چېقىپتۇ، شۇ مەھەلدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كىرىپ
نامايىشچىلارنى تارىتىپتۇ. ئۇندىن كېيىن، نامايىشچىلارنى يوشۇرۇن
قاماشقا باشلاپتۇ، بىرمۇنچىلىرى تۇتۇلۇپتۇ، بىرمۇنچىلىرى قېچىپتۇ.
مەنسۇر ھىدايەت نەجمىددىن ئاكامنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ بىزنىڭ
ئۆيگە كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ نامايىشنى ئابدۇقادىر
داموللام باشلىق بىر قىسىم ئادەملەر ئۇيۇشتۇرغانىكەن. ئۇلار
دوتەيگە ئاشۇ شۋېتلەرنىڭ دوختۇرخانىسىنى يېپىش، ئۇلارنى
قايتۇرۇۋېتىش توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم تەلەپ قويغانىكەن.
بولمىغاندىن كېيىن ئاندىن نامايىش قىپتۇ...

مەنسۇر ھىدايەت بىزنىڭ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ بىر-ئىككى ئاي

تۇرغاندىن كېيىن، بىركۈنى بىزنىڭ ئۆيگە نەجمىددىن ئاكامنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇنىڭدا مەنسۇر ھىدايەتكە: "ئىشلار تىنچىدى، قايتىپ كەلسىڭىز بولىدۇ..." دەپتۇ. ئابلىز ئاكام بىلەن مەنسۇر ھىدايەت ئىككىسى بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە جىق ئويلاشتى. مېنىڭ پەمىمچە ئۇلار ئىشنىڭ تىنچىپ كەتكىنىگە ئىشەنمەيتتى. لېكىن خەت نەجمىددىن ئاكامنىڭ خېتى. قانچە قارىساقمۇ، نەجمىددىن ئاكامنىڭ خېتىدىن پەرق قىلمايدىكەن. يەنە مەنسۇر ھىدايەتنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر نەجمىددىن ئاكام خاتىرجەم بولمىسا ئۇ خەتنى يازمايدىكەن. چۈنكى ئۇ، نامايىشچىلارنى قوللايدىكەن، بەلكى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئاخىر مەنسۇر ھىدايەت شەھەرگە بېرىشقا قارار قىلدى ۋە كەتتى....

كېيىن ئاڭلىساق، ئۇ شەھەرگە يېرىم كېچىدە يېتىپ بېرىپ، نەجمىددىن ئاكام تۇرغان ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپتىكەن، ئاكام چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئەمدى "ھوي، نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟" دەپ بولغۇچە ئىككى ياندىن ئىككى ئادەم كېلىپ مەنسۇر ھىدايەتنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. دېمەك، ئۇ ياسالما خەت ئىكەن...

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ دېرىكى بولمىدى. مەن چوڭ بولۇپ ئەسكەرلىكتە يۈرگەن ۋە مۇئەللىم بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئۇنى جىق ئىزدىدىم، ئەمما تاپالمىدىم. ئۇ ياكى ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى قېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دۇتەينىڭ قامىقىدا ئۆلگەن بولۇش ئېھتىمالى چوڭراق.

مەندە مەنسۇر ھىدايەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر بىر مۇھەببەت ئىزى قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ سۆيۈملۈك، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىياقى زادى

يادىمدىن چىقمايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى
ئىلغار ئىدىيىسى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتى بارغانچە مېنىڭ ئالدىمدا
گەۋدىلىنىدىغان بولدى. ئۇ ۋاقىتتا يوقالغان ۋە ئۆلگەن ئادەم يالغۇز
ئۇ بىرلا ئەمەس. كېيىن نامايىشنىڭ رەھبىرى ئابدۇقادىر دامول-
لامۇ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئاڭلىساق، بىر مەزىن كېچىدە
ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرگەنىكەن. مەزىن
تۇتۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تېرىكى تېپىلمىدى. ئابدۇقادىر
داموللامنىڭ ئوغلى ئابلىز مەخسۇم مۇشۇ ئىشتا دەۋا قىلىپ، ئۈرۈم-
چىگە كېلىپ ئۇزاق ياتتى، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرى ئۈرۈمچىدە ئۆتتى.
تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرگە قارىغاندا، نامايىش قىلغۇچىلارغا
قارشى مەۋقەدە تۇرىدىغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ،
قەشقەردىكى مەشھۇر باي سودىگەر ئۆمەر باي ئۇلارنىڭ ۋەكىلى
ئىكەن. ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە قول چوماق بولۇش رولىنى ئوينايدى-
كەن، يەرلىك دوتەي، شىيەنگەنلەر ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەن.
ئابدۇقادىر داموللامنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى مەزىن،
ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشى ئۆمەر بايغا سېتىلغانلىقتىن ئىكەنلىكىنى
ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمران دائىرىلەر ئۆمەر باينىڭ
يۆلەنچۈكى بولغانلىقتىن ئۇ سۈرۈشتە قىلىنمىغانىكەن.

# بەشىنچى باب
# بالا ئوقۇتقۇچىلىق

مەن 13 يېشىمدا بىر ھەپتە ئوقۇتقۇچى بولغانمەن، بۇ بەلكى قىزىق تۇيۇلار، دېمىسىمۇ قىزىق ئىش. 13 ـ 14 ياشتىكى بىر بالا قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلسۇن؟ بىراق، بۇ راست ئىش ئىدى.

شۇ دەۋردە، شۇنداق بىر شارائىتتا، مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ، بىر ھەپتىلىك ئوقۇتقۇچىلىق يالغۇز مېنىڭ بىر ھەپتىلىك ئۆمرۈمنى ئەمەس، شۇ ۋاقىتنىڭ دەۋر خۇسۇسىيىتىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەشتىن ئاۋۋال، ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدا ئازراق سۆزلىسەم دەيمەن.

12 ياشتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئويلاپ باقسام مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلانغانغا ئوخشايدۇ. بىرمۇنچە ئىشلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بايلىق، كەمبەغەللىك، ھايات، دۇنيا، ئالەم، يەر ۋە باشقىلار مېنى خىيالغا سالاتتى. بۇ توغرىدا مەنمۇ ھېچكىمگە سوئال بېرەلمەيتتىم، باشقىلارمۇ سۆزلەپ بەرمەيتتى. بۇ ۋاقىتلاردا دادامنىڭ بايلىقى ئاللىقاچان سورۇلۇپ بولغان، بارنى سېتىپ يەپ كۈن كەچۈرىدىغان ۋاقىتلار باشلانغانىدى، داداممۇ يەكەندىن

قايتىپ كەلگەن، ئۆزىنىڭ كەسپىنىڭ ئانچە تايىنى يوق بولسىمۇ، بىز يەنىلا بىرقەدەر ھاللىق تۇرمۇشتا ئىدۇق. بىزنىڭ كەنتتە نامرات ئادەملەر، دېۋانىلار جىق ئىدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن دېۋانىلىق قىلىدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نان تىلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ نېمىشقا باشقىلار تەرىپىدىن قەلەندەر دەپ ئاتىلىدۇ؟ مۇشۇنداق بىر قاتار سوئاللار مېنىڭ بېشىمنى قاتۇراتتى.

بىزنىڭ ئۆيدە جاناي دېگەن بىر قىرغىز بار ئىدى، يەنە ھامۇت ئاخۇن دېگەن بىر ئادەممۇ بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارى-شىپ بېرىپ، جاناي ئۆي ئىشلىرىغا قارايتتى. بۇ ئادەم ئۆزى تېتىك، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى. ئۇ تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى، پاتەم دېگەن خوتۇنى، ھاجىرەم، مەممەت دېگەن بالىلىرى بار ئىدى، ئۇلار بىزگە قارىغاندا جىق كەمبەغەل تۇرمۇشتا ئىدى. بىراق بىز جانايدىن قورقاتتۇق. ئۇنىڭ رۇخسىتى-سىز ئات-ئېشەككە مىنەلمەيتتۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا جاناي شەھەرگە بارسا چېرىك ۋە ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ئۇنى كۆرسە "تاشاخۇن قىقىق" (تاشاخۇننىڭ قىرغىزى دېگىنى بولسا كېرەك) دەپ قاچىدىكەن. بىر كۈنلەردە ئۇ شەھەرگە بارسا بىرقانچە چېرىك ئۇنى بوزەك ئېتىپ ھاقارەتلەپتىكەن، جاناي ئۇلارنى ئۇرۇپ، بىرسىنىڭ چېچى بىلەن قولىنى باغلاپ، ئوغلاقتەك ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئەپقېچىپ، تۆمەن دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتىكەن، ئۇنى دوستلىرى ئاران قۇتقۇزۇۋاپتىكەن. شۇندىن كېيىن، جاناي چېرىك، ئەمەلدارلارغا ئۆچ ئىكەن، ئۇلارمۇ جانايدىن قورقىدىكەن. دېمەك، جاناي خېلى كۈچى بار، خېلى سۈرى بار ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇ

نېمشقا بىزدىن كەمبەغەل ياشايدۇ؟ بۇ دۇنيا دېگەن ئۆزى قانداق نېمە؟ نېمىشقا كەچ بولۇپ تاڭ ئاتىدۇ؟ بۇلارمۇ مېنىڭ مېڭەمدە قالايمىقان ئايلىنىپ يۈرەتتى، مېنىڭ نەزىرىمدە يەر مۇشۇنداق تاختايدەك ياپىلاق، كارامەت چوڭ نەرسە. ئەمدى توختىماي مېڭىۋەرسەڭ نېمە بولار، دەيتتىم-دە، ئاخىر ئاشۇ يەرنىڭ چېتىدىكى كۆز يەتمەيدىغان ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلسەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتىم. كېيىنرەك كىشىلەر دوزاخ توغرىسىدا گەپ قىلغاندا" ئاشۇ ھاڭ دوزاخ بولسا كېرەك" دېگەن ئويغا كەلدىم. بۇ گەپلەرنى خەلپىتىمدىن سورىسام، "مەن بەرگەن ساۋىقىڭنى ئوقۇ" دەپ جاۋاب بېرەتتى. كېيىن ئويلىسام ئۇمۇ بىلمەيدىكەن. دادامدىن سورىسام، سەن بىلمەيدىغان ئىشلار جىق، كېيىن ئاستا-ئاستا بىلىۋالىسەن دەيتتى.

بىزنىڭ يۇرت ئاتۇشنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى بىر قىسمى ھەم شورلۇق، ھەم زەي، يېرى ناچار، سۈيى ئاز بىر كەنت ئىدى. ئۇ "ۋاق-ۋاق" دەپ ئاتىلىدۇ، ئاشۇ زەي "ۋاق-ۋاق"دىن تۇرۇپ شىمالغا قارىساڭ تاغ كۆرۈنىدۇ، جەنۇبقا قارىساڭ بىر دەريادىن كېيىن چۆل كۆرۈنىدۇ، ئاسمانغا قارىساڭ كۆن، ئاي، يۇلتۇز. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەر بار، بۇنى بىلەلمەيتتىم. بىزنىڭ مەھەللىدە تەلەيخان ئاچا دېگەن بىر موماي بار ئىدى، ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتۇق، ئۇ موماي "ۋاي بالىلىرىم، دۇنيا دېگەن يامان جىق، سىلەر ھېچنېمىنى بىلمەيسىلەر، مېنىڭ بارمىغان يەرلىرىم يوق" دەيتتى ۋە "مارالبېشى، ئاقيار..." دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى. مەن "مارالبېشى، ئاقيار" دېگەن بەك يىراقتىكى چوڭ-چوڭ شەھەرلەر بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم (1946-يىلى

مارالبېشىنى كۆردۈم، 1957 ـ يىلى ئۈچتۇرپانغا بارغاندا ئاقيار يېزى‐
سىغا باردىم، شۇ ۋاقىتتا تەلەيخان ئاچام بارغان يەرلەرنى بىلدىم).
ئۇ مومايىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى، بىرىنى مارالبېشىغا، بىرىنى
ئۈچتۇرپان ئاقيارغا ياتلىق قىپتىكەن، ئۇ ئاشۇ قىزلىرىنى كۆرگىلى
بېرىپتىكەن. كېيىن: "تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ"، "ئەنجانغا
بېرىپ كەپتۇ" دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدۇق. دادام بىركۈنى مەن
شىمالىي ياقتا "ئالتە ئاي قاراڭغۇ بولۇپ، ئالتە ئاي كۈندۈز بولىدى‐
غان جايلارغا بارغان" دېدى. "بۇ يەردە نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ؟"
دېسەم، "ئۇنى سەن ھازىر چۈشىنەلمەيسەن، ئوقۇش كېرەك" دېدى
(چوڭ بولغاندىن كېيىن بىلسەم، دادام بارغان يەر فىنلاندىيە
ئىكەن). مانا شۇنداق ـــ باي، گاداي، ئېگىز ـ پەسلىك، ئاشۇ زەي
"ۋاق ـ ۋاق"دىن قارىسا كۆرۈنىدىغان تاغ بىلەن چۆللەر... "مارال‐
بېشى، ئاقيار" دېگەن يەرلەر، تېخى ئالتە ئاي كېچە بولۇپ، ئالتە
ئاي كۈندۈز بولىدىغان يەرلەر... توغرىسىدىكى مەسىلىلەردە بېشىم
قالايمىقان بولۇپ كەتتى. مەن دەل شۇ ۋاقىتلاردا ھېلىقى توپا
خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدىن "ۋاق ـ ۋاق"تىكى چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدا
ئېچىلغان ھاجى خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىگە كىرگەنىدىم.

بۇ مەكتەپتە ئوقۇشىمىز بىرئاز يۇقىرىلاشتى، مېنىڭچە بۇ باشلان‐
غۇچ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىدە بولسا كېرەك. ئەمدى «كەلەمى
تەيىبە»، «كەلەمى شاھادەت» ۋە «ھەپتىيەك»لەرنى تۈگىتىپ، باشقا
كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدۇق. «ناماق» (نامەھەق)، «سوپى
ئەۋلىيا» (سوپى ئاللا يار)، «پەتنامە» (پەندنامە)، خوجا ھافىز،
ناۋايىلارنى ئوقۇدۇق. بۇ يەردە ئوقۇغىنىمىز ئاساسەن دىن، دىنىي
قائىدە، دىنىي ئەدەب ـ ئەخلاق، دىنىي ئەدەبىيات بولدى. يۇقىرىد‐

دىكى كىتابلارنىڭ مەزمۇنىمۇ تازا چۈشىنىشلىك ئەمەس ئىدى. ناۋايى بىرئاز باشقىچىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىمۇ دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمەيتتۇق. ناۋايىنى ئوقۇغاندا ئۇنىڭ: "ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئىسى ئەنۋەرىلھۇدا، يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ، جامدىن چىقتى سادا" دەپ باشلىنىدىغان مۇشۇنداق غەزەللىرىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەيتتۇق. چۈنكى بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى قۇرى پۈتۈن پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەر، ئىككىنچى قۇردىكى سۆزدىن پەقەت "كۆر"، "چىقتى" دېگەن ئىككى سۆزدىن باشقىلىرىنى زادى ئۇقمايتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئوقۇغۇچىلاردىن چۈشىنىشنىمۇ تەلەپ قىلمايتتى، بىلسەڭ ـ بىلمىسەڭ ياد قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. يادلاپ ھېرىپ، قىلچىلىكمۇ خۇش ياقمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالاتتۇق. خەلپىتىمدىن مەنىسىنى سورىساق، "مەن ئۆگەتكەننى ئوقۇۋەر، مەنىسى بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن" دەيتتى، ئۇ سۆزلەرنى خەلپىتىمنىڭ ئۆزىمۇ تولۇق بىلىشى ناتايىنلىقىنى بىز ھېس قىلمايتتۇق. قىزىقى، دىنىي ئەدەب ـ قائىدىلەرنىمۇ چۈشەندۈرمەيتتى. بىز چۈشىنىدىغان بىرلا ئەدەب بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كۈندە مەكتەپتىن قايتىشنىڭ ئالدىدا خەلپەت (سىنىپ باشلىقى) ئوقۇغۇچىلارنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ۋارقىراپ ئېيتسا، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۋۋلايتتۇق: "ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلماقلىق، چوڭلارغا سالام قىلماقلىق، ھەر ئىشنى باشلىغاندا 'بىسمىللا' دېمەكلىك، يولدا تاش ۋە ساپال ھەرنېمەرسىكى بولسا ئۈنى يىراق قىلماقلىق..." شۇلاردىن كېيىن ئۇ "ئازاد!" دەپ ۋارقىرايتتى، بۇ "ئازاد!" دېگەن سۆز بەك ياخشى ئاڭلىناتتى. بىز بۇ سۆزنىڭ ئېيتىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتاتتۇق. بۇ قائىدىلەرنى بىز

چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇراتتۇق. قايتقۇچە يولدا ئۇچرىغان تاش-ساپال، كېسەك، پىششىق خىشلار بولسا، ئۇنى تېپىپ يولنىڭ چېتىگە چىقىرىپ قوياتتۇق. بۇ بىزگە تېپىشمەك ئويۇنى بولۇپ، كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ئۆگەنگەن ئادەت ئەستىن چىقمايدىكەن، ھازىرمۇ مەن كوچىدا ماڭغاندا، ئايلىنىپ سەيلە قىلغان ۋاقىتلىرىمدا، يولدا بىرنېمىلەر بولسا تېپىپ چەتكە چىقىرىۋېتىمەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىزغا تىل ھەم ھېساب قوشۇلدى. تىل دېگىنىمىز — يەنە ئەرەبچە تىل بولۇپ "ئىلمى سەرب" دېگەن كىتابنى چۇشەنمەيلا ياد قىلاتتۇق. ھېسابتىن ئوقۇيدىغىنىمىز بىردىن مىڭغىچە رەقەملەر، ئاندىن كېيىن كۆپەيتىش جەدۋىلى (ئىككى ئىككى تۆت، ئىككى ئۈچ ئالتە...)، بۇنىمۇ ئەرەبچە ئۇسۇل بىلەن ئۆگىنەتتى. "ئەبجەد" دېگەن بىر دەرس بار، بۇنىڭدا ھەرپلەرنى رەقەمگە ئايلاندۇرۇپ بىلىشنى ئۆگىتەتتى. يەنى: ئېلىف-بىر، بە-ئىككى، جىم-ئۈچ...دىگەندەك. بۇ ئەبجەدنى ئوخشاشلا چۇشەنمەي شېئىردەك ياد قىلاتتۇق.

بۇ ۋاقىتلار مەن 13 ياشتىن ئېشىپ 14كە كېتىپ بارغان ۋاقىتلىرىم ئىدى، لېكىن، ئوقۇغان نەرسىنى چۇشىنىشكە قارىغاندا ئۇنتۇلۇش جىقراق بولدى، كېيىن دادام بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۆيدە قوشۇمچە ئوقۇتىدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە دەرس بېرەتتى. ئىككى ئاكام (ئابدۇلئەزىز، ئابدۇلھەق)مەن ئۈچىمىز دەرس ئاڭلايتتۇق. دادامنىڭ ئۆگەتكىنى ھېسابتىن تۆت ئەمەل، تىلدىن سەرب قائىدىلىرى بولغانىدى. دادامنىڭ ئۆگەتكىنى بىزگە خېلى چۈشىنىشلىك بولدى. مەن تىرىشىپ ياخشىراق ئۆگەنىدىغانمۇ قانداق، دادام مېنى ئىككى ئاكامغا "خەلپەت" قىلىپ قوياتتى. (ئەمدى مەن بۇرۇن

ماڭا دەرس ئۆتكەن ئابلىز ئاكامغىمۇ "ئۇستاز" بولۇپ قالغانىدىم) بۇ ئىككى دەرستىن باشقا دادام بىزگە دۇنيا (يەر شارى، ئالەم، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار) توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. دادام جىق سۆزلەيتتى، ئۇ بىزنىڭ كىچىكلىكىمىزگە قارىماستىن سوزلەۋېرىدىغان بولسا كېرەك، نۇرغۇن گەپلىرىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. دادام: "كەلگۈسىدە يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ ئىشلىسەڭ ئالتۇن بولىدۇ" دېگەن سۆزنى جىق تەكرارلايتتى. لېكىن توپا قانداق ئالتۇن بولىدۇ؟ بۇ گەپ كاللامغا سىغمايتتى.

ئەمدى "بالا ئوقۇتقۇچى"لىق توغرىسىدىكى گەپكە كېلەيلى:

بۇ يىللار دادامنىڭ ساناتئىتىمۇ يوق، سودىگەرچىلىكىمۇ يوق، ئۆيدە بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، دىنىي خۇراپاتلارغا قارشى تەشۋىق قىلىش ۋە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەرغىپ قىلىش بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىناتتى. بۇ مەسىلىدە دادام بىلەن بىر مۇنچە چوڭ موللىلار ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىقلار بولسا كېرەك، چوڭ سورۇنلاردا مۇنازىرىلىشىش، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدىكەندۇق. ئاتۇشتىكى ھابىل ھاجىم دېگەن چوڭ قازى بىركۈنى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەنىكەن. مەن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ دادامغا: "ۋاي جېنىم تاش ئاخۇن، بىزنى جان باققىلى قويسىلا، قازىلىقتىن چۈشۈپ كەتسەك ئىشىمىز تۈگەيدۇ، ئۆشرە، زاكات، ئىسقات ئالمىساق ئاچ قالىمىز" دەپ يالۋۇرغىنى ئېسىمدە.

مۇشۇ كۈنلەردە دادام مەشھەتتىكى بازار ئىچىدە بىر سىنىپلىق بىر يېڭى مەكتەپ ئاچقانىكەن. بىركۈنى ھاجى خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدە، دەم ئېلىشتا بالىلار بىلەن ئويناۋاتاتتىم. دادام ئاتلىق كېلىپ:

”كەل، ئاتىنىڭ كەينىگە مىن“ دېدى. ئاتقا مىنگەشكەندىن كېيىن مېنى ئۆيگە ئېلىپ بارامدىكىن دېسەم، مەشھەت تەرەپكە ئەكېتىپ باردۇ، ئۇ يەردە مېنىڭ دادىكام (ئانامنىڭ دادىسى مۇنەۋۋەر ئاخۇن) تۇراتتى. مەن شۇنىڭكىگە ئاپىرىدىغان ئوخشايدۇ، دېسەم، ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتۇق. ”ۋاي دادا، مېنى نەگە ئاپىردىسىز؟“ دېسەم، ”مۇئەللىم بولسەن“ دېدى، ”ھە، چوڭ بولغاندا مۇئەللىم بولىمەن“ دېسەم، ”بۈگۈن مۇئەللىم بولىسەن، ھازىر مۇئەللىم بولسەن“ دېدى. مەن دادامنىڭ بۇ سۆزىنى چۈشىنىپ يەتكۈچە، بازار رەستىسىگە كىرىپ بىر كىچىككىنە ھويلىدا ئاتتىن چۈشتۇق. بىر بوۋاي ھويلىدا ۋارقىرىشىپ يۈرگەن بىرمۇنچە بالىلارنى يالغۇز بىر ئۆيگە كىرگۈزدى، شۇ ۋاقىتتا دادام ماڭا: ”سەن مۇشۇ بالىلارغا مۇئەللىم بولىسەن“ دېدى. مەن ھودۇققۇنۇمدىن تىترەپ كەتتىم: ”ۋاي دادا، مەن قانداق مۇئەللىملىك قىلالايمەن؟“ دېسەم، ”قىلىسەن، سەن ھازىر ’ئېلىف‘تىن ’يا‘غىچە خەت ئۆگەتسەڭ، بىردىن يۈزگىچە رەقەم ئۆگەتسەڭ بولىدۇ، ئاندىن كېيىن قانداق ئۆگىتىدىغىنىڭنى مەن ئېيتىپ بېرىمەن“ دېدى-دە، مېنىڭ نارازىلىقىمغىمۇ قارىماي قولۇمدىن يېتىلەپ ھېلىقى سىنىپقا ئېلىپ كىردى. سىنىپقا كىرىپ تېخىمۇ تىترەپ كەتتىم، چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پەس بالىلار (ئوتتۇز-قىرىقچە بولسا كېرەك) ئۇزۇن بەندىڭلەردە قاتار ئولتۇرۇشۇپتۇ. دادام ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ: ”سىلەرنىڭ ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىڭلار كېلەلمەيدۇ، ئەمدى مۇشۇ بالا سىلەرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ“ دېگەنىدى، بالىلار غودۇڭشىپ كەتتى. ئارقىدا ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق بىرنەچچە بالا كۈلۈپ ئاغزىنى ئېتىشتى. بالىلارنىڭ بۇ زاڭلىق قىلىشلىرى مېنى تېخىمۇ

چۆچۈتۈۋەتتى. مەن دادامنىڭ پېشىنى تارتىپ يېلىنىش بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىغانىدىم، دادام ماڭا قارىماي تۇرۇپ، بېشىمنى سىلاپ قويدى ـ دە، باللارغا قاراپ: "كىچىك بالىمۇ خەلپەت بولالايدۇ، سىلەرمۇ كېيىن خەلپەت بولۇشۇڭلار مۇمكىن، مۇشۇ خەلپىتىڭلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆگەتكىنىنى ئۆگىنىڭلار!" دېدى ـ دە، كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، باللار ماڭا تىكىلىپ ئولتۇرۇشاتتى، كىچىكى يەتتە ـ سەككىز ياش، چوڭى 17 ـ 18 ياشلاردا بولسا كېرەك. ئارقىغا بارغانچە باللارنىڭ بويى ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇلارغا بىر قاراپ چىقىپ يەنە قورققۇم كەلدى، كېيىن بىر چوڭ ئادەم يۆتەلگەندەك قىلدى، قارىسام ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ھويلىغا قارايدىغان بوۋاي بىر كىچىك بەندىڭدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى ـ دە، قارا بىلەن سىرلاقلىق تام پارچىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. تامنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك بەندىڭنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە پارچە گەج بىلەن بىر لاتا تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى كۆرگەندە ئۆزەمگە قانداق غەيرەت كىرگەن ـ لىكىنى بىلمەيمەن، بورنى ئېلىپ قارا تامغا ئېلىف (ئا)نى يازدىم. كېيىن باللارغا قاراپ: "مانا بۇنى ئېلىف دەيدۇ" دېگەنىدىم، ھېلىقى چوڭ باللار يەنە كۈلۈشتى. كېيىن ب، ت، س، نى يازدىم. ئاندىن باللارغا قاراپ: "مانا بۇ خەتلەرنى ئېلىف، بە، تە، سە، دەيدۇ، سىلەر ھەممىڭلار دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈڭلار!" دېدىم. باللار كۆچۈردى، قايسى توغرا كۆچۈردى، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن. ئاندىن كېيىن مەن باللارغا: "مەن ئوقۇيمەن، سىلەر ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار" دېدىم، مەن ئوقۇدۇم، باللار ئەگەشتى. ئۆزەمچە "مەتىلى قارىي خەلپىتىمگە خېلىلا ئوخشاپ قالدىم" دەپ ئويلاپ، يۈرىكىم

جايىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بالا ئوقۇتقۇچىلىقىم باشلاندى.

باللار ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدى، مەنمۇ ئانچە قورقمايدىغان بولۇپ قالدىم، لېكىن ئارقىدا ئولتۇرغان بىرقانچە ياخشى كىيىنگەن چوڭراق باللار تىنچ ئولتۇرمايتتى. بىردەم دەرس ئاڭلىماي خاپا قىلسا، بىردەم كەمبەغەل باللارنى بوزەك قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىشقىلىپ دەرس داۋام قىلدى.

كېيىن دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام مۇشۇ بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپنى ئېچىپتىكەن، بۇنىڭغا موللا، قازىلار قاتتىق قارشىلىق قىپتىكەن، ئاۋۋال بىر مۇئەللىمنى ئۇرۇپ-تىللاپ يورۇپ قوغلىۋېتىپتۇ، كېيىن دادام بىزنىڭ يۇرتتىكى ئىبراھىم ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن ئادەمنى ئاپىرىپ ئوقۇتقۇچى قىپتۇ، (بۇنى بىز بىلەتتۇق) ئۇنى يولدىن ئۆتكەندە تىللايدىكەن، تام ئارقىلىرى، قوناقلىقلارغا مۆكۈپ تۇرۇپ تاش، كالتەك ئېتىپ ئۇرىدىكەن، ئىشقىلىپ ئۇنى قوغلاشقا تىرىشىدىكەن. دادام ھەر خىل ئاماللار بىلەن بۇ ئادەمنى قوغداپتۇ، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىرنەچچە ئادەم ئۇ ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قولىنى باغلاپ دۇمبالاپتۇ، "كالتە قۇيرۇقلارنىڭ مەكتىپىگە مۇئەللىم بولمايمەن" دەپ مەجبۇرىي قەسەم ئىچكۈزۈپ قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ مەكتەپ يەنە توختاپ قاپتۇ. دادام باشقا ئادەملەرنى تاپسا ئۇلار قورقۇپ ئۇنىمايدىكەن، ئاخىر مېنى ئەكىلىپ مۇئەللىم قىپتۇ.

دادام مېنىڭ بالامنى قوغلىۋېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، بىراق مەنمۇ بۇ مەكتەپتە بىر ھەپتىدىن ئارتۇق تۇرالمىدىم، بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلەرمۇ بار، ئەلەملىك

ئۆتكەن كۈنلەرمۇ بار. كۆڭۈللۈك دېگىنىم، ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن "مەندە پەيشەنبىلىك ئېلىش" دېگەن پىكىر پەيدا بولدى، بىز مەكتەپلەرگە پەيشەنبىلىك ئېلىپ بارغاندا خەلپە-تىمىنىڭ قولىدىكى داچەنلەرنى كۆرۈپ كۆزىمىز قىزىرىدىغان. مەنمۇ ئاشۇنداق پەيشەنبىلىك ئالارمەنمۇ، دەپ كۆڭلۈمدە خۇش بولۇپ، پەيشەنبە كۈنىنىڭ كېلىشىنى ئالدىراپ كۈتتۈم. ئەنە شۇ پەيشەنبە كۈنىمۇ كەلدى، مەن ئىلگىرىكى خەلپەتلىرىمگە ئوخشاش ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئەمەس، ھېلىقى قارا تامنىڭ ئالدىدا بەندىڭدە ئولتۇرىمەن، باللار كىرىشكە باشلىدى. يەرنىڭ ئاستىدىن قوللىرىغا قارايمەن، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ پەيشەنبىلىك بېرىشكە باشلىدى، مەن ھېلىقى مەمتىلى قارىم دېگەن خەلپىتىمنى دوراپ، ئوڭ قولۇمنىڭ ئالقىنىنى ئېچىپ ئولتۇرىمەن، باللار داچەننى قولۇمغا بېرىپ ئاندىن، يەردە سېلىقلىق تۇرغان داستىخانغا بىردىن نان قويىدۇ (بۇ داستىخاننى مەن قويدۇممۇ ياكى ھېلىقى بوۋاي قويدىمۇ يادىمدا يوق)، ئالقىنىمغا داچەن تولغىلى تۇردى، سول قولۇمغا يۆتكىدىم، يەنە تولدى، شۇنداق قىلىپ قارىسام باللار كېلىپ بولدى. پەيشەن-بىلىكنى ئاز ئەكەلگەن، جىق ئەكەلگەنلەر بار. جىقى ئالتە پۇل، ئېزى تۆت پۇل (ئىككى، ئۈچ داچەن)، پەيشەنبىلىك ئەكىلەلمىگەن باللارمۇ بار. مەن ئۇلارنى تىللىمىدىم، ئالايمىدىم، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كەمبەغەل باللىرىنىڭ يىرتىق كىيىملىرىنى كۆرۈپ، ئىچىم ئاغرىيتتى. پەيشەنبىلىكنى بەندىڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوي-غاندىن كېيىن دەرسنى باشلىدىم. بوۋاي كىرىپ داستىخان بىلەن ناننى يۆگەپ ئەپچىقىپ كەتتى. مەن بىر ياقتىن دەرس بېرەتتىم، بىر ياقتىن كۆزۈم پۇلدا ئىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغاندا

باللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ساناپ باقسام 40 ـ 50 داچەن بوپتۇمدىكىن، بىردىن تىزغاندا بىر قولۇمنىڭ ئالقىنى لىق، يەنە بىر ئالقىنىمنىڭ يېرىمى تولغانىدى. پۇلنى ئەپلەپ بەلبېغىمغا تۈگۈپ قويدۇم. نېمىدىندۇ ئەندىشە قىلغاندەك پات ـ پات ئەتراپقا قاراپ قويمەن، خۇشلۇقۇم ئىچىمگە سىغمايدۇ. چۈشتىن كېيىنكى دەرسنى تۈگەتتىم، قانداق تۈگەتكىنىمنى بىلمەيمەن، مەكتەپتىن چىقىپلا توختىماي يۈگۈرگەنچە دادىكامنىڭ ئۆيىگە باردىم (ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپتىن بىر ـ ئىككى كىلومېتر نېرىدا ئىدى). يۈگۈرۈپ كىرىپلا خۇشلۇقۇمدا: "ۋاي دادىكا، مەن پەيشەنبىلىك ئالدىم!" دەپ ۋارقىرىغىنىمچە داچەنلەرنى ئۇنىڭ ئالقانلىرىغا تۆكتۈم. دادىكام خۇش بولۇپ، قۇچاقلاپ پېشانىلىرىمدىن سۆيۈپ: "سەنمۇ ئادەم بولۇپ، پەيشەنبىلىك ئالدىغان بوپسەن" دەپ ئەركىلەتتى. ئاندىن ئۇ بىر كونا ئىشۈرنى ئېلىپ، مېنى باشلاپ بېغىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر ئەنجۈر دەرىخىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ئۇ يەرنى كەكە بىلەن كولاپ، ئىشۈرىققا پۇلنى سالدى ۋە ئاغزىغا بىر كىچىك تاختىنى قويۇپ، توپا بىلەن كۆمدى ـ دە: "بۇندىن كېيىن پەيشەنبىلىكىڭنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ تۆكۈپ تۇر" دېدى. شۇندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئەتە ـ ئاخشامدا (مەن دادىكامنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم) بېرىپ توپىنى ئېچىپ ئىشۈرىقنى كۆرۈپ قوياتتىم. ئەس ـ يادىم مۇندىن كېيىنكى پەيشەنبىلىكلەردە بولىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشۈرىق تولۇپ، يەنە قاتار ئىشۈرىقلار قويۇلۇۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆرۈنۈپ، بۇلارنى ھېچكىمگە دېمەيمەن دەپ ئويلايتتىم كۆڭلۈمدە. دادامغا دېمىسەممۇ، ئانامغا دېيىشكە ئالدىرايتتىم. بۇ ئىشۈرىقتىكى پۇل، مۇندىن كېيىنكى پەيشەنبىلىكلەر ھەمىشە چۈشۈمگە

كىرەتتى، بۇ چۈشلىرىم هازىر يادىمدا يوق. ئەمدى، كېلىدىغان هەپتىدىكى پەيشەنبىلىكنى ئالدىراپ كۈتتۇم، نەدىكىنى؟ يەنە بىر پەيشەنبە كەلگۈچە، "پەيشەنبىلىك مەستانىسى" بولغان "بۇ ئوقۇتقۇچى"نى پالاكەت باستى. پەيشەنبىلىكلەرمۇ پەيشەنبە كەلمەي تۇرۇپ جايىدا قالدى، ئۆزىمۇ مەكتەپتىن قاچتى.

ۋەقە مۇنداق بولغانىدى: شۇ هەپتىنىڭ ئاخىرقى بىركۈنى بولسا كېرەك، باللارنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىپ، مەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇراتتىم، توساتتىن هويلىدا چۇقان كۆتۈرۈلدى، دېرىزىدىن قارىسام، بىرقانچە باينىڭ باللىرى ئۇزۇن تاياقنى تۇتۇۋېلىپ، كەمبەغەل باللارنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىقىدىن تېنىگە سانجىپ ئويناۋاتىدۇ، بىرقانچە كەمبەغەل باللار ئۇلارغا قارشى تۇرغانىدى، باينىڭ باللىرى كەمبەغەل باللارنى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن چىقىپ ئۇلارنى تىنچىتىشقا تىرىشتىم. باي باللارنى تەنقىد قىلدىم. خېلىل راخمان دېگەن بىر بالا بولىدىغان (بۇ باللارنىڭ چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى)، ئۇ: "سەن نېمە دەيسەن؟" دەپ ماڭا ياندى. يەنە بىرنەچچە باينىڭ باللىرى ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالدى. كەمبەغەل باللار مېنىڭ چۆرەمگە ئولاشتى. ئىككى تەرەپ بولۇپ تاكاللىشىپ، ۋارقىراشتۇق، ئاخىر ئۇرۇشۇپ كەتتۇق. قىسقاس - سۈرەن، تىللىشىش، ئۇرۇشۇش بولۇپ كەتتى، بىرۋاقىتتا بىر مۇشت تېگىپ يىقىلغىنىم ئېسىمدە، قارىسام ئالتە - يەتتە بالىنىڭ ئاستىدا يېتىپتىمەن. هېلىقى بوۋاي كىرىپ قېلىپ، باللارنى ئەيىبلەپ، بىر - بىردىن تارتىپ بوشاتتى - دە، مېنى تۇرغۇزدى. "قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىمۇ ئۇرغان بارمۇ؟" دېدى بوۋاي باللارغا كايىپ ۋە مېنىڭ توپىلىرىمنى قاقتى. قارىغۇدەك بولسام، بۇرنۇم قاناپ، كۆڭلەكلىرىم قان بولۇپ

كېتىپتۇ (قىسقا ئاق ماتا كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن كۆك بەلباغ باغلىۋاپ-
تىكەنمەن، قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن "ئوقۇتقۇچى ئەپەن-
دىم"نىڭ ھالىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىۋېلىڭ). كىيىملىرى يىرتىق
بىرقانچە باللار قانىغان بۇرۇنلىرىنى ئېرتىپ يىغلىشاتتى، مەن
بىردەم ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم-دە، يامان ئەلەم بولۇپ كەتكەن
بولسا كېرەك، يىغلىغان پېتىم دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردۈم. بوۋاي
كەينىمدىن يۈگۈرۈپ باقتى، يېتەلمىدى. ھېلىقى كەمبەغەل باللار
ئېشىكنىڭ ئالدىغىچە چىقىپ يىغلاپ قېلىشتى. مەن شۇ يىغلىغان
بويى دادىكامنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرمەي، توپتوغرا ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ
كەلدىم (مەكتەپ بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى تۆت-بەش كىلومېتر
كېلەتتى). كىرسەم ھويلىدا دادام بىلەن ئانام ئىككىسى ئولتۇرۇپتى-
كەن، ۋارقىراپ يىغلىغانچە بېرىپ ئۆزەمنى ئانامنىڭ قۇچىقىغا
تاشلىدىم (يۈزۈمدىكى قانلارنى دادامغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتايىن
يۇمىغانىدىم. راستىنى دېسەم، بۇ مېنىڭ مەكتەپكە قايتىپ بارماسلىق
باھانەم ئىدى، چۈنكى پەيشەنبىلىكنىڭ ھۇزۇرىدىن تاياقنىڭ دەردى
ئېشىپ كەتتى). دادام بىلەن ئانام ھەيران قالدى، مەن يىغلاپ
تۇرۇپ ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئاشۇرۇپ ئېيتىدىغانلىقىم چوقۇم.
ئانام يۈز-كۆزۈمنى سۈرتكەچ دادامغا خاپا بولدى. "قارىمامدىغان
بۇ بىچارە بالىنىڭ ئەھۋالىنى؟ بولمايدۇ، دەپ مەن دېمىدىممۇ؟ 13
ياشتىن ئەمدى ئاشقان بىر كىچىك بالا تۇرسا، قانداقمۇ ئوقۇتقۇچە-
لىق قىلالىسۇن؟ سىلى ئۇنىماي ئاپىرىپ قويۇپ، ئاخىر تاياق يەپ
قايتىپتۇ، — دەيتتى ئانام ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ مېنىڭ قان
يۇققان كۆڭلەكلىرىمنى سالدۇرغاچ، — بولدى ئەمدى بارمايلا قوي،
يۈر، يۈزۈڭنى يۇيۇپ قوياي، يىغلىما" دېدى ئانام ۋە ئۆيگە ئەكىرىپ

كەتتى. دادام گەپ قىلماي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ بالىسىنىڭ تاياق يېگىنىدىن كۆرە، مەكتەپنىڭ توختاپ قېلىشىغا جىقراق خاپا بولغان بولسا كېرەك، بەلكى.

ئانام كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ قويدى، ئاڭغۇچە كەچ كىرىپ قالغانىدى، پاتىخانىدا توپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، مەن ئاستا دەرۋازىدىن چىقىپ شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردۈم، شۇنداق چاپسان ھەم خۇشال يۈگۈرگىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. يۈگۈرگەنچە بېرىپ دوستلىرىمنىڭ توپىغا كىرىپ كەتتىم. بۈگۈنكى توپ ئويناش ئىلگىرىكىلەردىنمۇ كۆڭۈللۈك سېزىلىپ كەتتى. چۈنكى مەن ئۆزەمنى قانداقتۇر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك سېزەتتىم، مەكتەپنىڭ پەيشەنبىلىكىنى دېمىسەم دەرس بېرىش قىيىن ئىدى، بەزى بالىلار ئاڭلىمايتتى، زاڭلىق قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلىپىتىم تۇرۇپ بالىلاردىن تاياق يېدىم، بۇنداق "ئوقۇتقۇچى"لىقتىن دوستلۇرۇم ئارىسىغا كېلىپ توپ ئويناش ماڭا ئازادلىققا چىققاندەك تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

*　　　*　　　*

كېيىنكى يىللاردا مېنىڭ ئوقۇشۇم قىيىن بولۇپ، ئاخىر توختاپ قالدى. چۈنكى، بىر تەرەپتىن ئائىلە ۋەيرانچىلىقى ۋە ئۆيگە قاراش بىلەن ئىزچىل ئوقۇشقا تەسىر يەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن داداممۇ مەكتەپتىن پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىپ بىرەر يىل ئۆيدە ئۆزى ئوقۇتتى. مەكتەپتىن قايتىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇنداق بولغانىدى: ھاجى خەلىپىتىم (مەن بالا ئوقۇتقۇچىلىقتىن كېيىن يەنە بۇ خەلىپىتىمنىڭ مەكتىپىگە كىرگەنىدىم) ئادەتتە ئانچە-مۇنچە ئۇرۇپ تۇرىدىغان، بىركۈنى ھەممە ئوقۇغۇچىلارنى قاتار ئولتۇرغۇزۇپ

قويۇپ، تاغىسقىمىزنى ئېچىپ تاياق بىلەن بىر چەتتىن ئۇرۇپ چىقتى، ئۇ، ئۇرغاچ: "مەسچىتتىكى كۆلىنى كىم ئالدى؟" دەپ سورايتتى. كېيىن بىر بالا قاتتىق تاياق يېگەندە چىدىماي، ئاياغدىراق ئولتۇرغان مەممەت بىلەن مېنى كۆرسىتىپ قويدى. ئاندىن خەلپىتىم ئىككىمىزنى ئىشتانچاق قىلىپ، باللارغا باستۇرۇپ تۇرۇپ، ۋاي-ۋايلىغىنىمىزغا قارىماستىن تازا ئۇردى. ئۇرۇپ بولۇپ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچقا قولىمىزدىن ئېسىپ قويۇپ، ئۆزى پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپ كەتتى. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ يىغلايتتۇق، باللار بىزگە ئىچىناتتى.

كۆلا — دېگەن لەگلەك ئۇچۇرىدىغان يىپ بولۇپ، ئاز تېپىلىدىغان، بىزگە ناھايىتى "قىممەت"لىك بىر نەرسە ئىدى. شۇ يىلى باھاردا لەگلەك ئۇچۇرۇش ناھايىتى ئاۋۇپ كەتكەندىن كېيىن، خەلپىتىم پۈتۈن باللارنىڭ لەگلەكىنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. كۆلىلىرىنى بولسا، مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى نامازخانىلار سېپىنى تۈزلەش ئۈچۈن تارتىپ قويۇپتۇ. مەممەت بىلەن ئىككىمىز يوشۇرۇنچە يەنە ئىككى لەگلەك ياسىدۇق، لېكىن كۆلا يىپ بولمىغانلىقتىن مەسچىتتىكى ئاشۇ يىپلار كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيتتى. بىر كۈنى ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ "بولغاننى كۆرەرمىز" دەپ، تۈن يېرىمىدا مەسچىتكە بېرىپ كۆلا يىپلارنى ئېلىپ قاچتۇق، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىشكە پېتىنالمايتتۇق. خەلپىتىم قانچە ئۇرغان بىلەنمۇ بىز ئىقرار قىلمىدۇق. ئىقرار قىلساڭ تۈگىشىپ كېتەتتىڭ، تاياق ئاستىدا ئازاب چەككەندىن تاشقىرى مەكتەپتىن ھەيدىلىسەن، يەنە ئوغرى دېگەن نامنى ئالىسەن-دە! بىز دەرەخكە ئېسىقلىق تۇرغان ۋاقتىمىزدا دادام ئاتلىق كېلىپ قالدى، ئۇ كېلىپلا يانچۇقىدىن قەلەمتىراچىنى ئېلىپ،

قولمىز باغلانغان چىگىنى كەستى ـ دە، بىزنى يەرگە چۈشۈردى. بالىلاردىن سورىغانىدى، ئۇلار چۇرۇلدىشىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. بىز ئىككىمىز ئېسەدەپ يىغلايتتۇق. ئاڭغۇچە خەلپىتىم نامازدىن چىقتى، دادام ئۇنى كۆرۈپلا كايىپ كەتتى ۋە خېلى جىق ۋارقىرىدى، نېمىلەرنى دېگەنلىكلىرى ئېسىمدە يوق، "بالىلاردا گۇناھ بولىسمۇ بۇنداق ئازابلاش خاتا، بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىشى" دېگىنى يادىمدا. ئاندىن دادام خەلپىتىمگە قاراپ: "سەن بىرىنچىدىن، بالىلارنى ئۇرمايسەن، ئىككىنچىدىن، ياخشى ئوقۇتىسەن، بولمىسا ئۆز يۇرتۇڭغا كەت، مۇئەللىم تېپىلىدۇ" دېدى ـ دە، مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيگۈزۈپ، ئاتىنىڭ كەينىگە مىنگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى ("يۇرتۇڭغا كەت" دېيىشى ھاجى خەلپىتىم تۈركۆل دېگەن كەنتتىن كەلگەنىدى.)

ئۇ مەكتەپتە ئىككى ـ ئۈچ يىل ئوقۇغان بولسامىمۇ، ھېچقانچە مەنپەئەت ئالالمىغانىدىم. «ناۋايى»نى تۈگىتىپ، «سەرپ»كە چىقتۇق. «سەرپ» دېگەن گراماتىكا دېگىنى بولسا كېرەك، ئۇ پارسچە كىتاب بولۇپ، مەنىسىنى ئۇقمايتتۇق، كىتاب "ئەس ئەدى كالىلاھۇ، فىددارىن..." دېگەن سۆزلەر بىلەن باشلىناتتى. ئۇ گەپلەرنى كىم چۈشەنسۇن؟ ئۇندىن باشقا "بىدان دەپتۇر، نېمە ئۈچۈن بىخان دېمەپتۇر؟ ئەنىڭ ئۈچۈنكى، بىداننىڭ مەنىسى بىلگىل، بىخاننىڭ مەنىسى ئوقۇغىل" دېگەن سۆزنى توختىماي يادلايتتۇق. سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى زادى ئۇقمايتتۇق. ئاندىن كېيىن «شەرئى موللا»، «شەرئى ۋەقايى» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇتتى، بۇ كىتابلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش تېخىمۇ تەس، ساپ ئەرەبچە، پارسچە دىنىي گەپلەر ئىدى.

ئوقۇغانچە كاللىمىز ئېلىشىپ كېتەتتى، يادلا قىلىمىز، چۈشەندۈرۈپ بەرمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپتىن تازا زېرىككەنىدىم. دادامنىڭ قايتۇرۇپ كەتكىنى ياخشى بولدى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي دادام ئىلىغا قېچىپ كەتتى، ئوقۇشۇم يەنە توختاپ قالدى.

دادامنىڭ ئىلىغا قېچىپ كېتىشى مۇنداق سەۋەبتىن بولغان: يەكەندىكى زاۋۇت توختاپ، بايلىقى خاراب بولۇشقا باشلىغاندا، چوڭ ئاكىلىرىم مۇھەممەدىن بىلەن ھىلالىدىنلار روسىيىگە چىقىپ سودا قىلماقچى بوپتۇ، ئۇلار بىر ئافغان سودىگەر تەييارلىغان بىر مۇنچە تېرە، ئۈچەيلەرنى (ئۇنىڭ بىلەن شېرىك بولۇپ) ئېلىپ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۇلار ئەتكەسچى ھېسابلىنىپ، ماللىرى مۇسادىرە قىلىنىپتۇ، شىنجاڭغىمۇ قايتالماپتۇ. كېيىن نەجمىددىن ئاكام ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئەمدى ئافغاننىڭ پۇلىنى دادام تۆلىشى كېرەك بولدى. دادام جاي ساتتى، يەر ساتتى، يەنە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆگىتەلمىگەن بولسا كېرەك، ھېلىقى ئافغان دوتەيگە ئەرز قىلىپ خېلى جىق ئاۋارە قىلدى. كېيىن دوتەي يامۇلىدىن يايى كېلىپ دادامنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا مۆكۈۋېلىپ، ئۇلارغا كۆرۈنمىگەنىدى. ئاندىن كېيىن، بىز كېچىسى ئوتتۇراغ كەنتىدىكى مەتمۇسا تاغام (بۇ ئادەم دادامنىڭ تاغىسى، يۇرتتا ئىناۋىتى بار، ئاقساقال ئادەم ئىدى)نىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇر-دۇق. مەن ھەر كۈنى بىر قېتىم تاماق ئاپىرىپ دادامنى يوقلايتتىم: دادام مەتمۇسا تاغامنىڭ بېغىدا ئەنجۈر ئاستىدىكى بىر گەمىدە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى، مەن باغنىڭ ئارقىسىدىكى شورا تامدىن ئاتلاپ گەمىگە كىرەتتىم. بىزنىڭ ئۆي بىلەن مەتمۇسا تاغامنىڭ ئۆيىنىڭ

ئارىسى ئۈچ-تۆت كىلومېتىردىن جىقراقمىكىن، ھەر كۈنى بېرىپ-قايتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن قىيىنى، ئوتتۇرىدا ھۇشۇر توكۇر دېگەن كىشىنىڭ تۆگمىنى ئالدىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ھۇشۇر توكۇرنىڭ بىر قارا ئىتى بولىدىغان، ئۇ ئىت ئادەم قوغلايتتى، شۇڭا ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ماڭا ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئىت كۆپ ۋاقىتتا تۆگمەننىڭ ئالدىدا بېشىنى سوزۇپ كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ياتاتتى، شەپەمنى ئاڭلىغان ھامان قاۋاپ يۈگۈرەتتى. بىرىنچى قېتىم ئۆتكەندە ئۇ مېنى قوغلاپ چىقتى، مەن ئۇنى يەتكۈزمەي كەتتىم، كېيىن ئۆستەڭنىڭ تۆۋىنىدىكى كېچىكتىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈردۈم، يەنە ئاشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بىر قولۇمدا تاماق سالغان قاچا، بىر قولۇمدا تاياق، كۆۋرۈككە يەتمەستىن تۇرۇپ ئىتنى كۆزىتىپ بىردەم ئولتۇراتتىم-دە، جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتەتتىم. كېيىن ئىت قوغلاپ يېتىۋالىدىغان بولغاندا، كەينىمگە بۇرۇلۇپ تاياق شىلتىسام، ئۇ توختاپ قالىدىغان بولدى. شۇندىن كېيىن خېلى خاتىرجەم ئۆتەلەيدىغان بولدۇم. لېكىن يۈرىكىم گۈپۈلدەپ ئۆتەتتىم، بۇ قارا ئىت ماڭا خۇددى بىر دىۋىدەك كۆرۈنەتتى.

ئۈچ-تۆت ئاي ئۆتتىمۇ دەيمەن، دادام بەربىر يوشۇرۇن ئىلىغا چىقىپ كەتتى، بىر يىلدىن كېيىن (1929-يىلى) ئىلىدا ۋاپات بولدى.

ھېلىقى سوۋېتكە كەتكەن ئاكىلىرىمدىن نەجمىددىن بىلەن ھىلالىددىن ئاكاملار ئىلىغا قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە ماكانلاشتى. مۇھىددىن دېگەن ئاكام ئۇ ياقتا "شىنجاڭنى قۇتقۇلدۇرۇش جەمئىيىتى"گە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، (چەت ئەللىكلەرنىڭ مەخپىي تەشكىلات قۇرۇشى

سوۋېتنىڭ قانۇنىغا توغرا كەلمىگەنمۇ، قانداق) ئۇلارنى قاماپ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇ ياقتا 15 يىلدىن ئارتۇق يۈرۈپ، بوشىغاندىن كېيىن روسسىيىنىڭ شىمالىدىكى ئارخانگىلىسكى دېگەن شەھەردە تۇرۇپتۇ، شۇ يەردىمۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بولسا كېرەك (1950 ـ يىلى مەن موسكۋاغا بارغاندا خەۋىرىنى ئالدىم، 1959 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ قايتىپ كەتتى. 1974 ــ 1975 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، فىرۇنزىدا 80 نەچچە يېشىدا ۋاپات بولدى.)

ئابلىز دېگەن ئاكام دادام ئىلىغا كەتكەندىن كېيىن، شۇ ئاكىلىرىمنى ئىزدەپ سوۋېتكە كەتتى، ئابلەق ئاكام يەنە لىۋائىددىن دېگەن كىچىك ئۇكام بىلەن ئۈچىمىز ئۆيدە قالدۇق. راستىنى ئېيتقاندا ئابلەق ئاكام بېلىنى سىلاپلا يۈرىدىغان نازۇك ئادەم ئىدى، لىۋائىددىن قارىيىلىقتا ئوقۇدى. ئۆينىڭ ئىشى مېنىڭ بېشىمغا قالدى. سېتىپ يەيدىغان قالدى ـ قاتتى نەرسىلەرمۇ تۈگىگەنىدى. سەككىز ـ ئون جاننى بېقىش كېرەك بولغاچقا، ئاخىر ئانامنىڭ پىكرى بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكى ھامۇت دېگەن ئادەم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شورۇق كەنتىدىكى مەممەت دېگەن بىر ئادەم بىلەن ئورتاقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلدۇق. مەن ئۆزەم كۆتۈرەلەيدىغان يەڭگىل ئەمگەكلەرگە قاتنىشىمەن، تېخى ئېتىزدىكى ئاشلىققا رەۋەندىدىن ئالدىن پۇل ئېلىپ (بۇ پۇل بازار نەرقىدىن خېلى تۆۋەن بولىدىغان) خەجلىدۇق. كېيىن سۇ ماجىراسى بولدىمۇ نېمە، بۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىدى. ئاندىن كېيىن، ھابىل دېگەن بىر ئاغىنەم بىلەن بىللە شېرىك بولۇپ شاتاۋارچىلىق قىلدۇق. ئاق ماتاغا گۈل بېسىپ ساتىمىز، شاتاۋارچىلىق بىزگە ئاتا كەسپى، دادام ئىلگىرى روسسىيىدىن قايتىپ كەلگەندە ئاق ماتاغا گۈل بېسىشنى ئىجاد قىپتىكەن. ئۇنىڭغا ئۆزى

"شاھ تاۋار" (تاۋارنىڭ پادىشاھى) دەپ نام بېرىپتۇ. كىشىلەر دادامغا "تاشاخۇنۇم شاتاۋار" دېگەن لەقەمنىمۇ قويغانىكەن. يەنە شۇ ۋاقىتلاردا خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر غەزەلمۇ تارىلىپتىكەن: "تاشاخۇنۇم جازانى، بۇ يىل ئالدى بازارنى، ئۇششاق خامغا گۇل بېسىپ، تاشلىۋەتتى مازارنى". بۇنىڭدىن ئىككى مەنىنى كۆرگىلى بولىدۇ: بىرى، يېڭى ھۈنەر چىقىرىپ پۇل تاپقىلى تۇردى، دېگىنى بولسا، يەنە بىرى، شاتاۋارچىلىق قىلىمەن دەپ مازارنى تاشلىۋەتتى، دېمەكچى بولسا كېرەك. مازارنى تاشلىۋەتتى دېگىنى، ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى سۇ ئەكىتىپ بۇزۇلغاندىن كېيىن، دادام ئۇنى قايتا ياسىتىپ (باشقا بايلاردىن پۇل ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن)، تولۇق پۈتتۈرمەي توختاپ قالغانىكەن، بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن بىلمەيمەن. كىشىلەر مۇشۇ ئۇلۇغ مازارنى ياساتماي تاشلاپ قويدى، دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسا كېرەك.

شاتاۋارچىلىقمۇ ئاقمىدى، ئاندىن سەيپۇڭلۇق قىلدىم، بۇ ئىشمۇ تاسادىپىي بولغانىدى، رامىزان كۆنلىرى بولسا كېرەك، ئابدۇش بەگ دېگەن سەيپۇڭنىڭ ماشىنىسى سۇنۇپ قاپتىكەن، بىزنىڭ ئۆيدىكى ماشىنىنى سوراپ كەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا ئالتە ئاي ئىچىدە ماڭا سەيپۇڭلۇقنى ئۆگىتىپ قويۇش شەرتى بىلەن بېرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدۇم، ئاناممۇ قوشۇلدى. ماشىنا بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەتتىم. ئالتە ئايمۇ ئۆتتى، بىردەم ئېشىكىنى بېقىپ، بىردەم بالىسىغا قاراپ، ئىش قىلغاندىمۇ دەزمال سېلىش بىلەن چاك تىكىشتىن ئاشالماسلىق نەتىجىسىدە ياخشى ئۇستا بولالمىدىم. شۇنداقتىمۇ ماشىنىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ، ئۆيدە سەيپۇڭلۇق قىلدىم. ئانام ئانچە ـ مۇنچە تىكىشنى بىلىدىغان، ياردەم قىلدى. چەكمەندىن

ئۇزۇن پاختىلىق چاپان تىكىمىز، بىر ھەپتىدە تۆت-بەش چاپان تىكىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتقاندا ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا تايىنلىق ئىدى، گۆش ۋە چىراغ يېغىغا ئارانلا يېتەتتى. بۇنىڭ بىلەنمۇ جاھانىدارچىلىق قىلىش قىيىنغا چۈشتى.

قىسقىسى، ئۇنى قىلىپ، بۇنى قىلىپ ئەيتاۋۇر جاھانىدارچىلىق قىلىپ بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇم، ئاخىر 17 ياشقا كىرگەندە (1932 - يىلى) ئاتلىنىپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمۈر تارىخىمنى كېيىنكى بابلاردا بايان قىلىمەن.

# ئىككىنچى قىسىم
# شىنخەي ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭ

# بىرىنچى باب
## شىنخەي ئىنقىلابى ئەلنى تىترەتتى

گەپنى شىنخەي ئىنقىلابىدىن باشلىغىنىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئىنقىلاب جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۇز بەرگەن كۆلىمى زور، تەسىرى كەڭ، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىنىڭ بېشىدا يۇز بەرگەن، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، 1915 - يىلى مەن تۇغۇلغانىدىم. شۇنداق بولغانلىقتىن، مەن تۇغۇلغان دەۋرنىڭ ئەھۋالى ئۇستىدە گەپ - سۆز قىلىشقا توغرا كەلسە، تەبىئىيكى، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ پارتلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋەزىيەت ئۇستىدە بىرنېمە دېمەي ئۆتكىلى بولمايدۇ.

مەن تۇغۇلغان ئاشۇ يىللاردا، مەھەللىمىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاتۇش بازىرىدا، ئۇنىڭدىن خېلى يىراقتىكى قەشقەر ئەتراپلىرىدا كۆزگە چېلىقۇدەك ئۆزگىرىشلەر يۇز بېرىپتىكەن. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ گەۋدىلىكرەكى، ئەمەلدارلارنىڭ كۇكۇلىسى، كىيىم - كېچەكىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقانىكەن. يەنى، ئەمەلدارلار ئۇزۇن، ئۆرۈمە چېچىنى كېسىپ تاشلاپ، پۇقرالارغا غەلىتە كۆرۈنىدىغان قاسقانلىق شەپكە كىيىشىپتۇ. ئىزمە بىلەن تۇگمىلىنىدىغان ياندا چېكى بار ئۇزۇن چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، تۆت يانچۇقى بار، ئالدىدىن تۇگمىلىنىدىغان چاپانلارنى كىيىشىپتۇ. يەنە بىر مۇھىم

ئۆزگىرىش بايراقىنىڭ يەڭگۈشلىنىشى بوپتۇ. ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقلار يوقىلىپ، بەش خىل رەڭدە بالداق چىقىرىلغان بايراقلار ئېسىلىدىغان بوپتۇ. ئۇيغۇرلاردىن چىققان يۇقىرىراق دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار چۈچىلىق قالپاق كىيمەي سەللە ئورىسىمۇ بولىدىغان، ئەجدىھا سۈرىتى كەشتىلەنگەن مانجۇچە كىيىمنىڭ ئورنىغا چەكمەن چاپان- تون كىيىدىغان بوپتۇ.

ئاممىلىكىن، دېھقانلارنىڭ كىيىمىمۇ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى ئاۋۋالقىدەك تۇرىۋېرىپتۇ. ئۇلار يەنىلا پومېشچىك- زېمىندارلارنىڭ يېرىنى بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيدىكەن. مالچىلار چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ماللىرىنى ئەسلىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېقىۋېرىدىكەن. ئوششاق قول ھۈنەرۋەنلەر بالا- چاقىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن يەنىلا بۇرۇنقىدەك مۈكچىيىپ ئىشلەيدىكەن.

مۇنداقلا بىر قارىماققا، نېمىدۇ ئۆزگەرگەندەك، نېمىدۇ ئۆزگەرمىگەندەك بىلىنىدىغان بۇ ھالەت، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ چاغدا بىزنىڭ يۇرتتا چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلار يوق ئىدى. ئۇلاردىن سورىساڭ، "ئۆزگەرمىدېمىكىن دېسەڭ، بۇ جاھاندا ئۆزگەرگەن نەرسە ئاز ئەمەس، ئۆزگەردېمىكىن دېسەڭ، جاھان يەنىلا شۇ پېتى، بېيى باي، گادىيى گاداي..." دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

كېيىنرەك ئۇقسام مەن تۇغۇلۇشتىن تۆت يىل بۇرۇن پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودىكى نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ داۋامى بولغان چىڭ خاندانلىقىنىڭ تەختىنى گۇمران قىلغان، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى

كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىكەن. ئەمما، ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى يەنىلا چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىكى چوڭ ھەربىي فېئودال يۈەن شىكەينىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ خەلق ئاممىسىغا ھېچنېمە بەرمەي، يەنىلا ئەزگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغانىكەن.

مەن تۇغۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن روسىيىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپتۇ. بۇ ئىنقىلاب پېتېرگرادتا پارتلاپ ئۇنىڭ تەسىرى روسىيىنىڭ ھەممە زېمىنىغا يېتىپ بارغۇچە مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئەمما يۇرتىمىزغا يېقىنراق جايلاشقان زېمىنلاردىمۇ "ئاق پادىشاھ يىقىلىپتۇ"دىن باشقا خۇددى بىزدىكىدەك چوڭ ئۆزگىرىش بولمى-غانلىقىنى كۆرۈشكەن دېھقانلار، ھەممە نەرسىگە "تەقدىرى ئەزەل" كۆز قارىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقان.

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگو-نىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە زور ۋەقە ئىدى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولسا، ئەھمىيىتى يېقىدىن ئېيتقاندا، روسىيە چېگرىسى ئىچىدىن ھالقىغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر يېڭى ئەسىرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ئالەمشۇمۇل ۋەقە ئىدى.

شۇ چاغلاردا بولغان بۇ ئۆزگىرىش يۇرتۇمىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتمىگەن. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسى بىلەن قوزغالغان ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا بولۇنغان گەپ-سۆزلەر بۇنىڭ بىر دەلىلى. ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب، يۇرتداشلىرىمىزغا باشقا جايلاردا داۋالغۇش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرغان. گەرچە بۇ ئىنقىلاب توغرىسىدىكى خەۋەر بىزنىڭ يۇرتقا كەلگەندە ئاللىقاچان كونا خەۋەرگە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى

چوڭ بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىشقان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭغا "قاش ـ كىرپىك"لەر قونىدۇرۇلۇپ، ئاخىر بىرىپ بۇ خەۋەر كومپوزىتسىيىسى ھەم، پېرسوناژلىرى جانلىق، ۋەقەلىكى ئەگرى ـ توقاي، قىزىقارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈسىگە كىرىپ قالغان. دېمەك، ئېيتىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭ ئىچىدە كۆرۈلگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش شامالىلىرى نامىدىن تارتىپ ئادەملىرىگىچە ئۇنچە نەزەرگە ئېلىنمايدىغان بىزنىڭ مەھەللىمىزنىڭ ئىچىدىنمۇ گۈركىرەپ ئۆتكەن.

1911 ـ يىلى ۋۇچاڭدا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدە قوزغالغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى، تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر جەرياندا داۋام قىلىپ كەلگەن قانلىق كۈرەشلىرىنىڭ داۋامى ۋە بىر قېتىملىق زور ئۇتۇقى ئىدى.

جۇڭگو خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا فېئودال خانلىقلار ـ نىڭ دەھشەتلىك تالان ـ تاراج قىلىشى بىلەن فېئودال خانلىق تۈزۈمىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ كەلدى. ئاخىرقى فېئودال خاندانلىق ـــ مەنچىڭ دەۋرىگە كەلگەندە فېئوداللىق زۇلۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتە ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىشنى جىددىيلەشتۈردى. بولۇپمۇ 1900 ـ يىلى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن، 1901 ـ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر تاجاۋۇزچىلار بىلەن ۋەتەن ساتقۇچ «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزا ـ لىغاندىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ھالغا چۈشۈپ قالدى،

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىر-لىككە قارشى بىر قاتار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەي-دانغا كەلدى. جۇڭگودا كۈچلۈك، يالغۇنلۇق داۋالغۇش ۋەزىيىتى پەيدا بولدى. دېمەك، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل ئىچىدە بىر قاتار زور سىياسىي، تارىخىي ۋەقەلەر مەيدانغا چىقتى. يەنى: 1894-يىلدىكى جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى، 1898-يىلدىكى ۋۇشۇي قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىـ-كىتى، 1900-يىلدىكى يىخېتۇەن ھەرىكىتى ۋە سەككىز دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. مۇشۇنداق قاتتىق داۋالغۇش ۋە چوڭ زىددىيەتلەر كۆرۈنۈشى نەتىجىسىدە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەجنەبىلەرگە قۇل-چىلىق قىلدىغان تەسلىمچى مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەش ئىرادىسى بارغانچە كۈچەيدى. مۇنداق كۆرەش جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار گېزىت-مەتبۇئاتلار ئارقىلىق مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. ئۇندىن كېيىن ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن ھەر خىل ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلەن، "شىڭجۇڭخۇي"، "گۇاڭفۇ-خۇي"، "خۇاشىڭخۇي" تەشكىلاتلىرى. ئاخىردا سۇن جۇڭشەننىڭ پروگراممىسى بويىچە "تۇڭمېڭخۇي" تەشكىلاتى مەيدانغا كەلدى. "تۇڭمېڭخۇي" ئىنقىلابىي تەشكىلاتى دۆلەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مەنچىڭ خاندانلىقىغا ۋە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كەڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى.

مۇشۇنداق كەڭ كۆلەملىك سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە 1911 - يىلى بىر قاتار قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ، مۇستەبىت فېئودال خانلىق ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى.

شىنخەي ئىنقىلابىي مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا يېتىلگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى تەشكىللىگەن، يېتەكلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغانىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە شىنخەي ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشۇپ، چىڭ خاندانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. مۇنداق قوراللىق قوزغىلاڭلار ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر شىنجاڭدىمۇ يۈز بېرىپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.

## ئىككىنچى باب

# شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭدا بولغان قوزغىلاڭلار

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىمۇ ئىنقىلاپ ۋە داۋالغۇش ئىچىدە تۇراتتى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيىتى ئۈستى جىمدەك تۇرغان بۇ چەت زېمىنغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىغانىدى. تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭ بىرقەدەر كۆچلۈك ئىنكاسى ئىدى:

### 1. ئىلى ئىنقىلابى

مەن ئەقىل ـ ھوشۇمنى بىرئاز بىلگەندىن كېيىن مەھەللىمىزگە ئاڭلانغان تۇنجى مۇھىم ۋەقە ئىلى ئىنقىلابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماڭا ئاڭلانغاندا گەرچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ بولغىنىغا بىرقانچە يىل بولۇپ، ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ ھەقتە گەپ ئاچقاندا يەنىلا ناھايىتى ھاياجانلىنىش بىلەن سۆزلەيتتى ۋە بىر ـ بىرىنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئاڭلايتتى. مەن بۇنىڭغا نېمىلەر سەۋەب بولغاندۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. كېيىن ئىلى ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبىرى ياڭ زەنشۈينىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يېزىىمىزغا ئانچە يىراق بولمىغان

قەشقەردە بىرمەزگىل ۋالىي بولغانلىقى ئېھتىمال بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىدىم، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلغىنىمدا، ياڭ زەنشۈينىڭ خەلق ئۈچۈن بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقى تېخىمۇ مۇھىم سەۋەب بولسا كېرەك دېگەن قاراشقا كەلدىم.

ئىلى ئىنقىلابى توغرىسىدىكى چۈشەنچەم كېيىنكى يىللاردا بىرمۇنچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئاندىن خېلى تولۇقلاندى.

ئىلى ئىنقىلابى 1911-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىلىنىڭ كۈرە دېگەن شەھىرىدە (ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورغاس ناھىيىسىنىڭ مىڭ جىن يېزىسى تۇرۇشلۇق جاي) پارتلىغان. ئىنقىلابتا يوقىتىلغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار شۇ چاغدىكى ئىلى جياڭجۈنى جى رۇي بولغان. بۇ ئىنقىلابتا تونۇلغان بىرىنچى نومۇرلۇق شەخس ياڭ زەنشۈي ئىدى. ئۇندىن قالسا فېڭ تېمىن ھەم فېڭ داشۇ ئىدى.

ئىلى جياڭجۈنى شۇ زامانىدا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەربىي-مەمۇرىي كاتتىبېشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شىنجاڭدىكى ھەممە ھوقۇق ئىلى جياڭجۈنىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق جايى كۈرە ئىدى. بۇ قەلئە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھايىتى مۇكەممەل مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا ئىگە بولغان. بۇ قەلئە مەركەز قىلىنغان ھالدا يەنە بىر قاتار ئۈچ بۇرجەكلىك مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى ھاسىل قىلىنغانىدى. بۇلار جەمئىي توققۇز قەلئە بولۇپ "ئىلىدىكى توققۇز قەلئە" دەپ ئاتالغان. بۇلاردىن ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ قېپقالغانلىرىدىن

كونا قورغاس، چىڭسىخوزا، لوسىگوڭ، سۇيدۇڭلار بار. قالغانلار، ئېيتايلۇق، بايانداي، تارجى دېگەنلەر ياكى خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى، ياكى شەھەر، بازار بولۇش سۈپىتىدىن ئاللىقاچانلا مەھرۇم بولۇپ كەتتى. كېيىنكى يىللاردا مەن ئىلىدىكى توققۇز قەلئە دەپ ئاتالغان جايلارنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمدا، بۇ قەلئەلەر ئۆزئارا ھاسىل قىلغان ئۈچ بۇرجەكلىك ئورۇننىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كۈنلۈك ئاتلىق يول ئىكەنلىكى مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى. شۇ چاغدا ئاندىن چۈشەندىمكى، بۇ توققۇز قەلئەنىڭ ھەرقانداق بىرسىدە بىرەر ۋەقە تۇغۇلسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ بۇرجەك ھاسىل قىلغان باشقا ئىككى قەلئەدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلار دەرھال ياردەمگە كېلەلەيدىكەن. بۇنىڭدىن چىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇ جايلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانچىلىك باش قاتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئىلى جياڭجۈنى ئورگىنى 1759-يىلى تەسىس قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يېرىم ئەسىر داۋامىدا ئىلى جياڭجۈنى ئىزچىل تۈردە چىڭ خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگو (جۈملىدىن شەرقىي شىمال، موڭغۇلىيە ئوتلىقى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى)نى بويلاپ يېيىلغان مۇكەممەل مەمۇرىي-ھەربىي سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولۇپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئىلى جياڭجۈنىدىن ئىبارەت بۇ ئورگان ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ تۇرغان. ئىلى ئىنقىلابى يۈز بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئورگاننىڭ تەسىس قىلىنغىنىغا بىر يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، شۇنداقلا بۇ جەرياندا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مەركىزى ۋە يەرلىك ھەربىي-مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر

قىلىنغان بولسىمۇ، ئىلى جىياڭجۈننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىدا بىرەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلمىگەن. ئەنە شۇ ۋەجىدىن كۆرە دېگەن بۇ قەلئەنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدىكى ئورنى ۋە رولىدىمۇ بىرەر ئۆزگىرىشلەر بولمىغان. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ۋە مەمۇرىي مەركىزىدە قوزغالغان ئىلى ئىنقىلابى، تەبىئىيكى، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى جەلپ قىلغان.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالىغان ۋە دەھشەتلىك ئازاب بىلەن قىينىغان. شىنجاڭنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئەڭ زالىم ھەربىي ھۆكۈمران جىياڭجۈنلەرنىڭ خەلقنى خالىغانچە ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈشى، بۇلاپ - تالىشى ۋە ئېغىر باج، ئالۋان - سېلىقلار بىلەن شوراپ يېيىشى زور كۆپچىلىك خەلقنى ئېغىر، جاپالىق كۈنلەرگە، يۇرتلىرىنى خارابىلىق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. سەرسان - سەرگەردانلىق ئومۇمىي ھالەتكە ئايلانغان.

كۆرەدىكى جىياڭجۈن ھەم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقنى بۇلىغاندىن باشقا ئوردىدىن يەنە يۇقىرى مائاش ئالاتتى. مەسىلەن، جىياڭجۈن كۈنلۈك مائاشى ئۈچۈن بىر يامبۇ، ئەترەت باشلىقى ئايلىق مائاشى ئۈچۈن بىر يامبۇ ئالاتتى. ئەمەلدارلىرى بىر قېتىم چارۋىچىلىق رايونىغا چىقسا ھېسابسىز مال، كۈمۈشكە ئىگە بولاتتى. جىياڭجۈن ۋە ئۇنىڭ جەمەتلىرى سىرتقا چىقسا چوڭ تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ، ئالدىدا ئەللىك كىشىلىك ئاتلىق ئەترەت، ئوتتۇرىدا مۇزىكا ئەترىتى، كەينىدە مۇھاپىزەتچى ئەترەت ماڭاتتى. يامۇلدىن چىققاندا، ئالتە پاي زەمبىرەك ئېتىپ، شەھەردىكى بارلىق ھەرىكەتنى

توختىتاتتى. ئادەتتىكى مانجۇلارمۇ باج تۆلىمەيدىغان، ئالۋان تۆلىمەيدىغان ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولاتتى. مانجۇلار تۇغۇلۇپلا ئەتىسىدىن باشلاپ ئوغۇل بالا بولسا ئاشلىق، مائاش ئالىدىغان، قىز بالا بولسا ئاشلىق ئالىدىغان ئالاھىدە ھوقۇقتىقا ئىگە ئىدى. شەھەر ئىچىگە يەرلىك مىللەتلەرنى ئولتۇراقلاشتۇرمايتتى، كەچلىكى دەرۋازا تاقاش توپى ئېتىلغان ھامان يەرلىك مىللەتلەر شەھەردىن چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان، دوزاخ ئازابىدىكى ۋەزىيەت ئاستىدا غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشقان ھەر مىللەت خەلقىغە ۋۇچاڭدا قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلابى زور مەدەت بولۇپ "ئىلى ئىنقىلابى" قوزغالغان.

بۇ ئىنقىلاب "توڭمېڭخۇي" ئەزالىرى ھەم ياپونىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ "زىيالىي ياشلار ئۇيۇشمىسى" ئەزالىرىدىن بولغان ياڭ زەنشۆي، فېڭ تېمىن، فېڭ داشۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان. ياڭ زەنشۆي ئەسلىدە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىلى قۇرۇقلۇق ئەسكەرلەر شىسىنىڭ قوماندانى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن توڭمېڭخۇينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە غەربىي شىمالدىن ھەرىكەت باشلاش نىيىتىدە جىددىي تەييارلىق ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئالدى بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا تەشۋىق ـ تەرغىبات ئېلىپ بېرىپ، چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئىدىيەلەرنى بىخلاندۇرغان ۋە شۇ ئاساستا ئۆز كۈچلىرىنى ئۇيۇلغايتىپ تەشكىلىي تەييارلىقلارنى ئىشلىگەن.

ئۇلار شىنجاڭغا، جۈملىدىن ئىلى رايونىغا تارالغان "گېلاۋخۇي" چىلار ئارقىلىق ئاممىنى قوزغاش ۋە تەشكىللەش پائالىيىتىنى جانلان-

دۇرغان. شۇ يىللاردا گېلاۋخۇيچىلارنىڭ يەرلىك كاتتىبېشى شۇي سەنتەي ئۆز گۇرۇھىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن، گېلاۋخۇيچىلار سىپىگە مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقاد چېكىنى قويماي بىرمۇنچىلىغان يەرلىك مىللەت خەلق ئاممىسىنىمۇ قاتناشتۇرۇپ بەلگىلىك كۈچى بار تەشكىلات بولۇپ قالغانىدى. شۇي سەنتەينىڭ ئۆزىمۇ "ئىلى دەريا-سىنىڭ ئەجدىھاسى" دەپ نام ئالغان. بۇ تەشكىلات چىڭ خاندان-لىقىنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ھەممىيلەن بىر ئائىلە-دىكى قېرىنداشلار، دەپ تەشۋىق قىلغانلىقتىن، يەرلىك خەلق ئاممىسىنى تېز جەلپ قىلىۋالغان. ئىنقىلاب قوزغالغاندا، ئۇلار ھەقىقەتەن كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ قاتنىشىپ مۇھىم رول ئوينىغان، پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تۇەنجاڭى قىلىپ تەيىنلەنگەن شۇي سەنتەيمۇ چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن.

ياڭ زەنشۇي قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ئىلى رايونىدا ھەر خىل مىللەت خەلقىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، ئىنقىلاب قوزغاش ئۈچۈن ھەممە مىللەت خەلق ئاممىسىنى قاتناشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلىگەن ۋە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ ئاممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزلىرى ئىشلىگەن «بەيخۇاباۋ» گېزىتىنى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بېسىپ تارقاتقان. بۇ بىر قاتار خىزمەتلەر دېگەن-دەكلا ياخشى ئۈنۈم كۆرسەتكەن: قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن كېچىسى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ خەلق ئاممىسىدىن نۇرغۇنلىرى كۇرەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىگە ۋە مانجۇ قوشۇنلىرى گەزەرمىسىگە قىلىنغان ھۇجۇم جېڭىگە قاتناشقان. ھېكىمبەگ، ھۇسەنباي، ياقۇپباي قاتارلىق كىشىلەر ئىنقىلاب ئۈچۈن پۇل، مال ياردەم قىلغان. ما دېيۋەن، ما لىڭشياۋ قاتارلىق خۇيزۇلار قوزغىلاڭ جەريانىدا باشلامچىلىق رول

ئۇيىنغان. قىسقىسى، ئىلى ئىنقىلابىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى بىر-بىرىگە ئىشىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، بىر ئاكوپتا جەڭ قىلىپ ئوخشاش پىداكارلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا، قوزغىلاڭ تېز غەلىبە قىلىپ كۇرە شەھىرى ئىشغال قىلىنغان. جياڭجۇن جى رۇي ۋە جاڭ جىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئازقىدىنلا سۇيدۇڭ، غۇلجىلارمۇ قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتۈپ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقى جاكارلانغان. "بەش مىللەت جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى" قۇرۇلۇپ، ياڭ زەنشۈي باش قوماندان بولۇپ گۇاڭ فۇ (بۇ جى رۇيدىن ئىلگىرىكى ئىلى جياڭجۇنى ئىدى)نى باش مۇپەتتىش (دۇدۇ)لىققا تەيىنلىگەن. ئۇنىدىن باشقا ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، تاشقى ئىشلار قاتارلىق بۆلۈملىرى تەشكىل قىلىنىپ، ئۆز كىشىلىرى مەسئۇللىققا تەيىنلەنگەن.

ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ۋۇجۇدقا چىقىشى بىلەنلا ياڭ زەنشۈي، فېڭ تېمىن قاتارلىق ئىنقىلابچىلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داۋاملىق قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن "بەش مىللەت بىرلەشمىسى" قۇرۇش تەشەببۇسىنى چىقارغان. يەرلىك مىللەتتىن چىققان بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن، ئەسلىدىكى موڭغۇل ئۇلۇنت يېڭىسىنىڭ يېڭجاڭى سوتەي، شىخونىڭ تۆتتۆپتېرەك دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق موڭغۇل تۇرغۇت ۋاڭىنىڭ ئوغلى پالتا ھەم قازاقلارنىڭ مىڭبېگى قاتارلىقلار. بۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى بەگ، يېڭجاڭ، ۋاڭلار چىڭ خاندانلىقىنىڭ دۆلىتىنى كۆپ كۆرگەن ۋە نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان كىشىلەر ئىدى. لېكىن، چىڭ خاندانلىقىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا

كەلگەن چاغدا خوجايىنى تەرەپتە تۇرماي ئىنقىلابچىلارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى، ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان ئومۇمىي كەيپىياتىنى كۆرگەنلىكىدىن، ياڭ زەنشۇي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رايىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى سەزگەنلىكىدىن، شۇنداقلا، ئىنقىلابچىلارنىڭ قوزغىلاڭنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىشلىگەن ئۈنۈملۈك تەشۋىقاتى ۋە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈرگۈزگەن پايدىلىق ۋە بىرقەدەر ئىلغارلىققا ئىگە بىرلىكسەپ ھەم مىللىي سىياسىتىدىن ئىزدەش كېرەك. يۇقىرىقى بىرنەچچە تەرەپ، يەنە ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە غەلىبە قازانغانلىقىنىڭمۇ سەۋەبى ئىدى.

ياڭ زەنشۇي باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئىچكى تەرەپتىكى ئىشلىرىنى بىرەر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ قىسقا ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنى نىشانلاپ شەرققە يۈرۈش قىلغان. ئۇلار ۋۇتەي، جىڭ، قۇمبۇلاق قاتارلىق جايلاردا ئۈرۈمچى قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىپ، شىخوغا ھۇجۇم باشلىغان.

بۇ ئىچكىرىدە ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكارلانغان، يۈەن شىكەي زۇڭتۇڭ بولغان ۋاقىتلار ئىدى. يۈەن شىكەي شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانىڭ ئۆز ئورنىنى ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە باش قانۇن نازارەتچىسى ياڭ زېڭشىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ياڭ زېڭشىننى باش مۇپەتتىش قوشۇمچە باش ھەربىي نازارەتچى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ زېڭشىن تەختكە چىقىپلا ئىلى ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن

مۇرەسسەلىشىش نىقابى ئاستىدا، ئىنقىلابچىلارنى ئالداش، بۆلۈپ پارچىلاش نەيرىڭىنى ئىشقا سالدى. ئۇ ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلاب-چىلارنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىگە ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەمەل بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى، ئىرادىسىنى، كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇۋەتتى. ئاندىن كېيىن، ياكى ئۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، مال - مۈلۈكلەرنى بېرىپ ئالداپ ئىچكى-رىگە قايتىپ كېتىشكە زورلىدى. ياكى تەھدىت سېلىش، يېتىم قالدۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ ۋەزىپىسىدىن بوشىنىشقا زورلىدى. ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ياڭ زەنشۈينى ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دوتىيى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى، كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە بېرىۋېرىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ۋە تولا چات كېرىۋالغانلىقتىن، ياڭ زەنشۈي خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن يەنە بىرى خې جيادۇڭ، خاۋ كېچۈەن قاتارلىقلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىدە ھەر خىل مەمۇرىي باشلىق بولۇپ ئىشلىگەنىدى. 1912 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ياڭ زېڭشىن خې جيادۇڭغا 10 مىڭ سەر كۈمۈش، خاۋ كېچۈەنگە 2 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىپ ئالداپ، ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى.

ئىلىدا قېپقالغان ئىنقىلابچىلارنى ياڭ زېڭشىن تەقىپ قىلىشنى توختاتمىدى. ئۇ بىر بۆلۈك ھەربىي باشلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئىلىغا ئەۋەتىپ، شۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ئىنقىلابقا ھېسداشلىق قىلغان دەپ گۇمانلانغان كىشىلەرنىمۇ، مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

تۈرمىلەرگە سولىندى، ياكى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئىنقىلابقا بىۋاستە ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، ئاز - تولا ئىنقىلابىي ئىدىيىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىمۇ بوش قويىۋەتمىدى. يۈەن داخۇا ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋاقىتلاردا باشقا ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن، ياكى ئۆزلۈكىدىن كەلگەن كىشىلەرنى ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىشقا كەلگەن دەپ گۇمانلىنىپ بىر قىسمىنى قايتىپ كېتىشكە زورلىدى، بىر قىسمىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ، "ئىلى ئىنقىلابى" مەغلۇپ بولدى.

ئىلى ئىنقىلابى شۇ ۋاقىتنىڭ شارائىتىدا خېلى ئىلغار ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار ئىلى مۇستەبىت جياڭجۈن ھاكىمىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھەربىينى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، باجنى ئازايتىش، سىرتقى سىياسەت تۈزۈش قاتار-لىق بىر قاتار ئىشلارنى قىلدى، ئۇلار يەنە ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىش، ئاياللارنىڭ پۇتىنى بوغماسلىق، پۇقرالار ئەمەلدارلارغا باش قويماسلىق، ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلىك نام بىلەن ئاتىماسلىق، دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. ئۇلار ئاۋۋال «ئىلى بەيخۇا گېزىتى»، كېيىن «يېڭى ئىلى گېزىتى» چىقىرىپ، مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى، مائارىپ، مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلدى.

ياڭ زەڭشىن قاتارلىقلار تەشكىللىگەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەر-لەرگە چۈشۈرگەن ئالتە تۈرلۈك بۇيرۇقىدا ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلماسلىق، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلماسلىق، ئەپيۇن چەكمەسلىك، سودا - سېتىق قىلماسلىق، چەت ئەللىكلەرنى مۇھا-پىزەت قىلىش قاتارلىق بەلگىلىمىلەر كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ بەلگىلە-

مىلەر ئىچىدە يەنە، دۆلەتنى قوغداشتا مىللەت ئايرىماسلىق، ئاڭلىق،
مەدەنىيەتلىك بولۇش، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ۋە قازاقلار
باپباراۋەر بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى.

ئۇلار ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى تەشكىل قىلىپ، يېزا-قىرلارغا
ئەۋەتىپ، ئۆز سىياسەتلىرىنى چۈشەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن كېڭەش
ئىدارىسى قۇرۇپ، خەلقتىن تەكلىپ قوبۇل قىلىش ئۇن ماددىلىق
نىزامنامىسىنى ئېلان قىلغانىدى. بۇنىڭدا، خەلقنىڭ ھەرقانداق تەكلىپ-
لىرىنى قارشى ئالىدىغانلىقى، دەرۋازا ئالدىغا تەكلىپ خەت ساندۇقى
ئېسىلغانلىقى، تەكلىپ بەرگۈچىلەر بىلەن يۈزمۇيۈز سۆزلىشىپ
پىكىر ئاڭلايدىغانلىقى، تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلغانلىق توغرىسىدا
جاۋاب بېرىلىدىغانلىقى ياكى بەزى مۇھىم قارارلارنى گېزىت يۈزىدە
ئېلان قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. ناھىيەلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق
چارە ئىشلىتىشى لازىملىقى، دەرۋازىلىرىغا تەكلىپ ساندۇقلىرى
ئېسىشى كېرەكلىكى ھەم تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقىرىغا
مەلۇم قىلىشى زۆرۈرلۈكى كۆرسىتىلگەنىدى.

مۇشۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ئۇلار خەلققە ياخشىلىق قىلىدىغان-
لىقلىرىنى ئېلان قىلغان ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزىگە تارتقان.
ئۆز ۋاقتىدىكى مۇشۇنداق بىرقەدەر ئىلغارراق بولغان مىللىي
سىياسەت ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە
قوللىشىغا ئىگە بولغان. ياڭ زەڭشىنى ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر،
خۇيزۇلار ئارىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بارغان. ئۇ، خەنزۇلارمۇ باشقا
ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى
ئىكەنلىكىنى، بىرلىشىپ كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرگەن.
ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئاستا-ئاستا ئىشىنىپ، ئۇنى قوللاشقا باشلىغان.

ياڭ زەنشۈي قەشقەرگە دوتەي بولۇپ بارغاندىن كېيىنمۇ بەزى ئىلغار ئىشلارنى قىلغان. خەلقنىڭ تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇ خوتەنگە بېرىپ بىرقانچە ياخشى ئىشلارنى قىلغان ھەم روسىيەدىن كەلگەن سىيىت ھاجى دېگەننىڭ چىرىيىدىكى زوراۋانلىقىغا قارشى خەلق ھەرىكىتىنى قوللىغان. ئۇ قەشقەردىكى روسىيە ھۆكۈمىتى كونسۇلىنىڭ: "مۇھاجىرلىرىمىزنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايمىز" دېگەن باھانە بىلەن چىرىيىدىكى سۈپۈرگە باشلىق كىشىلەرنى باستۇرۇشىغا قارشى تۇرغان.

شۇ چاغدا ئىلى ئىنقىلابى توغرىسىدا مەن ئەڭ قىزىقىپ ئاڭلايدىغان ئىككىلا ئىش بار ئىدى. بىرى خەنزۇ ئەرلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىشى، يەنە بىرى خەنزۇ ئاياللارنىڭ پۇتىنى بوغماي قويۇۋېتىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەرلەرنىڭ چېچىنى قويۇۋېتىپ ئۇزۇن كوكۇلا ئۆرۈۋېلىشى باللار ئۈچۈن غەلىتە ئىش بولۇپ تۇيۇلاتتى. چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن جوڭگودا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىۋالغان دەسلەپكى يىللاردا، چاچنىڭ شەكلى مەسىلىسى توغرىسىدا نۇرغۇن پاجىئەلەرنىڭ بولغانلىقى تارىختىن مەلۇم. بىراق شىنجاڭ رايونىدا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى چاچنىڭ شەكلى مەسىلىسىدە بىرەر قاتتىق، مەجبۇرىي تەدبىر قوللانمىغان. ئېھتىمال مۇشۇ مەسىلىدە بىر ۋەقە تۇغۇلۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگىنىگە بىرەر يۈز يىلدىن ئاشقان ۋاقىت بولۇپ، بەلكى ئۇنىڭدا ئۆتكەن ئەسىرلەردە ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك مىللىي تۇيغۇ ئاجىزلىشىشقا باشلىغان بولسا كېرەك.

ئاياللارنىڭ پۇت بوغۇشى ئىشىغا كەلسەك، بىزدەك سەھرا بالىلىرىغا تېخىمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. مەن شەھەرگە بارغاندا كىچىك پۇتلۇق خەنزۇ ئاياللىرىنى كۆرسەم، بولۇپمۇ يېشى چوڭىيىپ مېڭىش ئىقتىدارىدىن قېلىشقا باشلىغان، ماڭالماي ئىغاڭلاپ قىينىلىپ يۈرگەن كىچىك پۇتلۇق تەتەيلەرنى كۆرسەم، ئىختىيارسىز ئىچىم سىيرىلىپ ھەيران قالاتتىم.

بالا دوستلىرىمنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، ئىلى ئىنقىلابى گويا بىر كېچىدىلا ھەممە ئەرلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك، ھەممە ئاياللارنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتكەندەك بىلىنەتتى. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە مەن چوڭ بولۇپ يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بارغىنىمدا يەنە ئۇرغۇن كوكۇلىسى ئۆرۈلگەن خەنزۇ، مانجۇ ئەرلەرنى ھەم كىچىك پۇتلۇق خەنزۇ، مانجۇ ئاياللىرىنى يولاتتىم. ئۆزەمگە بۇ ھەقتە سوئال قويغىنىمدا، ئۆزەم-ئۆزەمگە جاۋاب بېرىپ: "بۇ ئىلى ئەمەس-تە، ئىلىدا بولغان بولسا، بۇلارنىڭ چېچى ئاللىقاچان چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولاتتى. ئاياللارنىڭ پۇتلىرىمۇ ئاللىقاچان قويۇۋېتىلىپ، بۇ كەمگىچە يوغىناپ كەتكەن بولاتتى" دەيتتىم ئىچىمدە. كېيىنكى يىللاردا بىرمۇنچە ئىشلاردىن تەپسىلىيرەك خەۋەر تېپىشقا باشلىغىنىمدا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، چېچىنى چۈشۈرۈش، پۇتىنى قويۇۋېتىش ئىلى ئىنقىلابىنىڭ بىر قاتار سىياسىي شوئارلىرىنىڭ پەقەت بىرى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ شوئارلارنىڭ (چاچنى چۈشۈرۈۋېتىش، پۇتنى بوغماي قويۇۋېتىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا ھېچقانداق ئىمكانىيەت بولمىغان. چۈنكى، ئىلى ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئانچە-مۇنچە قۇرۇۋېلىپلا، يەنە داخۇا باشچىلىقىدىكى خانپەرەس ئۈرۈمچى قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ

كەتكەن. مۇشۇ چاغدىلا ئۆزەمنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندە كۆرگەنلىرىمگە قاراپ ئويلىغان ئويلىرىمنىڭ گۆدەك بالىغا خاس ئوي ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

## 2. "گېلاۋخۇيچىلار" ھەرىكىتى

چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆلكىلەردە "گېلاۋخۇي" دېگەن بىر تەشكىلات كەڭ تارالغان. "گېلاۋخۇي" — "ئاكا - ئۇكىلار" ياكى "قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى" مەنىسىدە بولۇپ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە مەخپىي قۇرۇلغان. ئۇقۇشۇمچە، بۇ تەشكىلات زو زۇڭتاڭنىڭ "خۇنەن قوشۇنى" غەربىي شىمالغا، ئاندىن شىنجاڭغا كەلگەندە بىللە كەلگەنىكەن.

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ھەربىيلەر ئىچىگە كەڭ تارالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاددىي چېرىكلەردىن ھەربىي ئەمەلدارلارغىچە قاتناشقان ياكى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. كېيىنچە جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەملەر — قول ھۈنەرۋەنلەر، نامرات سەرگەردانلار، ھەتتا بىكار تەلەپ لۈكچەكلەرمۇ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقان. مەملىكەتنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا بەزى تەرەققىيپەرۋەر ئۇششاق بۇرژۇئازلارمۇ ئۇنىڭغا قاتناشقان ياكى ئۇنى قوللىغان. ئۇلار چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي نىشان، "ئىتتىپاقلىق، ۋىجدانلىق، ھەمكارلىق"نى ئەقىدە، رومان ئوقۇش، ھېكايە سۆزلەشنى ئۆز مەسلىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۇسۇل، خىيانەتچى، زالىم ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشنى كونكرېت پائالىيەت يۆنىلىشى قىلغان.

بۇ تەشكىلات شىنجاڭنىڭ ھەممە چوڭ شەھەرلىرىگە دېگۈدەك تارقالغان. بولۇپمۇ ئىلى بىلەن قەشقەردىكى ھەربىيلەر ئىچىدە بەلگىلىك ئاساسى بولغان.

شىنخەي ئىنقىلابى قوزغالغان يىلى نۇرغۇن گېلاۋخۇيچىلار جەنۇبىي شىنجاڭغا تۆپلەپ بېرىپ، ئەسلىدىكى شېرىكلىرىگە ماسلىشىپ چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تەشۋىق ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەر بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. 1912-يىلى ئۇلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قەشقەر، ئاقسۇ، قارا شەھەر، بۈگۈر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن زالىم، خىيانەتچى-پارىخور ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. زالىم ئەمەلدارلارنىڭ يوقىتىلىشى ھەم گېلاۋخۇيچىلارنىڭ يەرلىك ئاھالىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى يەرلىك خەلق ئاممىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرغاچقا، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر گېلاۋخۇيغا قاتناشقان، ياكى ئۇلار تەشكىللىگەن قوراللىق قوشۇن تەركىبىگە كىرگەن.

يۇقىرىقىدەك ھەرىكەتلەرنىڭ گەۋدىلىكرەكلىرىدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، قەشقەردىكى بېيەن يۇفۇ ۋە ۋېي دېشى قاتارلىق گېلاۋخۇيچىلارنىڭ باشلىقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ دوتەي يۈەن خۇڭيۈنى ۋە ئەسكەر باشلىقى تاڭ دېيەنچېنلەرنى ئۆلتۈرگەن. گېلاۋخۇيچىلار يەنە ئارقا-ئارقىدىن ئاقسۇ دوتەيى چېن جېنيۈەننى، كۇچا ئامبىلى تەن چاڭگونى، قارا شەھەر دوتەيى جاڭ شيەننى ۋە ئارا تۈرۈك ئامبىلىنى ئۆلتۈرگەن.

گېلاۋخۇيچىلار ئۈرۈمچىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەر مىللەت پۇقرالىرىمۇ

پائال قاتناشقان، بولۇپمۇ ئىلى، قەشقەرلەردە يەرلىك مىللەت كىشى-
لىرى ئۇلارنى بەكرەك قوللىغان. (مېنىڭ دادام تاشاخۇننىڭ گېلاۋ-
خۇيغا قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. ھەر ھالدا،
يېقىن مۇناسىۋىتى بولسا كېرەك. گېلاۋخۇيچىلار باستۇرۇلغاندا، ياڭ
زېڭشىن ھۆكۈمىتى دادامنىمۇ تۇتماقچى بولغان. دادام ئالدىن خەۋەر
تېپىپ قېلىپ روسىيىگە قېچىپ كەتكەنىكەن).
ياڭ زېڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇي-
چىلارنى كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇش بىلەن ئۇچۇقتۇرۇۋەتتى (گېلاۋ-
خۇيچىلارنى باستۇرۇش مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بولغانىدى).
بەزى باشلىقلىرىنى ئاۋۋال ئاممىۋى ئاساسىدىن ئاجرىتىۋېتىپ ئاندىن
بىر-بىرلەپ يوقاتتى. مەسىلەن، قەشقەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ
دوتەي يۈەن خۇڭيۈنى ئۆلتۈرگەن گېلاۋخۇيچىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن
بيەن يۇفۇ، ۋېي دېشى، چېن دېگۇڭ قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىدە
ئىشلەيسىلەر دەپ يۆتكەپ كېلىپ بيەن يۇفۇنى گەنسۇغا يالاپ
ئاپىرىۋەتكەن، ۋېي دېشىنى مال-مۈلۈكلەر بىلەن ئىچكىرىگە ئەۋە-
تىۋەتكەن، چېن دېگۇڭمۇ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشقا ئامال قىلالماي
گەنسۇغا كەتكەن. ياڭ زېڭشىن ئۇلار توغرىسىدا گەنسۇ دائىرىلىرىگە
چېقىم يوللاپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن.
گېلاۋخۇيچىلار شۇ شارائىتنىڭ ئۆزىدە بىرقەدەر ئىلغار رولالارنى
ئوينىغان تەشكىلات ئىدى. گەرچە ئۇلار ئالاھىدە زور ئىنقىلابىي
ئىش ئېلىپ بارالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى چىڭ
خاندانلىقىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئومۇمىي خەلق
ھەرىكىتىنىڭ بىر ئۈلۈش كۈچى بولۇش رولىنى ئوينىغان.

## 3. تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى

كىتابىمىنىڭ مۇشۇ بابىدا بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان مەزگىلدە، ئۈچ نەپەر شەخس شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھەممە چوڭ ۋەقەلىرىگە باغلانغانىدى. ئۇلار يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىن، ياڭ زەيشۈي ئىدى. يۈەن داخۇا شىنجاڭدا دۇدۇ (باش مۇپەتتىش) بولغان. ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا دۇجۈن (باش ھەربىي نازارەتچى) بولغان. ياڭ زەنشۈي بولسا ئىلى ئىنقىلابىنى قوزغىغان. شۇڭا ھەممە تارىخ كىتابلىرىدا، مەيلى دەۋر نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتايلۇق، مەيلى مەنسەپ نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتايلۇق، بۇ ئۈچ شەخسنىڭ تىزىلىش تەرتىپى بىرىنچى يۈەن داخۇا، ئىككىنچى ياڭ زېڭشىن، ئۈچىنچى ياڭ زەنشۈي بولاتتى. لېكىن، قىزىق يېرى شۇكى، بۇ شەخسلەر ماڭا ئاڭلانغاندا، ياڭ زەنشۈي بىرىنچى، ياڭ زېڭشىن ئىككىنچى، يۈەن داخۇا ئۈچىنچى بولۇپ ئاڭلاندى، ئەنە شۇ سەۋەبتىن، مەن ئۇلارنىڭ مەنسىپىنى ئۇزۇنغىچە مۇشۇ تەرتىپ بويىچە چۈشىنىپ كەلدىم، ئۆزەمنىڭ بۇ چۈشەنچىسىدە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى كېيىنكى كۈنلەردىلا بىلدىم، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئۈچ شەخسنى ئەمەل دەرىجىسى ۋە ۋاقتى بويىچە تىزغاندا يۈەن داخۇا بىرىنچى ئورۇندا، ياڭ زېڭشىن ئىككىنچى ئورۇندا، ياڭ زەنشۈي ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بۇ ئۈچ شەخس ئۈستىدە مېنىڭ بالا ۋاقتىمدىكى خاتىرەمدە قالغان تەسىراتلىرىمنى سىڭدۈرۈپ كۆرگىنىمدە، سان-ساناقسىز رىۋايەت ۋە

سۆز ـ چۆچەكلەر ئىچىدىكى ئىنتايىن ئازلىرى يۇەن داخۇانىڭ ئىسمى بىلەن چېتىلغان.

ئەسلەپ باقسام، پەقەت قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا رىۋايەت ـ چۆچەك بولغاندا، ئاندىن يۇەن داخۇانىڭ ئىسمى ئاڭلىنىپ قالاتتى. رىۋايەت قىلغۇچىلار هامان ئۆز سۆزىنى مۇنداق باشلايتتى: "ئۇ زامان، يۇەن داخۇا دۇدۇ بولغان زامان ئىدى..."

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋاللىرىنى بىرقۇر چۈشىنىپ چىقىش ئارزۇسى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مېڭەمدە ئايلىنىپ يۈردى. ئاخىر مەن 40 ـ يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭ بىرلەشمە هۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلگە كەلگەندە، ئاندىن خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن بىرقۇر تونۇشۇپ چىقتىم.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدا قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چېكىدىن ئاشقان قانخور زۇلمىغا قارشى قوزغالغان. ئۇ، شۇ مەزگىلدىكى مەملىكەت بويىچە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي هەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمى يەنى، فېئودال هۆكۈمرانلىققا قارشى كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ بىر قىسمى.

قۇمۇلدىكى ۋاڭلىق تۈزۈمى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تىكلەنگەن، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى 1760 ـ يىللاردىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆزلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق ئىھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا جاساقلىق مەمۇرىي تۈزۈم يۈرگۈزگەن. ئۇرۇمچى ئەترا-

پىدىكى دېھقانچىلىق رايوندا ناھىيىلىك مەمۇرىي تۈزۈم يۈرگۈزگەن.
تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بولسا، ھاكىم-بەگلىك مەمۇرىي تۈزۈم
يۈرگۈزگەن. قۇمۇل ھەم دېھقانچىلىق رايون، ھەم تارىم ۋادىسى
بويىغا جايلاشقان جاي بولسىمۇ، لېكىن، بۇ يەردىمۇ جاساقلىق
تۈزۈم يۈرگۈزگەن. جاساقلىق مەمۇرىي تۈزۈمدە يەرلىك ھۆكۈمران-
لارغا تېخىمۇ كۆپرەك فېئوداللىق ئىمتىياز بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن،
بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدىكى يەرلىك فېئوداللارغا ئالا-
ھىدە غەمخورلۇق قىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. چوڭ-كىچىك خوجىلار
يېغىلىقى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئۆزلىرىگە ھەمدەم-
لەشكەن بىرمۇنچە يەرلىك ئۇيغۇر فېئوداللىرىغا ۋاڭ، گۇڭلۇق
پەخرىي ئۇنۋان بەرگەن، مۇنداق پەخرىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر
ئىچىدە قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا، كۇچادىكى
زاھىت، ئۇچتۇرپاندىكى خوجىسلار بار. قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا
بىرىنچى بولۇپ مۇشۇنداق پەخرىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. ئەبەيدۇللا-
دىن باشلانغان بۇ ۋاڭلىق پەخرىي ئۇنۋان تاكى شامەخسۇتقىچە
ئەۋلادتىن ئەۋلاد قېلىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
شامەخسۇت ئوتتۇزدىن ئارتۇق ھارۋىغا نۇرغۇن مال-مۈلۈك ۋە
ھەر خىل قىممەتلىك سوۋغاتلارنى بېسىپ بېيجىڭغا سىشتەيخۇنى
يوقلاشقا بارغان، سىشتەيخۇ شامەخسوتنى ئوبدان قارشى ئېلىپ
كۈتۈۋالغان ھەم ئۇنىڭغا "ھۆرمەتلىك ۋاڭ" دېگەن مەرتىۋىنى
بەرگەن. شامەخسۇت قۇمۇل ۋاڭلىرى ئىچىدە قىلچىدىن قان تامغان
ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەڭ سادىقلىق بىلەن خىزمەت
كۆرسەتكەن زالىم ۋاڭ ئىدى.
شامەخسۇت يەنە قۇمۇلدىكى ئەڭ چوڭ ئېكسپىلاتاتور ئىدى.

قۇمۇل نوپۇسىنىڭ ئون پىرسەنتىگە يەتمەيدىغان شامەخسۇت باشلىق ۋاڭ جەمەتى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 81 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگەللىۋالغان. يالغۇز شامەخسۇتنىڭ ئىگىدارلىقىدىلا 34 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر بولغان. شامەخسۇتنىڭ دېھقانلاردىن ئالغان يەر-سۇ بېجى، باشقا ھەر خىل ئالۋان-ياساقلىرى نۇرغۇن ئامبار-لىرىنى ئاشلىق بىلەن تولدۇرغان. ئۇ يەنە دېھقانلارنى ھەقسىز ئىش-لىتىش، ھاشارغا سېلىش بىلەن قالغان-قاتقىنىنى سىپرىۋالغان. پۈتۈن قۇمۇل دېھقانلىرى ھەر ئايدا ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ئۈچ كۈن ئىشلەپ بېرىشى كېرەك ئىكەن. شامەخسۇت زامانىسىغا كەلگەندە بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئۇزارتىلغان. ئۇندىن باشقا ۋاڭ ئوردى-سىنىڭ يەرلىرىنى تېرىش، بوز يەر ئېچىش، ياغاچ كېسىش، ئېرىق-ئۆستەڭ چېپىش، كۆمۈر كانىدا ئىشلەش... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالۋان-ياساق ئارقىلىق قىلدۇرۇلغان.

شامەخسۇتنىڭ يەنە ئۈرۈمچى، لەنجۇ، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەر-لەردىمۇ ئوردىسى بولغان. ئۇ بېيجىڭدىكى ئوردىسىنىلا 75 مىڭ سەر كۈمۈش خەجلەپ سالدۇرغان.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىلا، ئىچكى ئۆلكىلەردە چىڭ خاندانلىقىغا قارشى ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنىڭ تەسىرى بىلەن قۇمۇل دېھقانلىرىمۇ ۋاڭ ئوردىسىغا قارشى قوزغالغان. 1907-يىلى يازدىكى بۇ ستىخىيىلىك قوزغىلاڭدا، دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم قەتئىي نىيىتىنى ۋاڭغا كۆرسىتىش ئۈچۈن خىش-كېسەك توشۇپ كېلىپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىۋەتكەن.

دېهقانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى، ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلىكى ۋە كۈچ-ھەيۋىسىنىڭ زورلۇقىدىن چۆچۈگەن شامەخسۇت ۋاڭ يان بېرىشكە مەجبۇر بولغان. چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن ئەمەلدارنىڭ سالاچىلىقى بىلەن ئۇ دېهقانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ئىشلەپ بېرىش ۋاقتىنى ئېيىغا يەتتە كۈندىن ئۈچ كۈنگە قىسقارتقان ۋە بۇنىڭدىن يېنىۋالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەم قىلىپ بىر تاش پۈتۈك ئورناتقان. ئەمما، قوزغالغان دېهقانلار تاراپ كېتىشى بىلەنلا شامەخسۇت قەسىمىدىن يېنىپ، "ئىش تېرىغان" دېهقانلارنىڭ باشچىلىرىنى تۇتماقچى بولغان. دېهقانلار قايتىدىن قوزغالغاندا شامەخسۇت ۋاڭ بارىكۆل ئامبىلى يى شېڭفۇغا سوۋغا-سالام يوللاپ، ئۇنىڭ قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ دېهقانلارنى باستۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان. يى شېڭفۇنىڭ چېرىكلىرى دېهقانلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشچىلىرىدىن بولغان تورپاق، دۇگامەت قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا شۇ قېتىمقى ۋەقە "تورپاقلار يېغىلىقى" دەپ ئاتىلىدۇ.

"تورپاقلار يېغىلىقى" باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل دېهقانلىرى ئۈستىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى يەن داخۇا ھاكىمىيىتى ۋە قۇمۇلدىكى ۋاڭ ئوردىسى بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىپ "قۇمۇللۇقلا ھېچ قانداق رىئايە قىلماستىن، گەجگىسىدىن بېسىپ قىمىرلاتماسلىق كېرەك" دېگەن باستۇرۇش تەدبىرىنى يۈرگۈزىدۇ. ئالۋان-ياساق كۆپەيتىلىدۇ، ۋاڭ ئوردىسى ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىش كۈنى يەنە ئۇزارتىلىدۇ. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، دورغىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئالۋان-ياساق كۆپەيتىپ، ھەقسىز ئىشلىتىپ دېهقانلارنى تېخىمۇ خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ۋاڭ ئوردىسى

ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئاياللارىنىمۇ ھەقسىز ئۆي ئىشلىرىغا سالىدۇ، ياش ئايالـلارنى، قىزلارنى ھەتتا نارەسىدە قىزلارنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ، بىرمۇنچىلىرىنىڭ ناكا بولۇپ كېتىشىگە، بىرمۇنچىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. خەلقنىڭ ھەقىقەتەن چىدىغۇچىلىكى قالمايدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلىشى، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە ھەرقايسى جايلاردا زالىم ئەمەلدارلارنىڭ گېلاۋخۇيچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى... قاتارلىق بىر قاتار ھەرىكەتلەر قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ ئېڭىدىكى "خان، ۋاڭ مۇقەددەس" دەيدىغان ئەنئەنىلىك چۈشەنچىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تۆپە-تۆپىلەپ بولۇۋاتقان زۇلۇم ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرۇپ قوزغىلىشقا، يەۋەن داخۋا ھاكىمىيىتى ۋە ۋاڭ ئوردىسىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشكە ئۈندەيدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئەنە شۇنداق شارائىتتا دېھقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار "تورپاقلار يىغىلىقى" ۋاقتىدىكى دېھقانلارنى "ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئىشلەپ بەرمەيمىز، پۇقرا سۈپىتىدە ھۆكۈمەتكە باج ۋە غەللە-پاراق تاپشۇرىمىز" دېگەن شوئارىنى يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دېھقانلارنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە باغلىنىشلىق بۇ شوئار ھايالسىزلا ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوزغىلاڭچىلار سېپىنى ئاۋۇتۇشىغا ھەيدەكچى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ يېتەكچىسى تۆمۈر خەلپە قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ بوغاز يېزىسىدا كەمبەغەل ياغاچچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن (بەزى ئېيتىشلاردا ئۇ 1891-يىلى تۇرپاندا كەمبەغەل مەدىكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھەددىدىن

ئاشقان ئالۋان-ياساق دەستىدىن ئائىلىسىدىكى تۆت جاننى باقالماي،
1893 - يىلى ياز پەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ
يەرلى..كەن. تۆمۈر 15 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۇنى ياغاچچىلىققا
شاگىرتلىققا بەرگەن). ئۇ باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئاز-تولا
ساۋاتلىق بولغان. سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇمۇ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ
هارۋا، ساپان قاتارلىق مەنقۇلاتلىرىنى ياساش ئالۋىنىغا تولا تۇتۇ-
لۇپ زۇلۇمدىن باش كۆتۈرەلمىگەن ۋە ئازابىقا چىدىماي ئۇرۇمچىگە
قېچىپ كېتىپ بىرقانچە يىللارغىچە مۇساپىرچىلىق، سەرگەردانلىق
تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مۇشۇ جەرياندا گېلاۋخۇيچىلارنىڭ
تەشۋىقاتىنى ئاڭلاپ، خانلىق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيىلەردىن ئاز-
تولا خەۋەردار بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىمۇ ۋاڭلىق تۈزۈمگە
قارشى كۆتۈرۈلۈش ئېڭى باش كۆتۈرگەن ۋە ئۆز يۇرتى بوغاز يېزى-
سىغا قايتىپ كەلگەن، كېيىنچە قوراي يېزىسىغا كۆچۈپ بېرىپ خەلق
ئارىسىدا ۋاڭلىق تۈزۈمگە قارشى ئانچە-مۇنچە تەشۋىقات يۈرگۈز-
گەن ۋە تەشكىللەش پائالىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

قوراي قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان
يېزا بولۇپ، يەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ دورغىلىرىغا تەئەل-
لۇق بولغان. دېھقانلار ئاساسەن ئىجارە ئېلىپ يەر تېرىش ھەم
ۋاڭ، دورغىلارنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن.
شۇڭا ئۇلار قەۋەتمۇقەۋەت زۇلۇم دەستىدىن بېلىنىمۇ كۆتۈرەلمەي
قالغان. شۇنداق بولغانلىقتىن تۆمۈر خەلىپىنىڭ ۋاڭلىققا قارشى
تەشۋىقاتىنى تېز قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا شارائىت
يارىتىپ بەرگەن.

ئىلى ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باش

مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ياڭ زەڭشۈي قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى ئۆجۈقتۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولغان ۋە بۇ ئەسكەرلەرنى جايلارغا ئادەم ئالۋىنى چىچىش يولى بىلەن يىغقان. قۇمۇل ۋاڭى دەسلەپ يۈەن داخۇاغا 200 ھاشار ئەۋەتكەن. كېيىن يۈەن داخۇا ياڭ زەڭشۈينىڭ قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ قالغانلىقتىن شامەخسۇت ۋاڭدىن يەنە 500 ھاشار ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان.

شامەخسۇت ۋاڭ ماقۇل بولۇپ ئاۋۋال "سوقۇش راسخوتى" دېگەن باھانە بىلەن ھەر ئائىلىگە 10 سەردىن 40 سەرگىچە كۈمۈش ئالۋىنى چاچقان. يىغىلغان پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى يۈەن داخۇاغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن چېرىك ئالۋىنى سالغان. چېرىك بولىدىغانلارنىڭ ئات-ئۇلاغ، كىيىم-كېچەكى ئۆزىدىن بولىدىغانلىقى، ئادەم چىقىرالمىغانلار 100 سەر كۈمۈش، 50 سەر قەغەز پۇل، ئېگەر-يۈگەنلىك بىر ئات، بىرقۇر كىيىم چىقىرىپ باشقا كىشىنى ياللاپ بېرىشى لازىملىقى ئۇقتۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ، قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىن 200 نەپەر، تاغلىق رايونلاردىن 300 نەپەر، جەمئىي 500 نەپەر چېرىك تەييارلانغان.

زۇلۇم دەستىدىن غەزەپ-نەپرىتى چېكىگە يەتكەن خەلق بۇ قېتىمقى چېرىك ئالۋىنىغا نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتقان پەيتتە، تۆمۈر خەلىپە تەشكىللىگەن قارا بوسۇق، توختى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كىشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رەسمىي ھەرىكەت قىلىشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن قورال-ياراغقا ئىگە بولۇشقا، قورال-ياراغ تېپىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى چېرىك سېپىگە كىرىۋېلىشقا بەل باغلىغان.

1912-يىلى 3-ئايدا شامەخسۇت ۋاڭ 500 چېرىككە ھەجەر باقىبەگ دېگەن ئادەمنى باشلىق قىلىپ ئۈرۈمچىگە يولغا سالدۇ.

ئۇلار تارانچى دېگەن جايغا بارغانـدا تۆمۈر خەلـپە، قارا بوسۇق، توختى سەيپۇڭ قاتارلىق كىشلەر ئاشكارا تەشۋىقات يۈرگـۈزۈپ، ۋاڭ ئۈچۈن، جياڭجۈن ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرگىـلى بارمايـلى، كەيند-مىزگە قايتىپ ئۆز ئەركىنـلىكىـمىز ئۈچـۈن يۈەن داخـۇا بىلەن شا مەخسۇت ۋاڭغا قارشى ئاتلىنايلى، دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. 500 چېرىك ئىچىدىن ئۇنىڭغا 300 كىشى ئاۋاز قوشۇپ قورايغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە چېرىك ئالۋىنىغا، شامەخسۇتقا قارشى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلايدۇ. قۇمۇلـنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرى تۆمۈر خەلپىگە ھېس-داشلىق قىلىپ، ئۇرغۇن كىشلەر جۈملىدىن خوجانىياز ھاجى ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلـدۇ. تېز ئارىـدا تۆمۈر خەلپىـنىڭ قوشۇنى مىڭـدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

شامەخـسۇت ۋاڭ قاتـتىـق چۆچۈپ دەسـلەپ سەدەنـشا ئەزەم، بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن روزى خوجا ۋە خۇيزۇ ئاخۇن ما چاڭلىڭ، ھەسەن بالا ھاجـى قاتارلىقـلارنى دىـنىي يول بىلەن سۈلھ قىلىش ئۈچۈن تۆمۈر خەلپىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. تۆمۈر خەلپە ۋەكىلله‌ر-نىڭ كۆندۈرۈشلىرىنى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. شامەخـسۇت ۋاڭ ئانـدىن نەرسە-كېرەك سۇڭـلاش يولى بىلەن دامـغا چۈشۈرۈشـكە تىرىشىدۇ. ئەمما، "تورپاقلار يېـغىـلىقى"نىڭ ئاچـچىق ساۋاقـلىرىنى ئېسىدىن چىقارمىغان قوزغىلاڭچىلار ھەرقانداق شەكىلدىكى يۇمشىتىش ۋە سۈلھكە كۆنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئالداش بىلەن نەتىجىگە ئېرىشەلـمىگەن شامەخسۇت ۋاڭ قاتـتىق غەزەپلىنىپ: "تاغلىقلار ئۈستىگە چېـرىك چىـقىرىپ كۆلـىنى كۆككە سورۇيمەن، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىمەن، تاغقا باشقا يۇرتـتىن ئادەم يۆتكەپ كېلىپ يېڭىـدىن يۇرت بىـنا قىلىـمەن!" دەپ قەسەم

ئېچىپ، تاغقا كۆپ قېتىم چېرىك چىقىرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ چېرىكلىرى تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىۋېرىدۇ. قاتتىق ئالاقزادە بولغان شامەخسۇت ۋاڭ "تورپاقلار يىغىلىقى"نى قانلىق باستۇرغان قېرى جاللات يى شېڭفۇغا 200 سەر كۈمۈش سوۋغا قىلىپ، ئۇنىڭ باركۆلدىكى چېرىكلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. يى شېڭفۇ 135 چېرىك بىلەن باركۆلدىن يولغا چىقىدۇ. ئۇ تەرجىمانلىققا ئېلىۋالغان ئەشرەپ شاگىيۇ ۋە ئارا تۇرۇك ئامبىلىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان گېلاۋخۇيچى جاڭ زىبىرىنلار بۇ ھەقتە تۆمۈر خەلىپىگە ئالدىن خەۋەر بېرىۋېتىدۇ.

تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوشۇنلىرى كۆشۆتە ئېغىزىغا پۇختا جايلىشىپ يى شېڭفۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ چېرىكلىرى قوزغىلاڭچىلار مۆكۈپ تۇرغان دائىرىگە كىرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ بىر يولىلا تۈگەل يوقىتىدۇ. كېيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ قېچىپ كېتىش ئۈچۈن شۇ ئەتراپتىكى بىر ئۆيگە مۆكۈۋالغان يى شېڭفۇ قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىكى "تورپاقلار يىغىلىقى"دا دادىسى ئۆلتۈرۈلگەن ئۇز خوجا ئەخمەت تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ جاللات ئۇز خوجا ئەخمەتنىڭ دادىسى ئۇز خوجامنىيازنىڭلا ئەمەس، ئۆلتۈرۈلگەن نۇرغۇن "تورپاقچىلار"نىڭ قېنىنى تۆككەن جىنايىتى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ تېخىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ، قۇمۇللۇق دېھقانلارنىڭ تۆمۈر خەلىپىگە ئەگىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، قۇمۇللۇق بولمىغان ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇلاردىن 400 چېرىك ئېلىپ، ئۇلارنى تاشۋېلىق (تاشبالىق) دېگەن جايدا تۆمۈر خەلىپىگە قارشى سوقۇشقا

سالدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ 400 چېرىكمۇ تىرىپىرەن بولۇپ
قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.
دەل شۇ چاغدا ۋەزىيەتنى ياڭ زېڭشىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ
ئېچكىرىگە قايتىش سەپىرىدە قۇمۇلغا چۈشكەن يۈەن داخۇا شامەخ-
سۇت ۋاڭنىڭ تۆمۈر خەلىپە توغرىسىدىكى ئەرزىگە دۇچ كېلىدۇ.
ئۇنى قوغداپ كەلگەنلەر ئىچىدە، قۇمۇلدىن چىقىپ تۆمۈر خەلىپىگە
ئەگەشمەي ئۈرۈمچىگە بېرىۋەرگەن قۇمۇللۇق چېرىكلەردىن 150 ى،
ئەسلىدە ئىلى يېڭى ئارمىيىسىدە تۈەنجاڭ بولغان، كېيىن قوشۇنلى-
رىنى باشلاپ يۈەن داخۇانىڭ ئۆلكە ھاكىمىيىتىگە تەسلىم بولغان
چيەن گۇاڭخەننىڭ 500 چېرىكى بار ئىدى. يۈەن داخۇا شامەخ-
سۇت ۋاڭنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن بۇ چېرىكلەرنى تاغقا چىقىپ
تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.
شامەخسۇت ۋاڭ چيەن گۇاڭخەنگە: "تۆمۈرنىڭ ئىسيانىنى باس-
تۇرۇپ بەرسەڭ ئۆزەڭگە 50، قول ئاستىڭدىكى چېرىك باشلىقلىرىنىڭ
ھەر بىرىگە 10 دىن يامبۇ، چېرىكلىرىڭگە ئۈچ ئايلىقتىن مائاش
بېرىشتىن تاشقىرى يەنە ئۇرغۇن سوۋغات ھەدىيە قىلىمەن..." دەپ
ۋەدە بېرىدۇ.
چيەن گۇاڭخەن تۆمۈر خەلىپىگە قارشى چېرىك تارتىپ تۆرۈك
كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقچۇق سېيىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئەسىرگە ئالغان-
لارنى تىرغ ِاش ئۈچۈن ھارۋا-ھارۋىدا جادۇ توشۇيدۇ. شامەخ-
سۇت ۋاڭ دېھقانلارغا سېلىق چېچىپ چيەن گۇاڭخەننىڭ چېرىكلىرىگە
ئۇن، گۈرۈچ، گۆش، توخۇ، تۇخۇم، ھاراق، تاماكا، ئاتلىرىغا
يەم-خەشەك توشۇتۇپ بېرىپ تۇرىدۇ.
تۆمۈر خەلىپە قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىنى تۆرۈكنىڭ جەنۇبىدىكى

ئېگىزلىكلەرگە جايلاشتۇرىدۇ. قورال كۆتۈرەلمەيدىغان ئەر-ئاياللار
ۋە بالىلارمۇ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ جەڭ مەيدانىغا كېلىدۇ.
دۈشمەننى قورقىتىپ قوزغىلاڭچىلار ساننى كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈن
كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن دوپپا، قالپاق، تۇماقلىرىنىمۇ ئېگىزلىكلەرگە
تىزىۋېتىدۇ. چىيەن گۇاڭخەن قوزغىلاڭچىلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن،
دەپ قورقۇپ باشلاپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي، ئاۋۋال زەمبىرەك
ئېتىپ، ئاندىن مىلتىق ئېتىپ سىناپ باقىدۇ. تۆمۈر خەلپىمۇ ئاسا-
سەن كالتەك-توقماق بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلارنى ھۇجۇمغا
ئۆتۈشكە ئالدىراتمايدۇ. ئۇ توختى سەيپۇڭ، قارا بوسۇق قاتارلىق
قوزغىلاڭچىلارنى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە تۇيدۇرماي ئۆتۈپ
كەينىدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئالدى-كەينىدىن قىسىپ زەربە بېرىلگەن چىيەن گۇاڭخەن 300
دىن ئارتۇق چېرىكىنىڭ جەسىتىنى ۋە يارىدار تېنىنى سايدا قالدۇ-
رۇپ قۇمۇلغا قېچىپ كېتىدۇ. شامەخسۇت ۋاڭ چىيەن گۇاڭخەن
يېڭىلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ ئۆزى ۋەدە قىلغان
پۇل ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە بۇ نەرسىلەرنى
جۇ يۈلۇ دېگەن ئادەمدىن چىيەن گۇاڭخەن چۈشكەن "چىڭخۇاڭمياۋ"
بۇتخانىسىغا ئەۋەتىدۇ. جۇ يۈلۇ بۇ نەرسىلەرنى چىيەن گۇاڭخەنگە
بەرمەي ئۆزى يەۋالىدۇ. چىيەن گۇاڭخەن شامەخسۇت ۋاڭ ۋەدە
قىلغان نەرسىلەرنى بەرمىدى، دەپ غەزەپلىنىپ ۋاڭنى ئۆلتۈرۈۋەت-
مەكچى بولۇپ سوقۇشتا ئۆلگەن چېرىكلىرىغا ماتەم بىلدۈرۈش
سورۇنى دېگەننى باھانە قىلىپ شامەخسۇت ۋاڭنى سورۇنغا تەكلىپ
قىلىدۇ. شامەخسۇت بۇ سورۇنغا كەلگەندە چىيەن گۇاڭخەننىڭ
ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا ئوق ئاتىدۇ، لېكىن شامەخسۇت پوچتىسىنى

(ھارۋىسنى) ئۆزى ھەيدەپ قېچىپ كېتىدۇ.
ئىشتىن كېيىن سىر ئاشكارىلىنىپ، چيەن گۇاڭخەن جۇ يۆلۇنىڭ
بارگاھىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. جۇ يۆلۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چيەن گۇاڭ-
خەنگە ئەۋەتكەن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە سوۋغاتلىرىنى تولۇق تاپشۇرۇپ
بېرىدۇ.

تۆمۈر خەلىپە بۇ قېتىم كاتتا غەلىبە قازىنىپ ئۈچ-تۆت ھارۋا
قورال-ياراغ، ئوق-دورا غەنىيمەت ئالىدۇ. ئۆلگەن، يارىدار بولغان
چېرىكلەرنىڭ قورال، ئوقلىرىنىمۇ يىغىۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ
سانى جىقىيىپ، قوراللىرى خىللىنىپ، جەڭگىۋارلىقى زور دەرىجىدە
ئاشىدۇ. تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قۇمۇلنىڭ 12
تاغ رايونىنى پۈتۈنلەي ئىدارە قىلىشقا باشلايدۇ. شۇ يىلى قىشتا
قوزغىلاڭچىلار تاغدىن چۈشۈپ سومقاغا، ئاستانە، توغۇچى ۋە قارا-
مۇقچى قاتارلىق يېزا-كەنتلەرنىمۇ ئۆز قولىغا ئالىدۇ. چيەن گۇاڭ-
خەننىڭ قالدۇق قوشۇنى ۋە قۇمۇل قوشۇنلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
جياڭ گوشيڭنىڭ يېڭى ئالغان بىرنەچچە يىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تۆمۈر
خەلىپىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك مادارى بولمىغاچ شامەخسۇت
ۋاڭ بىلەن قۇمۇل ئامبىلى بەي ۋېنچاۋ يېڭىدىن ھاكىمىيەت بېشىغا
چىققان ياڭ زېڭشىننىڭ ھەربىي ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشىۋېرىدۇ.

ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا ئەمدىلا ئولتۇرغان بولسىمۇ،
قۇمۇلدىكى مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ئاز-تولا بىلەتتى. ئۇ 1907-يىلى
بېيجىڭدىن كېلىۋېتىپ قۇمۇلغا چۈشكەندە دەل "توزپاقلار يىغىلىقى"
پارتلىغانىدى. ئۇ ھەتتا شامەخسۇت ۋاڭ بىلەن قوزغىلاڭچى دېھقان-
لارنى ياراشتۇرۇپ قويغۇچى بولغانىدى. ئەمدىلىكتە، تۆمۈر خەلىپە-
نىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنى ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلىۋاتقان شا

مەخسۇت ۋاڭغا ئۆزىنىڭ چىن كۆڭلىدىكىنى ئېچىپ ئېيتمىسىمۇ، يەنىلا ياراشتۇرۇپ ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىنىدىغانلىقىنى بېشارەت قىلىپ، "تورپاقلار يېغىلىقى"نى ھەل قىلغاندەك ئاز-تولا يان بېرىشكە ئۈندەيدۇ. تېگىدىن ئېيتقاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ يېڭى ھاكىمىيتىمۇ مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بولغان زىددىيەت تېخى ھەل بولمىغاچقا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھاكىمىيەتنىڭ ئۇنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى گۇمانلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇ ئۆز يېنىدىمۇ ئەسكەرگە موھتاج ئىدى. بار ئەسكەرلىرىنى بولسا ئاشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا قۇمۇلدىكى تاغقا ئەۋەتەلمەيتتى.

شامەخسۇت ۋاڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ئاجىزلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ غەرىزىنى ئۆزىنىڭ غەرىزى بويىچە چۈشىنىپ، يان بېرىپ، كۆندۈرۈپ قولغا كەلتۈرۈشكە قوشۇلمايدۇ ۋە داۋاملىق ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن شامەخسۇت ۋاڭغا يەنىلا يان بېرىپ ھەل قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە، لى شۇفۇ ئاتلىق بىر خۇيزۇ يىڭجاڭنى ئۆز چېرىكلىرى بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ تۆمۈر خەلپىنى بىر ئامال قىلىپ قىلتاققا دەسسىتىشكە بۇيرۇيدۇ.

لى شۇفۇ قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىرنەچچە يەرلىك دىنىي مۆتىۋەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ تاغقا چىقىدۇ ۋە قورايدا تۆمۈر خەلپە بىلەن كۆرۈشىدۇ. لى شۇفۇ ياڭ زېڭشىننىڭ تۆمۈر خەلپىگە يازغان: مەنكى ياڭ زېڭشىن تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇلدىكى ئىسيانى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ناشايان تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقىمەن. ھۆكۈمەت بىگۇناھ پۇقرالارنى

ئاسرايدۇ، ئۇلارغا ئەيىب ئارتمايدۇ، سىزكى تۆمۈر خەلپە باتۇر، چېچەن، دۆلەتكە كېرەكلىك كىشى. مەن سىزنىڭ ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...دېگەن مەزمۇندىكى خېتىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ھەم ياڭ زېڭشىنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇسلىقى، تۆمۈر خەلپىگە يامان نىيىتى يوقلىقى، تاغلىق پۇقرا-لار ۋاڭ ئوردىسىغا بېقىنىشنى خالىماي، قۇمۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە پۇقرا بولۇشنى خالىسىلا ياڭ زېڭشىنىڭ بۇنى تەستىقلايدىغانلىقى، بۇنداق ئىشنى بېيجىڭدىكى يۈەن شىكەي زۇڭتۇڭ ماقۇل كۆرۈشتىن ئىلگىرى تاغلىق دېھقانلار ۋاڭ ئوردىسىغا بېقىنىپ تۇرىدىغان ئىش بولغاندىمۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان-ياساقلىرىنى يەڭگىللىتىپ، سېلىقنى كېمەيتىشكە ھەمدە بۇ قېتىمقى يېغىلىققا قاتناشقانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى... ۋەھاكازالار ئۈستىدە ھە دەپ گەپ سېتىپ، «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم ئىچىدۇ. لى شۇفۇ بىلەن بىللە چىققان دىنىي ئاخۇن، موللىلارمۇ «قۇرئان» تۇتۇپ سالاچىلىق قىلىدۇ.

تۆمۈرخەلپە «قۇرئان» تۇتۇپ ئىچىلگەن تەكرار قەسەملەرگە، موللا، ئاخۇنلارنىڭ سالا-سۆلەلىرىگە ئىشىنىپ لى شۇفۇ بىلەن تۆۋەندىكىچە كېلىشىمگە كېلىدۇ:

1. ۋاڭ ئوردىسىغا ئىشلەپ بەرگەن دېھقانلارغا ۋاڭ ئوردىسى ئىش ھەققى بېرىدۇ.

2. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالۋان-ياساقلىرى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىدۇ.

3. ۋاڭ ئوردىسى بىر قىسىم يەرلىرىنى دېھقانلارنىڭ ئىجارە تۆلەپ تېرىشىغا بېرىدۇ.

4. قوزغىلاڭ جەريانىدا ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن 50 دېھقان قويۇپ بېرىلىدۇ. بارسكۆل ئامبىلى يى شېڭفۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە باشقا ئىشلارنى ھۆكۈمەت سۈرۈشتە قىلمايدۇ.

5. 12 تاغلىق رايوندىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ئوردىسىغا بېقىنمايدۇ.

6. يۇقىرىدىكى ئىشلارنى بېجىرىش ئۈچۈن تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە بېرىپ باش مۇپەتتىش ياڭ زېڭشىن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە باش مۇپەتتىش مەھكىمىسى تەيىنلىگەن ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇ ئالتە ماددىلىق كېلىشىمنىڭ قىلتاق ئىكەنلىكى ئۇزۇنغا قالمايلا ئىسپاتلاندى. بىرىنچى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ باشقىچە يېزىلغان نۇسخىسى ھۆكۈمەت ھۆججىتى قىلىپ بېكىتىلىپ دېھقانلارنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى داۋاملىق قانۇنلاشتۇرۇلدى. پەقەت يەتتە كۈندىن ئىككى كۈنگە قىسقارتىلىدۇ، دەپلا قويۇلدى. ئۇندىن قالسا، تۆمۈر خەلپىنى 130 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ قىمىر قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدى ۋە قوزغىلاڭچى ئاممە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ياڭ زېڭشىن يەنە قومۇلدا تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن لى شۇفۇغا بۇيرۇق بېرىپ ”جېدەلچىلەر“نىڭ ئۆزلىرىنى دېھقانچىلىققا قايتۇرۇپ قورال-ياراغلىرىنى قالدۇرماي يىغىۋېلىشنى تاپشۇردى. شامەخسۇت ۋاڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ قول ئاستىدىكى تاغلىق رايونلارنى يېڭىباشتىن ئىلكىگە ئېلىپ، تۆمۈر خەلپە بېكىتكەن كەنت باشلىقلىرىنىمۇ ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا ئۆز ئادەملىرىنى تەيىنلىدى. كېلىشىمنىڭ ۋاڭ ئوردىسى ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ماددىلىرىنىمۇ شامەخسۇت ئىجرا قىلمىدى.

ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن چېگرىسى تىنچلاندۇرغۇچى ئاتلىق 3-يېڭىنىڭ يېڭىجاڭى قىلىپ تەيىنلەنگەن تۆمۈر خەلىپە قوزغىلاڭنىڭ ھېچقانداق مېۋە بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ياڭ زېڭشىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ تاشلىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئەمما، ئۇ كېچىككەن. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا "ئەسكەر تەربىيىلەيدۇ" دەپ ئەۋەتىلگەن ياڭ زېڭشىنىڭ جاسۇسلىرى ھەمىشە، ئەڭ كىچىك پائالىيەتلەرگىچە كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىن چىقىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن بولمىغان. ئۇ تىت-تىت بولۇپ تۇرپان ئاستانىلىق، 1912-يىلى كۈزدە شۇ يەردىكى دېھقانلارغا باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۆزىگە ھەمدەم بولغان سەپدىشى مۆيدىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرپانغا كېتىش ئامالىنى ئويلاشقان. مەزكۇر مۆيدىنمۇ ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن "نەسىھەت ئارقىلىق ئەيۋەشكە كەلگەن" ۋە ئۇرۇمچىگە كېلىپ يېڭىجاڭ بولغان كىشى بولغاچ، تۆمۈر خەلىپىنىڭ نىيىتى ئۇنىڭغىمۇ تازا ياققان.

تۆمۈر خەلىپە ئاتلارغا يەم-خەشەك تەييارلاش باھانىسى بىلەن ئوت ئورۇش ئۈچۈن ئولانبايغا بارغاچ، بىر قىسىم قورال-ياراغ-لىرىنى ئوت باسقان ھارۋىلارغا يوشۇرۇپ توشۇپ چىقىپ كەتكەن، يەنە بىر قىسىم قورال-ياراغلارنى سىرتتىن مەخپىي سېتىۋالغان. شەھەردىن توشۇپ چىققان ۋە سېتىۋالغان قورال-ياراغلارنى ھەسەن كەكلىك ئىسىملىك بىر سودىگەر تورپانغا يۆتكىگەن.

لېكىن، تۆمۈر خەلىپىنىڭ پىلانىنى ئىچىدىن چىققان خائىن مۇھەممەتقۇل دېگەن بىرسى شامەخسۇت ۋاڭغا ئېيتىپ قويغان. ۋاڭ ئەھۋالنى تېلېگرامما ئارقىلىق ياڭ زېڭشىنغا مەلۇم قىلىشتىن تاشقىرى، قومۇلنىڭ "تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر خەلىپىنى

بالدۇرراق يوق قىلىش"نى ئىلتىماس قىلىپ تەرجىمانى مۇھەممەت نىيازنى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ياڭزېڭشىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن.

تۆمۈر خەلپىنىڭ بىر خەنزۇ دوستى بولۇپ، ئۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئۈرۈمچىدە پەيدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۆلكىلىك مەھكىمىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا تۆمۈر خەلپىگە خەۋەر بەرگەن ۋە ھوشيار بولۇپ يۈرۈشنى جېكىگەن. تۆمۈر خەلپە بۇ خەۋەرگە ئەستايىدىل قارىمىغانمۇ، ياكى ئۆلگۈرەلمەي قالغانمۇ، ئىشقىلىپ 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى مەجلىس بار دەپ چاقىرسا بەخىرامان بېرىپ قولغا چۈشكەن، شۇ كېچىسىلا مۆيدىن بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن. ياڭزېڭشىن ئەتىسىلا تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرىنىڭ ئامبىلىغا ۋە شامەخسۇت ۋاڭغا تېلېگرامما يوللاپ، تۆمۈر خەلپە تەرىپىدىن توشۇپ كېتىلگەن قورال-ياراغلارنى ئىزدەپ تېپىش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن.

تۆمۈر خەلپىنىڭ ئەسكەرلىرىنى يۇرتىغا قايتۇرىمىز، دېگەن نام بىلەن شەھەردىن چىقىرىپ، گۇچېڭ بىلەن مورىنىڭ ئارىلىقىدىكى چوڭتاش دېگەن يەرگە بارغاندا پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان. مۆيدىنىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان.

تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ ھەققىي تۈردە قىساس ئالغان. ئۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق باشچىلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن، ئادەتتىكىلىرىنى يىراق خاڭ ۋە ئېغىر ئىش ئورۇنلىرىغا پالىغان. "ئۇرۇش چىقىمى"نى تولدۇرىمىز دېگەن نام بىلەن خەلقنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئالۋان-ياساق، باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئاغلىق

رايونلاردىكى خەلق ئىخمۇ قاتتىق ئېزىلگەن ۋە جازا خاراكتېرلىك باج تاپشۇرۇشقا قىستالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋاڭ ئوردىسى ئاشۇ بىر يىل ئىچىدىلا 20 نەچچە مىڭ تۇياق قوي يىغىۋالغان.

قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى، داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك قوزغىلىڭى ئەنە شۇنداق مەغلۇپ بولغان.

شىنجاڭنىڭ تارىخى توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب ۋە ماقالىلەر ئومۇمەن ئىلى ئىنقىلابى، "گېلاۋخۇيچىلار" ھەرىكىتى ۋە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلگەن ئۈچ چوڭ ۋەقە دەپ ھېسابلىغان. مەن بۇ ئۈچ چوڭ ۋەقەنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمدە، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كەڭ خەلقچىل تۈس ئالغان ۋە فېئودالىزمغا بىۋاستە ھۇجۇم ياسىغان ھەرىكەت دەپ ھېس قىلدىم. سەۋەب، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي كۈچى مۇنتىزىم ھەربىيلەر ئىدى. گېلاۋخۇيچىلار بولسا، كۆپىنچە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان. ۋەھالەنكى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تامامەن فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ دەستىدىن قوزغالغان، كەڭ ئاممىۋى ئاساس ۋە ھېسداشلىققا ئىگە بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولغان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى غەلىبىسىگە ئەشرەپ شاڭيۇ بىلەن گېلاۋخۇيچى جاڭ زېرىنىڭمۇ ئىسمى قوشۇلغان. جاڭ زېرىن شۇندىن ئىلگىرىلا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ ئامبىلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى بىلەن داڭقى چىققان ئادەم ئىدى. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشقان، ھېسداشلىق قىلغان يالغۇز جاڭ زېرىن بىرلا خەنزۇ ئەمەس. بارىكۆل ئامبىلى يى شېڭفۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن،

بارىكۆلگە جاڭ سۇنرېن دېگەن بىر ئامبال بارغلن. ئەمما، بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ باشلىقى خۇ دېڭكې جاڭ سۇنرېننى ئۆلتۈرۈپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلىغان ۋە ئۇ تۆمۈر خەلپە بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆمۈر خەلپىنىڭ قوشۇنلىرىغا قورال- ياراغ، ئوق- دورا بىلەن ياردەملىشىپ، بىر- بىرىگە ھەمدەم بولۇشۇشقا كېلىشكەن. ياڭ زېڭشىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىنلا "قۇمۇلدىكى چەنتۇلارنىڭ قايتا- قايتا توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدە، بايىزە ئۇلارنى خائىن خەنزۇلار قۇتراتقان ئىكەن- دە!" دەپ چۆچۈپ كەتكەن ۋە قۇمۇلدىكى خەنزۇ چېرىكلەر ئىچىدە "باندىتلار" بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلەرنىڭ بار- يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

1912- يىلى 5- ئايدا قەشقەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەر دوتەيى يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرگەن گېلاۋخۇيچىلاردىن بېيەن يۇفۇ، ۋېي دېشىلار شۇ يىلى 10- ئايلاردا قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىۋاتقاندا، گېلاۋخۇيچىلاردىن بولغان دېڭ شىڭباڭ قاتارلىقلار ئۇلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا كېلىپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭچىلارغا ھەمدەملىشىپ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. بېيەن يۇفۇ بىلەن ۋېي دېشى بۇنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، دېڭ شىڭباڭ قاتارلىقلارنى ئەيىبلىمىگەن ۋە پاش قىلىپ قويمىغان. يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى دائىرە جەھەتتىن قۇمۇل تەۋەسىدىن ھالقىپ شەرقىي شىنجاڭ رايونىنى تۇتاش قاپلىغان قوزغىلاڭغا ئايلانغان. تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ مۆيدىن باشچىلىقىدىكى قوزغىـ

لىگىنىڭ ماسلىشىپ كۆتۈرۈلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداقلا ئۇ، نوقۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ شامەخسۇت ۋاڭىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلىڭىلا بولۇپ قالماستىن، خەنزۇ قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى قوزغالغان بىر قېتىملىق ئىنقىلابىي كۈرىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى جاڭ زېرىن، خۇ دېڭكې، دېڭ شىڭباڭ قاتارلىق خەنزۇ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەمكارلىششى، ياردىمى ۋە ھېسداشلىقىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، شىنجاڭدىكى ئىلى ئىنقىلابى، گېلاۋخۇيچىلار ھەرىكىتى، قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلىڭى كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ھەرىكەت بولۇپ (ئەلۋەتتە باشقا بىرمۇنچە كىچىكرەك ھەرىكەتلەرمۇ بار)، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدىكى غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈردى. ئىچكىرىدە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى قانداق سەۋەبلەر بىلەن چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىلى يۈەن شىكەينىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، شىنجاڭدىكى بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ غەلىبە مېۋىسىمۇ شۇنداق سەۋەب بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئىچكىرىدە بولغان ئىنقىلاب فېئودال خانىنى قوغلىۋەتكىنىدەك، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابمۇ خانپەرەس يۈەن داخۋانى قوغلىۋەتتى. يۈەن داخۋانىڭ چىڭ خاندانلىقىغا سادىق بولۇش خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئىلى ئىنقىلابىنى ۋە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلغىنىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابنىڭ ئاسان بولمىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

ئەگەر يۈەن داخۋانىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى بىر پەردىلىك دىرامىغا ئوخشىتىدىغان بولساق، ئىلىدا قوزغالغان ئىنقىلاب ئۇنىڭ باشلىمى، قۇمۇلدا قوزغالغان ئىنقىلاب ئۇنىڭ يېشىمىگە توغرا كېلىدۇ. يۈەن داخۋانىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەكىتىۋاتقان قىسىملارنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىشى بۇ شەخسنىڭ ئەشەددىي ئەكسىيەتچى، جاھىل خانپەرەس ۋە مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدىغان خەلق دۈشمىنى ئىكەنلىكىدەك ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈەن داخۋانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ جىمى پائالىيەتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىيرەك ئىزدىنىپ بېقىشقا چولام تەگمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىن كەم تېپىلىدىغان بىر سەلبىي پېرسوناژنى كۆرگىلى بولىدۇ:

يۈەن داخۋا 1851 ـ يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسى گۇيياڭ ناھىيىسىنىڭ دايۈەنجۇاڭ يېزىسىدا پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شيۇسەيلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەت تەمىناتىغا ئېلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. لېكىن، ئۇنىڭدا مەنسەپپەرەسلىك، يۇقىرىغا يامىشىش ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ جىلىنگە بېرىپ ئەسكەر بولغان. ئەمما، خېلى يىللار پالاقشىپ يۈرۈپمۇ بىرەر مەنسەپكە ئېرىشەلمىگەن. 1881 ـ يىلى شۇ چاغدىكى چىلىڭ ئوردىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى لى خۇڭجاڭ ۋۇ فامىلىلىك بىر چوڭ ئەمەلدارنى روسىيە بىلەن بولىدىغان بەزى مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ بايەن دېگەن يېرىگە ئەۋەتكەندە، يۈەن داخۋا ئاشۇ ۋۇ ئەمەلدارنىڭ

خىزمىتىدە بولۇپ جىلىن، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلىرىدا ھەربىي رازۋېتكا قىلىش، خەرىتە سىزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككى يىلدىن كېيىن چوڭ ھىنگان تاغلىرى ۋە ئامۇر دەرياسى، موخې دەرياسى بويلىرىدا ئالتۇن كان تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. بۇ ئىشلاردا ھەم خۇشامەت قىلىش، ھەم جان پىدا قىلىپ ئىشلەش بىلەن لى خۇڭجاڭغا يېقىپ قېلىپ، لى خۇڭجاڭ تەرىپىدىن موخې ئالتۇن كانىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەمما، يۈەن داخۇانىڭ ئاددىي خىزمەتچىلىكتىن بىراقلا چوڭ ئەمەلدارلىققا ئۆستۈرۈلۈشى چىڭ خاندانلىقىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغاچقا، ئۇ ئاۋۋال ناھىيە ئامباللىقىنى پۇل خەجلەپ سېتىۋالغان، ئاندىن كېيىن ئالتۇن كانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈلگەن يۈەن داخۇا چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى ۋە لى خۇڭجاڭنىڭ "شاپائىتى"دىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، تېخىمۇ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ لى خۇڭجاڭنىڭ قابىل چاپارمەنلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. كېيىن لى خۇڭجاڭ تېخىمۇ شەپقەت قىلىپ چىڭ خانىغا تونۇشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇ خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، ئىككىنچى دەرىجىلىك مەنسەپدارلىققا ئىگە بولۇپ چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي غالچىسىغا ئايلانغان.

1898 ـ يىلى يۈەن داخۇا لى خۇڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن شەندۇڭ ئۆلكىسىگە بېرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇ يولىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ۋاقتىدا ئاچارچىلىققا ئۇچراپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئون نەچچە مىڭ خەلق ئاممىسىنى باستۇرۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنىمۇ قىرىپ ـ چېپىپ لى خۇڭجاڭغا تېخىمۇ يېقىپ قالغان ۋە ئوردىغىمۇ تونۇلغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئالدىن

كېيىن ئۇنى شۇيجۇ ۋىلايىتىگە دوتەي، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئامانلىق تەپتىشى، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەللە ـ پاراق ئەمەلدارى، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باش ھەربىي ـ مەمۇرىي مۇشاۋىرلىقىغا تەيىنلىگەن.

ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىشى 1911 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنى بىر يىل ئىدارە قىلا ـ قىلمايلا خەلقنى ئېزىش، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە چېكىڭ خانىدانلىقىغا قارشى ئىدىيىدىكى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، بولۇپمۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توسۇش، توسيالمىغاندىن كېيىن قانلىق باستۇرۇش جەھەتتە ئۇچىغا چىققان جاللاتلىق ئەپت ـ بەشىرىسىنى نامايان قىلدى.

مېنىڭچە، يۈەن داخۇا شىنجاڭدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىش ۋە بىر قاتار ۋەقەلەرنى ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىگە بېرىلگەن ئەڭ مۇۋاپىق باھا دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

يۈەن داخۇا شىنجاڭدا ئىككى دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ "بۈيۈك چىڭ ئىمپېرىيىسى"نىڭ چېگرا مەسئۇل ئەمەلدارلىقىدىن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بىردىنلا جوڭخۇا مىنگونىڭ شىنجاڭدىكى باش مۇپەتتىشى بولۇپ، توز پېيى قادالغان يۇمىلاق باش كىيىم ھەم ئۇزۇن كوكۇلىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇقا (ياكى ئۇكە)لىك ئېگىز ھەربىي شەپكە كىيىپ، مۇرىسىگە پۇپۇكلۇك پاگوننى تاقاپ يۈرگەن. ئەگەر كىيىم فورمىسىدا كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىدىيە ھەتتا ھېسسىياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى يۈەن داخۇانىڭ ئۆزى بايان قىلىپ بېرىدىغان بولسا، بۇ چوقۇم ئىنتايىن قىزىقارلىق بولاتتى.

يۈەن داخۇا ئىلى ئىنقىلابى راسا ئەۋج ئېلىۋاتقان، ئۈرۈمچىدە گېلاۋخۇي-چىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا گېلاۋخۇي-چىلار ئەمەلدارلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە كەڭ كۆلەمدە كىرىشكەن بىر ئەھۋالدا شىنجاڭدىكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ سەپەرگە چىققان. بەزىلەر يۈەن داخۇانىڭ بۇ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىغا باغلىغان، بەزىلەر بۇنى ئۇنىڭ رەقىبلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىغا باغلىغان. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ ئاقىۋەت ئۇنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھەقىقەتەنمۇ ئانچە-مۇنچە تراگېدىيىلىك تۈس ئالغان. لېكىن بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە باشقا دائىرىگە ياتىدىغان ئىشلار بولغاچقا، بۇنىڭ ئۈستىدە ئارتۇقچە توختىلىپ يۈرمىدىم.

يۈەن داخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى، يەنى 1912-يىل 6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇز يېقىنلىرىدىن ۋاڭ پېيلەن، چيەن گۇاڭخەن ۋە سەي لۇشيەننى ئېلىپ شەرققە قاراپ يول ئالغان. ئۇ قۇمۇلغا يېتىپ بارغان كۈنلەر تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى بارىكۆلنىڭ چېرىكلىرىنى باشلاپ كەلگەن ئامبال يى شىڭفۇنى ئۆلتۈرۈپ ھۆكۈمەت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، قوزغىلاڭنىڭ داغدۇغىسى راسا ئاشقان ۋاقىت ئىدى. ئېھتىمال يۈەن داخۇا شۇ كۈنلەردە ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىگە تامامەن پىسەنت قىلمىغان، ياكى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قەستەن خەۋەرنى بېسىپ قويىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، يۈەن داخۇا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن قۇمۇلغا يېتىپ بارغاندا ئاندىن خەۋەر تاپقان. يۈەن داخۇا چيەن گۇاڭخەننى قوشۇن باشلاپ تۆمۈر خەلىپە باشلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن. چيەن گۇاڭخەننىڭ ھەربىي

قوشۇنلىرى تاڭغا چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغان. چيەن گۇاڭخەن بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىلىۋەرگەنلىكتىن يۈەن داخۇا بۇنىڭغا ئاھ ئۇرۇپ، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قومۇلدىن يولغا چىقىپ ئىچكىرىگە كەتكەن.

يۈەن داخۇادىن ئىبارەت بۇ درامىنىڭ پەردىسى قومۇلدا چۈشۈرۈلگەنلىكىدىن، مەيلى مەخسۇس قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۈستىدە توختالغان ئەسەرلەردە بولسۇن، مەيلى ھېكايە تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان ئەسەرلەردە بولسۇن، ھەممىسىدە يۈەن داخۇانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئىشى، خۇددى ئىلى ئىنقىلابىنى ۋە گېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇش ئىشىغا ئوخشاشلا ھېيلىگەر تۈلكە، قان ئىچەر بۆرە ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئورۇنلانغاندى.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بىر يېرىم يىل داۋام قىلغان. ئۇ ھەم ئەكسىيەتچى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە، ھەم شامەخسۇت ۋاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە تەڭ قارشى تۇرۇپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دائىرىلىرىگىمۇ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمىغىمۇ قاتتىق زەربە بەردى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىدىكى ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈش نەتىجىسىدە ھالسىراپمۇ قالدى ۋە ئاخىر مەغلۇپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخىدىكى بىر سەھىپە سۈپىتىدە مەڭگۈ ئەسلىنىپ تۇرىدۇ.

# ئۈچىنچى باب
# ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ

ياڭ زېڭشىن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ مېڭزى ناھىيىسىدىكى موبېي يېزىسىدا 1863 - يىلى بيۇروكرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1889 - يىلى بېيجىڭدا دۆلەتلىك كېجۈي ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ جىنشى ئۇنۋانىنى ئېلىپ ئەمەلدار بولغان ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭۋېي ناھىيىسىدە ئامبال، خېجۇ ۋىلايىتىدە ۋالىي، گەنسۇ ھەربىي مەكتىپىدە مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

ئۇ 1907 - يىلى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى باش مۇپەتتىشى ليەن كۈينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭغا چىقىپ، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1908 - يىلى ليەن كۈي ئۇنى ئىقتىدارى بار دەپ گۇاڭشۈيخانغا تونۇشتۇرۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتكەن. ياڭ زېڭشىن بېيجىڭدا گۇاڭشۈيخان بىلەن سىشتەيخۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، مەنسەپ ئالالمىغانلىقتىن، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئاقسۇغا ۋالىي بولغان. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىغان مەزگىلدە ئۇ يۈەن داخۇا تەرىپىدىن باش قانۇن تەپتىشى قوشۇمچە بارىكۆل - ئۈرۈمچى نىڭ ۋالىيسى قىلىپ تەيىنلەنگەن (مېنىڭ يەنە بەزى ماتېرىياللار ۋە گەپ - سۆزلەردىن ئۇقۇشۇمچە، ياڭ زېڭشىن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاقسۇدا تۇرۇپ ئىشلەپ

باقمىغان. ئۇنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمۇ شىنخەي ئىنقىلابى پارتىلىغان 1911-يىلى بولغان. يۇەن داخۇا ئۇنى ئاقسۇغا ئەۋەتمەيلا ئۈرۈمچىدە ئېلىپ قېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ئەمەلدار، قوشۇمچە قانۇن تەپتىشى قىلىپ تەيىنلىگەن).

ياڭ زېڭشىنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا ئۈرۈمچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەشكە تەيىنلىنىشى مەملىكەت مىقياسىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدىمۇ تەسىر پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە.

ئۇ يۇەن داخۇانىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، يۇقىرىدىكى ھىماتىدىن قۇرۇق قېلىپلا قالماي، تۆۋەندە — ئىلىدىمۇ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئالاقزادىلىكتە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشتىن ئۈمىد يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە ياڭ زەنشۈي قىسىملىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى توسۇش باھانىسى بىلەن ئەسكەر ئېلىش تەكلىپىنى بەرگەن. يۇەن داخۇا ماقۇل بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق تۇنجى قوشۇن — بەش يىگىلىق خۇيزۇ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزى باشلىق بولغان. ئۇنىڭ خۇيزۇلاردىنلا قوشۇن يىغىشىدا شىنجاڭنىڭ يەرلىك دىنىي ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتقانلىقى، خەنزۇلار ئىچىدە گېلاۋخۇيچىلارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى رېئاللىقمۇ شۇنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە تۆمۈر خەلىپىنى قىلتاقتا دەسسىتىش ئۈچۈن قۇمۇلغا ئەۋەتكەن لى شۇفۇنىڭ ئەنە شۇ چاغدا تەشكىللەنگەن بەش يىگىلىق خۇيزۇ قوشۇنىنىڭ بىر يىگىنىنىڭ يىگچاڭى

ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتى ئۈچۈن تەشكىللىگەن بۇ خۇيزۇ قوشۇنىنى يۈەن داخۇا ئۈمىد قىلغاندەك ئىلىدىكى ياڭ زەڭشۈي قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلەتمىگەن. يۈەن داخۇا باشقىدىن "چېرىك ئالۋىنى" چېچىپ جايلاردىن ئەسكەر يىغىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئىلى قوشۇنلىرىنى توسىيالمىغان. چۈنكى، ھاشار ئارقىلىق يىغىلغان چېرىكلەر بىلەن جەڭگىۋارلىقى بىرقەدەر ئۈستۈن ئىلى قوشۇنلىرىنى يەڭگىلى بولمايتتى.

يۈەن داخۇا مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا تۇرغان مەزگىلدە كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، ئىلى تەرەپتىن ئۆزگىرىپ قايتىپ كەلگەن سەي يۆشەنىنىڭ يىگى (باتالىئونى) 1912 - يىلى 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىسيان كۆتۈرگەن. گەرچە بۇ ئىسيان ياڭ زېڭشىنىڭ خۇيزۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، يۈەن داخۇا ۋەزىيەتنى ئەمدى ئۆزى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن - دە، شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىگە سادىق چيەن گۇاڭخەنىڭ 500 چېرىكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئىچكىرىگە تىكىۋېتىشنى قارار قىلغان.

يۈەن داخۇا ئەسلىدە ئۆز ئورنىنى ياڭ زېڭشىنغا ئەمەس، قەشقەر دوتيىي يۈەن خۇڭيۇغا بېرىپ قايتىپ كەتمەكچى بولغان. بۇنداق قارارغا كېلىشىدە ياڭ زېڭشىنىڭ خۇيزۇ قوشۇنى تەشكىل قىلىشتىكى نەيرىڭىنى بىلىپ قالغان، ياكى ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ مەزھىپىدە بولمىغانلىقى بىر سەۋەب بولغاندۇر.

لېكىن، يۈەن داخۇانىڭ بۇ پىلانى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ يۈەن خۇڭيۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىغان. يۈەن داخۇا

ئۇچۇن ئەمدى ئۆز ئىزىنى باسىدىغان نامزات قىلىپ ياڭ زېڭشىننى كۆرسەتمەكتىن باشقا چارە قالمىغان.

يۈەن شىكەي ياڭ زېڭشىننىڭ گۇاڭشۈي خان بىلەن سىشتەيخۇ-نىڭ ئالدىدا ئۈمىلەپ يۈرۈپ مەنسەپ تەمە قىلغان تارىخىدىن خەۋىرى بولغاچقا، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەت-تىشى ۋە قوشۇمچە ھەربىي نازارەتچى قىلىپ تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن.

ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان، يۈەن شىكەي "خان"لىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىغاندىمۇ ياڭ زېڭشىن دەرھال ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈ-رۈپ، يۈەن شىكەينىڭ "خۇڭشيەن" يىلنامىسىنى قوللانغان ۋە يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن ھازىرنى ئېچىپ مەدھىيە ئوقۇپ يۈرگەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەنلا قىلغان چوڭ ئىشى شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى يۇمشاق-قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن پارچىلاش، باستۇرۇش بولدى. خۇددى مەن ئالدىنقى ماۋزۇ-لاردا يازغىنىمدەك، ئەڭ ئاۋۋال ئۇ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى ئالداش، مەنسەپ بېرىشكە ۋەدە قىلىش، قىستاش يولى بىلەن پارچىلاپ، كېيىن قانلىق تۈردە باستۇردى. ئاندىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان گېلاۋخۇيچىلارنى ياكى قوشۇ-نىغا تايىنىپ باستۇردى، ياكى باشلىقلىرىنى ھەر خىل چارە-تەدبىر-لەر بىلەن ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ بىر-بىرلەپ يوقاتتى، بەزىلىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگەتتى. تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ

ئىلھامى بىلەن كۆتۈرۈلگەن تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ مۆيدىن باشچىلىقىدىكى قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش چارىسىمۇ ئىلى ئىنقىلابى بىلەن گېلاۋخۇيچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش چارىسىگە ماھىيەتتىن ئوخشاش بولدى. بۇلارغا قوشۇپ ئىشلەتكىنى ئىسلام دىنىي نەيرىڭى ۋە باستۇرۇشتا قوشۇمچە قىلىپ قۇمۇل، لۈكچۈندىكى يەرلىك ۋاڭلارنىڭ قولىنى ئارىيەت ئالغانلىقى بولدى.

ئۇ ئىنقىلابىي كۈچلەرنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاستىرتىن نازارەت قىلىش، مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە سېلىپ قويۇش، "ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش"، يەرلىكلەر ئارقىلىق چەت-ياقىلىقلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىش، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇلار ئارقىلىق ئاۋامنى يۈگەنلەش، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ بىخۇدلۇقتا تىزگىنلەش... قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەكسىيەتچى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ھەربىي ئىشلار نازىرى فەن ياۋنەن تەرەپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر شىنجاڭغا جەمئىي 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

مەيلى قايسى مەنىدىن ئېيتايلى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زالىم ۋە مۇھىم سەلبىي شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر يېزىلغان ھەممە ئەسەرلەردە ياڭ زېڭشىن توغرىسىدا توختالغان بايانلار ۋە ئۇنىڭ توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەنمۇ كېيىنكى يىللاردا ۋاقىت چىقىرىپ بۇ شەخس ئۈستىدە ئاز-تولا تەتقىق يۈرگۈزۈپ باققانىدىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك خۇلاسىگە كەلدىم.

كونكرېتراق ئېيتقاندا ئۇنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ:

ئۇ يۈەن داخۇادىن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشتا خۇيزۇ قوشۇنلىرىنى قۇرۇپ دو چىققانىدى، بۇ دونى سەي يۈشەننىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا رەسمىي تاۋكاغا ئاتتى. ئەگەر بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق تەھلىل قىلىدىغان بولساق، خۇيزۇ قوشۇنلىرى ئارقىلىق كېلاۋخۇيچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرغانلىقى، خۇيزۇ قوشۇنىدىكى لى شۇفۇ يىگىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، يىگجاڭ لى شۇفۇ ئارقىلىق تۆمۈر خەلىپىنى قىلتاققا دەسسەتكەنلىكى ئۇنىڭ ناھايىتى زەھەرلىك پىلانغا ئاساسەن ئىش يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. خۇيزۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى بۇ قوشۇننىڭ جايلاردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرغاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئارىلاشماسلىقىنى، باستۇرۇلغۇچىلارغا بولۇشۇپ بەرمەسلىكىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا قايمۇقتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

ئەمدى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنى باشقۇرۇشتا بولسا، ئۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرىدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنى يۈگەنلىگەن. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم-ستەملىرى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇم. ياڭ زېڭشىن قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت، لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن، كۇچا ۋاڭى مۇھەممەت ئىمىن، قاراشەھەر، قوبۇق ۋە شىخولاردىكى موڭغۇل ۋاڭلىرى بايان مۇڭكو، پالتا، دېبېنچىنئالاش، ئولول-مۇجاپ، قازاق ۋاڭى ئەلەن قاتارلىقلارنىڭ ھوقۇقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىنى بولۇشىغا ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئارقا تېرەك بولۇپ بەردى. خەلق قوزغالغاندا بولسا ئۆزىنى بىلمەس، پۇقراپەرۋەر كۆرسىتىپ تۇرۇپ باستۇ-

رۇشقا ياردەملەشتى. ئۇنىڭ تۆمۈر خەلپىگە يازغان خېتى، بەرگەن ۋەدىسى ۋە كېيىن ئەمەلىيەتتە قىلغانلىرى بۇنىڭ تولۇق ئىسپاتى.

ئۇنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى بىر-بىرىگە سېلىپ قويۇش نەيرىڭىمۇ هۆكۈمرانلىق چارىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى. مەسىلەن، ئالتاي موڭغۇللىرىنىڭ ئورانخاي قەبىلىسىنىڭ سولقانات ئاقساقىلى تەيپىڭ-مۇنى موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە يېڭجاڭ قىلىپ قويۇپ، ئالتاينى قازاقلارلا ئىگىلىۋالىدىغان هالەتتىن ساقلاشنى تاپشۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە قازاقلارنىڭ يايلاق تالىشىش تەلىپىنىمۇ قوللاپ موڭغۇللار بىلەن جېدەلگە سالغان. ۋەقە چىققاندىن كېيىن بولسا يەرلىك ئەمەلدارلار كېلىشتۈرۈپ قويسۇن، دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇ-ۋالغان. مانا بۇ بىرمۇنچە پاكىتلارنىڭ بىرسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئالتاي قازاقلىرىنىڭ ۋاڭى ئەلەن بىلەن مەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەرتىۋە، جەمەت، ئۈستۈن-تۆۋەنلىك تالىشىدىغان زىددىيەتلىرى بارلىقىنى بىلىۋالغان ياڭ زېڭشىن هەر ئىككىسىنىڭ بىر يېڭىدىن ئەسكەر تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇر-ماي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، هەمىشە قارشىلىشىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندۈرگەن. موڭغۇللارنىڭ كونا تۇرغۇت قەبىلىلىرى شىخو ۋە ماناستا — ئىككى جايدا تۇرغان بولۇپ، 1913-يىللىرى ئۇلار بىرلەشمەكچى بولغاندا ياڭ زېڭشىن پالتا ۋاڭنى ياپونىيە ۋە چاررۇسىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ مەركىزىي هۆكۈمەتكە چېقىپ، ئۇنىڭ ئىككى جايدىكى قەبىلىنى بىرلەشتۈرۈشكە كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلغان. دېمەك، ئۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىچكى قارىمۇقارشى هالەتتە جەڭگى-جېدەل قىلىپ تۇتۇشى ئۈچۈن "ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش" هىيلىسىنى ئىشلەتكەن.

يۇقىرىقىلار ياڭ زىڭشىنىنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى. بۇ يەردە پەقەت مىسالغا ئېلىش ئۈچۈنلا بىرەردىن پاكىت كەلتۈرۈپ قويدۇم. ئەمدى ئۇنىڭ ۋاڭ، گوڭلار ئىلكىدە بولمىغان ئۇيغۇرلارنى قانداق يوگەنلىگەنلىكى ۋە "ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇغان"لىقى ئۈستىدىمۇ ئاگىلىغان، كېيىنرەك ئۇچراتقان ماتېرىياللاردا كۆرگەنلىرىم ئۈستىدە سۆزلەپ ئۆتەي.

شۇ يىللاردا قەشقەر مۇھىم ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. قەشقەر، ئاتۇشلاردىن باي سودىگەرلەر كۆپ چىقاتتى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى سودا-سېتىقنى تىزگىنلىمەكچى، ياكى ئۆز تەسىرىنى تاراتماقچى بولاتتى. مۇشۇ ۋەجىدىن پايدا-مەنپەئەت رىقابىتى، شۆھرەت ۋەسۋەسىسى ۋە تەسىر كېڭەيتىش (بازار تالىشىش) نىزالىرى ھەمىشە بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ ئاشكارا توقۇنۇشۇپ قېلىش، يوشۇرۇن قەستلىشىش، ئۆزئارا چېقىمچىلىق، ئورا كولاش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتەتتى. ياڭ زىڭشىن مۇشۇنداق زىتلىقلاردىن نومۇسسىزلارچە پايدىلىنىپ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچاتتى. غۇلجىدىكى ھۈسەنباي بىلەن ياقۇپباينىڭ زىددىيىتىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى سۆزلىسەكلا مەسىلە ناھايىتى روشەن بولىدۇ: ياڭ زىڭشىن ياقۇپباينى پايلاقچى قىلىپ ھۈسەنباينىڭ ھۆكۈمەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ھۈسەنبايغىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ، كەڭ-كۇشادە سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەت بەرگەن. ئىككى باينىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن زىتلىشىشلىرىدا بىردەم ئۇنىڭغا، بىردەم بۇنىڭغا يان بېسىپ ئۆزئارا مۇددەت قارشىلىشىپ

ئۆتۈشكە قۇتراتقان.
ياڭ زېڭشىن باي سودىگەرلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىپ قويۇپ "ئۆز
يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش"تىن باشقا، بۇ ئۇسۇلنى زېمىندار پومېش-
چىكلارغىمۇ قوللىناتتى. پومېشچىكلارنىڭ يەرلەرنى كۆپلەپ ئىگەل-
لىۋېلىش، سۇ مەنبەلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، قوشۇمچە ئالۋان-
ياساق چېچىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى.
ئۇنىڭ پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يۈرگۈزگەن شاڭيۇلۇق تۈزۈ-
مىدە، شاڭيۇلارنى ناھىيە ئامبىلى بەلگىلەيدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ،
ئامباللار پەقەت كىم پارنى كۆپ بەرسە، باجنى جىق ئەكىلىشكە
ھۆددە قىلسا شۇنى بەلگىلەيتتى. يەنى، شاڭيۇلۇقنى چوڭ باي، پومېش-
چىكلار سېتىۋالاتتى. تەبىئىيكى، ئۇلار خەجلىگەن پۇلنى پۇقرالارغا
چېچىپ ئوندۇرۇۋالاتتى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشلارنى بىلەتتى، قايسى
باينىڭ قانچىلىك پۇل خەجلەپ شاڭيۇلۇققا ئېرىشكەنلىكىنى شاڭيۇ-
لۇققا ئېرىشەلمىگەن بايلارنىڭ چېقىمى ئارقىلىق ئۇقۇپ تۇراتتى،
يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ زوروۇر تېپىلغان ھەرقانداق ۋاقىتتا
شاڭيۇلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدىغانلىقىنى
ئۇقتۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن شاڭيۇلار بايلىق توپلاش مەنبەسى بولغان
شاڭيۇلۇقتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىن
ھۆكۈمىتىگە جېنىنى سەپ بەرگۈدەك دەرىجىدە سادىق بولۇپ ئىش-
لىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنى قاقشىتىپ بۇلاپ ـ تالاپ،
ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئامباللارغا يېگۈزۈپ تۇراتتى. ياڭ زېڭشىن
ھاكىمىيتى شاڭيۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى، ھوقۇقىنى، بايلىقىنى
كۆپەيتىپ، قوغداپ، شۇ ئارقىلىق پۇقرالارنى گەجگىسىدىن بېسىپ
قىمىرلاتماي باشقۇرۇپ ئۆتۈشكە شارائىت ياراتقانىدى،

ياڭ زېڭشىن دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى كۈچەيتىپ، دىن ئارقىلىق يۈگەنلەشتىمۇ نۇرغۇن نەيرەڭ-لەرنى ئىشلەتكەن. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇھىم مەركىزى بولغان قەشقەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايىتىگە (شۇ چاغلاردا خوتەنمۇ قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى) يۈنەنلىك خۇيزۇ ما فۇشىڭنى تىتەي قىلىپ ئەۋەتكەن. ماتىتەي قەشقەردە زورلۇق-زومبۇلۇق بىلەن نام چىقارغان، ئۇيغۇرلارنىڭ، خۇيزۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى ئىختىيارىچە دەپسەندە قىلغان ۋە ئۈست-ئۈستىگە خوتۇن ئالغان. ئۆز ئالدىغا جازا چارىلىرىنى ئويلاپ چىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئانچە-مۇنچە گۇناھى ئۈچۈن (مەسىلەن، ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ پۇتىنىڭ پېيىنى قىرقىغان، قولىنىڭ بېغىشىدىن كەسكەن. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن باغ، يەر-زېمىنلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. ياڭ زېڭشىن مۇشۇ ھەقتە چۈشكەن شۇنچە كۆپ ئەرز-شىكايەتلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغان. ماتىتەي ئەنگلىيە ۋە چارروسىيىنىڭ كونسۇل-لىرى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالاقە قىلغانلىقى ھەمدە ياڭ زېڭشىندىن خۇپىيانە بېيجىڭغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىنلا، ياڭ زېڭشىن ئۈچتۇرپاندىكى ما شاۋۋۇنى ئەۋەتىپ ماتىتەي بىلەن ئوغلىنى ئاتتۇرۇۋەتكەن ۋە خۇيزۇ ئىمامى ما شاۋۋۇنى قەشقەرگە دوتەي قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇنىسى خوتۇنپەرەسلىكتە ئاۋۋالقىسىدىن سەل تۈزۈك بولسىمۇ، ئاچكۆزلۈكتە قېلىشمايدىغان بۇلاڭچى بولۇپ چىققان. ئەمما، ياڭ زېڭشىن ئۇ ئارقىلىق يەرلىك چوڭ ئاخۇن، موللىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى "يۈگەنلەش" مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ياڭ زېڭشىن يەنە ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ دوتەي، ناھىيىلەرنىڭ
ئامباللىرىغا يوليورۇق بەرگەن چاغدىمۇ "ئەمەلدارلارنىڭ دىندىن
پايدىلانغىنى تۈزۈك"، "مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كىتابلىرىغا ھۆرمەت
قىلىڭلار"، "قازى، ئاخۇنلىرىنى سەۋەبسىز ئالماشتۇرۇۋەتمەڭلار" دەپ
تاپىلاپ تۇرغان. دىنىي يۇقىرى تەبىقىمۇ پۇقرالارنى "شۈكۈر قىلماق-
لىق" ۋە "ئەمرنى ئىجرا قىلماق ۋاجىپ" روھى بىلەن باستۇرۇپ
"يۈگەنلىشىپ" بەرگەن. قازىلارنىڭ مەھكىمەئى شەرئى ھەددىدىن
ئېشىپ كەتكەندىمۇ، ياڭ زېڭشىن: "مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ
ئۆزىنىڭ قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلغان تۈزۈك" دەپ سۆكۈت
قىلغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ "خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ بىخۇدلۇقتا تىز-
گىنلەش" سىياسىتى ھەممىدىن ۋەھشىي بولۇپ، ئۇ ھوقۇق تۇتقان
17 يىل ئىچىدە ھېچقانچە قۇرۇلۇش قىلمىغان، مەدەنىي مۇئەسسەسە،
ئاخبارات ئورگىنى قۇرمىغان، بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىيا-
تىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش
تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ 17 يىل ئىچىدە قىلغان ئىشى
1916 - يىلنىڭ ئاخىرىدا مايتاغدا قۇرغان چاقپىلەك بىلەن ئايلان-
دۇرۇپ كىرسىن چەككىلەيدىغان بىر دۇكان، 1918 - يىلى تۇرپاندا
قۇرۇلغان 30 ئورچۇقلۇق يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىغا بەرگەن قەرز،
1925 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرغان توقۇمىچىلىق شىركىتىگە بەرگەن
رۇخسەت ۋە شۇ يىلى ئېچىلغان شوپۇرلۇق مەكتىپىدىنلا ئىبارەت
بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش، يەرلىك
مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئېھتىيا-
جىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1920 - يىلى موڭغۇل - قازاق مەكتىپى ئاچقان،

بۇ مەكتەپكە يۇقىرى تەبىقە موڭغۇل، قازاق بايلىرىنىڭ باللىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇچە ئوقۇتۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىگە سادىق موڭغۇل، قازاق ئەمەلدارلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتقان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋىتى ئېھتىياجى ئۈچۈن، 1923- يىلى رۇسچە قانۇن-سىياسىي مەكتىپى ئېچىپ ئەشەددىي كاللا كېسەرلەرنى يېتىشتۈرمەكچى بولغان.

ئەمما، ئۇ بۇلاپ-تالاپ تاپقان مال-مۈلۈك بىلەن ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن قورۇلۇشلارنى ياسىغان ۋە سېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دالىيەن شەھىرىدىكى خېشچياۋ دېگەن يەردە، تيەنجىن شەھىرىدە ھەشەمەتلىك ئۆي-ئىمارىتى بار ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە "تەڭرى ئىبادەتخانىسى" دېگەن بۇتخانا سالدۇرغانىدى. ياڭ زېڭشىن ئىبادەتخانىسىنىڭ تۆرىگە ياغاچ تاختا ئاستۇرۇپ، ئۈستىگە ئۆز قەلىمى بىلەن "تەڭرى" دەپ بېغىشلىما يازغان، ئۇ تەيىنلىگەن يېڭى ئەمەلدارلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ بۇتخانىغا كېلىپ باش ئۇرۇپ، "بۇتخانا" ئۈچۈن "سەدىقە" قوياتتى. ۋەزىپىدىن راسا بېيىپ قايتىپ كەلگەندىمۇ بۇ بۇتخانىغا كېلىپ "سەدىقە" تاپشۇراتتى. بۇ "سەدىقە" دېگەن پۇللار ئاچكۆز، نەپسى تويماس ياڭ زېڭشىننىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. بۇتخانىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

ئۇندىن تاشقىرى ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە ئۆزىگە تەۋە قەبرىستانلىق ياساتقان ۋە بىر مىس ھەيكىلىنى تۇرغۇزماقچى بولغانىدى.

شىنجاڭدەك مۇشۇنچىۋالا يېرى كەڭ رايوندا بارماق بىلەن سانىغىلى بولىغۇدەك بىرنەچچىلا قورۇلۇش ۋە ئازغىنىلا مائارىپ ئورنىدىن باشقا ھېچ نەرسە بىنا قىلىنمىغانلىقىنى، كەڭ ھەر مىللەت

خەلقنىڭ ئۇزاق يىللاپ مەدەنىي، مائارىپ تەربىيىسى كۆرمەي
ياشىغانلىقىنى ھازىرلا ئەمەس، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىمۇ ئەقىلغە سىغدۇ-
رۇش تەس ئىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش
ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغاندا، مائا-
رىپنى راۋاجلاندۇرماسلىقنى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلغان. ئۇ نادانلارنى
باشقۇرۇش ئوڭاي، باستۇرۇش ئوڭاي دەپ قارىغان، خەلقنىڭ
بىرنەرسە بىلىپ قېلىشىدىن قورققان. ھەتتا ئىچكىرىدىكى گېزىت-
ژۇرنالنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەتبۇئات بۇيۇملىرىنىڭ شىنجاڭغا
كىرىشىنى چەكلىگەن. قارىغاندا ئۇ، پۇقرالارنى ساۋاتسىز بولغاندىمۇ،
دۇنيادا گېزىت، كىتاب دەيدىغان نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەي
ئۆتۈپ كەتسۇن، دەپ ئويلىغان.

ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ بىخۇدلۇقىدا تىزگىنلەش
سىياسىتىدىن پەخىرلىنىپ، تېخى بۇنى چوڭ تۆھپىسى قىلىۋالغان.
بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ئۆز ئىشخانىسىنىڭ زالىغا يېزىپ
چاپلىغان بىر شېئىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. شېئىرنىڭ شىسەي تەختىگە چىقىپ
ئازلا ۋاقىتتىمۇ يەنىلا ئېسىلىق تۇرغان بۇ نەزمىدە ئۇ شۇنداق
دېگەن:

جۇمھۇرىيەت تۇنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك،
جۇڭيۈەندىكى غوۋغاغا پەرۋا قىلىش نەكېرەك؛①
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئېرەم ھۆسنىدەك.

① جۇڭيۈەن — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، يەنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى
دېمەكچى. ياڭ زېڭشىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مىلىتارىستلار
يېغىلىقىغا ئارىلاشمىدىم، دەپ تەمەننا قويماقچى. — ئاپتور ئىزاھى.

مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەنت قىلساق،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

مۇشۇنىڭدىنلا ياڭ زېڭشىنىنىڭ ئىدىيە ماھىيىتىنى، نىشانىنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نېمە ئۈچۈن "جەننەتتەك" شىنجاڭدا خەلقنى "نادان"، "بىخۇد"لۇقتا تۇتۇپ تۇرۇش نەيرىڭىنى ئىزچىل يولغا قويغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇشۇ ماۋزۇ ئاستىدا سۆزلەۋېتىپ، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى مەكتەپ مائارىپى توغرىسىدا يەنە بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتكۈم كەلدى. ئۇ بولسىمۇ "شۆتاڭ"دا مەجبۇرىي ئوقۇتۇش ۋە بۇنىڭ ئەل ئارىسىدىكى تەسىرى مەسىلىسى ئىدى. مەن كىچىك چاغدا "شۆتاڭ" دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلاپ قالاتتىم. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىرەر تەرجىماننىڭ ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈپ، ئۇيغۇرچە تەڭدىشىنى ئاتىمىغىنى ھېلىمۇ قىزىق تۇيۇلىدۇ. "شۆتاڭ"نى ئۇيغۇرچە نېمە دەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىگەنلىكتىن، بۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىنتايىن مۈجمەل، ئاز-تولا ۋەھىمە ئارىلاشقان ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، "شۆتاڭ"غا ئۇيغۇر بالىلىرىنى زورمۇزور، مەجبۇرلاپ تۇتۇپ كېتەتتى. بەزى بايلار ئۆز بالىلىرىنى "شۆتاڭ"دىن قاچۇرۇپ، نامرات بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا پۇل بېرىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەپ ماڭدۇراتتى. خېلى چوڭ بولۇپ ئۇقسام، "شۆتاڭ" دېگىنى "مەكتەپ" دېگەن گەپ ئىكەن. ياڭ زېڭشىن ئۇ مەكتەپلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىك مىللەتلەرنى "يۈگەنلەش"كە پايدىلىق بولغان كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، باي، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ بالىلىرىنى قوبۇل قىلىش مەقسىتىدە ئاچقان ئىكەن. ئۇنىڭ خەلقنى "نادان تۇتۇپ

بىخۇدلۇقىدا تىزگىنلەش" تەدبىرى تۇپەيلىدىن "شۆتاڭ"غا بىرىش ئالۋان تۇسنى ئېلىپ، كەمبەغەللەر تۇگۇل، ئۇ تاياندماقچى بولغان بايلارمۇ "شۆتاڭ"دىن قاچىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا ئۇ ئومۇم-لىشىش تۇگۇل، ھەممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدى-لىكى، پۇل پاخاللىقى، پۇل كۇرسى تۇراقسىزلىقىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئىدى. شۇ مەزگىللەردە بىز ياڭ زېڭشىن تارقاتقان بىر خىل قەغەز پۇلنى خەجلەيتتۇق. بۇ پۇلنىڭ ئىسكەتى يادىمدا قالماپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغلاردا بازاردا نەق خەجلىنىدىغان پۇلنىڭ بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ پۇل توغرىسىدا خەقلەرنىڭ دەرد ـ شىكايەتلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. خەلقنىڭ ئەڭ قاتتىق بىزار بولىدىغىنى، بۇ پۇلنىڭ كۇرسى مۇقىم ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ قولىدا پۇل بولۇشتىن كۆرە، كۆچمەس مۈلۈك — يەر، ئاشلىق ۋە ئۇلاغ بولۇشنى بەكرەك ئارزۇ قىلاتتى.

پۇل توغرىسىدا گەپ بولغاندا بالىلىق ۋاقتىمدا ئاڭلىغان بىر ئىش ھېلىغىچە ئېسىمدە قاپتۇ: ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئۇنىڭ تارقاتقان پۇلى ئىشەنچىسىز بولغاچقا، چارروسىيىنىڭ پۇلى ناھايىتى ئەتىۋار سانالغان. روسىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر ئاچقان دۇكانلاردىمۇ پەقەت روسىيە پۇلىغىلا مال سېتىلغان. نۇرغۇن يەرلىك سودىگەرلەرمۇ بازارنى قاچۇرماسلىق ئۈچۈن روسىيە پۇلىغا مال ساتىدىغان بولغان. شۇ چاغلاردا غۇلجىدىكى ئۇيغۇر سودىگەر ياقۇپبايلا ئۆز تەۋەسىدىكى دۇكانلاردا جۇڭگونىڭ جۇملە-

دىن ياڭ زېڭشىن تارقاتقان شىنجاڭنىڭ يەرلىك پۇلىغا مال سېتىشنى يولغا قويغان. بۇ ئىشنى دادام پات-پات سۆزلەپ قوياتتى. مەن گەرچە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگى-پېيىنى چۈشەنمىسەممۇ، ياقۇپبايىنىڭ كۇرسى مۇقىم ئەمەس دەپ قورقماي يەرلىك پۇلغا مال ساتقانلىقىنى، ناھايىتى باتۇرلۇق ۋە بۇ، ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

كېيىن، ياڭ زېڭشىن دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن بىلسەم، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى پۇل پاخاللىقى، گويا ساقايماس ئىچ ئۆتكۈ كېسىلىگە ئوخشاش، ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقىتتىن تارتىپ تا ئۇ ئۆلگۈچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنىكەن. ياڭ زېڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغۇش، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى چەكلەش، ئىگىلىكنى بىر ياكى بىرنەچچە تار ئىزغا سېلىپ قويۇش... قاتارلىق تەتۈر يول بىلەن ھەل قىلماقچى بولغان. ھەل قىلالمىغاندىن كېيىن، قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىش يولى بىلەن ۋاستىلىك ئېكسپلاتاتسىيىنى كۈچەيتكەن. باج ئېلىشتا ساختىلىق بىلەن كۆپەيتىپ ئالغان. بۇنىڭ بىلەن خەلق تېخىمۇ خانىۋەيران بولغان، بازار بېسىمدارلىرى، تاۋار بېسىمدارلىرى كۆپلەپ پايدا ئالغان. ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەت قىلمايدىغىنى، پارا ئالمايدىغىنى قالمىغان، يۇقىرىمۇ باج ئالىدىغان، تۆۋەنمۇ باج ئالىدىغان قاتمۇقات ئېكسپلاتاتسىيە تورى شىنجاڭنى بارغانسېرى تىنالمايدىغان دەرىجىگە ئاپىرىپ قويغان.

ياڭ زېڭشىن خەلقنى بۇلاپ-تالاشتا باجنى كۆتۈرە بېرىش

دەيدىغان ئاجايىپ نەيرەڭنى ئويلاپ چىقارغان ۋە يولغا قويغان.
يەنى، ئۇ مەلۇم رايوننىڭ بېجىنى بىر- ئىككى بايغا كۆتۈرە بېرىش
نامى بىلەن ساتقان. بايلار كۆرسىتىلگەن ئۆلچەمدىكى باج پۇلىنى
ئۆز يېنىدىن بىر- ئىككى قېتىمدىلا ھۆكۈمەتكە تۆلىۋېتىپ، ئاندىن
تولۇق ھوقۇق بىلەن خەلقتىن باج يىغقان. شۇنداق بولغانلىقتىن،
بۇ باجنىڭ نېمىگە تۆلىنىدىغانلىقى، قانچىلىك تۆلىنىدىغانلىقى، قاچان
تۆلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق قائىدە، پرىنسىپ، ئۆلچەم
بولمىغان. مەسىلەن، بىر دېھقان ئۆزى توقۇغان تاغارنى بازارغا
ئەكىرىپ ساتسا، ئۇنىڭغا بىر قېتىم باج تۆلىگەن. ئۇ پۇلىغا
بىرنەرسە ئالسا يەنە بىر قېتىم باج تۆلىگەن. بەزى چاغلاردا
باجگىرلار "باج تەكشۈرۈش"نى باھانە قىلىپ، تۆھمەت چاپلاپ
جەرىمانە قويۇپ، تۆپىلەپ باج ئالغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھېلىقى
دېھقان تاغار ساتقان. پۇلى بىلەن باجغا قەرزدار بولۇپ يېنىدىن پۇل
تۆلەيدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. بايلار بولسا پارا بېرىش يولى
بىلەن ياكى باج تۆلىمىگەن، ياكى ناھايىتى ئاز تۆلىگەن. باجنى
كۆتۈرە ئالغان بايلارنىڭ ئۆزى بولسا ھەممىدىن كۆپ باج تۆلىشى
كېرەك بولغان بايلار، سودىگەرلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باجسىز سودا
بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. شۇڭا ئۇلار ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە
تايىنىپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلىش ھېسابىغا ناھايىتى تېز بېيىپ
كەتكەن. قەشقەردىكى ئۆمەر باي، ئىبراھىم باي دېگەنلەر ناھايىتى
چوڭ سودىگەر بايلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېيىش مەنبەسى ئاساسەن
باجنى كۆتۈرە ئېلىش بولغان.

ياڭ زېڭشىن كۆرۈنۈشتە ئەپيۇننى چەكلىگەندەك تۇرغىنى بىلەن،
ئەپيۇنچىلىككە كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن. ئەپيۇن سودىسى، ئەپيۇن

چىكىش، ئەپيۇن بىلەن زەھەرلىنىش شىنجاڭدا كەڭ تارالغانىدى. ياڭ زېڭشىن ئەپيۇنكەش ئامبال ۋە ئەمەلدارلىرىنى "سوۋغا" بەرگەنلىكى ئۈچۈن كۆرمەسكە سالاتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ "سوۋغا"لارنىڭ ئەپيۇن سودىسىدىن كەلگەن پايدىدىن چىققان "زىغزىق" ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى، دوكلات، نۇتۇق - سۆزلىرى، سۆھبەتلىرىدىن تەييارلانغان «سەھۋەنلىكتىن خاتىرىلەر» ماۋزۇلۇق ئەسىرى بار ئىكەن. مەن ئۇنى تەتقىق قىلىشقا، يېزىق جەھەتتىكى ۋە ۋاقىت تەرەپلەردىكى شارائىتىمنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىن كىرىشەلمىدىم. ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ ئەسەر ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىي ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنى چۈشىنىشتە ھەم ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلىشتە مۇھىم ماتېرىيال دېيىشىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ۋە ياڭ زېڭشىننى تەتقىق قىلىشقا قىزىققۇچىلارنىڭ شۇنىڭدىنمۇ پايدىلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

# ئۈچىنچى قىسىم

# زۇلۇم زىندانلىرىدا تەمتىرەش

# بىرىنچى باب

## 20-يىللاردىكى شىنجاڭ

بىز ئالدىنقى بابتا ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ 17 يىللىق پۈتكۈل جەريانىنى مۇنداقلا بىر بايان قىلىپ ئۆتۈپ كەتكىنىمىزدە، ئۇ ئۆلتۈرۈلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈ شۇ پېتى داۋاملاشمايدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىپ ئۆتكەنىدۇق. چۈنكى، زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقنىڭ ئەدەيدىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆلۈمىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەربىي ئەمەلدار فەن ياۋنەننىڭ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ خەلقنىڭ كۆتۈرۈلۈش ئالدىدىكى قايناپ تۇرغان غەزەپ قىيانىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىچكى زىددىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ھاياتىغا خاتىمە بېرىش بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىگە خاتىمە بېرىش — بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىدى. ئاۋۋالقىسى 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئورۇنلاندى. كېيىنكىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بولسا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە شارائىت كېرەك ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ نادانلىق، قالاقلىق قاپلاپ كەتكەن شىنجاڭ بولۇپ، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى چىرىك، مالىيە كىرىمى قۇرۇق، ھەربىي قوشۇنى بىر توپ بۇلاڭچى، ئىگىلىكى

ۋەيران، ھۆنەر-كەسپى كاسات، خەلق ئاممىسى ئېغىر زۇلۇم ئاسارىتىدە ئىدى.

لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي شىنجاڭ ئەتراپىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرمۇ بولغانىدى. شىنجاڭ بىلەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېگرىلىنىدىغان روسىيەدە لېنىن باشچىلىقىدىكى روسىيە پرولېتارىياتى قوزغاپ غەلىبە قازانغان ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن 1919-يىلى جۇڭگودا "4-ماي" ھەرىكىتى قوزغىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى بۇرژۇئا يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىپ كەتتى.

1921-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو تارىخىدا يېڭى پارلاق دەۋر باشلاندى، جۇڭگو پرولېتارىياتى باشلامچى بولغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب يېپ-يېڭى تۈسكە كىردى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن پۈتكۈل كونا دۇنيانىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن پۈتكۈل كونا جۇڭگونىڭ ئۇلىغا دەز كېتىشكە باشلىدى.

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىمۇ مۇناسىپ يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئەھۋاللارنى پەيدا قىلماي قالمىدى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى "مەڭگۈ ھاماقەت-ساددا، قەدىمكى پۇقرا" ياشايدىغان ماكان قىلىشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەر شارىنىڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭ بەرىبىر دەۋر دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە يولۇقماي قالمىدى. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ دىمىقتا

قەپـەزگە ھەممـەدىن ئاۋۋال گۇرۇلـدەپ ئۇرغان لەرزان ساپ ھاۋا يېڭى مەرىپەتنى ئومۇمـلاشتۇرۇشـنى بەلگە قىلـغان "جەدىتچىلـىك" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ئىككىنچى باب
# شىنجاڭدا "جەدىتچىلىك"

"جەدىت" ئەسلىدە "جەدىد — يېڭى" دېگەن سۆز بولۇپ، جەدىدىزم — جەدىتچىلىك "يېڭىچىلىق"، "ئىسلاھاتچىلىق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

"جەدىتچىلىك" ھەممىدىن بۇرۇن روسىيىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا باشلانغان. تاتارلارنىڭ ئىسلام مۇھىتىدا ياشىغۇچى زىيالىيلىرى ئىچىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەر ياۋروپا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تېزلىكنى تەتقىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىسلام دۇنياسىدا ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان. "جەدىتچىلەر"نىڭ داھىيسى تاتار مىللىتىدىن بولغان مۇسا جارۇللا دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەشر ئەپكارى «شورا» ناملىق ژۇرنال ئىدى.

"جەدىتچىلىك" ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇمۇ ئۆز تارىخىدا ۋۇجۇدقا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، بۇرۇلۇش ياساش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، بىز بۇ يەردە "جەدىتچىلىك"نىڭ پۈتكۈل تارىخىنى ئەمەس، ئۇنىڭ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن دەۋرى ئۈستىدىلا توختىلىمىز. بۇ دەۋردە ئۇ تەرەققىي

قىلىش باسقۇچىدا تۇراتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (جۇڭگودىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكى ۋە ئۇ ئەمدىلا قوزغالغان ۋاقىتلاردا) قەشقەردىكى بىر بۆلۈك تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئارىسىدا پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىش خاھىشى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇشۇ تەشەببۇسنىڭ رىغبىتى بىلەن ھۈسەنباي، باۋۇدۇن باي، تاشاخۇن (دادام)لار مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ تۈركىيەدىن مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كېلىدۇ. ئاۋۋال ئۇلار ئۈستۈنئاتۇشتا ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە ياشنى، ئاساسەن ئۆز بالىلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە ئەۋەتىدۇ.

ئۈستۈنئاتۇشتا ئېچىلغان مەكتەپكە ئاستىن-ئۈستۈن ئىككى ئاتۇشتىكى ئاز-تولا خەت ساۋاتى بار بالىلاردىن بىر قىسمىنى يىغىپ دەرس باشلايدۇ. مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، مەكتەپنىڭ ئۈسكۈنە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، ياتاق، دەرسلىك... قاتارلىقلارغا كېتىدىغان خىراجىتىنى يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان كىشىلەر يىغىش قىلىپ تەمىنلەيدۇ. مەكتەپتە تىل، ئەدەبىيات، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق يېڭىچە دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا تەنتەربىيە دەرسىدە پۇتتوپ (پۇتبول)، گىمناستىكا، ھەربىيچە مەشىق ھەرىكەتلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ ئۆتۈلىدۇ (ئۈستۈنئاتۇشتا كېيىنكى يىللاردىن ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاممىۋى پۇتتوپچىلىق شۇ ۋاقىتتىن باشلانغان بولسا كېرەك).

مېنىڭ كېيىن بىلىشىمچە، تۈركىيەدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەكتىپى ئېچىش ئىككى قېتىم بولغان.

بىرىنچى قىتىملىقى 1880 ـ يىللىرى، يەنە بىر قىتىملىقى 1910 ـ يىلى ئېچىلغان. بۇ ئىككى قىتىملىق مەكتەپ ئارىلىقىدا نىمىشقا شۇنچىلىك ئۇزاق ئارىلىق ساقلانغانلىقىدىكى سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك گەپ ـ سۆز ئاڭلىمىدىم. ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى رول ئوينىغان، دېگەن گەپلەر توغرىدۇ، بەلكىم. ئىككى قىتىملىق مەكتەپنىڭ كېيىنكى قېتىمدىكىسىنىڭ تەسىرى مۇ كەڭ، چوڭقۇر بولغان. كېيىن قېتىم ئېچىلغان مەكتەپ مەن ياشىغان ۋاقىتتا يېقىن بولغانلىقتىن، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىممۇ كېيىنكىسى ئۈستىدە ئىدى.

مەكتەپ ئاممىنىڭ، بولۇپمۇ ئىلغار ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، تەسىرى كەڭ تارالغان. مەكتەپتە ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىلغا يېقىن داۋام قىلغان، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلار ئىككى ئاتۇشقا تارقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىدا كۆپلىگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېچىلغان. ئاشۇنداق مەكتەپلەردىن بىرى بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ئېچىلغانىكەن. ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە ئوقۇغان ئاكام نەجمىدىن ۋە يەنە بىر ـ ئىككى ئادەم بۇ مەكتەپكە مۇئەللىملىك قىپتىكەن.

بۇ مائارىپچىلىق ھەرىكىتى چاپسان تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن يېڭى بىخلار كۆرۈنۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن يېپىلىپ كەتكەن. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر بۇ يېڭىچىلىققا قارشى تۇرغان. قارشىلارنىڭ بىر قىسمى روھانىيلار — قازى، ئەلەم، مۇپتى، مۇدەررىس، ئىشانلار تەبىقىسى بولغان. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە يېڭى مەكتەپ دىنغا قارشى "كالتە قۇيرۇقلار"نى تەييارلايدىكەن. پەن ـ

دىنىغا قارشى، پەن ئوقۇتۇلسا دىن يوقىتىلىدۇ، يېڭى بىلىمنى ئوقۇماسلىق كېرەك، خەلق ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئوقۇسىلا بولىدى، دەيدىكەن. روھانىيلارنىڭ بۇ قارشىلىقى تەبىئىي يوسۇندا يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ — باي، بەگ، پومېشچىكلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئەمدى بىخ سۈرۈپ چىققان بۇ ماتارىپچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى چۇقان كۆتۈرۈلگەن. قارشىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ھەم دىنىي جەھەتتىن ھەم بايلىق، تەرەپبازلىق جەھەتتىن ئەكسىيەتچى بولغان بىر قىسىم بايلار بوپتىكەن. بۇلارنىڭ باشلىقى ئۆمەرباي، ئاخۇنبايوۋ دېگەن قەشقەردە يامانلىق بىلەن داڭقى چىققان ئىككى چوڭ باي ئىكەن. يەنە بىر ياقتىن ئۇلارنىڭ موسابايوۋلار بىلەن ھەم باشقا ئىلغار كىشىلەر بىلەن ئىقتىسادىي زىددىيىتى، نام تالىشىش تەرەپبازلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئىلغارلارنىڭ ماتارىپچىلىق ھەرىكىتىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىغا زەربە بەرمەكچى بولغان.

يۇقىرىقى زىددىيەتلەر بارغانچە كەسكىنلەشكەن. بىر قىسىم ئىلغار دىنىي زاتلار ۋە ياش تالىپلار يېڭى ماتارىپچىلىقنى قوللىغان. ئەكسىيەتچىلەر ئىلغار كۈچلەرگە تاقابىل كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىگە تايانغان. ئۇلار قەشقەردىكى شەڭگەن، دوتەيلەرگە ھەر خىل ئۇيدۇرما ئەرز-شىكايەتلەرنى قىلغاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىگە — ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلغان. ئۇلار "قەشقەردە بىر قىسىم ئادەملەر چەتتىن ئادەم ئەكىلىپ يېڭى مەكتەپ ئاچتۇق دېگەن باھانە بىلەن ئادەم يىغىپ ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ" دەپ چېقىمچىلىق قىلغان. قەشقەردىكى دوتەي بولسا، ئۆمەربايلارنىڭ ھەم يۆلىكى ھەم قول چومىقى

ئىدى. ئۆمەرباي بولسا ھۆكۈمەتنىڭ بىر دۇمباقچىسى ئىدى، ئۇلار ئەكسىيەتچىلىكتە ئورتاق تىلغا ئىگە ئىدى.

1912 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. بۇ گۇرۇپپا تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى "ھۆكۈمەتكە قارشى كۆتۈرۈلۈشنىڭ تەييارلىق ھەرىكىتى ئىكەن" دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ ۋە ئۆمەر بايلارنىڭ، دوتەينىڭ ئىغۋالىرىنى تەستىقلايدۇ. كېيىن ھۆكۈمەت بۇ مەكتەپلەرنى دەرھال يېپىشقا ۋە تۈركىيىدىن كەلگەن مۇئەللىمنى دەرھال قايتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن گۇرۇپپا بىزنىڭ ھويلا ئالدىدىكى مەكتەپنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، "ھۆكۈمەتكە قارشى مەكتەپ، يېپىش كېرەك!" دەپتۇ. گۇرۇپپا ئىچىدىكى بىرسى (ئىلغارراق ئادەم بولسا كېرەك) دادام بىلەن ئايرىم سۆزلەشكەندە "مەكتەپىڭلار چېقىمچىلار دېگەندەك ئەمەس ئىكەن، بۇ ئوبدان ئىشكەن، بىراق ياپماي بولمايدۇ" دېگەنىمىش. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا چوڭ قىزغىنلىق بىلەن باشلانغان بۇ يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ چىققاندا، ئىچكى ئەكسىيەتچىلەر ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ بىرلىشىپ قارشىلىق قىلىشى بىلەن يوقالغان.

بۇ مائارىپچىلىق ھەرىكىتى توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر قالدۇرغان:

بىرىنچىدىن، كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ياشلارغا ئوقۇپ كۆزنى ئېچىش كېرەك ئىكەن، ئۇخلاۋەرسەڭ ئېزىلىۋېرىسەن، دېگەن چۈشەنچىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان خاھىش ۋە مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىدىيە بارغانچە

تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈپ بارغان. ئاشۇ يېڭى مەكتەپلەرگە مۇئەللىم بولغان ئادەملەر ۋە باشقا ئىلغار كىشىلەر ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بالا ئوقۇتۇش ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلامچىلىقى بىلەن كېيىن چۆچەكتە، غۇلجىدا، تۇرپاندا مەخسۇس يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلغان.

ئىككىنچىدىن، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ چېگرىسى ئايرىلغان. ئىلغار ھەرىكەت، مائارىپچىلىق يولىغا قويۇلىدىغان بولسا، چوقۇم ئەكسىيەتچىلەر قارشى تۇرىدىكەن، يېڭىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كونىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك ئىكەن، دېگەن خۇلاسە كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن. دېمەك "كالتە قۇيرۇق"لار بىلەن "ئۇزۇن قۇيرۇق"لارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت ئاشكارىلانغان. بۇ زىددىيەتتە بايلار، روھانىيلار ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسىمۇ ئىلغارلىق تۈگەپ كەتمەي، بەلكى تەرەققىي قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ يېڭى مائارىپچىلىققا ۋە ھەرقانداق يېڭىچىلىققا قارشى كۈچ ئىكەنلىكى، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك يۆلىكى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. يېڭىلىق ئۈچۈن كونىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ يۆلەنچىكى بولغان، قولىدا قورالى بار ھۆكۈمرانلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك دېگەن ھەقىقەت خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچقان. دېمەك، بۇ قېتىمقى مائارىپچىلىق، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى تامامەن يېڭىلمىدى، مەكتەپلەر يېپىلدى، لېكىن يېڭىچىلىق ئىدىيىسى داۋاملىق ئۆستى. يېڭىچىلىقنىڭ كونىچىلىق بىلەن قارشى كۈرىشىدە مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلار قولغا كەلدى.

شىنجاڭدىكى "جەدىتچىلىك"نىڭ مائارىپچىلىقتىن ئىبارەت بولغان

بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر كۆرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا ئۇ فېئوداللىزىمغا قارشى، دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى، ئاخىر بېرىپ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىلغارلىق ئىدى. ئۇ گەرچە بىر ئىنقىلابىي ھەركەت بولالمىسمۇ، بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىق ئامىلىغا ئىگە ئىسلاھاتچىلىق (رېپورمىزىم) ھەرىكەت بولغان. بۇ ھەرىكەت ئۇيغۇرلارنىڭ (شىنجاڭنىڭ) يېقىنقى زامان تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

بىرىنچى قەدەم بولمىسا، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەدەملەر بولمايدۇ. 1934 ــ 1935 ـ يىللىرى ئاتۇشتا مۇھەممەت ئىبلى ئەپەندى (تەۋپىق) دېگەن ئادەم باشچىلىقىدا ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ مائارىپ ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۇتۇقى بىرىنچىسىنىڭكىدىن چوڭ بولدى. لېكىن ئاشۇ بىرىنچىسى بولغىنى ئۈچۈن، شۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئىككىنچىسى بولالىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئاشۇ بىرىنچى قېتىملىق مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى ئالغان ياكى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەملەر ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئاتۇشتا مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ كەڭرەك، چاپسانراق بولغانلىقىنى، ئاتۇشتىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ۋە كادىرلىققا جىقراق ئادەم چىققانلىقىنى ئاشۇ كونا ئىزلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

# ئۈچىنچى باب
# سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى

"ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى." (ماۋ زېدۇڭ). ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭغا تارالغىنىغا يېقىن ئەسىردىن ئارتۇق بولدى.

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا ئىككى تەرەپتىن: بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەم يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سى ئارقىلىق كېلىپ تارالغانىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭنىڭ ياك زېڭشىن باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيىتى ۋە ماركسىزمنىڭ تەسىرىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى چېنىنىڭ بارىچە توسۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان ماركسىزم ھەر خىل يوللار بىلەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۆمۈر قەپەز-نىڭ رىشاتكىلىرى ئارىسىدىن سىڭىپ كىرىش ئىمكانىيىتىنى تاپتى. ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇ چاچقان نۇر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى يىللىتىپ، ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى ۋە تەسىرى ئاۋۋال ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىغا ئاڭلاندى ھەم تېز تارقالدى. غارىپ غەبىتوۋ،

غەيرەت مەمپتوۋىچ، ۋاسىلوۋ قاتارلىق كىشىلەر غۇلجا، چۆچەكلەردە ئاغزاكى تەشۋىق قىلىشتىن تاشقىرى، يېزىق (ۋاراق) تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىن بولغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى روسىيىدىكى ئىشچىلار سىنىپىدىن ئۆلگە ئېلىپ، دەرھال ئويغىنىپ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. نەتىجىدە، 1918 ـ يىلى 4 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن بولۇپ 2000 گە يېقىن كىشى قوزغىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ زۇلۇم ۋە ئېزىشكە قارشى تۇردى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىنىپ ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشكە چاقىردى.

سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىر قىلىشىدا، شىنجاڭ-دىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ـ كېلىپ تۇرغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بولۇپمۇ ئىنقىلابتىن كېيىن 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى-دىن، ئاساسلىقى قەشقەر ۋە ئىلى رايونلىرىدىن نۇرغۇنلىغان نامرات ئىشلەمچىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئىچىگە ئىش ئىزدەپ بېرىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى ۋە كېيىنلىكى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىقتىساد ئېشىنىپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىشلەمچىلەر-نىڭ بەزىلىرى ئەتىيازدا بېرىپ كۈزدە قايتىپ كەلسە، بەزىلىرى يىللاپ تۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق ئىشلەمچىلەرنىڭ كونكرېت سانىنى ھېچكىم ئېنىقلاپ باققان ئەمەس، ئەمما، مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى نامراتلارنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى

تەۋەسىگە چىقىپ ئىشلەپ قايتىپ تۇرىدىغانلار ئۇن ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر ـ ئىككىدىن كەم ئەمەس دېيىشكە بولاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىلەر كۆمۈر خاڭلىرىدا، ھەر خىل كانلاردا، پاختا ۋە ياغ زاۋۇتلىرىدا ياكى دېھقانچىلىق، باغاچىلىق مەيدانلىرىدا جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار سوۋېت ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە بىللە ئەمگەك قىلىش جەريانىدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ھەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىياسىي تەربىيىگە ئىگە بولغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ئورگانلىرى شىنجاڭدىن ئىشلەشكە چىققان ئەمگەكـ چىلەرنى تەشكىللەپ ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي تەشۋىقات، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر بۆلۈك بىلىملىك كىشىلەرمۇ يېتىشىپ چىققانىدى. مانا شۇنداق كىشىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ئېچىپ بەرگەن يول بىلەن ماڭغاندىلا ئۆز ئازادلىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى تاپالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، تەشكىللەنگەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا، ئۇلار ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلغانىدى.

1928 ــ 1930 ـ يىللىرى شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىدىن بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىـ سىگە ئەزا بولغان، بىر قىسمى ئەينى شارائىتتىكى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەزا بولمىغان

بولسمۇ، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلىشتا بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇلار ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجادىي ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى (چاغاتاي يېزىقىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى باسما شەكلى) ۋە لاتىن يېزىقى ئاساسىدا ئىجادىي ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقى (بۇ يېزىقنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار بىرمەزگىل قوللانغانىدى) بىلەن «قۇتۇلۇش» ناملىق گېزىت نەشر قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان شىنجاڭلىق ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا تارقاتقان. بىر قىسمىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەخپىي تارقاتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئويغانغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن قەشقەر شەھىرىلىك ئېلى ھاجى، ئاتۇشلۇق مۇھەممەدتىن تاشاخۇن ئوغلى ئەزىزى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «شىنجاڭنى قۇتۇلدۇرۇش تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ بىرمەزگىل ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن بارغان ئەمگەكچىلەرنى تەشكىللەش ۋە تەربىيىلەشتە ئۇلارغا ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلغان، ئۇلارنىڭ تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشۇش ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش تەلىپىنى قوللىماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتقان. ئۇلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش مەسىلىسى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنى بىللە ھەل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. شۇڭا، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەت ۋەكىللىرى موسكۋادىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ

مىللىي ئازادلىقتا بولغان ئۇمىدىنى ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ئىشلەمچى ئۇيغۇرلار ئۇ يەردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوي- پىكرى، تۇرمۇشى، غايىسى قاتارلىق ئۆزلىرى كۆرگەن ۋە بىلگەن يېڭىلىقلىرىنى يۇرتىدىكى ئەمگەكچىلەرگە ئېيتىپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ باقمىغان خەلق ئاممىسىمۇ ئۇ ياقلاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قولغا كەلگەن ئۇتۇقلار، خەلق تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، ئەمگەكچىلەرنىڭ سىياسىي- ئىجتىمائىي ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن ئاسمان- زېمىن پەرقلەر توغرىسىدا ئاڭلاپ، مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان.

يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدىن بارغان ئەمگەكچى خەلق بىر تەرەپتىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرگەن، ماركسىزم- لېنىنىزم بىلەن تونۇشقان ۋە بەلگىلىك تەربىيە ئېلىپ، سوۋېت خەلقىنىڭ يېڭى هايات قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىششش جەريانىدا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بىر ئۇلۇش كۈچىنى تەقدىم قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى شىنجاڭغا تارقىتىشتا مۇهىم رول ئوينىغان.

بىزنىڭ يۇرتلاردىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئىشلەپ قايتىدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار قايتىپ كەلسىلا، يۇرتتىكىلەر يېڭىلىق ئاڭلايمىز دەپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى كۆرگەن- بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ سۆزلەر ناھايىتى تېزلىكتە ئەتراپقا تارايتتى. مەن ئەقىل- هوشۇمنى بىلگەن چاغلاردىمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولغان ۋاقىتتىكى ئىشلار يەنىلا

يېڭى خەۋەر سۆپىتىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كېيىنرەك بىلدىم. 20 نەچچىنچى يىللاردىمۇ 17 ـ يىلدىكى ۋەقەلەر مۇنداق دەپ تەكرارلىناتتى: "ئاق پادىشاھ يىقىلىپتۇ، نامراتلار پادىشاھنىڭ تەختىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار بولقا ـ ئورغاقنى كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ كېتىپتۇ، دوتەي ـ ئامباللارنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىپتۇ، مۇشتۇمزۇرلارنى ئورنىغا تىقىپ، يەرلىرىنى دېھقانلارغا ئېلىپ بېرىپتۇ".

ياش، ئىلغارراق ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قىزىقىدىغىنى يېڭى ئىدىيە، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىدى. بىز ھېلىقى ھاجى خەلپەتتە ئوقۇپ تۇرغان كۈنلەردە مىش ـ مىش گەپلەر جىق بولاتتى، باللار خەلق ئارىسىدىن، ئۆز ئائىلىسىدىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئەكىلىپ قىزغىن سۆزلىششەتتى: "ئەنجانلاردا نۇرغۇن يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ، موللاملار بالا ئوقۇتمايدىكەن، ئەپەندىملەر ئوقۇتىدىكەن"، "ھەر خىل، نۇرغۇن كىتابلار بېسىلىپ چىقىپتىمىش، ھەر كۈنى چوڭ ـ چوڭ ۋاراقلارغا بولۇۋاتقان ئىشلارنى بېسىپ چىقىرىدىكەن، ئۇنىڭ ئېتىنى گېزىت دەيدىكەن،"، "ياشلار ساقلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ چاچ قويىدىكەن، قىسقا چاپان كىيىدىكەن، ئۇلارنى كالتە قۇيرۇق دەيدىكەن، ئاشۇنداق كالتە قۇيرۇقلار بىر يەرگە توپلىشىپ بىر ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىدىكەن، بىرى ئالدىغا چىقىپ سۆزلىسە، قالغانلىرى چاۋاك چالىدىكەن، بۇ چاۋاك چالغىنى قوشۇلغىنى ئىمىش..." مۇنداق مىش ـ مىش پاراڭلارنى موللاملار ئاڭلاپ قالدى بولغاي، بۇنداق گەپلەرنى توسۇيدىغان بولۇپ قالدى. بىزنىڭ خەلپىتىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ: "كىمكى ئورۇسلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلسا مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىمەن" دەپ دوق قىلىدىغان بولدى. بىراق خەلپەتلەر مەكتەپتە توسقان بىلەن ئەل ئىچىدىكى گەپلەرنى

توسيالمايتتى. ئەل ئىچىدە ئۇنداق گەپلەر كۆپ ئىدى. بىز ئەنجانغا بېرىپ قايتقانلارنى ئاتايىن ئىزدەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايتتۇق. كېيىن ئاڭلىساق، دوتەي ئۇ ياقتا بېرىپ-كېلىشكە رۇخسەت قىلمايدىغان بوپتۇ، ئۇ ياقتىن كەلگەن ئادەم بولسا توپتوغرا گۇندىخانىغا ئېلىپ كېتىدىكەن. بىراق بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن چېگرىنى ئېتىۋېتەلمەيتتى، بېرىپ-كېلىش بەربىر بولۇپ تۇراتتى، خەۋەر ئۇچمۇئۇچ كېلىپ تۇراتتى.

20-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بايلارنىڭ، يەر ئىگىلىرىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئەندىشىلىك نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپتىمىش: "پۇلى بار، يېرى بارلارنى قامايدىكەن، يەر-مۈلكىنى تارتىۋالىدىكەن، يا ئۆلتۈرىدىكەن. ئەمگەككە سالىدىكەن، شۇ پالاكەتلەر بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بولۇپ قالمىغىيدى..." دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر.

شۇ كۈنلەردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ياقتىن نۇرغۇنلىغان ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز بايلار بۇ ياققا قېچىپ كەلدى. 30-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە بىر-ئىككى يىل ئادەم ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. بۇلارنى كىشىلەر "قاچقۇنلار" دەپ ئاتايتتى، ھەممە يەرنى مۇشۇنداق قاچقۇنلار قاپلاپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، ئىلى، چۆچەك تەرەپتىمۇ مۇنداقلار چىقىپتۇ، ئۇ ياقلارغا ئاق پادىشاھنىڭ چوڭ ئەسكەر باشلىقلىرىمۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىپ ئۆتۈپتۇ. بۇ قاچقۇنلار ئۇ ياقتا ئىنقىلاب باشلانغان ۋاقىتتا جېنىنى ئېلىپ قاچقان كاپىتالىستلار، چوڭ يەر ئىگىلىرى، چارۋىدارلار، ھەم ئاق پادىشاھنىڭ يېڭىلگەن ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئىكەن. بۇ قاچقۇنلار كېلىشى بىلەنلا "قورقۇنچلۇق"، "ئەندىشىلىك" خەۋەرلەرنى

ئەكىلىپ تارتىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىچە ئۇ ياقتا گويا خەلقنى بىر چەتتىن قىرىۋاتقان، ئاچارچىلىقتا ئادەم ئۆلۈۋاتقان، قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان ئىمىش، ئىشقىلىپ بىر دەھشەت قىلىپ كۆرستىشەتتى. ئۇلارمۇنداق بىر ناخشىنى تاراتتى:

ئاق پاشانىڭ ۋاقتىدا،
شىرمان ئەردى نامىمىز.
بولشېۋىكنىڭ ۋاقتىدا،
كۈنجۈرە بولدى نانىمىز.
قوزۇق قاقساڭ يولغا قاق،
يىقىلىپ ئۆلسۇن بولشېۋىك.

ئۇلارنىڭ زارلاش، قاغاش، ۋەھىمە تارقىتىش مەزمۇنىدىكى بۇنداق ناخشىلىرىدىن بايلار، پومېشچىكلار ۋە چوڭ روھانىلارنىڭ چۆچۈيدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. ئەمگەكچى خەلق بولسا ئۇلارنىڭ شۇمشىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتەتتى. كەمبەغەللەر: "ئاشۇنچىۋالا يوغان قورساق بايلارنى، ئەسكەرلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكەن بولسا، بولشېۋىك دېگەنلەر قالتىس باتۇر خەق ئوخشايدۇ..." دېيىشەتتى ۋە ئۆز يۇرتىدىمۇ ئاشۇنداق بىر كۈنلەر بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

قايتا تەكرارلىساق، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا كۆرسەتكەن ئاساسىي تەسىرى، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنىڭ يورۇقىنى ئېلىپ كەلدى، ماركسىزم-لېنىنىزم ھەقىقىتىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. ئەكسىيەتچى مۇستەبىتلىكنىڭ يوقىلىدىغانلىقىغا، يوقسۇللارنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنچ ئورناتتى.

# تۆتىنچى باب
## قاتمۇقات زۇلۇم ۋە بايلار جېدىلى

مېنىڭ بالا ۋاقتلىرىمدا زۇلۇم ۋە ئېزىشنى، بايلىق ۋە نامراتلىقنى ئەڭ ئوچاي كۆرگىلى بولىدىغان جاي بىزنىڭكىدەك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولغان چەت ـ ياقا سەھرا ئىدى. دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەر ـ زېمىنسىز ئىجارىكەشلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يىلبويى كىيىدىغىنى بىر خىل، بىرلا كىيىم؛ يەيدىغىنى ئارپا، قوناق، تېرىق ئۇنىدا ئېتىلىدىغان بىرنەچچە خىل تاماق ئىدى. ئۇلار قاچانلا كۆرسەم ئېتىزلاردا ئىشلەيتتى، ئالقىنى تولىغۇدەك پۇل، تاغىرى توشقۇدەك ھوسۇل كۆرمەيتتى. ئۇ چاغلاردا مەن بۇلارنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتىم.

ماڭا ھەممە نەرسە ھەر كۈنى شۇ پېتى، بىر خىللا تەكرارلىنىپ تۇرغاندەك، مەھەللىمىز بۇرۇختۇمىلىق ئىچىدە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ھەر كۈنى سەھەردە مەھەللە مەسچىتىدىن مەزىننىڭ نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىناتتى: "ئاللا... ھۇ... ئەكبەر..." مەن ئەقىل ـ ھوشۇمنى بىلگەن ۋاقتتىن تارتىپ ئېسىمدە قېلىشىچە، مەھەللىمىزنىڭ مەزىنى مەتقۇناخۇنكام دېگەن كىشى ئىدى. بىراق بىرنەرسە ماڭا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگەرگەندەك تۇيۇلۇپ تۇردى: يەنى، مېنىڭ يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەزىننىڭ ئاۋازى كۈندىن ـ كۈنگە بوغۇلۇپ،

ئاجىزلاشتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى يەكەن ۋە قەشقەردە ئاڭلىغان چوڭ مەسچىتلەردىكى مەزىنلەرنىڭ لىرىكىلىق مۇڭ ئارىلاشقان ئەزانلىرىغا سېلىشتۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ مەزىننىڭ ئېيتقان ئەزانلىرىنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. سائەت ئومۇملاشمىغان ۋە ئىش تۈزۈمى دېگەن نەرسە تۈپتىن مەۋجۇت بولمىغان ئاشۇ يىللاردا مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى مەھەللىمىزدىكى بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ باشلىنىش سىگنالى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەزاننى ئاڭلاش بىلەن ئەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ھاپىلا ـ شاپىلا تەرەتنى ئېلىپ مەسچىتكە ئىلدام كېتىپ قالاتتى. ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئوچاق بېشىدا ئايلىنىشقا باشلايتتى. بىزدەك كىچىك بالىلار مەيلى ئۆز رازىلىقى بىلەن بولسۇن ۋە مەيلى مەجبۇرىي بولسۇن، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشى شەرت ئىدى. ئەرلەر بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىپ غىزالىنىپ بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئوقىتىگە كېتىشەتتى. مەھەللىمىزدە بىر كۈنلۈك تۇرمۇش شۇنىڭ بىلەن رەسمىي باشلىنىپ كېتەتتى.

مەھەللىمىزدە تەخمىنەن 30 ـ 40 ئائىلە كىشى بار ئىدى. مەھەللىمىزدە جامائەتكە كۆرۈنگەن بىرقانچە كىشىدىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرسىز، ياللانما دېھقانلار ئىدى.

مەھەللىمىز بويىچە يېرى ئەڭ كۆپ كىشى دادامدىن باشقا سەلەي ھاجى بىلەن قادىر ھاجى ئىدى. زېمىندارلار يېرىنىڭ كۆپەيچىسىنى باشقىلارغا تېرىغۇزاتتى. ئىجارىگە بېرىلسە ئىجارە ھەققى، ئورتاققا بېرىلسە ئورتاقلىشىش شەرتلىرى بويىچە مەھسۇلاتنى بۆلۈشۈۋالاتتى.

مەھەللىمىزدە يەنە باشقىلارنىڭلا ئوقەتلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغان-
لارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى مەدىكار دەيتتى. مەدىكار دېگەن
سۆزنىڭ ئېنىق مەزمۇنىنى ئۇ ۋاقىتتا چۈشىنەلمەيتتىم. بەزىدە
مۇنداق ئادەملەرنى پالانچى باينىڭ يىللىقچىسى دەپمۇ ئاتىشاتتى.
يىللىقچى دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىنى غىل-پال بولسىمۇ چۈشىنەتتىم،
دېمەك، بۇلار يىل بويى باشقىلارغا ئىشلىشىپ بېرىدىغان ئادەملەر
ئىكەن، كېيىنكى يىللاردا ئانچە-مۇنچە خەنزۇچە بىلەن تونۇشۇپ
قالغىنىمدا خەنزۇچىدىمۇ مۇشۇ سۆزنىڭ نەق مەزمۇنىنى بېرىدىغان
سۆز بار بولۇپ ئۇنى چاڭگۇڭ دەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. كىشىلەرنىڭ
ئېيتىشىچە، بۇنداق يىللىقچىلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-بوۋىسىنىڭ گەددى-
نىگە ئارتىلغان قەرزى ئۈچۈن ئىشلەيدىكەن، مەن ھەيران بولۇپ
تاغامدىن: "ئىككى ئەۋلادقىچە ئىشلەپمۇ تۆلەپ بولالمايدىغان قانداق
قەرز ئۇ؟" دەپ كوچىلاپ سورىسام ئۇ: "تۆلەپ بولۇش تۇگۇل،
قەرزى كۆپىيىۋېرىدۇ، يەنە جازانە دېگەن بىرنېمىسى بار، ئۇنىڭمۇ
ئايىغى تۈگىمەيدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. جازانە دېگەن سۆزنىڭ
مەزمۇنىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھەم تاغامنىڭ كۆڭلىنى ئاياش
ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى سوئاللىرىمدىن ۋازكەچكەنىدىم. دېھقانلار
ئۈستىدىكى غەم-قايغۇ قارا بۇلۇتتەك ھەممە كىشىنىڭ قەلبىنى
قاپلاپ تۇراتتى. غەللە-پاراق، ئۆشرە تۆلەش، يەنە باشقا
ئالۋان-ياساقلار ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋېرەتتى. دېھقانلار قۇرۇق
تاغار بىلەن ئارا-گۈرجەكلىرىنى سۆرەپ، ئەلەم بىلەن ئۆيلىرىگە
قايتىشاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆلمەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك
دېگەندەك كەينى-كەينىدىن كەلگەن ھاشار ئالۋىنى جاننى ئالاتتى.
مەن كىچىك ۋاقتىمدا كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپلا قالسا،

ئۆزلىرىنىڭ ئەتىسى ئۈچۈن تىلەيدىغان ۋە غەم قىلىدىغان ئەڭ زور ئارزۇسى: "ئارامخۇدا بىر كۈن بولسىكەن" دېگەندىنلا ئىبارەت ئىدى. "ئارامخۇدا بىركۈنى بولسا" دېگەن تىلەك-ئارزۇنى مەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلايتتىم. لېكىن ھېچكىممۇ بۇ "ئارامخۇدا" كۈننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۈرەتلەپ بەرگىنى يوق. مېنىڭ سېزىشىمچە كىشىلەر "ئارامخۇدا" كۈننى تىلىگەنسېرى ئۇلارنىڭ كۈنى شۇنچە بىئارام، خارابلىقا ئۇچرايتتى. ئىجارە ھەققى، غەللە-پاراق، ئالۋان-ھاشار، ئۆشرە-زاكات ۋەھاكازالارنى ھېسابقا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، قەشقەر ۋە ئۇ يەر، بۇ يەرلەردىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئادەمنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرلەرمۇ كىشىلەرگە ئارام بەرمەيتتى. شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ماتتەي دېگەن بىر ئەمەلدار بولغانىكەن، تۇرۇپ، ماتتەي پالانچىنىڭ قىزىنى بۇلاپ ئەكتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ؛ تۇرۇپ، ماتتەي قەشقەردە پالانچىنى جادوغا بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ؛ تۇرۇپ، ماتتەي قەشقەرنىڭ يار بېشىدىن پالانچىنى تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ؛ تۇرۇپ، ماتتەي پالانچىنىڭ پۇتىنىڭ پېيىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. مۇشۇنداق خەۋەر ھەربىر قېتىم تارقالغاندا مەھەللىمىزدىكىلەر بىر قېتىم ساراسىمىغا چۈشەتتى. ماتتەي دېگەن سۆزنىڭ تولۇق مەنىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئاشۇ يىللاردا، مەن بۇ ماتتەينى ئۆزەمچە ئالۋاستىغا ئوخشىتاتتىم. ماتتەي دېگەن ئىسىم ئېسىمدە شۇنداق چىڭ ساقلىنىپ قاپتىكەن، كېيىنكى يىللاردا مەن بىرمۇنچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ تۈرلۈك يازما ماتېرىياللاردىن ماتتەينىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقتىم.

ماتتەينىڭ ئىسمى ما فۇشىڭ، خۇيزۇ، تېگى يۈننەنلىك. دەس-

لەپتە جېجىياڭدا ئەمەلدار بولغان، كېيىن گۇناھى ئۈچۈن (نېمە گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم) شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ مىچۈەندە دېھقانچىلىق قىلغان، كېيىن ياڭ زېڭشىننىڭ خۇيزۇلار قوشۇنىغا قاتناشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستۈرۈشى بىلەن خۇيزۇلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى قاتارىغا قوشۇلغان. ياڭ زېڭشىننىڭ ھەممە شۇملۇقلىرىغا بىۋاستە قاتنىشىپ كۆچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ھەم خۇيزۇلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ دەيدىغان كۆز قارىشىغا ئاساسەن قەشقەرنىڭ تىتەيى قىلىپ تەيىنلىگەن. ماتىتەي قەشقەردە خەلقنى ۋەھشىيانە ئەزگەندىن تاشقىرى، كېيىنكى كۈنلەردە ياڭ زېڭشىننىڭ كېپىگىمۇ كىرمەيدىغان، ئۇنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالغان.

ماتىتەي بىر ئەپيۇنكەش، ھاراقكەش، ئۇچىغا چىققان زىناخور، باسقۇنچى مۇتتەھەم بولغان، ئۇنىڭ قەشقەردە 16 خوتۇنى (بىر خوتۇنى بېيجىڭدا) بولۇپ، بۇلارنىڭ 14 ى بۇلاپ ئالغان ئۇيغۇر قىزلىرى بولغان. ئۇ قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ ساۋخۇ دېگەن يېرىگە چوڭ ھەشەمەتلىك بىنا ۋە باغچا سالدۇرۇپ، ئەيش-ئىشرەت قىلغان. ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ گەدەنكەشلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ، ماتىتەي بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى بار ئۈچتۇرپان ئامبىلى ما شاۋۇ (يامانلىق بىلەن داڭقى چىققان ماداۋتەي)نى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىپ (1924-يىلى) ماتىتەينى تۇتۇپ ئاتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى تېنتىقان ۋە قەشقەر خەلقىنى "رازى" قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈكىنى يامۇل ئالدىغا ئېسىپ سازايى قىلدۇرغان.

باج، ئالۋان، ھاشار خەلقنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان، ماتىتەيدەك زالىم ئەمەلدارلار زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ئاشۇ

يىللاردا، بۇنى ئاز دېگەندەك ئاتۇشتىكى بايلار، روھانىيلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئۆزئارا تۇتۇشۇپ كېتىشتى. بىر تەرەپكە يۇسۇپ هاجى سەركەردە، يەنە بىر تەرەپكە ئەمەتقۇل هاجى سەركەردە ئىدى. ئۇلار ئاتۇشقا كىمنى قازى قىلىش مەسىلىسىدە قاتتىق توقۇنۇشاتتى.

يۇسۇپ هاجى تەرەپ مەرھۇم قازى رەئىس هاجىمنىڭ ئوغلى ئىمىن مەخسۇمنى قازى قىلىمىز دەيتتى. ئەمەتقۇل هاجى تەرەپ بولسا ئۇنىڭغا ئۇنىماي، هابىل هاجى دېگەن كىشىنى قازى قىلىمىز دەيتتى. شۇ چاغدا ئاستىنئاتۇش بىر رايون بولۇپ پەيزىۋات ناھىيە-سىگە قاراشلىق بولغاچ، يۇقىرىقى ئىككى تەرەپ دەۋالىشىپ پەيزىۋاتقا بېرىشتى.

پەيزىۋاتنىڭ ئامبىلى بۇ دەۋانى تېز بىر تەرەپ قىلىش ئورنىغا هە دەپ كەينىگە سۇرۇۋەردى. چۈنكى، ئۇ ئىككى تەرەپتىن مەن-پەئەتدار بولاتتى. بىرسى، ئۇيغۇرلار سوقۇشۇپ قان بولۇشسا ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاسان ئاقتۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولاتتى. يەنە بىرسى، ئىشنى سوزۇۋەرگەنچە كېلىدىغان پارا پۇل كۆپىيەتتى، چۈنكى، هەر ئىككى تەرەپنىڭ كاتتىباشلىرى يامۇلغا بارغاندا قۇرۇق قول بارمايدۇ-دە! بېرىش قېتىمى ئاۋۇغانسېرى پارا كۆپىيىۋېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ بۇ تالاش بىر-ئىككى يىلغا سوزۇلدى. ئاتۇشنىڭ هەربىر كەنتىدىمۇ بايلار، يۈزبېشىلار ئىككى تەرەپ بولغانىدى. ئۇلار دېھقانلارنىمۇ ئۆزىگە تارتاتتى. ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە بىرئاز مەنپەئەت بېرەتتى، خالاس. بۇ تەرەپبازلىق بەزىدە ئاتۇشنىڭ بازىرىدا ئاممىۋى مۇشتلاشقا ئايلىنىپ كېتەتتى. بىر بازار كۈنى بازارغا بارغاندۇق، تۇيۇقسىز مۇشتلاش چىقىپ كەتتى، بىز دەرەخ-

نىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدۇق، بازارنىڭ چوڭ گۈزىرىدە تىقمۇتىقماق بولۇپ كەتكەن ئادەملەر مۇشتلىشىپ، كالتەكلىشىپ قان بولۇشۇپتۇ. چۇقان-سۈرەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. مەن مىڭلىغان ئادەمنىڭ باشلىرى ئۈستىدە كالتەك ھەم پالتا (قاسساپلارنىڭ گۆش چاپايدىغان كىچىك پالتىسى)لارنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كەتكەنىدىم. خېلىدىن كېيىن، بىر ھويلىدىن كالتەك كۆتۈرگەن دورغىلار چىقىپ جېدەلنى پەسەيتتى. كېيىن ئاڭلىساق، شۇ قېتىمدا ئۆلگەن ئادەملەر ئون نەچچىدىن ئاشىدىكەن، يەنە نەچچە يۈز ئادەم يارىدار بوپتۇ.

ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تەرىپىدىن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتىنى كۆتۈرۈپ پەيزىۋاتقا ئەرزگە بارغان، بۇ قېتىم بارغانلار نەچچە مىڭ ئادەمگە يەتكەن.

يەنە بىر بازار كۈنى باللار بىلەن ئويناپ بازارغا باردۇق، باج ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەمەتقۇل ھاجى بىلەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ باجخانا ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ يېنىدا لىق كۈمۈش تەڭگە قاچىلانغان بىر ساندۇق تۇرۇپتۇ. بىر-كەمدە ئەمەتقۇل ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ، گېلى يىرتىلغۇدەك كۈچەپ ۋارقىراشقا باشلىدى: "كىمەرسىكى بىز تەرەپ بولۇپ پەيزىۋاتقا بىللە بارسا ئۇنىڭغا 15 تەڭگە بېرىمىز!" ئۇنىڭ ئېلانىنى ئاڭلاپ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر ئولاشتى. بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى پەيزىۋاتقا بارىدىغان بولۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ئەمەتقۇل ھاجى ئۇلارغا نەق ئون تەڭگە بېرىپ، قالغان بەش تەڭگىنى پەيزىۋاتقا بارغاندا بېرىدىغان بولدى.

مۇنداقلا بىر قارىماققا، كەمبەغەللەر، ئەگەر ئۆيىدىن چىقالىسىلا، پەيزىۋاتقا بېرىپ "بىز پالانىنىڭ قازى بولۇشىنى قوللايمىز" دەپ

قويسلا، ئۇنىڭدىن ھېچنېمە كەتمەيلا 15 تەڭگىلىك بولۇپ قالىدى. غاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇستۇنلۇك تالاشقان يۇقىرى تەبىقە ئىككى ئېغىز توۋلىغانغىلا 15 تەڭگە بەرمەيدۇ- دە؟! ئۇلار كەم- بەغەللەرنى جېدەلگە سالىدۇ. ئۆز تەرىپىدىكى نامزاتنى سايلىۋالا- لىسا، ئۇنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ھېلىقىدەك 15 تەڭگىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ يىغىۋالىدۇ. قىسقىسى، بۇنداق ماجىرالارنىڭ پايدىسى ئامبال، بايلارغا بولىدۇ. تارتقۇلۇق خەلقنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ.

ھېلىقىلارنىڭ جېدىلى ئىمىن مەخسۇمنىڭ قازى بولۇشى بىلەن ئاياغلىشىپ يۇسۇپ ھاجى يەڭگەن بولىدى. ئەمما، بىر يىل ئۆتۈپلا ئەمەتقۇل ھاجى ئىمىن مەخسۇمنى قازىلىقتىن چۈشۈرۈپ ھابىل ھاجىنى قازىلىققا چىقاردى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى "بىر- بىرىگە سېلىنغان" ئۇيغۇرلارنىڭ "ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇشى"غا تاماشاچى نەزىرىنى سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

## بەشىنچى باب
## ئازاب ئىچىدە تەۋرەش

20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭ خەلقىغە سالغان زۇلۇم ـ ستەملىرى چېكىگە يەتكەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت دەستىدىن ئۇھ دېگۈچىلىك دەرمانى قالمىغان دەرىجىگە چۈشكەنىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇنداق چىدىغۇسىز زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئەركىنلىككە ئىنتىلىشى، ئېنىقكى بولغان قارشىلىقىمۇ پەيدىنپەي كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. يېڭىچىلىق، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان ئىزدىنىش كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈشكە ئەگىشىپ، ياڭ زېڭشىن تۆت تەرەپلەپ قۇلۇپ سېلىۋالغان بۇ قەپەز ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆزىمۇ خېلى ئېچىلىپ قالغان، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتىدىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىشلەر مەخپىي ساقلىغىلى بولمايدىغان قۇياش نۇرىدەك ئاشۇ قەپەزنىڭ ئاراشلىرىدىن بۇ زېمىنغىمۇ چېچىلىشقا باشلىغانىدى.

1918 — 1920 ـ يىللىرى ياش سوۋېت دۆلىتى ئىشچى ـ ئەسكەرلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جاھانگىر مۇداخىلچىلەرنىڭ بىۋاستە تاجاۋۇزى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى ئاقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قورشاپ قىلغان ھۇجۇمىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۆزىنى مۇستەھكەملىگەن، ئۆز كۈچلىرىنى زورايتقان. ياش سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيە خەلقى ئىچىدىكى ئابرويىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەنىدى. بۇلارنىڭ چېگرىداش

بولغان شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياڭ زېڭشىن بۇنداق تەسىرنىڭ هامان بىركۈنى كۈچلۈك خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى، بىر تەرەپتىن بۇلاپ ـ تالاپ ئۆزىگە بايلىق يىغىشنى جىددىيلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىمال مىلىتارىستلىرى هۆكۈمىتىگە كىم باشلىق بولسا، ئاۋۋالقىسىدىن چېپىپ شۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ "شەيخنى تونۇماي مازارنى تونۇش" يولىنى تۇتۇپ ئۆمرىنى ئۆزارتىش كويىغا مەستانە بولۇپ يۈرەتتى.

ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدىمۇ كاتتا ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. 1921 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، جۇڭگو خەلقى ئۆز ئەركىنلىكى، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىشەنچلىك رەهبىرسى يادرو كۈچكە ئىگە بولدى. ئىشچىلار سىنىپى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا قوزغىلىپ شىمال مىلىتارىستلار هۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەننى ساتىدىغان، خەلق ئاممىسىنى باستۇرىدىغان، جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق هالەتتە ئەبەدىي تۇتۇپ تۇرۇشنى نىشان قىلغان ئەڭ ئەشەددىي ئەكسىيەتچى سىياسىتىگە قارشى كۈرەش باشلىغانىدى. مۇشۇنداق كۈرەش خەلق ئىنقىلابىي كۈچلىرىنى ئۇلغايتىپ، مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خالىغانچە ۋەتەننى ساتىدىغان، خالىغانچە زۇلۇمنى كۈچەيتىپ خەلقنى قۇل قىلىش سىياستى يۈرگۈزىدىغان، تارىخ ئېقىمىغا قارشى يول تۇتىدىغان قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگەنىدى. تۇنجى قېتىملىق گومىنداڭ ـ كومپارتىيە هەمكارلىقى، شىمالغا يۈرۈش

ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتنىڭ مېۋىسى ئىدى.

مانا بۇلارمۇ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ياڭ زېڭشىن
ئۇچۇن ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى توسۇش، ئۆز خوجىلىرى بولغان شىمال
مىلىتارىستلىرىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتۋاتقان خەلق ئىنقىلابىي كۈچ-
لىرىنىڭ تەسىرىنى توسۇش، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇلغىيىۋات-
قان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق
مۇشكۈل ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ سىرتىدىن كىرد-
ۋاتقان تەسىرلەرنى توسىيالىغاندىلا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
قارشىلىقنى باستۇرالايمەن، دەپ ئۈمىدلىنەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ
ئەكسىيەتچى، مۇستەبىت سىياسىتى بىلەن ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشمايتتى.
شىنجاڭ 20 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئازاب - ئوقۇبەت دەستىدىن
تەۋرەۋاتقان يانار تاغقا ئوخشايتتى.

ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان قارشىلىق ئۇنىڭ
ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىدىكى زىددىيەتنىمۇ كۈچەيتكەنىدى. ئۇنىڭ
ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئەمەلدارلىرى خۇسۇسىي مەنپە-
ئىتىنى كۆزدە تۇتۇش، خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە خەلقنى
ئېزىشتە باشقىچىراق يول تۇتۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش
ئاساسىدا، ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكىمۇ
ئايلاندۇردى: ئەڭ ئاۋۋال، 1921 - يىلى 12 - ئايدا ئىلى ئارمىيىسى-
نىڭ گۇچېڭدا تۇرۇشلۇق ئىككى يىڭى (باتالىئونى) ھەربىي
ئۆزگىرىش قوزغىدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭىنىڭ يىڭجاڭى سۇڭ
جىڭشەن بىلەن پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىنىڭ يىڭجاڭى گاۋ شىخاۋلار
ئىچكىرىدىكى شىمال مىلىتارىستلىرىغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئالاقىلە-

شىپ كۆتۈرگەن بۇ قوزغىلاڭ تايانچىسىز، ئاممىۋى ئاساسسىز قېلىپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ يېغىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئىچكىرىدىكى ئىنقىلابنىڭ تەسىرىنى توسۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە كۈچ سەرپ قىلىشقا تۈرتكە بولدى. ئۇ ھەممە جايلارغا پايلاقچى- جاسۇسلارنى ئەۋەتتى، ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئاستىرتىن پايلاشنى جىددىيلەشتۈردى. 1926-يىلدىن كېيىن ئۇ قۇمۇلنىڭ شەرقىغە يولۋاسنىڭ ئۇيغۇر يىگىتىنى، دورجىنىڭ ئۈچ موڭغۇل يىگىتىنى، بايان، سېكسەيلەرنىڭ ئىككى موڭغۇل يىگىتىنى ۋە ئا داۋدىي، چېن ۋەنشياڭلارنىڭ ئىككى يىگىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىچكىرىدىن چىققان ھەرقانداق ئادەمنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈشنى، سەل-پەللا گۇمانلىق ئادەم بولسا تۇتۇشنى بۇيرۇدى. بۇ ئۇنىڭ شىمال مىلىتارىستلىرى ھۆكۈمىتىگە ساداقەتلىكىنى، مۇھىمى ئىچكىرىدىكى ئىنقىلابنى توسۇشتا بولغان ئۇرۇنۇشىنى ئىسپاتلايتتى.

1928-يىلى شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ ئاخىرقى كاتتىبېشى جاڭ زولىن جياڭ جيېشى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلگەن ۋە خوجايىنى ياپونلار تەرىپىدىن پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىندىن ئىبارەت شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ بۇ كۈچۈكى دەرھال يۆملاپ جياڭ جيېشىنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. لېكىن، ئۇ 1927-يىلىلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ خوتۇن، بالا- چاقىلىرىنى ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋەتكەن، ئۆزىمۇ تيەنجىن ياكى دالىيەنگە بېرىپ تۇرماقچى بولغانىدى.

مۇشۇنىڭدىنلا ئۇنىڭ ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ئالدىدا مېڭىشقا يول تاپالماي قالغانلىقىنى، جان ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانلىقىنى

بىلگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەت ئالدىدا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر تۈركۈم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى يوق قىلىش قارارىغا كەلگەن. 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار. نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى فەن ياۋنەن، قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى جاڭ چۇنشى قاتارلىقلار ئالدىن قىلىنغان مەسلىھەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنى ئېتىپ تاشلىغان.

شۇ كۈنى رۇسچە قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. زىياپەتتە ياڭ زېڭشىن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى نازىرلار، ھەربىي باشلىقلار، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمۇ قاتناشقان. فەن ياۋنەننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، زىياپەت ئەمدى باشلانغان چاغدا ئۇنىڭ بىر ئادىمى ياڭ زېڭشىنغا ئوق چىقارغان، شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭغا داۋاملىق ئوق ئاتقان، يىقىلىپ ئۆلگەن ياڭ زېڭشىننى ئۆلمەي قالمىسۇن دەپ فەن ياۋنەننىڭ ئۆزى تۆپىلەپ ئىككى پاي ئوق ئاتقان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى 17 يىل خالىغانچە شوراپ كەلگەن بۇ مۇستەبىتنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقان.

فەن ياۋنەن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ياشلىقىدا ياپونىيىگە بېرىپ داشۆدە ئوقۇغان، شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاشتىن ئىلگىرى شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان، كېلىپ يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى، قانۇن ـ سىياسىي مەكتىپىنىڭ

ئوقۇتقۇچىسى، ئۈرۈمچىنىڭ دوتىيى، ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ياڭ زېڭشىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى ئۇزاق مۇددەتلىك زىددىيەت، قورساق كۆپۈكى، شىنجاڭغا بەھۇزۇر ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى تالىشىش ماجىراسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھالەتتىمۇ شىنجاڭدىكى ئەمگەكچى خەلققە ھېچقانچە شەپقەت ـ شاپائەت قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ كېيىنچە ئىگەللىگەن ماتېرىياللىرىمغا ئاساسلانغاندا، ئۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىسىگە ئىگە، بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىقىغا مايىل، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، چىرىكلىككە نارازى خاھىشلىرىنى يوشۇرمايدىغان ئادەم ئىكەندۇق. ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن ئۆزىگە سادىق قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسىتىگە بولغان ئۆزگىچە كۆز قارىشىدىن يانماي، ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتمىگەنىكەن.

فەن ياۋنەنىنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىنى مەغلۇپ قىلغانلار ياڭ زېڭشىن بىلەن تەڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەربىي باشلىق دۇ فارۇڭ دېگەن لۇيجاڭنىڭ قىسىملىرى بولغان. ئۇنىڭ قىسىملىرىدا ھوقۇقى بار ئوغلى دۇ جىگو دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈر-گەن. ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ پېيىيۈەن، ھەربىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى فېڭ لياڭ قاتارلىقلار ئۇنىڭغا جۆر بولغان. شۇ چاغدا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان جىن شۇرېن يۇقىرىنى ھەربىلەر بىلەن بىر يۇرتلۇق (گەنسۇلۇق) ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىساسخورلۇقىغا ھېسداشلىق قىلغان ۋە فەن ياۋنەنگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، فەن

ياۋنەن تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن ياڭ زېڭشىننىڭ مەھكىمىسىگە ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغان. ئۆزىنىڭ 30 نەچچە يېقىن ئەسكىرى بىلەن مەھكىمىگە قاۋىلىپ قالغان فەن ياۋنەن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقى تۈگىگىچە ئېتىشىپ قولغا چۈشكەن.

فەن ياۋنەن ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئات ئېغىلىدىكى بىر تۈۋرۈككە باغلانغان، ئۇنى بۇرۇتىنى بىر-بىرلەپ يۇلۇپ، كۆزىنى ئويۇپ، تىلىنى كېسىپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ شېرىكى جاڭ چۈنشى قاتارلىقلارمۇ جىق ئازابلارنى تارتىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېتىپ تاشلانغان (بەزىلەر ئۇنى فەن ياۋنەننىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغان، دېيىشىدۇ).

شىنجاڭ خەلقى شۇندىن كېيىن ياڭ زېڭشىندىن قېلىشمايدىغان يەنە بىر مۇستەبىت — جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قالدى.

جىن شۇرېن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى لىڭشيا ناھىيىسىدىن بولۇپ، گەنسۇدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن، 1909-يىلى بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كېچۈي ئىمتىھانىدا ئەلاچى بولغان. كېيىن ياڭ زېڭشىن مۇئەللىملىك قىلغان ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ياڭ زېڭشىن بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىنغا ناھايىتى سادىق، ئىخلاسمەن بولغانلىقتىن، ياڭ زېڭشىنمۇ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، ئەتىۋارلاپ، ئاقسۇ، قەشقەر كونىشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى)، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىگە ئامباللىققا تەيىنلىگەن. 1926-يىلى مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىپ ئۆستۈرگەن. ياڭ زېڭشىن ئۆلگەن چاغدىمۇ ئۇ

يەنىلا (بۇ چاغدا مەمۇرىي ئىشلار نازارىتى خەلق ئىشلار نازارىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نازىر ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇ گەنسۇلۇق ھەربىلەرنىڭ ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ھەرىكىتىگە مەدەت بەرگەن، مەمۇرىي ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ھەربىيلەر بولسا ئۇنى يۆلىگەن. شۇنداق قىلىپ، جىن شۇرېن ياڭ زېڭشىن ئۈچۈن قىساس ئالغۇچى نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسى، ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانى دەپ ئېلان قىلغان. جايلاردىكى پارىخور، خىيانەتچى، زالىم دوتەي ۋە ئامباللار ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدە بېيىپ، تىنىپ كەتكەنلىكتىن، ياڭ زېڭشىنغا بولغان ئىخلاسى تۈپەيلىدىن ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. قۇرساق كۆپۈكى بار ئەمەلدارلار ئۇنىڭ كەينىدە يۆلەك بولۇپ تۇرغان ئارمىيىنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرالمىغانلىقتىن، جىن شۇرېننى ئىچى تار، كالتە پەم، ئەپيۇنكەش دەپ سۆكسىمۇ باش ئەگمەي بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن. جىن شۇرېن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلكى، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋاكىللىرىنىڭ بىرلەشمە نامى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېگرام ئەۋەتكەن. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى قوشۇمچە باش قوماندان دەپ ئېتىراپ قىلغان (كېيىن "باش قوماندان" دېگەن نام "چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى" دەپ ئۆزگەرتىلگەن).

جىن شۇرېن تەختكە چىقىپلا ياڭ زېڭشىننىڭ قانلىق قىلمىشىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى. ئامبال، نازىر بولغان چاغلىرىدا ئالتۇن-

كۇمۇشكە تولدۇرغان ساندۇقلىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئالتۇن ـ كۇمۇشتىن ياساتماقچى بولۇپ، خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشنى جىددىيلەشتۇردى. هايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ هەددىدىن ئارتۇق ئاچ كۆز، نەپسانىيەتچى يالماۋۇز ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇ هاكىمىيەت ئۇستىگە چىققاندىن كېيىنكى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارتقان ئازابى، ياڭ زېڭشىننىڭ دەۋرىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى.

شۇ سەۋەبتىن، هەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىشكە بولغان قارشىلىقىمۇ هايالسىز باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. جىن شۇرېن بۇنىڭغا نىسبەتەن قانلىق باستۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، قەدەمنى ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش، ئارمىيىسىنى كۆپەيتىش بىلەن باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا خەلقنىڭ ئۇستىدىكى ئېغىر ئارمىيە سېلىقىنى باجنى ئاۋۇتۇش، قالايمىقان كۆپلەپ پۇل بېسىپ تارقىتىش يولى بىلەن هەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، تېخىمۇ پۇل پاخاللىقىنى كەلتۇرۇش بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى هەددىدىن زىيادە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەسلىدىكى هەر خىل زىددىيەتلەر يوشۇرۇن ياكى يېرىم يوشۇرۇنلۇقتىن بىراقلا ئاشكارىلىنىشقا، كۇنسايىن ئۆتكۈرلىشىشكە يۈزلەندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، تەبىئىيكى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كرىزىس ئېغىرلاشماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدىكى تۇراقسىزلىق، جىن شۇرېن هاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىنىمۇ زاۋاللىققا يۈزلەندۇردى. هەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى. 1930 ـ يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ تەۋرەپ تۇرغان يانار تاغ هالىتىنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

# تۆتىنچى قىسىم
# چوڭ پارتلاش

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، كونكرېت ئېيتقاندا، 1931 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن داۋالغۇشلار يۈز بەردى. بۇ دەل جىڭ شۇرېن هاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىل ئىدى.

30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر: قۇمۇل ـ تۇرپان قوزغىلىڭى، كۇچا قوزغىلىڭى، قەشقەر قوزغىلىڭى، خوتەن قوزغىلىڭى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە يېڭى 36 ـ شىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى هەم قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8 ـ شىسىنىڭ شېڭ شىسەينى غولىتىش ئۈچۈن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشى ۋەھاكازالار. خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، كونا هاكىمىيەتكە زەربە بەرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭنىڭ بەزى باشچىلىرى بىر ـ بىرىنى يۇتۇۋېلىش، ئۆزئارا ئېلىشىش، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش هەم هىيلە ـ مىكىر، ساتقۇنلۇق بىلەن ئۆزمەي شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ داۋالغۇش ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى.

تۈرلۈك ۋەقەلەر گىرەلىشىپ قۇيۇندەك بىردە تىنىك كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پىرقىراپ پەسىيىپ تۇرغان ئاشۇ يىللاردا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە خوجانىياز هاجى، مەھمۇت شىجاڭ، تۆمۈر شىجاڭ، ئوسمان ئەلى شىجاڭ، سابىت داموللا، مەمتىمىن هەزرەت، ما جۇڭيىڭ، جاڭ پېيۇەن، شېڭ شىسەي قاتارلىق شەخسلەر ئوتتۇرىغا چىققاندى.

لاۋا بىلەن لاتقا تەڭ ئېقىپ چۈشتى، مارجان بىلەن قۇم ئارىلىشىپ كەتتى. ئىنقىلابىي داهى، قارا نىيەت، مىللەتارىست، چەت ئەل گۇماشتىلىرى بۇ قاينامغا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ ئۈزۈپ كىرىشتى.

لېكىن، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ قاينام ئۆركىشىدە پارلاپ چاقنىغان ئاساسىي كۈچ، خەلقتۇر. زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق ئاممىسى كالتەك - چوماقلار بىلەن قوراللىنىپ، گويا دەھشەتلىك تاشقىندەك ئۆلگەن - تىرىلگىنىگە باقماستىن چوڭ - چوڭ شەھەرلەر-دىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە قورقماي ھۇجۇم قىلغانىدى.

بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقان يىللاردا مەن 16 ياشتىن ھالقىپ 17 ياشقا قەدەم قويىۋاتاتتىم. گەرچە كۇڭفۇزى ئېيتقان "قايمۇقۇپ قالمايدىغان يىللار"غا ھەتتا "ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان يىللار"غا① قەدەم قويىدىغان ۋاقتىمغا تېخى ھايلى بولسىمۇ، ئەمما، دادام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدا بىرقانچە يىل جان بېقىش ۋە قىيىنلىش نەتىجىسىدە مېنىڭ تۇرمۇش ساۋاتىم ياش چەكلىمىسىدىن خېلى ھالقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ چەك - چېگرىسى ئېڭىمدا غۇۋا بولسىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى، زۇلۇمدىن يىرگىنىش، ئادالەتكە ئىنتىلىش؛ مۇشتۇمزورلاردىن يىرگىنىش، ئاجىزلارغا خەيرىخاھلىق قىلىشتىن ئىبارەت خاراكتېرىمدىكى ئەڭ ئاساسلىق جەھەتمۇ شەكىللىنىپ قالاي دېگەنىدى. مەن ئاۋام خەلقنىڭ ئەڭ ئاددىي بىر ئەزاسى سۈپىتىم بىلەن شىنجاڭ 30 - يىللاردىكى سىياسىي بورانلىرىغا دەل ئەنە شۇنداق يىرگىنىش ۋە ئىنتىلىشلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتىم.

---

① كۇڭفۇزى مۇنداق دېگەن: "مەن 30 ياشقا كىرگەندە ئۆزەمنى تۇتۇۋالالىغانمەن. 40 ياشقا كىرگەندە ھەر ئىشتا قايمۇقۇپ قالمايدىغان بولغانمەن."

# بىرىنچى باب
# قۇمۇل قوزغىلىڭى

30 ـ يىللاردا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاپ كەتكەن سىياسىي بوران- چاپقۇن قۇمۇلدىن باشلاندى. تارىخچىلار ئۇنى "قۇمۇل قوزغىلىڭى" دەپ ئاتايدۇ. قۇمۇل قوزغىلىڭى 1931 ـ يىلى باشلانغان، بۇ ۋاقىت ھۆكۈمەت ئارخىپىدىمۇ، شەخسلەرنىڭ بايانلىرىدىمۇ پەرقسىز مۇشۇنداق پۈتۈلگەن. ئۇنىڭغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان ئامىل، جاڭ فامىلىلىك بىر قاراۋۇل ئوفىتسېرى بىر ئۇيغۇر قىزنى زورمۇزور خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقە بولغان. ۋەقە يۈز بەرگەن جاي قۇمۇلنىڭ شوپۇل دېگەن مەھەللىسى ئىدى. لېكىن توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بىر ۋەقە ئىدى. ئۇنىڭ يېقىن، بىۋاستە سەۋەبلىرى بار، شۇنداقلا يىراق، ۋاستىلىك سەۋەبلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ يىراق سەۋەبلەرنى ھەتتا مۇندىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى چيەنلۇڭ يىللىرىغىچە سۈرۈشتە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىشقا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر.

يېقىن ــ بىۋاستە سەۋەبكە كەلسەك، خەنزۇ ئوفىتسېرنىڭ ئۇيغۇر قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشى، پەقەت قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئوتۇنغا چۈشكەن سەرەڭگە رولىنى ئوينىغان ئىدىكى، غەزەپ- نەپرەت سەل باشتىنراق باشلانغانىدى.

قۇمۇلدىكى ۋاكالىق تۈزۈمىنىڭ زۇلمىدىن تويغان دېھقانلار 1907 ـ يىلى "تۇرپاقلار قوزغىلىڭى" ۋە 1912 ـ يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋاڭ ئوردىسىغا قۇللارچە بېقىنىپ ھەقسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشقا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى قېتىمدا مەغلۇپ بولۇپ تېخىمۇ بەتتەر ئازاب دېڭىزى ئىچىگە غەرق بولغانىدى. ۋاكالىق تۈزۈم ئاز ـ تولا يول قويۇشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس بىلەن داۋاملاشماقتا ئىدى.

1930 ـ يىلى شامەخسۇت ۋاڭ كېسەللىك بىلەن ئۆلۈپ، ئوغلى نەزەر ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. نەزەر دادىسى ھايات ۋاقتىدىلا زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك، ئەپيۇنكەشلىك بىلەن داڭقى چىققان، زالىم، باسقۇنچى ۋەھشىي ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزى خالىغان ھەرقانداق ۋاقىتتا ئادەم ئۆلتۈرەلەيدىغان، ھەرقانداق پۇقرانىڭ نارەسىدە قىزلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلالايدىغان زورلۇق ـ زومبولۇقى بىلەن داڭقى چىققان چىرىك بولۇپ، ۋاكالىقا ۋارىسلىق قىلىش بىلەنلا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

ۋاكالىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش، يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۈرەش قىلىپ توختىمىغان خەلق ئاممىسى نەزەرنىڭ ۋاكالىقا ۋارىسلىق قىلىشىغا ھەم پۇقرالارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئىلكىگە ئېلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇپ نارازىلىق دولقۇنىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا باشلىغانىدا، جىن شۇرېن بۇنى يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ قول تىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يەر تۈزۈمنى ئۆزگەرتكۈسى كېلىپ قالغانلىقى ھەرگىزمۇ پۇقراپەرۋەرلىكىدىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ ھەل

قىلالمايۋاتقان ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسنى ۋاڭنىڭ ئالىدىغان باجلىرىنى ئۆز قولىغا تارتىۋېلىش يولى بىلەن پەسەيتمەكچى ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، كونا يۇرتى گەنسۇدىن "يۇرتداش"لىرىنى يۆتكەپ ئاچىقىپ، ئۇلارنىمۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىغا تەۋە يەرلەرنى تېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەر بېجىنى كۆپەيتمەكچى ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ھەم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭ تەرىپىدىن سېلىنغان بويۇنتۇرۇقىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقى بىلەن يەرلىك پۇقرالار ئارىسىدا "شەپقەتچى" نامىنى ئېلىپ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى بېسىش، ھەم گەنسۇلۇق "يۇرتداش"لىرىغا "شاپائەتچى" بولۇپ شۆھرەت تېپىش، ھەم بېشىنى قاتتىق ئاغرىتىۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە "غەللىسى"نى تولدۇرۇش چوتىنى سوققانىدى.

جىن شۇرېن بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال نەزەرنى يۆگەنلەپ قويۇش قارارىغا كېلىپ ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، قۇمۇلغا قايتقىلى قويماي ئۈرۈمچىدە تۇرغۇزۇۋالغان. ئاندىن 1931-يىلى 1-ئايدا قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، بارىكۆل ناھىيىسى قۇرۇلغانلىقىنى (ياڭ زېڭشىن 1923-يىلى 4-ئايدا قۇمۇل ناھىيىسى تەسىس قىلىپ ئۈرۈمچى دوتىيىگە تەۋە قىلغان. ئەمما، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاڭ ئوردىسىغا قارايدىغان يەرلەردىن يەر بېجى ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇنداقلا ۋاڭ ئوردىسى تەۋەلىكىدىكى دائىرىدە بوز يەر ئېچىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرالمايتتى)، بۇ ناھىيىدىكى يەرلەردىن يەر بېجى ئېلىش ۋە بوز يەر ئېچىش چارىلىرىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەيئەت ئەۋەتكەن.

چىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ يەر بېجى ۋە بوز يەر ئېچىش چارىلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئۆلكە يېرىنى تېرىشنى خالىسا، داۋاملىق تېرىسا بولىدۇ. ئەمما يەر خېتى ئېلىشى كېرەك، باجىنىمۇ شۇ يىلدىن باشلاپ تۆلەيدۇ. ۋاڭ ئوردىسىغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىش تۈزۈمى شۇندىن باشلاپ بىكار قىلىنىدۇ؛ ئۇيغۇرلار داۋاملىق تېرىشنى خالىمايدىغان يەرلەر ۋە بوز يەرلەر بىردەك بوز يەر ھېسابلىنىپ يېڭى پۇقرالارنىڭ تېرىشىغا بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

شۇ چاغدا گەنسۇدىن چىققان 90 دىن ئارتۇق خەنزۇ توخۇلا يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھۆكۈمەت ئۇلارغا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، كالا، تېرىشقا ئۇرۇقلۇق بېرىشتىن تاشقىرى، ئىككى يىللىق باجىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن. ئۇلارغا تەقسىملەپ بەرگەن يەرلەر بوز يەر دېگەن نام بىلەن خەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچاندىن بېرى تېرىلىپ كەلگەن ئەڭ مۇنبەت، ئۆلكە يەرلىرىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن. بۇ ھال نەچچە ئەۋلادتىن تارتىپ يەرگە ئىنتىزار بولۇپ ئۆتكەن، شۇنىڭ بەدىلىگە قان بەرگەن، جان بەرگەن يەرلىك دېھقانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇيغۇر دېھقانلار ئۆزگەرتىلگەن يەر تۈزۈمىنىڭ ئۆزلىرى كۈتكەندەك ئەمەسلىكىنى دەرھال ھېس قىلغان.

ناچار يەرلەرگە ئىگە بولۇپ قالغان دېھقانلار بۇنىڭغىمۇ رازى بولۇپ، ”بوپتۇ“ دېگەنۇ، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ”خېمىرتۇرۇچى“ يوقلۇقىنى، شۇ يىللا ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن باجنى تۆلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەر بېجىنى كېچىكتۈرۈپرەك ئېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بۇنداق تەلەپلەرنى قاپتىلىغا ئېلىپمۇ قويمىغان. بۇ دېھقانلارنىڭ

تېخىمۇ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

يەنە بىر جەھەتتىن، شۇ يىللاردا شىڭشىڭشىيا، ئارتام، قاراـمۇقچى، ئەركۈك، تاشۋىلىق، شوپۇل قاتارلىق جايلاردا ھۆكۈمەت توختاتقان ھەربىي قوشۇنلار يەرلىك ئاھالىگە ئۆزى خالىغانچە ئالۋان سېلىپ، ھاشار تۇتۇپ، بوزەك ئېتىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغاچ، يەرلىك ئاھالە ئۇلارنى چاينۋەتكۇدەك يامان كۆرۈپ يۈرگەن. دەل مۇشۇنداق چاغدا شوپۇلدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ جاڭ فامىلىلىك ھېلىقى ليەنجاڭى كۆزى چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر قىزىنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن.

بۇ 1931 ـ يىلى 2 ـ ئاي ۋاقتى بولۇپ، جاڭ ليەنجاڭ ئۇيغۇر قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا ئاھالە "دەرھال ماقۇل بولغان". ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە كۈچۈرۈپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغان. جاڭ ليەنجاڭ ماقۇل بولغان. توي كۈنى "قىز" ۋە "يەڭگە" بولۇپ ياسانغان قوزغىلاڭچىلار، "سازەندە"، "ئۇسسۇلچى" قوزغىلاڭـچىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن شوپۇلدىكى بىر لىيەن ئەسكەرنى لىيەنجىڭىدىن تارتىپ ئاشپەزىگىچە (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋاشراق ئىككى ئەسكەرگە تەگمىگەن) پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قورال-لىرى بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرغان. بۇ ۋەقەگە ئەقىللىق سالى دورغا باشچىلىق قىلغان.

ۋەقەدىن كېيىن ئاراتۇرۇك، تۇركۆل، تاشۋىلىق قاتارلىق جايلاردىكى خەلقمۇ كەينى-كەينىدىن قوزغىلىپ، شۇ جايدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەن ۋە "ئىش تېرىغۇچىلار" شەرقىي تاغ ئېتىكىگە يىغىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئەسلىدە ۋاڭ ئوردىسى بۇرۇن كەنت باشلىقى دەپ تەيىنلىگەن

ئابدۇرەھىم، سوپۇر، پالنىياز، ئابدۇنىياز، مىتىپ قاتارلىق كىشىلەر شۇ يىلى 7 ـ ئايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولۇپ پۇتۇشۇۋالغان. ئۇلار جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ يەر بېجى تۈزۈمىگە بولغان ئاممىۋى نارازىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىپ ۋاقىتلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. شوپۇل ۋەقەسى ئۇلارنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئىش باشلىشىغا تۈرتكە بولغان. قوزغالغان خەلق ناھايىتى تېز پۇرسەتتە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇرغۇزۇلغان جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئەپچىللىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتقان، ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەن. مۇشۇ بىر قاتار غەلىبىلىك جەڭلەرنى سالى دورغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە قوماندانلىق قىلغان (كېيىنكى يىللاردا بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسلىدە قۇمۇل قوزغىلىڭىنى ھەممىدىن بۇرۇن قوزغىغان، بىر قاتار غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلغان، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قۇمۇلدىكى تارقاق ئەسكىرىي كۈچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇن ـ تىنسىز، ئەپچىللىك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قوراللاندۇرغان كىشى دەل مۇشۇ سالى دورغا ئىدى. مېنىڭ ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن شوپۇل يېزىسىنىڭ، بەزى ئېيتىلىشلاردا توخۇلا يېزىسىنىڭ دورغىسى ئىكەندۇق).

قۇمۇلنىڭ شەرقىي تاغ تەرەپلىرىدە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ جىن شۇرېننىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز چوقماق تەگكەندەك تەسىر قىلغان. ئۇ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق شىسىنىڭ شىجاڭى لىيۇ شىزېڭغا ئەسكەر چىقىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق بەرگەن. لىيۇ شىجاڭ خېلى

ئەستايىدىل تەييارلىنىپ بېسىقتۇرۇشقا ئاتلانغان بولسىمۇ تاش-ۋىلقتا
قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان. ليۇ شىزېڭ ئىككىنچى قېتىم يەنە قوشۇن
تارتقاندا ئىككى تەرەپتىن — ئالدى-كەينىدىن تەڭ زەربىگە ئۇچراپ
بىر يىلڭ ئەسكىرىنىڭ بىرسى قالماي يوقىتىلغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا
ئالدى تەرەپتىن زەربە بەرگىنى سالى دورغىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى،
ئارقا تەرەپتىن زەربە بەرگىنى خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى
بولغان. ئەسلىدە بۇ ئىككىيلەن ئىشتىن ئاۋۋال مەسلىھەتنى بىر
قىلىپ، تۇن قاراڭغۇسىدا، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كۆشۈتى تېغىنىڭ
جىلغىسىغا كىرگەن ھامان ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇم قىلماقچى
بولۇشقان.

مانا شۇندىن تارتىپ خوجانىياز ھاجىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىغا
چىققان ۋە تېز تارىلىپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭ بىلەن ئاجرالماس بىر
گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

خوجانىياز ھاجىنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەرنى
ئاڭلىدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپرەك تەكرارلىنىدىغىنى ئۇ 1889-
يىلى ئۈچ ئەۋلادى قۇللۇقتا ئۆتكەن، كېيىن قۇللارغا دورغا بولغان
ئىمىننىياز دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە، قۇمۇلنىڭ تاراتۇ دېگەن
تاغلىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنى
قۇمۇلغا ئەۋەتىپ مەدرىسكە ئوقۇشقا بەرگەن. بۇ مەدرىستە ئۇ
شامەخسۇت ۋاڭنىڭ كىچىك ئوغلى بېشىر بىلەن بىللە ئوقۇغان.
خوجانىياز 17 ياشقا كىرىشكىلا دادىسى ئۇنىڭ قۇللار تىزىملىكىگە كىرىپ
قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆيلەپلا بېشىنى بۆلەك قىلىپ قويغان.
1907-يىلى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شىڭشىڭشيادىكى چېرىكلەرگە ئوتتۇن،
سامان توشۇش ئالۋىنى كەلگەندە ئۇ نائىلاج بېرىشقا مەجبۇر

بولغان. بىراق قايتىشىدا جۇدۇن بولۇپ كېتىپ ھەمراھلىرى ئۆلۈپ، ئۈچ كىشىلا ھايات قالغان. ئۇلار ئاچچىقسۇ دېگەن چىرىك ئۆتەڭگە كەلگەندە، ئۆتەڭدىكى چىرىك ئەمەلدار گەنسۇدىن چىققان 20 چىرىكنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكىنى، تىزىملىك بويىچە ئۇلاردا ئىككى جىڭ ئەپيۈن، 50 سەر كۈمۈش بولۇشى كېرەكلىكىنى، لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ ئۈچەيلەننى ئاختۇرغان. باشقا ئىككىيلەندىن مىس يارماقلا چىققان، خوجانىيازدىن بولسا يارماقلار بىلەن يەنە دادىسى بەرگەن بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىمۇ چىققان. چىرىكلەر ئۇنى ئېپقېلىپ، ئىككى ھەمراھىنى قويۇۋەتكەن.

چىرىكلەر خوجانىيازنى بىر ئايغىچە ئېغىر ئەمگەككە سالغان ۋە چىرىكلەرنىڭ يېنىدىن يوقالغان نەرسىلەرنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ قىستاۋەرگەن. كېيىن قۇمۇل تەرەپتىن كېلىپ بۇ چازىغا چۈشكەن ھارۋىكەشلەر قۇمۇلدا شامەخسۇت ۋاڭغا قارشى ئىش تېرىلغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. خوجانىياز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كېچىسى ھارۋىكەشلەرنىڭ بىر ئېتىنى مىنىپ ئۆزى پۇختا بىلىدىغان "ئوغرى يول"لار بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان. بۇ مەشھۇر "توربېقلار يىغىلىقى" ئىدى.

قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرگەندە خوجانىيازنىڭمۇ ئىسمى مەلۇم قىلىندۇ ۋە ئۇنىڭ تاراتقۇغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. ئەمما، ئۇنى تۇتالمايدۇ-دە، ئورنىغا دادىسى ئىمىننىيازنى زىندانغا تاشلايدۇ.

شامەخسۇت ۋاڭ ئۇنى نەدىن بولسىمۇ تۇتۇش نىيىتىدىن يانماي

مۇنداق مەزمۇنـدا ئېـلان چىقىرـدۇ: شارلاتاراتۇ تېغىلىق ئىمىنىياز قۇلنىڭ ئوغلى خوجانىياز شىڭشىڭشـىيا يولىدىكى ئاچچىقسۇ ئۆتىڭدە خانلىقنىڭ ئىككى جىڭ ئەپيۇن، 50 سەر تەڭگە، بىر ئات، بىر جۇۋا قاتارلىق مال ـ مۈلكىنى ئوغرىـلاپ قورايغا قېچىپ كېلىپ، تورپاقلار توپىلىڭغا قاتناشـقان. ئۇنىڭ بويـى پاكار، يۈزى يۇملاق، كۆزى دۈگىـلەك، قىـىشى قويۇق قارا ئادەم. ئۇنىڭ نەدىـلىكىـنى مەلۇم قىلغۇچىلارغا ئۈچ يامبۇ ياكى ئۈچ ئات، تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ئون ئىككى يامبۇ ياكى ئون ئىككى ئات شاڭ بېرىلىدۇ...

ئېلاندىن خەۋەر تاپقان خوجانىيازنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇرپانغا يولغا سېلىـپ قويىـدۇ. ئۇ ئىسمىنى ئىـسهاق دەپ ئۆزگەرتىـپ، تۇرپان ئاسـتانە مەدرىـسىسـدە ئوقۇش باھانىـسى بىلەن يوشۇرۇنۇۋالـدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۇ كېيىنكى سەپداشلىرى مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن تونۇشۇپ بىللە ئوقۇيدۇ.

شامەخسـۇت ۋاڭـىنىڭ ئۇنى تۇتۇش توغرىـسىدىكى ئېـلانى ۋە پايلاقچىلىرى تۇرپانغىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئانىسـىنىڭ ئورۇنلاشتۇ- رۇشى، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتلەرنىڭ يار ـ يۆلەك بولۇشى بىلەن ھەجـگە بېرىـش ئۈچـۈن ئاتلانغانـلارغا قوشۇلۇپ مەككىـگە كېتىدۇ. ھەجدىن كېيىن قايتىپ كېلىشكە خىراجىتى بولمىغانلىقتىن، شۇ يەردىكى بىر باينىڭ خىزمىتىنى قىلىپ پۇل توپلاپ، 1912 ـ يىلى- نىڭ بېشىدا قۇمۇلغا قايتىـپ كېلـدۇ. ئۇنىڭ قايتىپ كېلىـشى دەل قۇمۇل ۋاڭـىنىڭ يـۈەن داخـۇەنىڭ تاپشۇرۇقـىغا ئاساسەن چـىرىك ئالۋىنى چاچقان، تۆمۈر خەلىپە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتقا توغرا كېـلىدۇ. خوجانىياز ھاجى ئۈچۈن كونا- يېڭى ئۆچمەنـلىكىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەتمۇ، ئۆزىنى شامەخسۇت-

نىڭ تەقىبىدىن ساقلايدىغان سورۇنمۇ پەقەت قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى-
نىڭ ئىچى ئىدى. ئۇ ھايالسىز تۆمۈر خەلپىگە قوشۇلدۇ ۋە
بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە باتۇرلۇقى، ئەپچىللىكى، چېچەنلىكى بىلەن
تۆمۈر خەلپىنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭمۇ ھۆرمىتىنى
قولغا كەلتۈرىدۇ. بارا- بارا ئۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ يېقىن مەسلىھەتـ
چىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تۆمۈر خەلپە "قاپقانغا دەسسەپ"، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندا،
خوجانىياز ھاجى ئۇرۇمچىگە بارماي قېپقالغان بىر بۆلۈك قوزغىلاڭـ
چىلار بىلەن قۇمۇل يېزىلىرىدا قالغان، شامەخسۇتنىڭ قوزغىلاڭچىـ
لاردىن ئۆچ ئېلىشى باشلانغاندا، ئۇ بۇ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى
ئەگەشتۈرۈپ تاغقا چىقىپ كەتكەن. تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن
شامەخسۇت بۆرە تېرىسىنى رەسمىي كىيىپ ھەممە يېزا، تاغلارغا
ئەسكەر چىقىرىپ "تازىلاش" ئېلىپ بارغاندا، ئۇ بىرمەزگىل ئۇرۇشنى
داۋاملاشتۇرغان. لېكىن، قوشۇندىكىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى تۆۋەنـ
لەپ، قورال، ئوق- دورا تۈگەپ، ئادەم سانى بارغانسېرى ئازلاپ
كەتكەنلىكتىن، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى
ھېس قىلىپ، قېپقالغان قوشۇنلارنى تارقىتىۋېتىپ ئۆزى يالغۇز
قالغان.

شامەخسۇت ۋاڭ بۇ قېتىم خوجانىياز ھاجىنىڭ "بىر قوشۇق
قېنىنى ئىچىش"كە ھەممە تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالغان. خوجانىياز ھاجى
ئۇچۇن چەتلەرگە كېتىشتىن باشقا چارە قالمىغان. ئۇ بارىكۆل ئارـ
قىلىق ئالتاي تەرەپلەرگە كېتىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، بىر قونالغۇدا
ئېتىنى ھەمراھى بولغان قازاق يىگىتى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكتىن،
يولىنى داۋام قىلدۇرالماي شۇ يەردىكى بىرقازاق بايىنىڭ چارۋىلىرىنى

بېقسپ بىر يىلنى ئۆتكۈزگەن.
شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى قازاق ئاۋۇللىرىغىمۇ يېتىپ كەلگەندە، ئىسمىنى ئىسھاقتا ئۆزگەرتىۋالغان خوجانىياز ھاجى گۇمان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئۇ سەزگۈرلۈك بىلەن بىر كېچىسى باينىڭ ئېتىنى مىنىپ قېچىپ، چۆچەككە كەتكەن. يولدا ئېتى ئۆلۈپ قالغانلىقتىن، پىيادە يول يۈرۈپ، مامۇت باي ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر چارۋىدارنىڭ ئۆيى ئالدىغا ئاران بارالىغان. ئۇ بۇ يەردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىسمىنى "قامزا"، مىللىتىنى قازاق دەپ تونۇشتۇرغان. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قازاقلار ئىچىدە تۇرغان خوجانىياز ھاجىنىڭ گەپ ـ سۆزى، مىجەزىدىكى "قازاقچە" ئالامەتلەردىن مامۇت باي گۇمانلانمىغان ۋە ئۇنى چارۋىلىرىنى بېقىشقا سالغان.
شامەخسۇت ۋاڭ ھەممە تەرەپلەرگە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خوجانىياز ھاجىنىڭ چۆچەكتە بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن. خوجانىياز ھاجى قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ چۆچەككە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى سېزىۋېلىپ، ئۇلار ھەرىكەتلىنىپ بولغۇچە روسىيىگە چىقىپ كەتكەن.
ئۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يەركەت (ياركەنت) دېگەن جايدا تۇرغان. شۇ يەردىمۇ بايلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىش، ئوۋ ئوۋلاپ تۇتقان نەرسىلىرىنى سېتىش ئارقىلىق كۈن كەچۈرگەن ۋە بىرقانچە چوڭ رايون مەركەزلىرىگە، بەزى شەھەرلەرگە بارغان. سودا ئىشى بىلەن كەلگەن تۇرپاندىكى كونا ساۋاقداشلىرى ئاكا ـ ئۇكا مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتىلەر بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن شەمەي، زايسان، توقماق، قاراقول

قاتارلىق جايلارغا بېرىپ شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بىلەن تونۇشقان. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان.

1923 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشى بىلەن، ئۇ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ۋەلى بايغا ئەگىشىپ ئىلىغا كەلگەن، بىرمەزگىل ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇرغان. 1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تاراتۇغا مەخپىي بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان.

شامەخسۇت ئۆلۈپ، ئورنىغا ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغان نەزەر بۇزۇق، چىرىكلىكى سەۋەبىدىن خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ۋە جىن شۇرېن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىۋېلىپ قۇمۇلغا قايتۇرمىغانىدى. يولۋاس دېگەن بىرسى (بۇ ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىدە ئۇيغۇر يىگىتنىڭ يىگىتجاڭى بولغانىدى) پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ، شامەخسۇتنىڭ نەۋرىسى بېشىرنى ۋاڭلىق تەختىگە چىقىرىپ، ئۆزى ئوردا بېگى بولىۋالدى. بۇ چاغلاردا قۇمۇل خەلقىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى ۋاڭغا ئەمەس، جىن شۇرېنغا قارىتىلغان ئۆچلۈك ۋە قارشىلىق بىلەن تولغانىدى. ۋاڭ ئوردىسىمۇ خەلقنىڭ بۇ كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېننىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش، ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش كويىدا ئىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت تەقەززالىقىدا، ۋاڭ ئوردىسى خەلققە قارىتىلغان زۇلۇمىنى پەسەيتىپ، پۇقرالارنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە رام قىلىش ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى. شۇ سەۋەب-تىنمۇ، ياكى بېشىر دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىنمۇ، ياكى كىچىك چېغىدىكى ساۋاقداشلىقى يۈزىسىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، خوجا نىياز ھاجىنى تۇتۇش ـ پۇتۇش ھەققىدە گەپ تەشمىگەن (بەلكىم

ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيىسى يۇقىرىقى ئۈچ ئامىلىنىڭ بىرلەشمىسىدىن بولغاندۇ)، ئەكسىچە، تاغدىكى ئۇۋۇچىلارغا مىلتىق تارقىتىپ، بىر مىلتىق ئۈچۈن ئىككى بۇغا مۈڭگۈزى ئالىۋان سالغاندا، تاراتۇدىن كەلگەن ئالتە بۇغا مۈڭگۈزىنى ئالاھىدە سۈرۈشتۈرۈپ، خوجانىياز ھاجىنىڭ تاپشۇرغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ۋاڭ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلغان.

ئېھتىيات يۈزىسىدىن خوجانىياز ھاجى ئىككى قېتىملىق تەكلىپكە ئۆزرە ئېيتىپ ۋە باھانە كۆرسىتىپ بارمىغان. بېشىر ۋاڭ ئۈچىنچى قېتىم ئوردا بەگلىرىدىن يۈسۈپ ئىسمىلىك بىرىسىنى ئالاھىدە ئەۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئوردىغا كەلگەن.

ئۇنىڭ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن بېشىر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ھەر خىل پاراڭلار بار. ئومۇمەن، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بېشىر ئوردىسىدا مەرگەنلەرنى ئۆگەتكۈچى ۋە ئوردا مۇھاپىزەتچى قىسمىدا ئەمەلدار بولغان. ئۇنىڭ بۇ ئىجتىمائىي، ھەربىي ئەمەلدارلىق ئورنى قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇنى يېتەكچى دەپ تونۇشىدا مەلۇم نوپۇز رولىنى ئوينىغان.

ئۇنىڭ بىر رايوندا كۆتۈرۈلگەن قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى باسقۇچىغا بارغاندا يېتەكچى دەپ تونۇلۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل، تەشكىلاتچىلىق ۋە جەڭ ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ماھىرلىق ئىدى. خوجانىياز ھاجى ئەمەلىي ئىشتا بۇ شەرتلەرنىڭ ئۆزىدە يېتىلىكىنى كۆرسەتتى.

1931 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ھۆكۈمەت ئارمىيىسى قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇرۇش يولىدا خېلى غەيرەت قىلىپ باققان

بولسمۇ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەتۇرىچە، ئۆزىنىڭ خىل قوشۇنلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، خوجانىياز ھاجىنىڭ ئابرويى جەڭ قىلغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ، قوزغىلاڭچىلار ئىگەللە- ۋالغان تاغلىق رايون قۇمۇل خەلقىنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىۋاتقان ماگنىتقا ئايلانغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا جىن شۇرېن ھىيلە ئىشلىتىپ، خوجانىياز ھاجىنى "كۆندۈرۈپ" ئەل قىلماقچى بولغان. ئۇ قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جۇلى، دىنىي مۆتىۋەرلەردىن سەدەنشا ئاخۇنۇم ۋە يارى دورغا قاتارلىقلارنى خوجانىياز ھاجى بىلەن سۆھ- بەت ئۆتكۈزۈشكە تاغقا چىقارغان. ئۇلار جىن شۇرېننىڭ تۆۋەندىكى ۋەدىسىنى يەتكۈزگەن: ئەگەر قوزغىلاڭچىلار قورالنى تاپشۇرىدىغانلا بولسا، ھۆكۈمەت ئۆتكەن ئىشلارنى تەگمەيدۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپىگە ئەھۋالغا قاراپ ماقۇل بولىدۇ.

خوجانىياز ھاجى "تورپاق يېغىلىقى"، تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىغا بىۋاستە قاتناشقان، ھەر ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭدىن كېيىن بېرىل- گەن "سۈرۈشتۈرمەسلىك"، "تەگمەسلىك"، "تەلەپكە ماقۇل بولۇش" دېگەندەك ۋەدىلەرنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ تەمىنى تويغۇدەك تېتىغان ئادەم بولغانلىقتىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن مۇرەسسەلىشىش توغۇل، سۆھبەتلىشىشكىمۇ رايى يوق كىشى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەتراپى- دىكى قوزغىلاڭ يېتەكچىلىرى ئىچىدە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دورغىلار كۆپ ئىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن- دىن كېيىن ۋاقىتلىق تۈزۈمگىمۇ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگىمۇ تەڭ قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر بىلەن، پەقەت بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق تۈزۈمىني

ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ئۈچۈنلا جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچلەر ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بېشىر ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى نەزەرنىڭ كۈيئوغلى مەھبۇب ھاجىلار قوزغىلاڭنى قورال-ياراغ، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى، مۇنداق شارائىتتا، ۋاقىتلىق تۈزۈمگە زاكىسىدىن ئۆچ بولغان خوجانىياز ھاجىنىڭ، ھېلىقى كىشىلەرنىڭ (ۋاقىتلىق تۈزۈمنى تىرىلدۈرگۈچى كۈچلەرنىڭ) جىن شۇرېنىنىڭ ۋەكىللىرىگە نىسبەتەن سۈلھ-سالا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشىغا سۈكۈت قىلماي ئامالى يوق ئىدى. بۇ تەكلىپ مۇنداق بولغان: قوراللىق قارشىلىقنى توختىتىشنى تەلەپ قىلساڭلار، ئاۋۋال ۋاقىتلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇڭلار. ناھىيە تەسىس قىلىپ تەيىنلىگەن ھاكىملارنى قايتۇرۇپ كېتىڭلار. ئاندىن، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنى قۇمۇلدىن ئاچىقىپ كېتىڭلار، ئامانلىقنى ساقلاش ھەم ئىچكىرىدىن چىقىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ شىنجاڭغا چىقىلىشىنى توسۇشنى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرۇڭلار.

جىن شۇرېن بۇ شەرتلەرگە جاۋابەن خوجانىياز ھاجىغا: "ھەرقانداق شەرت بولسا كېڭىشىشكە بولىدۇ، ئاۋۋال قوزغىلاڭچىلار قوراللىرىنى تاپشۇرۇشى شەرت" دېگەن.

سۆھبەت مەزگىلىدە، قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ شىجاڭى لىيۇ شىزېڭ قۇمۇل، بارىكۆل تەرەپلەرگە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار "سۆھبەت"كە بەنت بولۇپ تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتە باستۇرۇش ئېلىپ بارماقچى بولغان. ئەمما، خوجانىياز ھاجى بۇنداق "سۆھبەت" ۋە "سۈلھ"لەرنىڭ نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى بۇرۇن ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكتىن، ئەقىللىقلىق بىلەن ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ

قويغاچقا، يەنىلا ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى زور تالاپەت بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان.

جىن شۇرېن قۇمۇلدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن چاتاققا ئايلانغانلىقىنى سېزىپ، لىۋ شىزېڭنى ئىقتىدارسىزلىقتا ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ قۇدىسى جۇ رۇيشىنى شىجاڭ ۋە سادىق مۇرىتى شېيۇڭ فايۇنى لۈيجاڭلىققا تەيىنلەپ خوجانىياز ھاجىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇلارمۇ كەينى-كەينىدىن زەربە يەپ، بىر تەرەپتىن جىن شۇرېننىڭ تۆپىلەپ ھەربىي ياردەم ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سوپى ھاجى قاتارلىقلارنى تاغقا ئەۋەتكەن.

مۇشۇ چاغلاردا باركۆل قازاقلىرىمۇ خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقىمۇئارقا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، قۇمۇل بىلەن يەتتەقۇدۇق ئارىلىقىدىكى سومقاغا، ئاستانە قاتارلىق جايلار قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان، قۇمۇل بىلەن چىتەي، تۇرپان ئارىلىقىدىكى قاتناش لىنىيىسى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالغانىدى. خوجانىياز ھاجىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ئارىپ باشچىلىقىدىكى باركۆل قازاقلىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ھەربىي جەھەتتە ئۇدا غەلىبە قىلىش ۋەزىيىتىنى ياراتقانىدى.

خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدا زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى ئومۇمىي خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكتىن، ناھايىتى تېزلىكتە شەرقىي شىنجاڭ، ئاندىن

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە گويا ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك قوراللىق قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلۈپ جىن شۇرېننىڭ زالىم، ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشكە باشلىدى. قۇمۇل قوزغىلىڭى بىر رايون خاراكتېرىدىكى قوزغىلاڭدىن پۈتۈن ئۆلكە مىقياسىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچى مەركىزىگە، خوجانىياز ھاجىمۇ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشچىلىقىدىن پۈتۈن شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەنىۋى رەھبىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە سەۋەبلىرى ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ ناھايىتى تېز غەلىبە قازانغانلىقى جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىنىپ، ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنى ئۆز ئارزۇسىغا بېقىندۇرماقچى بولۇشىدەك ھالەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. كېيىنكى ئىشلارنى بايان قىلىشتا دۇچ كېلىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن، بۇ يەردە ئىككى ئادەم توغرىسىدا سۆزلىگەچ كېتەي. ئۇنىڭ بىرسى يولۋاس، يەنە بىرسى ماجۇڭيىڭ بولۇپ، بۇ ئىككىسى قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ نەپ ئالغۇچى، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى ۋە ئاخىردا مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەب بولغۇچى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىختا قالدى.

يولۋاسنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم: بىر خىل ئېيتىشلاردا ئۇ خەنزۇ بولۇپ ناھايىتى كىچىك چېغىدا ئاتا ـ ئانىسى شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىپ، تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ساتقانىكەن. يەنە بىر ئېيتىشلاردا ئۇ زو زوڭتاڭ

ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭغا چىققان بىر كونا چېرىكنىڭ قەشقەردە تۇرۇپ قېلىشى، يەرلىك ئۇيغۇر ئايالغا ئۆيلىنىشى بىلەن تۇغۇلغان ئارىلاشما قانلىق شالغۇت بولۇپ، تۇغما تاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا چېرىكلەر مۇھىتىدا ئۆسكەچ ئۆكتەم، كەپسىز ئىكەن. كېيىن قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ قېلىپ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. ھىيلە-مىكىرگە ئۇستا بولغانلىقتىن، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بىلەن ئوردا دورغىلىرى قاتارىغا ئۆتكەن، شامەخسۇت بىلەن بېيجىڭغا بارغاندا ئاز-تولا چامباشچىلىق گۈمپەسىنى ئۆگەنگەن، خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن پىششىق تونۇش ئىكەن.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئۇ شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنىپ بىر يىلڭ (باتالىئون) ئۇيغۇر، قازاق ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ يىڭجاڭى بولغان ۋە ئارىستام كەزەرمىسىدە تۇرغان. شامەخسۇت ئۆلۈپ نەزەر ۋاڭلىققا ئولتۇرغاندا ئۇ يەنىلا ئوردا دورغىسى ۋە يىڭجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋەرگەن. شوپۇلدا ۋەقە چىقىپ قورايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ھارپىسىدا ئۇ بېشىرنى ۋاڭلىققا ئولتۇرغۇزۇپ ئوردابېگى بولۇۋالغان. قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىنلا ئۇ بېشىر بىلەن بىللە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، قوزغىلاڭچىلارغا ئوق-دورا، 200 دىن ئارتۇق تاقىلانغان ئات ئەۋەتىپ ياردەم قىلغان.

خوجانىياز ھاجى تۇشمۇتۇشتىن غەلىبە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېننىڭ كۈچىنىڭ يەنىلا ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى، ۋاقىت ئۇزارسا، ئىچكى جەھەتتىكى مەلۇم سەۋەبلەر (ئۆز ئىچىدىكى تايانچلارنىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى تىكلىگۈچىلەر ئىكەنلىكى، مۇرەسسە-مادارا

قىلىشقا ھەر مىنۇت تەييار تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە باشقىلار) تۆپەيلىدىن
بەرداشلىق بېرىش قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، باش قېتىمچىلىقتا
قالغانىدى. مانا شۇنداق شارائىتتا، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ياردەم
بەرگەنلىكى ۋە پىلان كۆرسەتكەنلىكى (شىجاڭ لىيۇشىزىڭنىڭ سۆھ-
بەت ۋاقتىدا بارىكۆل، قۇمۇللارغا ئىككى تۈمەن ئەسكەر ئورۇنلاش-
تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنى قانداق قىلسا تېز يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى
يولۋاس خەت يېزىپ مەلۇم قىلغان) بىلەن مەلۇم ئابرويغا ئىگە بولغان
يولۋاس جيۇچۇەنگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، خۇيزۇ ما جۇڭيىڭنى قۇمۇلغا
ھەربىي ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسەت-
كەندە، خوجانىياز ھاجى ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنگەن.
يولۋاس ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە
ما جۇڭيىڭ بەرگەن لۈيجاڭ (بىرىگادىر)لىق ئۇنۋانى بىلەن بىرمەزگىل
كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي يۈرگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ئاللىقاچان
قوزغىلاڭچىلار سېپىدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي
بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇرۇمچىنى قامال قىلغان چاغلاردا يولۋاس
ئۇنى قوللىغان، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىگەن. شېڭ شىسەي
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ ما جۇڭيىڭغا زەربە
بەرگەن، ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقان چاغدا يولۋاسمۇ تەڭ
قاچقان. شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى تەشۋىق ۋاراقى
چېچىپ، ما جۇڭيىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ھەربىي ئەمەلدارلار-
نىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان چاغدا،
ئۇ ما جۇڭيىڭنىڭ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، توقسۇندىن
قايتىپ كەلگەن ۋە شېڭ شىسەيگە ئەل بولغانلىقىنى، شېڭ دۇبەن-
نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قۇمۇلدا تۇرغان.

شىڭ شىسەي كېيىنرەك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بەربىر قۇمۇل گارنىزون
قوماندانى مەنسىپىنى بەرگەن. بۇ ئىككى يۈزلىمچى، نەيرەڭۋاز
"سىياسەتۋاز"نىڭ قۇمۇل دېھقانلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە ياردەم
بەرگەنلىكى ۋە پىلان كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۇنىڭ
كېيىنكى ئەمەلىيىتى ئاشۇنداق ئاددىي جاۋاب بىلەنلا خۇلاسىلەپ
بېرەلەيدۇ.

ما جۇڭيىڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ما بۇيىڭ. ئۇ غەربىي
شىمالدىكى چوڭ مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى بولۇپ،
17 يېشىدىلا ئاغرىپ قالغان دادىسىنىڭ ئورنىغا يىڭجاڭ بولۇپ
"گاسىلىڭ (بالا سىلىڭ، پاكار سىلىڭ)" دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۆزىنى
"گەنسۇ ـ نىڭشىيا ياشلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى" دەپ
ئاتىۋالغان ۋە ئۆز بېشىمچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ زالىملىقتا داڭ
چىقارغان. ما بۇفاڭنىڭ دادىسى ما شۈنچېن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ
رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ نام ـ ئاتاقتا ئۆز ئوغلىدىن
ئېشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل
تۇرۇشقا ما بۇفاڭنى ئەۋەتكەن. سىياسىي، مەمۇرىي، ھەربىي تەرەپ ـ
لەردە كۈچلۈك ئاساس ۋە ھىمايىگە ئىگە بولغان ما بۇفاڭ ما جۇڭيىڭنى
نىڭشىيا، شەرقىي گەنسۇلاردا تۇرغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمەي تىنماي
تەقىب قىلغانلىقتىن، بۇ "بالا سىلىڭ" ئىلاجسىز جياڭ جيېشىنىڭ
قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ بىرمەزگىل پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولغان.
كېيىن، ئۇنىڭ قېنىغا سىڭگەن باندىتلىق، مىلىتارىستلىق مىكروبلىرى
يەنە گەنسۇغا كېلىشكە، كونا قىسىملىرىنى تېرىپ ـ توپلاپ ئۆز ئالدىغا
دائىرە ئىگەللەپ زومىگەرلىك قىلىشقا ئۈندىگەن. ئۇ خېشى قاپچىغا ـ
يىدا قايتا باش كۆتۈرۈپ، ئەمدىلەتىن چوڭراق ھەرىكەت باشلاي

دەپ تۇرۇشـغا، ما بۇفاڭ قوشۇنلىرىـنى ئىشـقا سېلىپ ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى زەربە بېرىش ۋە يوقىتىۋېتىش ھۇجۇمى قوزغىغان. تاقابىل تۇرالـمىغان ما جۇڭيىڭ ئۈچـۈن تارقىلـىپ كېتىشـتىن باشـقا يول قالمىغان.

يولۋاسنىڭ ئۇنى قۇمۇلغا تەكلىپ قىلىشى مېڭىش يولى تاپالماي-ۋاتقان بۇ چالا ئۆلۈككە جان بېغىشـلاپ "قارغۇ مۈشۈكـكە ئـۆلۈك ساچقان ئۇچرىغان"دەك يېقىپ كەتـكەن. ئۇ تەكلىپكە ئىككىلەنمەي رازىلىق بىلدۈرۈپ 600 دەك ئەسكـىرى بىلەن قۇمۇلغا ئاتلانغان ۋە ئاۋۋال بارىكۆلنى مۇداپىئە قىلـىپ تۇرۇۋاتـقان جىن شۇرېنـنىڭ بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ بىرمۇنچە يېڭى تىپتىكى مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى قولـغا چۈشـۈرگەن، ئاندىن خـوجانـىياز ھاجىـنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىـكتە قۇمۇلـغا ھـۇجۇم قىلـغان. قۇمۇلـنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم، ئاشلىق، ئوق-دورا زاپىسى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستـىگە جىـن شۇرېنـدىن ياردەم ئەۋەتىلـگەنلىك تېلېگرامـمىسى كەلگەنلىكتىن، ئەسـكەرلەر قاتتىق تۇرۇپ قارشىـلىق كۆرسەتـكەن. ما جۇڭيىڭمۇ تولا يېڭىلىپ ئاز قالغان قوشۇنلىرىنى بۇ يەردە خورىتى-ۋەتكۈسى كەلمەي، يۈكنىڭ ئېغىرىنى خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئىتـتىرىـپ قويغانلىقـتىن، قۇمۇل شەھىرىـنى ئالالمىغان. دەل شۇ پەيـتتە جىـن شۇرېنـنىڭ ياردەمـگە ئەۋەتـكەن قوشۇنلـىرى يەتـتە قۇدۇققا يېتىپ كەلگەن. ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانـىياز ھاجى ئۇلار-نىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلغان بولسـمۇ، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلى-رىنى ئاياپ كۆپرەك "ھە-ھۇ" دەپ قويۇش، ھە دەپ قورال-ياراغ يىغىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن، خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەردلىـكـكە، باتۇرلۇقـقا تايـىنـىپ قىلـغان ئۇرۇشى كـۈتـكەن

ئۈنۈمنى بەرمىگەن.

شۇ ئۇرۇشتا پۇتىغا ئوق تەگكەن ما جۇڭيىڭ داۋالىنىش ھەم يىغىۋالغان قوراللارغا لايىق ئەسكەر يىغىش، گەنسۇدىكى يۇرتىدا تايانچ بازا بەرپا قىلىش نىيىتى بىلەن شەرققە قاراپ تىكىۋەتكەن.

ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ما بۇفاڭ خېلى بۇرۇنلا جيۇچۈەندە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، جيايۈيگۈەن ئېغىزىنى قامال قىلىۋالغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ ئامالسىز ئەنشى، يۈيمېن، دۇنخۇاڭدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ما جۇڭيىڭ ما بۇفاڭنىڭ دادىسى ما شۈنچېنغا كۆپ قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، جيۇچۈەندىن بىر پارچە يەر بېرىشنى تۇغقانچىلىقنىڭ يولى ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ رەت قىلىنغان. ئاخىرى ما بۇفاڭ ئۇنىڭ بارىكۆل، يەتتە قۇدۇقتا قولغا چۈشۈرگەن ھەربىي غەنىيمەتلىرىنى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىپ جيۇچۈەنگە قايتىشقا يول قويغان. ما جۇڭيىڭ تۆت زەمبىرەك، تۆت ئېغىر ۋە ئىككى يېنىك پىلىموت، نەچچە يۈز مىلتىق، ئوق-دورا ۋە بىر قىسىم ھەربىي ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ جيۇچۈەنگە بارغان.

يولۋاس ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشتا، بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىپ، جىن شۇرېندىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ تەڭ باشقۇرۇشنى مەخپىي شەرت قىلغان. ئەمما ئۇ ھەرقانچە قۇۋ، ھىيلىگەر بولسىمۇ، ما جۇڭيىڭ ئۇنى سوغارماي ياندۇرۇپ كېلىدىغان ھىيلىگەر ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكىرىگە چېكىنىشى قوشۇننى ئاۋۇتۇش، تەربىيىلەش ۋە ئارقا سېپىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇ ما بۇفاڭنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىمۇ يادىدىن چىقارماي بىر بۆلۈك تايانچىلىرىنى قالدۇرۇپ،

پاراكەندىچىلىك سېلىش، قالايمىقانچىلىق تېرىش بىلەن شۇغۇللانغاچ تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنى شىنجاڭ ماڭا قالدىغان بولدى دەپ چۈشەنگەن يولۋاس "لۈيجاڭ"لىق سالاھىيىتى بىلەن قوزغىلاڭچىلارغا ھەم ما جۇڭيىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تايانچ كۈچلەرگە يېتەكچىلىك قىلماقچى بولدى. ئەمما، قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىمچى، نەيرەڭۋاز ئەپت-بەشىرىسىنى بىلىۋالغان-لىقتىن، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە پەخەس بولۇپ ۋە چەك قويۇپ قارار چىقاردى.

ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇرۇق تايانچىلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆردى. ما شىمىڭ قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ ما جيەنساڭ، خې فۇخەي قەشقەر تەرەپكە، ما شىشۈن (يەنە بىر ئىسمى ما خۇيىيىڭ، ئۇنى يەنە ما خېيى-يىڭ — قارا بۈركۈت ما — دەپمۇ ئاتىشىدۇ) ئالتاي، چۆچەك تەرەپكە بېرىپ كۈچ يىغىپ تۇرۇش، ما شىمىڭ، ما دېشياڭ قاتارلىق تۆتەيلەن تۇرپان، پىچاندا كۈچ يىغىپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشىدۇ.

ئەمدى يەنە خوجانىياز ھاجىغا كېلەيلى. ئۇنىڭ كۈنى شۇ چاغ-لاردا تېخىمۇ قىيىن شارائىتقا چۈشۈپ قالغان. ئۇ ۋاڭلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان بېشىر، بولۇپمۇ يولۋاسنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلماي، قوزغىلاڭدىن نەپ ئېلىش كويىدىلا يۈر-گەنلىكىنى سەمىدىن چىقارمىغان، ئۇلارغا ۋاقىتلىق يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن جىددىي پەيتتە ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈشىنىڭ تېزلىكى ئۈنى تەمتىرىتىپ قويغان. يەنىمۇ ئېغىر زەربە ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆز كۈچ-لىرىنى ساقلاپ، يەتتە قۇدۇق ئۇرۇشىدا ھەممە ئېغىرچىلىقنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇشى تۈپەيلىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى

چىقىم تارتىپ، تارتقان چىقىمىغا يارىشا تۈزۈكرەك غەنىيمەتمۇ ئالالماي (قورال-ياراغ، ئوق-دورىلارنى ئاساسەن ماجۇڭيىڭ ئەپلەپ ئېلىۋالغان)، قوراي تاغلىرىغا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاشلىق، ئوق-دورا يېتىشمەسلىكىدىن قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققان جىن شۇرېن چۆچەكتىن يۆتكەپ ۋالىيلىققا تەيىنلىگەن لى خەيرۇنى خوجانىياز ھاجىنى "كۆندۈرۈپ ئەل قىلىش"قا بۇيرۇغان. ئەمما، خوجانىياز ھاجى ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغان ۋە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى يوقاتمىغۇچە توختىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇشۇ چاغلار ئۇنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش ۋاقتىنىڭ باشلىنىشى بولغان. مەن كۆرگەن ماتېرىياللاردا خوجانىياز ھاجىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئامىل ئىككى تۈرلۈك، يەنى ئىككى خىل نۇقتىدىن مەلۇم بولىدۇ. بىر خىل ماتېرىياللاردا تاشقى موڭغۇلىيە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەكىل ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت باغلىغان، دەپ يېزىلىدۇ. يەنى، 1932-يىلى كۈزدە تاشقى موڭغۇلىيە خوجانىيازنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە لوپسىن دورجى، جامسىن دورجى ئىسىملىك ئىككى موڭغۇل بىلەن ئاباي ئىسىملىك بىر قازاقنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇ باشلىغان خەلققە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى؛ ئۇلارغا كىيىم-كېچەك، قورال-ياراغ ۋە يېمەكلىك يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى؛ مۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، جىن شۇرېن ئارمىيىسىنىڭ زۇلمىدىن ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن قىيىن شارائىتقا چۈشۈپ قالغان ئۇيغۇر، قازاق پۇقرالىرىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ، ئۇ ياقنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىرچىلىق كەلتۈرۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى؛ مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، موڭغۇلىيە

تەۋەسدە بەزى پاراكەنـدىچىلىكلەر چىقىـپ قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن ئەنـسـرەيدىـغانـلىـقىنى بىلدۈرگەن. خوجانىياز ھاجى ۋەكىللەرگە رەھـمەت ئېيتقان ۋە ياردەمـنى قوبۇل قىلىـدىغانلىقىـنى، بېرىلگەن ياردەمگە تېگىشـلىك ھەق تۆلەيدىغانلىقىنى بىلـدۈرگەن. ۋەكىللەر ھەربىي قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بېرىش شەرتنامىـسى ئىمـزالاشنى تەكلىپ قىلغاندا خوجانىياز ھاجى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىـپ ھېچقانـداق شەرتنامە، توخـتام ياكى ھۆججەت ئىمزالىمىغان.

يەنە بىر تۈرلۈك ماتېرىياللاردا مۇنـداق دېيىلـگەن: خوجانىـياز ھاجى باشچىلىقىدىـكى قوزغىلاڭچىـلار تارانتۇ تېغـىغا چېكىنگەنـدىن كېيىـن كېڭـەش چاقىـرغان. قارارغا ئاساسەن (باشـقا مەسـىلـەر ئۈستىدىمۇ مۇھاكىـمە قىلىشـقان ۋە قارار چىقىرىلغان) سالى دورغا، باقىنىياز دورغـىلارنى موڭغۇلىيىـگە ئەۋەتىپ، قورال - ياراغ سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىش مەسىلىرىنى كېڭەشكەن. ئۇلار بارغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ناھايىـتى تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇپ جامىسىن دورجى، ئاباي نىياز، قاسىم ئەپەندى، ئىسمائىل، زورىدۇن قاتارلىقلارنى ۋەكىـل قىلىپ ئەۋەتىپ دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قوللاپ، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك مەلۇماتتىن مەلۇمـكى، موڭغۇلـىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىغا ھېسداشلىق قىلغان، قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن. 1932 - يىلى قىشـتا خوجانـىياز ھاجىـنىڭ قوشۇنلىرىغا 500 قۇر جۇۋا ۋە پاختىلىق ھەربىي كىيىم، 70 تال مىلتىق، نەچچـە ئون ساندۇق ئوق ۋە ئۇن قاتارلىـق نەرسـلەرنى بەرگەن. 1933 - يىلىغىچـە، يەنى خـوجا

نىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى پىچان، گۇچېڭغا بۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇمۇمىي قىممىتى يۈز نەچچە مىڭ سەركۇمۇشكە يېتىدىغان مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، ئوق-دورا ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالار بىلەن ياردەم بەرگەن، 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشنى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن چېگرىدىن كىرگۈزگەن. خوجانىياز ھاجى ھەر قېتىم موڭغۇلىيە يەتكۈزۈپ بەرگەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدا، بەزىدە نەق ئالتۇن بەرگەن، بەزىدە قەرز-دارلىق ھۆججىتى يېزىپ بەرگەن.

موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى ئىچىدە سىياسىي خىزمەت ئىشلەشكە ئادەم ئەۋەتىپمۇ ياردەم قىلغان. بۇ ئادەملەر خوجانىياز ھاجىنىڭ ھەربىي پائالىيىتىدە كاتتا روللارنى ئوينى-يالمىغان بولسىمۇ، ئاز-تولا پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. يەنى قۇمۇل، بارىكۆل ئەتراپلىرىدا قوراللىق كۈچلەرنى كېڭەيتىپ، قازاق ئاممىسىنىڭ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. جامسىن دورجى ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چاغدا تاراتۇدا خوجانىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق بىللە تۇرغان. ئۇ قايتىش ۋاقتىدا خوجانىياز ھاجىنىڭ يېنىدا قاسىم ۋە ئاباي دېگەن ئىككى قازاقنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئاۋۋالقىسى سىياسىي خىزمەتچى، كېيىنكىسى خوجانىياز ھاجىنىڭ ياردەمچىلىكىنى ئۆتىگەن.

خوجنىياز ھاجى ئۆز ئىچىدىن چىققان بېشىر، يولۋاس قاتارلىق پۈرسەتپەرەس ئىككى يۈزلىمچىلەرنىڭ، جىن شۇرېن ئەۋەتكەن شېڭ شىسەي، ليۇ جيېسەن قاتارلىقلارنىڭ ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈچ تەرەپلەپ قىلغان ئاسىيلىقى، ھۇجۇمى ۋە تەھدىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان

ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزىنىڭ غەلىبىلىرىنىڭ نىسپىي ئىكەنلىكىنى؛
ئۇزاققىچە تاغدا يۈرۈۋېرىشنىڭ ئىستىقبالى يوقلۇقىنى ھېس قىلغان.
ئۇ قۇمۇل ئەتراپلىرىدا يۈرۈۋەرسە جانلىق كۈچلىرىنىڭ خوراپ
كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن. شۇ مەزگىللەردە يەنە تۇرپاندا قوزغىلاڭ
كۆتۈرگەنلەر ئۇنىڭ پىچان، تۇرپانغا كېلىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ
قىلغاچقا، تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ ئۇنچە قوشۇلۇپ كەتمىگىنىگە
قارىماستىن ئۇ غەربكە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغان.

تۇرپاندىكى خەلق قوزغىلىڭى 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا (11 ـ ئاي-
نىڭ ئاخىرىدا) ستىخىيىلىك ھالدا پارتلىغان. شۇ كۈنلەردە
"خوجانىياز ھاجى پىچانغىچە جەڭ قىلىپ كەپتىمىش" دېگەن خەۋەر
تارقىلىپ، ئاستانە خەلقى ئۆزلۈكىدىنلا قوزغىلىپ كەتكەن. ئاستانە-
لىق مەخسۇت مۇھىتى بىرقانچە يۇرت مۆتىۋەرىنى ئەگەشتۈرۈپ
خوجانىياز ھاجىنى قارشى ئېلىشقا پىچانغا ماڭغان. ئەمما، لۈكچۈنگە
بارغان چاغدا ئەھۋالنىڭ تارقىلىپ كەتكەن خەۋەرگە ئوخشىمايدىغان-
لىقىدىن، پىچانغا كەلگەنلەر خوجانىياز ھاجى بولماي، ما جۇڭيىڭ
قالدۇرۇپ كەتكەن ما شىمىڭنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەردىن تېرىۋالغان
20 ـ 30 دەك ئۆز بېشىمچى قارام چېرىكلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر
تاپقان. ما شىمىڭ ئەسلىدە ئاشۇ ئاز سانلىق چېرىكلىرى بىلەن پىچاننى
"ھايت ـ ھۇيت" قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپ، چوڭ ئىش تەۋرەتمەكچى
بولغان، ئەمما قولغا چۈشۈرۈش تۈگۈل قاتتىق زەربە يەپ لۈكچۈن-
نىڭ دىغاي يېزىسىغا قېچىپ كەلگەن ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشى
قېتىپ ئولتۇرغان. مەخسۇت مۇھىتى ئاستانە خەلقىنىڭ قوزغىلاڭىنى
باشلاپ قويغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنى يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ما شىمىڭنى چېرىكلىرى بىلەن ئاستانىگە

باشلاپ كەلگەن. ئۇلار قاراغوجىغا كەلگەن چاغدا، ئاستانە خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ باستۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن بىر يىلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. ئىككى تەرەپ ئېتىشىۋاتقان چاغدا ئاستانە خەلقى كالتەك، ئارا - گۈرجەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئېتىلغان ۋە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار بىرنەچچە يۈز دانە مىلتىق، ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان. مەخسۇت مۇھىتى بۇ قوراللارنى ئۇۋچىلارغا، كۈچلۈك يىگىتلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، بىردەمدىلا بىرقانچە يۈز كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىل قىلغان.

مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان ئاستانىدىكى باي، سودىگەر ئائىلىدىن بولۇپ موسۇل مۇھىتى دەپ ئاكىسى ۋە مەھمۇت مۇھىتى، گوسۇل مۇھىتى دەپ ئىنىلىرى بولغان. ئۇ 1920 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلغان، موسكۋادا تۇرغان ۋە قايتىپ كېلىپ ئاكىسى ۋە ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئانچە - مۇنچە خەلقنى ئويغىتىش، تەشكىللەش پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەتتە كىشىلىك بىر تەشكىلات يادروسىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان ھامان ئۇ خوجانىياز ھاجىغا خەت يېزىپ، قوزغىلاڭنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، خوجانىياز ھاجىغا ھەمدەم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1932 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ خوجانىياز ھاجىغا يەنە خەت يېزىپ، تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش شارائىتىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى، خوجا نىيازھاجى تۇرپانغا كەلسە قوزغىلاڭنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. "خوجانىياز ھاجى پىچانغا كەپتۇ"

دېگەن خەۋەردىن ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ۋە ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرىشىنىڭ سەۋەبى ئاشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى.

ئۇستانىدىكى قوزغىلاڭ جىن شۇرېننىڭ بىر يىڭ ئەسكىرىنىڭ يوقىتىلغانلىق خەۋىرى تارقىلىشى بىلەنلا تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرى خۇش بولۇپ كېتىپ، ئورغاق، پالتا، كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىپ ئارقا-ئارقىدىن ئاستانىغا كەلگەن. مۇھىتلارنىڭ چوڭ قورۇسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانلىق مەركىزى بولغان. قوزغىلاڭچىلار تۇرپان ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىش تەييارلىقىنى قىلغان.

شۇ چاغدا تۇرپاندا جىن شۇرېننىڭ بىر لۈي ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇنى يوقىتىش ئاسان ئەمەسلىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقاندا، گۇچېڭدىن ئەسكەر كېلىۋاتقانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغان. ئىككى بۆلەك ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىشىۋالسا كۈچى ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن قوزغىلاڭچىلار ئاۋۋال گۇچېڭدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى توسۇپ يوقاتماقچى بولۇپ كېچىلەپ ئاتلانغان. ئەمما، بۇ ئەسكەرلەر تۇرپان كونا شەھىرى (لوچېڭ)ئەتراپىغا كېلىپ قالغانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرقانچە تىرىشقىنىغا قارىماي، شەھەرگە كىرىپ جايلىشىۋالغان. بۇ 1932-يىلى 12-ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىق قوزغىلاڭچى رەھبەرلەر يىغىلىپ قالغان، ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىراۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ تۇرپان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىۋېرىشنى قارار قىلغان. ئۇلار كېچىلەپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، تاڭغا يېقىن ئۈرۈمچىدىن يەنە نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ تۇرپانغا ياردەمگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. ماشىنىڭ قورقۇپ كېتىپ توقسۇنغا چېكىنىشنى

ئەشەببۇس قىلغان. مەخسۇت مۇھىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قېنى قىزىپ تۇرغان ۋاقتىدا چېكىنىشنىڭ پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەڭ قىلىشنى قارار قىلغان. دېگەندەكلا، ھېرىپ ماغدۇرى ئۈزۈلگەن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى، قوراللىنىش ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولمىغان دۈشمەنلەر قاتتىق يېڭىلىپ، ئىككى مىڭدەك ئۆلۈك ۋە يارىدارلىرىنى تاشلاپ، 70 ـ 80 دەك ئادىمى داۋانچېڭغا قېچىپ كەتكەن. قوزغىلاڭچىلار بىرنەچچە مىڭ دانە مىلتىق، نۇرغۇن ئوق ـ دورا، ئات، ھارۋا، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئېلىپ جىمىسى قوراللىنىۋالغان.

ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۇدا غەلىبە قىلغان قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ روھلىنىپ تۇرپان شەھرىگە ھۇجۇم باشلىغان. جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولغان. لېكىن قوزغىلاڭچىلار ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇۋەتكەن. شەھەر ئىچىدىمۇ پاتىپاراقچىلىق باشلانغان. تۇرپان مۇداپىئەسىدىكى مالۇيجاڭ (ما فۇمىڭ) تەسلىم بولۇپ بىرنەچچە يۈز تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق ـ دورا ۋە بىر دانە يۈك ماشىنىسىنى تاپشۇرۇپ بەرگەن.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ھۇجۇم نىشانى پىچان بولغان. شۇ چاغدا پىچاندا جىن شۇرېننىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قېچىپ كەلگەن ئاق رۇسلاردىن تەشكىللەنگەن بىر تۈەن ئەسكەر ھەممىدىن جەڭگىۋار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرىمۇ خىل بولۇپ، زەمبىرەك، ئېغىر ـ يېنىك پىلىموت ۋە يېڭى تىپتىكى مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىدى. قوزغىلاڭ-چىلار پۇختىراق تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال تەشكىلىي جەھەتتە ئۆزىنى تەرتىپكە سالغان: مەخسۇت مۇھىتى باش قوماندان، ھەم-

دۇللا داموللا، موسۇل مۇھىتى، ئىمىنباي ھاجى باش مەسلىھەتچى، ما شىمىڭ شىجاڭ، مەھمۇت مۇھىتى لۈيجاڭ بولغان. مۇھىتىلەرنىڭ تۇرپان شەھىرىدىكى قورۇسىنى باش قوماندانلىق مەركىزى قىلغان. قوزغىلاڭچىلارنى يۇرت-يۇرتىلار بويىچە سانىغا قاراپ تۈەن، يىڭ ۋە لىيەنلەرگە ئايرىپ باشلىقلىرىنى تەيىنلىگەن.

تەشكىلىي تەييارلىقلاردىن كېيىن ئۇلار 1933-يىلى 1-ئايدا پىچانغا ھۇجۇم باشلىغان. ئۇرۇش 12 كۈن داۋاملاشقان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار پىچاننى ئالالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ما شىمىڭ بۆلۈنۈپ ئۆزىنى "36-شىنىڭ ئالدىنقى سەپ باندىتلىرىنى تازىلاش باش قوماندانى" دەۋېلىپ، تۇرپاننى بېسىپ ياتقان. گەرچە قوزغىلاڭچىلار يەتتە قۇدۇقتىن ياردەمگە كەلگەن جىن شۇرېننىڭ شيۇڭ فايۇڭ لۈيىنى يوقىتىپ پىچان مۇداپىئەسىدىكى ئاق رۇسلارنى تەمتىرەتكەن بولسىمۇ، كۆچى بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن تالاپەت ئېغىرلاشقان. ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ئەمدى ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

شيۇڭ فايۇڭ لۈيىنىڭ يوقىتىلغانلىق خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن شېڭ شىسەي باشلىغان قىسىملار قۇمۇلنى تاشلاپ پىچانغا يۈرۈش قىلغان. قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ چوڭ تالاپەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پىچان قامىلى سىپىنى تاشلاپ ئاۋۋال تۇرپانغا چېكىنگەن. چېكىنىش سەۋەبىنى بىلگەن ما شىمىڭ دەرھال يەنە قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇۋېلىپ "باش قوماندان"لىقىنى تاشلاپ "شىجاڭ"لىقىغا قايتقان. ئاندىن ئۇلار تۇرپاننى تاشلاپ توقسۇنغا چېكىنگەن.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوماندانلىق مەركىزى توقسۇندا يىغىن ئېچىپ ۋاقتىنچە بۆلۈنۈپ تۇرۇشنى مەسلىھەت قىلىشقان. مەسلىھەت بويىچە

مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ماشىڭ قاراشەھەرگە بىرىپ تۇرىدىغان، مەخسۇت مۇھىتى قۇمۇلغا بىرىپ خوجانىياز ھاجىنى باشلاپ چىقىپ، قۇمۇل ـ تۇرپان بىرلەشمە قوشۇنى تەشكىل قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن تۇرپاننى، پىچاننى تارتىۋېلىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرماقچى بولغان. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ماشىڭ قارا شەھەرگە ماڭغان. مەخسۇت مۇھىتى مەسلىھەتچى ئىمىنباي ھاجى، لۈكچۈن ۋاڭى سايىتلار بىلەن قۇمۇلغا ماڭغان.

شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا خوجانىياز ھاجى، مەخسۇت مۇھىتىلەر لۈكچۈنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار مەھمۇت مۇھىتىنى قارا شەھەردىن قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇپ خەت ئەۋەتكەنلىكتىن، ئۇنى لۈكچۈندە كۈتۈشنى قارار قىلغان. ئەمما، شېڭ شسەي بۇ ئىشنى بىلىۋالغاندىن كېيىن جىمى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پىچاندىكى ئاق رۇسلارنى سەپەرۋەر قىلىپ لۈكچۈنگە ھۇجۇم باشلىغان. قوزغىلاڭچىلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە جەڭگىۋارلىققا ئىگە دۈشمەن بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق ئېلىشقان. ئاق رۇسلار زەمبىرەكلەر بىلەن ئوققا تۇتۇپ لۈكچۈن سېپىلىنى بۇزۇپ شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن چاغدىلا قوزغىلاڭچىلار شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. ئاق رۇسلار ۋەھشىيلىك بىلەن لۈكچۈن ئاھالىسىنى قىرغىن قىلغان، ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە ئوت قويغان.

مۇشۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ چېۋەر، مەرد يولباشچىسى مەخسۇت مۇھىتى قازا تاپقان. جەڭگە قاتناشقانلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇ شەھەردىن ئوڭۇشلۇق چېكىنگەن، ئەمما، ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆزى يارىدار بولغان، ئاق رۇسلار ئۇنى ھەممە

تەرەپتىن قورشىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان. ئاق رۇسلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ لۈكچۈن، ئاستانىلاردا سازايى قىلىپ يۈرگەن.

ئامان-ئېسەن چېكىنگەن خوجانىياز ھاجى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى بىر سائەتتىن كېيىن ئاڭلىغان. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇ يىغلاپ كەتكەن ۋە ئېسەدەپ تۇرۇپ: "ھەي مەخسۇت، ھەي مەخسۇت...سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماس-مىدى؟" دەپ ھەسرەت چەككەن. دېمىسىمۇ، مەخسۇت مۇھىتى شۇ چاغدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە بىلىمى ئەڭ يۇقىرى، تەشكىلاتچىلا-لىقى ھەممىدىن كۈچلۈك، تەدبىر-چارىلىك، ئەقىللىق كىشى بولغان. ئۇ ئامىمىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا، تەشۋىقات يۈرگۈزۈشتە، رەھبەرگە خاس ئۆزىنى تۇتۇشتا، ھەر خىل تەبىقىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەشتە كەم تېپى-لىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قەيسەر ئادەم ئىكەندۇق. ئۇنىڭ ۋاپاتى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، كېيىنكى ۋەزىيەتلەر ئۈچۈنمۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭ تالاپىتى بولدى (لېكىن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئارمانىنى كېيىنچە ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتى داۋام قىلدۇردى. ئۇ ئاكىسى موسۇل مۇھىتى ۋە باشقا پىداكار دوستلىرى بىلەن بىللە خوجانىياز ھاجىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، غەلىبە بىلەن قەشقەرگىچە يېتىپ باردى ۋە دەرھال يېڭى شەھەردىكى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتتى ھەمدە ئارقىدىن كەلگەن ما جۇڭيىڭ بىلەن ئېلىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىداكارلىقى، قەھرىمانلىقى، تەجرىبىلىك ماھىر قوماندانلىقى بىلەن باشقا قوماندانلاردىن پەرق قىلاتتى، مەن قەشقەردە ئۇنىڭ تەدبىرلىك قوماندانلىقىنى كۆرۈپ

قايىل بولغانىدىم).

خوجانىياز ھاجىنىڭ بېشى قاتقان، ئۇ مەخسۇت مۇھىتىدەك بىر دوستىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، دەماللىققا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قۇمۇلغا قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولغان. شۇ ئارىدا قارا شەھەردىن مەھمۇت مۇھىتى قايتىپ كەلگەن. ئىككى كۈچ ئۇچرىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇرپانغا كىرگەن. ما شىمىڭ خوجانىياز ھاجىنىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا نارازى ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە تۇرپانغا كەلمىگەن. ئەمما، ئۇ خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتلارنىڭ تۇرپاندىن شىمالغا بۇرالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىماي، ما جيەنساڭغا تەۋە بىر قىسىم كۈچىنى قارا شەھەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىككى تۈەن ئەسكەرنى ئېلىپ، شىمالغا يۆتكەلگەن.

قۇمۇلدا قوزغالغان ۋە تۇرپاندا دەرھال ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشكەن يۇقىرىقى قوزغىلاڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا يېيىلىپ جىن شۇرېن مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ئەڭ قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن شىددەتلىك خەلق قوزغىلىڭى ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ دېھقانلار ئىنقىلابى تارىخىدا تەركىبىنىڭ ساپلىقى، ئۆزى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى، شارائىتنىڭ ئېغىرلىقى، يەككە ـ يېگانە تۇرۇپ، كۈچلۈك مەدەت يوق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، جەڭگىۋار، ھەر خىل دۈشمەنلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلىگەنلىكى، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئومۇمىيلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان پارلاق سەھىپە ياراتتى. ئۇ ئۆز كۆلىمىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھەرقانداق بىر قوزغىلاڭلاردىن كەڭلىكى، ئوخشاش مەقسەت، بىر

نىشان ئۈچۈن ئىرىشىش شوئارىنىڭ بىردەكلىكى، رەھبەرلىك قاتلى-
مىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە شەرتسىز ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەنمۇ
رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك. گەرچە
ئۇمۇ دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ جىمىكى ئاجىزلىقلىرىدىن خالىي بولالما-
غان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ شانلىق غەلىبىسىنى پۈرسەتپەرەس
سىياسىي ھايانكەشلەرگە تارتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ
ھېچكىم، ھېچقاچان، ھېچقانداق قىلىپ تارتىۋالالمايدىغان بىر
مۆجىزىلىك ھەقىقەتنى قالدۇرۇپ كەتتى. سانسىزلىغان قوزغىلاڭچى-
لارنىڭ (بىرمۇنچە رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئىسسىق قانلىرى
بەدىلىگە كەلگەن بۇ ھەقىقەت شۇكى، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن
كېيىنكى كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بەردى، خەلقنىڭ كۈچىنى نامايىش
قىلدى. شۇنداقلا خەلققە دۈشمەننىڭ كىملىكىنى، بۇ دۈشمەنگە
قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ، ئاچچىق ساۋاق
بەردى. دۈشمەنلەر بۇ قوزغىلاڭدىن قورققانىدى، كېيىن ئۇنى
قانلىق باستۇردى، يەنە شۇنداق قوزغىلاڭ چىقمىسۇن، دەپ مىنۇت-
سېكۇنت پەخەس بولۇپ، ھەرقانداق كىچىك دەرىجىدىكى پىكرەن
قوزغىلاڭنىمۇ تەقىب قىلدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار نېمىگە ئېرىشتى؟
ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرغان بولسىمۇ بىرەر دەقىقە خاتىرجەم،
بەخىرامان ياشاشتىن مەھرۇم بولۇپ دەككە-دۈككە ئىچىدە ياشىدى،
ئاخىر قوزغىلاڭچىلار ئارزۇ قىلغاندەك ئاقىۋەتكە — ئۆزۈل-كېسىل
گۇمران بولۇش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. خەلق قوزغىلاڭچىلىرى
تارىخ بەتلىرىدە، ئەۋلادلىرىنىڭ خاتىرىسىدە تۆردىن پەخرىي ئورۇن
ئېلىپ ياشىغان، رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەھۋەنلىك-
لىرى سېخىلەرچە كەچۈرۈم قىلىنىپ يەنىلا ھۆرمەتلەنگەن ۋە ئۇنتۇل-

مىغان بولسا، دۈشمەنلىرى ئاللىبۇرۇن تارىخىي چىركىن قاتارىدا ئەبەدىي لەنەتكە مەھكۇم بولدى.

قۇمۇل، تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى دولقۇنسىمان تەسىر قوزغىغاندا كۇچامۇ دەرھال ئاۋاز قوشۇپ ماسلاشقان. كۇچا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىسى تۆمۈر ئەلى بىلەن ئادىل ئەلەم ئىدى. ئادىل ئەلەمنىڭ ئىسمى ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، مېنىڭ ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ئۇ شايارلىق ئىكەن.

تۆمۈر ئەلىنى كۇچالىق دەپ ئاڭلىغانمەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ شۇ يەرنىڭ چوڭ سودىگىرى ئىكەندۇق. لېكىن كۆپىنچە ئادەملەر ئۇنى كۇچانىڭ (بەزىلەر كورلىنىڭ دەيدۇ) كارۋانبېشى دېيىشەتتى. ئۇنى ھارۋىكەش دەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. مېنىڭ شۇ چاغلاردا كۆزىتىشىمچە، كىشىلەر ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى، قانداق ئۇقەت قىلغانلىقىغا ئانچە كۆڭۈل بولۇپ كەتمەي، تېز ئارىدا خېلى زور قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى ۋە "شىجاڭ" دەپ ئاتالغانلىقىغا دىققەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ "شىجاڭ (دىۋىزىيە كوماندىرى)" ئۇنۋانى قاچان، كىم تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭ قوشۇنى قانداق شى (دىۋىزىيە)، تەركىبى قانداق ۋە قانداق سوستاۋلارغا (شتاتلارغا) بۆلۈنگەنلىكى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مېنىڭ پەرەزىمچە، ئۇ ئۆز قوشۇنىنى شى دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى "شىجاڭ" دەپ ئېلان قىلغان بولسا كېرەك. شۇ يىللاردا خەلقنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدا "شىجاڭ" دېيىلگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ خۇددى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىدا "زىخۇي — جىخۇي (قوماندان)" دېيىلگەنلەرنىڭ كۆپ بولغىنىغا ئوخشايتتى. قوزغىلاڭچىلار بەلكى "شىجاڭ"نى "باشچى"، "يېتەكچى" دەپ چۈشەنسە كېرەك.

تۆمۇر ئەلـى 1932 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۇچادا مۇۋەپپەقىيەتلىك
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ قوزغىلىڭىغا ماشىمىڭ ئەۋەتكەن ماجيەن-
ساڭ قىسمىدىكى مارىن دىگەن خۇيزۇلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر
باشلىقىمۇ ئاۋاز قوشۇپ ياردەملەشكەن (بۇمۇ كىشىلەر تىلىدا
"مازىخۇي" دەپ ئاتالغان).
تۆمۇر شىجاڭ كۇچادىن چىقىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلان-
غان. شۇ چاغدا ئاقسۇدا جىن شۇرىنغا قاراشلىق بىر تۇەن ئەسكەر بار
بولۇپ تۇەنجاڭ لۇي فارۇڭ بىلەن ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى شۇي يىشەن
قەشقەردىن ياردەم سورىغان. ئەسلىدە قەشقەردە بىر شى ئەسكەر
بولۇپ، جىن شۇرىن خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغە-
لاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىجاڭ ئى يىنيۈينى ئۇرۇمچىگە
يۆتكىگەن (ئۇ يولدا كېتىۋاتقىنىدىلا ئۆلگەن)، جىن شۇرىن تۆتىنچى
ئىنىسى جىن شۇجىنى قەشقەردىكى ئەسكەرلىرىگە شىجاڭ قىلىپ
تەيىنلەپ ئەۋەتكەنىدى. ئاقسۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جىن شۇجى
ياڭ چىڭمىڭ دىگەن تۇەنجاڭنى ياردەمگە ئەۋەتكەن. 2 ـ ئاينىڭ باش-
لىرىدا، لۇي فارۇڭ بىلەن ياڭ چىڭمىڭ ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ باي
بىلەن ئاقسۇنىڭ چېگرىسىدىكى چوڭئېرىق، سۇلۇقىيار دىگەن جايلاردا
ئايرىم ـ ئايرىم تۆمۈر ئەلىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلغان. بۇ
جەڭلەردە تۆمۈر شىجاڭ غەلىبە قىلغان. لۇي فارۇڭ بىلەن ياڭ
چىڭمىڭ ئاقسۇغا قېچىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرگەن
ۋالىي شۇي يىشەن، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى يۈەن شاۋتۇڭلار
جەنۇبقا بەدەر تىكىۋەتكەن، تۆمۈر شىجاڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلغان.
تۆمۈر شىجاڭنىڭ قەشقەرگە ئاتلانغانلىقىنى ئاڭلىغان جىن شۇجى
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ شتاب باشلىقى ليۇ دىڭ لىبى

دىڭـرۇڭـنى تۈەنـجاڭ قىلـىپ، مارالبېشىنىڭ شەرقىغە 80 كىلومېتر
كېلىدىـغان توقـقۇز ئۆتەڭ دېـگەن يەردە مۇداپىئە سېـپى قۇرۇشقا
بەلگىلىگەن. لىۇ دىڭ بۇ مۇداپىئە سېپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ياندـ
دىغان چاغدا باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. لى دىڭرۇڭنىڭ
ئەسكەرلىرى تۆمۈر شىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىپ
قاتتىق يېڭىلگەن، لى دىڭرۇڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. لى دىڭرۇڭـ
نىڭ قالدى - قاتتى ئەسكەرلىرىنى ئاقسۇدا تۆمۈر شىجاڭغا قوشۇلۇۋالـ
غان ما جيەنساڭ (بۇ ما رېننىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى باشلىقى ئىدى.
كىشىلەر ئۇنى "چولاق زىڭخۇي" دەيتتى) ئۆز قىسىملىرىغا قوشۇۋالغان.
تۆمۈر شىجاڭ قەيسەر، باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ قەھرىمانلىقى ۋە
خەلـقپەرۋەرلىـكى بىلەن ناھايىـتى تېزلا شۆھرەت تاپـقان. ئۇنىڭ
باتۇرلۇقىغا دۈشمەنـلىرىـمۇ قايىل ئىـدى. ئۇ قەشقەرگە بارغىچىلىك
بىرمۇنچە غەلىبىلىـك جەڭـلەرنى قىلـغان. كېيىن قەشقەردە ۋاپاسىز
"چولاق زىڭخۇي" (ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ھەربىي
ئەمەلدارلارنىڭ ھەممـىسى ئۆزلىـرىنى "زىڭخۇي — قوماندان" (دەپ
ئاتىـشاتتى. بۇ يەردە دېيىلگەن "مازىڭخۇي" ما جيەنساڭ قىسمىدىكى
ما رېن دېگەن ئادەمنى كۆرسەتسە كېرەك) نىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچراپ
قۇربان بولغان. ئەمما، نەپسى توختىغىچە باتۇرلۇق نامىغا نۇقسان
كەلتۈرمىگەنىدى.

30 - يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا قەشـ
قەردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان داڭلىق كىشىلەر ئىچىدە سابىت
داموللىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. بەزى ماتېرىياللار ئۇنى قوزغىـ
لاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇ خاتا. چۈنكى،
سابىت داموللا خەلق قوزغىلىڭىنىڭ تەرغىباتچىسى ياكي تەشكىلاتچىـ

لىرىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ بىرەر ئەسكىرى ياكى يوقاتقان بىرەر دۈش-
مىنىمۇ يوق ئىدى. ئەسلى ئۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن،
مۇكەممەل دىنىي بىلىم ئالغان، مۇشۇ ساھەدە بەلگىلىك تەتقىقاتلار
بىلەنمۇ شۇغۇللانغان كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىمىنى چەت
ئەلگە (ھىندىستانغا دەپ ئاڭلىغانىدىم) چىقىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاش-
تۇرغان. تەبىئىيكى، ئۇ مۇشۇ جەرياندا خەلقئارالىق پانئىسلامىزم،
پانتۈركىزم ئىدىيىسى بىلەنمۇ ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېغىر
يۇقۇملانغان. قەشقەرغە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسلام مائارىپى
بىلەن شۇغۇللىنىپ، باشلانغۇچ ئىسلام مائارىپ قوللانمىلىرىنى تۈزۈپ
تارقاتقان. ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى خەلقنى ئەبەدىي قاششاق، نادان-
لىقتا تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنىڭ ئۆچمەن-
لىكىنى قوزغىغان بولسا، كۆپ قىسىم تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەن. خەلق ئاممىسى بولسا ئۇنى "ئالىم"، "موللا
سابىت داموللام" دەپ ھۆرمەت قىلىشقان.

قەشقەردە خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى-
نىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى غۇلاپ چۈشكەن پۇرسەتتە
بىر قىسىم ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەينى
تارىخىي دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىدە
يېتىلدۈرگەن ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە
مېۋىسىگە چاڭ سېلىشقا شاپاشلاپ يۈرگەنلىرىدە سابىت داموللىنىڭ
ئابرويىنى ۋە ئىناۋىتىنى يادىغا ئالغان ۋە ئۇنى پەردە ئالدىغا ئىتتىرىپ
چىقىرىپ ئاتالمىش "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى
ھۆكۈمىتى" دېگەن كەپىنى قۇراشتۇرۇپ سابىت داموللىنى قاراڭ-
غۇ — يەنى "ھۆكۈمەت"نىڭ باش ۋەكىلى (زۇڭلى) قىلىپ تىكلى-

گەن. سابىت داموللا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پانئىسلامىزم ۋە پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ "ھۆكۈمەت" تەشكىللىگەن.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىنلا سابىت داموللىنىڭ خەلق قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئەمەس، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ۋە يوچۇق تاپسىلا بېشىنى تىقماي ئارام ئالمايدىغان جاھانگىرلارنىڭ گۇماشتىسى بولۇپ بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭ "ھۆكۈمىتى"خەلق قوزغىلىڭى بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەپ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، خەلق ئۇنىڭ "ھۆكۈمىتى"نىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن مەزكۇر "ھۆكۈمەت"نى قوللىمىدى، قارشى تۇردى ۋە خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى خوجانىياز ھاجى ئۇ "ھۆكۈمەت"نى يوقاتتى ۋە سابىت داموللىنى تۇتۇپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بەردى.

خوتەن قوزغىلىڭى 1932 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رەسمىي پارتلىغان. بۇ قوزغىلاڭنى تەشكىللىگەن ۋە باشچىلىق قىلغان كىشى مەھەممەت ئىمىن داموللا بولۇپ، ئۇنى يەنە مەمتىمىن ھەزرەت، مەمتىمىن بۇغرا دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئىلگىرىلا خوتەندىكى دىنىي مۆتىۋەر كىشىلەردىن مۇھەممەت شېرىپ مۇپتى، ئىسرائىل داموللا قاتارلىق كىشىلەر نەچچە ئونلىغان دىنىي زاتلار ۋە مۆتىۋەرلەر نامىدىن خەت يېزىپ، بۇ خەتكە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ خوجانىياز ھاجىغا ئەۋەتكەن. خەتتە قۇمۇلدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىغانلىقىغا تەبرىك ۋە ئالقىش ئوقۇلغان، خوجانىياز ھاجىنىڭ خوتەنگە تېزرەك كېلىشى تەلەپ قىلىنغان. مەمتىمىن داموللا قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، خوتەندىكى بىر قىسىم كىشىلەر قارىقاشقا ئاتلىنىپ قوزغىلاڭغا

بىۋاستە قاتناشقان. ئاشۇنداق ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقتىن قارىقاش قوزغىلىڭى تېزدىنلا پۈتكۈل خوتەن قوزغىلىڭى كۆلىمىنى ئېلىپ، ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلغان، سەپەرۋەر قىلىنغان ئاممىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان.

ئىسمى ۋە ئۇنۋانىدىنلا مەلۇمكى، مەمتىمىن داموللىمۇ سابىت دامولىلغا ئوخشاش دىنىي مۆتىۋەر زات، ئىسلام ئۆلىماسى ئىدى. ئۇ قارىقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خېلى يۇقىرى دىنىي مەلۇمات ئالغان ۋە كېيىن ئۇزاق ۋاقىت مۇدەررىس (مۇئەللىم)لىك قىلغان. دىنىي جەھەتتىكى مول بىلىمىدىن تاشقىرى، ئۇ قولىدىن كېلىشىچە يوقىرالارغا خەير ـ ساخاۋەت قىلىپ، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى ئىچىدە چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان.

مەمتىمىن داموللا باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلىڭى ئاساسەن ئىچكى ئىختىلاپلار، مەھەللىۋى داھىيلىق تالىشىش، تار شۆھرەت قوغلىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىيەلمىدى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردىن ئاساسىي يوقلۇقىنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق ياردەم ئالالمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مەغلۇپ بولۇپ، مەمتىمىن دامولla ھىندىستانغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى غۇلاپ، شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندە، ئۇ يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئالداپ ئۆزىگە تارتىشى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئىنقىلابىنى پارچىلاش، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە كەتمەن چېپىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مەركەز قىلغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە كۈچەپ قارشى تۇردى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد

بولۇش ئالدىدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ھىندىستانغا قېچىپ كېتىپ، يېڭى شىنجاڭغا، كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاخىر تۈركىيىدە ۋاپات بولۇپ، 30 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ خەلق قوزغىلىڭى رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە قەبرىسى يات ئەلدە قالغان بىردىنبىر شەخسكە ئايلىنىپ قالدى (بۇلار توغرىسىدا كېيىن يەنە توختىلىمەن).

شىنجاڭنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى تارىخىنى بايان قىلىنغان باشقا كىتاب ۋە ماقالىلەردە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ قىرغىز مىللىتىدىن چىققان خەلق قوزغىلىڭى رەھبىرى ئوسمان ئەلى. مۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال، باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئوسمان ئەلىنىڭ ئورنى ۋە پائالىيىتى دائىرە جەھەتتىن تار، ۋاقىت جەھەتتىن قىسقا بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. لېكىن، مەن 30 ـ يىللاردا شىنجاڭ ۋەقەلىرىدە داڭ چىقارغان باشقا مەشھۇر ئەربابلارنى تېخى ئۇقماي يۈرگەن ۋاقتىمدا، ئوسمان ئەلى قەلبىمدىكى ئەڭ مەشھۇر زات بولۇپ ھېسابلىناتتى. تۆۋەندە مېنىڭ بايان قىلىدىغىنىم ئوسمان ئەلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردۇر.

# ئىككىنچى باب

# قەشقەردىكى قوزغىلاڭ

قەشقەردە ئوسمان ئەلى "ئوسمان باتۇر"، "ئوسمان شىجاڭ"، "ئوسمان پاشا" قاتارلىق ناملار بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ بۇ بىرمۇنچە ھەشەمەتلىك ئۇنۋانلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن كېيىنكى گەپلەر بولۇپ، ئىلگىرى ئۇ توغرىسىدا ھېچكىم ئاڭلىمىغانىدى.

قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاتۇشتا خەلق ئارىسىدا ھەر خىل گەپلەر تاراشقا باشلىدى: قۇمۇلدا ۋاڭ غوجاملار قوزغىلاڭ قىپتۇ، ۋاڭ غوجامنىڭ دادىسى ئۆلگەن ۋاقىتتا مېنىڭ قەبرەمگە ئىككى گۈل غۇنچىسىنى تىكىپ قويۇڭلار، ئاشۇ گۈللەر ئېچىلغاندا قوزغىلىڭلار دەپتىكەنمىش، ئەمدى شۇ گۈل ئېچىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە خەق قوزغىلىپ كېتىپتۇ، قوزغىلاڭچىلار شۇڭلاشقا "گۈل ئاچىل" دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ جەڭگە كىرىدىكەن، ئۇلار بويۇنلىرىغا تۇمار ئېسىۋالىدىكەن، كاپىرلارنىڭ ئوقى تەگمەيدىكەن، ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۈنلەر قېچىپ كېتىپتۇ، قۇمۇللۇقلار قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش مىش-مىش گەپلەر. بۇنداق گەپلەر خەلق ئارىسىغا شۇنچىلىك چاپسان تارالدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا چىققان (قۇمۇلدىن كەلدىمۇ ياكى خەلق ئۆزى قوشۇۋالدىمۇ) «ئاچىل» ناخشىسى مۇنداق ئىدى:

## ئاچىل

ئاچىل، ئاچىل گۈل ئاچىل، ئاچىل،
دادەي،
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل،
كەمبەغەلگە زاغرا يوق ئاچىل، ۋاي ئاچىل،
باي غوجام قولى مايدا ئاچىل (تەكرار).

گۈللەر ئاچىلىپ قاپتۇ ئاچىل،
دادەي،
رەڭگارەڭ چىمەن ئاتىپ، ئاتىپ ئاچىل،
باي غوجاملار دۇم چۈشتى، ئاچىل، ۋاي ئاچىل،
يىگىتلەر جەڭگە چۈشتى، ئاچىل
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا ئاچىل.
. . . . . . . . . . . . . .

بۇ ناخشا يۇقىرىدىكى مىش-مىشلار بىلەن قوشۇلۇپ، گويا قەشقەر بويىچە خەلقنى قوزغىلىشقا ئاتلاندۇرىدىغان چاقىرىق رولىنى ئويىنىدى. ھەتتا بۇ ناخشىنى باللارمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى. بىز بىرنەچچىمىز بىر يەرگە توپلاشساقلا بۇ ناخشىنى ئېيتاتتۇق، يىپ ئىگىرىدىغان چاقچى ئايالارمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتاتتى، بىزنىڭ مەھەللىدە توختىغان دېگەن بىر تۇل خوتۇن بولىدىغان، چاقچى ئايالار ئايدىڭدا ئۇنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىپ چاق ئىگىرىشەتتى. چاق ئىگىرگەچ ناخشا ئېيتىش ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئادىتى ئىدى. توختىخانىنىڭ ھويلىسىدىكى ناخشا پۈتكۈل يېزىغا جاراڭلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز ناخشا ئەۋجىگە چىققان كۈنلىرى ئۇنىڭ ھويلىسىغا

بىرسىپ ناخشا ئاڭلايتتۇق. ئۇلار ئادەتتە "چاقسىم تاناپ تاشلايدۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ" دېگەنگە ئوخشىغان چاقچىلارنىڭ ناخشى-
سىدىن باشلاپ، ھەر خىل خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتىشاتتى. بۇ
كۈنلەردە "گۈل ئاچىل" ناخشىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ ھەۋەس بىلەن
ئېيتىدىغان ئەتىۋارلىق ناخشىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ياش باللارلا
ئەمەس، چوڭلارمۇ بىرسىپ ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايدىغان بولدى.
ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ باشقا ناخشىلارمۇ ئېيتىلاتتى:

ماتىتەي تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
پۇقرالارغا كۈن بەرمەي،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.

مادوتەي دېگەن كەپتۇ،
مەن زالىم ئەمەس دەپتۇ،
پۇقرالارنىڭ مېلىنى
سوردىماي سويۇپ يەپتۇ.

ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ،
خان تەختىنى چاقسىكەن.
پەھلىۋان مەردلەر چىقسىپ،
نامراتقا يول ئاچسىكەن.

بۇنداق كەينى-كەينىدىن چىقسىپ كەڭ تارالغان خەلق قوشاقلىرى
ئېزىلگەن خەلقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا قارشى قورقماس ئىرا-
دىسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، قورالىق ئىنقىلابىي
ھەرىكەت شارائىتىنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى.

بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ھۆكۈمەتمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئەسكەر تۇتۇشقا، ئالۋان-سېلىقنى كۆپەيتىشكە، ئات يىغىشقا باشلىدى. بىزنىڭ يۇرتقىمۇ ئات سېلىقى كەپتىكەن، سۇنتاغدىكى ئەمەتقۇل ھاجى دېگەن ئادەم ئېتى بارلارنى يىغىپ ئېتىنى ئالماقچى بولۇپ مېنىمۇ چاقىرىپتۇ. بىر جەدە قاشقا ئېتىم بار ئىدى، ئۇنى مىنىپ مەنمۇ باردىم، گەپكە قارىسام ئاتنى تارتىۋالىدىغان ئىش ئىكەن، ئۇ ئادەم "باشنى ساقلاش ئۈچۈن ئاتتىن كېچىش كېرەك، باشقا ئىلاج يوق" دېدى ماڭا قاراپ. ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچ تېگىدىكى سۇپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتۇق، مەن ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلاقلىق ئېتىمغا قاراپ قاتتىق ئېچىناتتىم، مەن بۇ ئاتقا بەكمۇ ئامراق ئىدىم. چۈنكى ئۇ ھەم چىرايلىق، ھەم يورغا، ھەم يۈگۈرۈك ئات بولىدىغان. بۇ يېقىندىن بېرى مەن ئۇ ئاتنى مىنىپ ئاتۇشتىكى باچاق سېيىدا بولىدىغان كۆزگى ئوغلاقلىقمۇ قاتنىشىدىغان بولغانىدىم، ئوغلاقتا مېنىڭ ئېتىم خېلى-خېلى ئاتلار-غىمۇ يول بەرمەيتتى. قاراپ ئولتۇرۇپ ئېتىمدىن زادى كېچەلمىدىم، ئاڭغىچە ھېلىقى ئادەم بىرنەچچە دورغىلار بىلەن بىزدەك ئېتى بارلارنى مەسلىھەتلىشىشكە، ئويلىشىشقا قويۇپ ئۆزى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، شۇ ۋاقىتتا ماڭا بىر غەيرەت كەلدى-دە، ئاستا چۆگىلەپ بېرىپ ئېتىمنى يەشتىم، مەن ئەمدى ئۈزەڭگىگە پۇت قويغاندا، بىرقانچە چاپارمەنلەر "ۋاي قاچتى-قاچتى" دەپ توۋلاپ قالدى، ئاڭغىچە ئاتقا مىنىپ قاچتىم، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ ئارقامغا قارىسام توت-بەش ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ، ئېتىمنى بولۇشىغا قويۇپ بەردىم، ئۇلار يېتەلمىدى. شۇ قاچقانچە تۇتۇق بەرمەي تۇغقانلىرىمنىڭكىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردۈم. ئابلا بەگ دەيدىغان ئاتۇشنىڭ

بىر زالىم بېگى بولىدىغان، ئۇ ئادەم چىقىرىپ مېنى قاتتىق ئىزدەتكىلى تۇردى، تۇتۇۋالسا ئىش چاتاق بولاتتى. شۇ كېچىسىلا مەن يۇرتتىن چىقىپ باچاك دېگەن يەردىكى هامۇت ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. ئاڭغۇچە هۆكۈمەت تەرەپ ئات تۇتىدىغان ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن بولۇپ قالدى. مەن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

شۇ كۈنلەردە — 1932 - يىلىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرى، "ئوسمان پاشا دېگەن بىر كىشى چىقىپتۇ، ئۇ دوتەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىكەن، تاغدىن يېقىندا چۈشىدىكەن، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، بىر قىلىچ بىلەن ئون ئادەمنى يىقىتىدىغان باتۇر ئىكەن، ئۇنىڭغا خىزىر يولۇقۇپتىكەن..." دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر پەيدا بولغانىدى. بىركۈنى ۋاي ئەتە كېلەر ئىمىش، دېدى، ئەتىسى ئەتىگەندە شورۇق دېگەن كەنتكە باردۇق، بۇ كەنت ئاتۇشنىڭ ئايىغىدا، تاغ باغرىدىكى بىر يېزا ئىدى، بىز بارساق، تاغ باغرىغا ئادەملەر تولۇپ كېتىپتۇ، ئاتۇشنىڭ هەممە يېرىدىن دېگۈدەك ئادەملەر شۇ يەرگە ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ. "ئەنە كەلدى، مانا كەلدى" دەپ كىشىلەر كۈنچىقىش تەرەپتىكى يولغا قارايدۇ. كىشىلەر توپى ئالدىدا ئوسمان پاشانى قارشى ئېلىشقا تەييارلانغان بىرقانچە باي-ئاخۇنلارمۇ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا كىشىلەر ئارىسىدا هۇگا-سۈرەن بولۇپ ئالتوپىلاڭ بولۇپ كەتتى. هېلىقى ئاتۇشنىڭ بېگى ئابلا بەگمۇ چىققانىكەن، خەقلەر ئۇنى ئۇرۇۋېلىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ، كېيىن بىرنەچچە باي-ئاخۇنلار كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. باش-كۆزى يېرىلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان بەگنى ئىككى ئاتلىق ئېلىپ كەتتى. كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا "كەلدى-كەلدى" دېگەن چۇقان يەنە كۆتۈرۈلدى، قارىساق يولدا

بىر ئاتلىق چاڭ چىقىرىپ چېپىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كېلىپ ئوسمان پاشانىڭ يېقىنلاشقانلىقىدىن خەۋەر بەردى، ئاڭغۇچە يىراقتىن توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاتلىقلار كۆرۈندى. مانا ئۇلار يېتىپمۇ كەلدى، ئالدىدا سەككىز ـ ئون ئاتلىق، مىلتىقلىرىنى ئىگەر ئالدىغا قويغان، بېلىگە ئوقدان باغلىغان، باشلىرىنى قىزىل ياغلىق بىلەن باغلىغان ھالدا سۈر بىلەن كېلىشەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر قارا ئارغىماققا مىنگەن قىزىل چاپان، قىزىل پەشمەت ـ شالۋۇر كىيىپ، بېلىدىكى كەمەرگە تاپانچا ئاسقان، بويىغا ئۇزۇن قىلىچ ئېسىلغان، بېشىدا يېشىل سەللە، كىچىككىنە بۇرۇتى بار، بويى ئانچە چوڭ ئەمەس بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. خەقلەر "ئوسمان پاشا كەلدى، ۋاي ئوسمان پاشا، پاشايىم ئامان بولسۇن!" دەپ ۋارقىراشتى. شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ قىياپىتىنى، خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەش بەك قىيىن. ئوسمان پاشا ئاتتىن چۈشۈپ يۇرت كاتتىلىرى بىلەن كۆرۈشتى. بىرئازدىن كېيىن بىر توپ قارشى ئالغۇچى ئاتلىقلارنىڭ باشلىشى بىلەن ئوسمان پاشا ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن باشلىرىغا ئوپئوخشاش قىزىل ياغلىق باغلىغان ھەر خىل كىيىمدىكى مىلتىقلىق بىرنەچچە يۈز ئادەم (تەخمىنەن تۆت ـ بەش يۈز بولۇشى مۇمكىن) ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنى ئاتۇشتا قونىدىكەن، دېدى، كەچ بولۇپ قالغاچقا، باشقىلىرىمىز ئۆيلىرىمىزگە تاراشتۇق.

بىزنىڭ كەنتتىن بارغان بىر توپ باللار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ قايتتۇق. بىرىمىزنى بىرىمىز تارتىشىپ، ئوسمان پاشانىڭ سۈرى، ھەيۋىتى، ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ ماڭدۇق. "يا ئەلى، دەپ جەڭگە كىرسە كاپىرلارنىڭ ئوقى ئۆتمەيدىكەن، ھەرقانداق قارا

كۆچ بۇ پاشاغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن...” دېگەن سۆزلەر تولىراق تەكرارلىناتتى. گەپ ئارىسىدا ئۆزىمىزنىڭمۇ ئەسكەر بولۇشقا قىزىقىش كەيپىياتى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بىرسى مەن ئەسكەر بولىمەن دېسە، بىرسى سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ، دەيتتى. بىرسى زالىملار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ مەيلى دېسە، بىرسى سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ قويۇپ بەرمەيدۇ، دەيتتى. ھويلىغا كىرسەم ئانام ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىكەن، ئىچىمگە پاتمىغان خۇشاللىق بىلەن كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم، ئايىغىدا ”ئانا مەنمۇ ئەسكەر بولايمۇ؟“ دېدىم ئىختىيارسىز.

— چىرايىڭدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئانام ماڭا قاراپ كۈلۈپ، — ساڭا ئەسكەرلىكنى نەدە قويۇپتۇ، تېخى كىچىك تۇرساڭ؟

— نەدە كىچىك بولىمەن. 17 ياشقا كىردىمغۇ؟ ئەسكەر بولايچۇ، ماقۇل دەڭا، ئانا!

— 17 ياشقا كىرسە چوڭ بولامدىكەن؟ خۇدايا توۋا دەپ ئىشىڭنى قىل، چوڭراق بولغاندا بىرگەپ بولار.

مەن ئانامغا يەنە گەپ ياندۇرالمىدىم، لېكىن ئويلىغانچە ئەسكەر بولۇش ئارزۇيۇم كۈچىيىۋەردى، ئاخشىمى يېتىش ئالدىدا ئانامغا يەنە ئېيتقانىدىم، ”بولدى تولا گەپ قىلماي ئۇخلا“ دېدى ئۇ. ياتتىم، لېكىن ئۇخلىيالمىدىم. ئەسكەر بولۇش، ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىرىش، مىلتىق ئېتىش...مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان خىياللار مېڭەمدىن چىقمىدى. ئوسمان پاشانىڭ، ئۇنىڭ قىزىل باشلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى زادى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەتىگەندە ئويغانسام كېچە چۈش كۆرگەنلىكىمنى بىلدىم. ئۇ بەك قىزىق، كۆڭۈللۈك چۈش ئىدى. ھازىر تەپسىلاتى يادىمدا

قالماپتۇ. ئىشقىلىپ قىلىچ كۆتۈرۈپ، مىلتىق ئېسىپ، ئات ئۈستىدە دۈشمەننى قوغلاش، سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش، سېپىلگە چىقالماي ئات بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشۈش، كېيىن سېپىلگە ئۇچۇپ چىقىش... دېگەندەك مۇشۇنداق قالايمىقان چۈشلەر ئىدى. ئويغىنىش بىلەنلا يەنە ئەسكەر بولۇش ئىشتىياقىم كۈچەيدى. لېكىن، ئانامغا ئەمدى گەپ قىلالمايتتىم. چاي ئىچكىچە قاپىقىمنى سىلىپ ئولتۇرغىنىمدىن بولسا كېرەك، ئانام:

— نېمە بالا بولدى، قاپىقىڭدىن قار يېغىپ تۇرىدىغۇ، يەنە شۇ ئەسكەرلىكمۇ؟ — دېدى.

— بارايچۇ ئانا، بىرقانچە دوستلىرىم ئەسكەر بولىدىكەن، ئۇلاردىن قالسام بولامدۇ؟

— بۇ ئىشلارغۇ داداڭنىڭ ئارزۇسى ئىدى، ئۇ رەھمەتلىك بۇگۈن ھايات بولسىغۇ، — ئانام كۆز يېشى قىلدى، — يېشىڭ يەتكەن بولسا، ئەسكەر بولساڭ داداڭنىڭ روھى خۇش بولاتتى.

— ئانا، مەن كىچىك ئەمەس، مىلتىق ئاتالايمەن، ئات چاپتۇرالايمەن، بارايچۇ زادى، رۇخسەت قىلغىنا!

— چېيىڭنى ئىچ، — دېدى ئانام ماڭا چاي قۇيۇپ قويۇپ، — ئۇ پاشالار بۇگۈن نېمە ئىش قىلىدىكەن؟

— بىلمەيمەن، قەشقەرگە باستۇرۇپ بارغىلى تەييارلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ، مەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەيمۇ؟

— بارساڭ بار، بىراق ئويلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك.

ئانامنىڭ يەنە رەت قىلماي "چېيىڭنى ئىچ، بارساڭ بار، ئويلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك" دېگەن بۇ سۆزلىرى دەرھال مەندە ئۈمىد پەيدا قىلدى. بۇنىڭدىن ئانامنىڭ قەتئىي قارشى ئەمەسلىكىنى

كۆرگىلى بولاتتى.

چايدىن كېيىن مەن ئاتلىنىپ، مەھەللىدىكى باللار بىلەن (بەزىدىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى ئېشەكلىك، كۆپچىلىكى پىيادە) تەختىيۇنگە — تاغ ئاغزى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ھەممىمىز خۇشال، خۇددى بىرىپلا ئەسكەر بولىدىغاندەك، كەنتتىكى ئادەملەرمۇ خۇشال ئىدى، ئۇلار بىزنى ئۇزاتقاندەك كۈلۈپ قارىشىدۇ. بۇ خۇشاللىقلار ئەمدى مادوتەي ئۆرۈلۈپ، يېڭى، ياخشى ھۆكۈمەت ئەتىلا قۇرۇلىدىغاندەك كەيپىياتنى كۆرستىپ تۇرىدۇ.

بىز بارساق تاغ ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپى ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، ئاتلىق، پىيادە، قالايمىقان ۋارقىرىشىپ يۈرگەن ئادەملەر، ئالدىراش شاپاشلاپ يۈرگەن مىلتىقلىق كىشىلەر، يەنە ھېلىقى بېشىغا قىزىل ياغلىق باغلىۋالغان قىرغىزلار... ئىشقىلىپ ئۇ يەر ئادەم قاينىمىغا ئايلىنىپتۇ. بىز ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ بىرئاز تاماشا قىلغاندىن كېيىن، تاغ ئاغزىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يولنىڭ تۆۋىنىدە ئۇستاچىنىڭ باش تەرىپىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردۇق. ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەسكەرگە ئېلىش، ئەسكەرگە يېزىلىش بولۇۋېتىپتۇ. ئەسكەر باشلىقى بولغان ئادەملەر بەشتىن-ئوندىن ياش باللارنى تىزىپ يولنىڭ ئۈستىدىكى بىر تاغنىڭ غارى ئالدىغا ئاپىرىدىكەن، كېيىن باشلىرىغا قىزىل ياغلىق چېگىپ قايتۇرۇپ كېلىدىكەن. ئاندىن يېڭى ئەسكەرلەر توپىغا ئەكىرىپ قاتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئەسكەرلەر قوشۇلۇپ، قوشۇننىڭ سانى كۆپەيمەكتە. ياشلار بىرىپ يېزىلىۋاتىدۇ، يېزىلغانلارنى كىشىلەر تەبرىكلەۋاتىدۇ، ھەممىدە خۇشاللىق، بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ بىز ئۈچ-تۆت

بالا مۇشۇ توغرىدا سۆزلىشەتتۇق. لېكىن بەزىلەر ئۆيىدىكى كەمبەغەللىكتىن ئەندىشە قىلسا، بەزىلەر ئاتا-ئانىسىدىن قورقاتتى، بەزىلەر ئۆلۈمدىن قورقاتتى. شۇنداق قىلىپ غەيرەت قىلالماي تۇرىمىز، مېنىڭ ھازىرلا بېرىپ يېزىلغۇم كېلىدۇ، بىراق ئانام خاپا بولۇپ قالارمىكىن، دەيمەن. شۇنداق ئوي بىلەن تۇرغانىدا، ئابدۇقادىر ھاجىم دېگەن ئادەم يېنىمغا كېلىپ: "ھاي، سەيپىدىن، نېمە قاراپ تۇرىسىز؟ ئەسكەر بولىدىغان ۋاخ بولدى، يۈرۈڭ، مەن ئوسمان پاشاغا تونۇشتۇرۇپ قوياي" دېدى. مەن: "كىچىك كېلەرمەنمىكىن، بولمىسىغۇ ئەسكەر بولغۇم بار، ئاندىن ئانام نېمە دەركىن؟" دېدىم. "كىچىك ئەمەس، ئانىڭىز نارازى بولمايدۇ، بىز سۆزلىشىمىز، يۈرۈڭ" دەپ قولۇمدىن يېتىلەپ ماڭدى ئۇ. مەن ئاتنى يېنىمدىكى بالىغا بېرىپ ئۇ ئادەمگە ئەگىشىپ ماڭدىم. بارساق ھېلىقى غارنىڭ ئالدىدا يېزىلىۋاتقان ئادەملەر جىققەن، بىز بىرئاز كۈتۈپ تۇردۇق. ئاندىن ئابدۇقادىر ھاجىم مېنى غارنىڭ ئالدىغا يېتىلەپ ئاپاردى، غارنىڭ ئىچىگە قاراپ مېنى سۈر بېسىپ كەتتى، غارنىڭ ئىچىدە بىر تاشتا ئوسمان پاشا ئولتۇرۇپتۇ، يەنە تونۇغۇنكى كىيىمدە: قىزىل پەشمەت، يېشىل سەللە. بۇ تۇرقىدا ئۇ ماڭا يالغۇز پاشالا بولماي، بىر چوڭ ئىشاندەك كۆرۈندى. ئابدۇقادىر ھاجىم مېنى ئاپىرىپ: "بۇ بالا پىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يېزىلىش ئۈچۈن كەلدى، بۇ تاشاخۇنۇمنىڭ بالىسى، ئېتى سەيپىدىن" دەپ تونۇشتۇردى.

— بارىكاللا، بارىكاللا ئوغلۇم. كەل، كەل، ئەسكەر بول. ئاتاڭ ياخشى ئادەم ئىدى، ئاتاڭنىڭ مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇر، — دېدى ئوسمان پاشا ئۇيغۇرچە ئارىلاش قىرغىزچە سۆزلەپ. ئاندىن مېنى ئالدىغا چاقىرىپ پېشانەمنى سىلاپ قويدى. ئۇ پېشانەمني

سىلىغاندا قانداقتۇر بىر غايىب روھىي كۈچ تەسىر قىلغاندەك تىترەپ كەتتىم. ئاندىن ئوسمان پاشا نېرىراقتا قىزىل، ئاق رەختلەر يېنىدا ئولتۇرغان بىر قىرغىزغا قاراپ قول سوزدى، ئۇ بىر پارچە قىزىل ياغلىقنى بەردى، ئوسمان پاشا ياغلىقنى بېشىغا باغلاپ قويدى، ئۇ يەنە ئۇ ئادەمگە قاراپ قول سوزغانىدى، ئۇزۇنراق بىر پارچە قىزىل رەختنى بەردى، ئۇنى بوينۇمغا باغلىدى، ئاندىن غارنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملىرىدىن بىرىگە "قىلىچ ئەكەل!" دەپ بۇيرۇغانىدى، بىر ئادەم "چوڭ قىلىچ قالماپتۇ" دەپ بىر غىلاپلىق سىداۋ ئەكىلىپ بەردى. ئوسمان پاشا ئۇنى قولىغا ئېلىپ غىلاپتىن چىقىرىپ قارىدى. قوپال كۆن غىلاپقا سېلىنغان داتلىشىپ كەتكەن بۇ سىداۋ مېنىڭ كۆزۈمگە كارامەت كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ھېلىقى ھېكايە-چۆچەكلەردىكى خەنجەر، شەمشەر دېگەن نەرسىلەر مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۇنى تاسما بىلەن بېلىمگە باغلاپ قويغاندا، مەندە قانچىلىك كۆتۈرەڭگۈ روھىي خۇشاللىقلار پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مەن قورالغا ئىگە بولدۇم، ئەسكەر بولدۇم، ئوسمان پاشا بېشىمنى سىلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار بىر قىزىل ياغلىق باغلىسا، مەن ئىككىنى باغلىدىم، شۇ تاپتا گويا بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك، ئېتىمغا مىنىپ كارامەت قورالىمنى قولۇمغا ئالسام، ماڭا ھەرقانداق دۈشمەن بەۋا كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. كېيىن ئوسمان پاشا بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتۇق، ئابدۇقادىر ھاجى مېنى ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسكەرلىرى قاتارىغا ئەكىرىپ قوشتى. دوستلىرىم يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ئولىشىپ مېنىڭ قورالىمنى تاماشا قىلدى. ئۇلار ناھايىتى قىزىقىپ ماختاشتى، مەن ئېسىۋالغان بۇ قورال ئوقسىز قوراللارنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا

تۇراتتى. ئوق چىقىرىدىغان مىلتىقلار بولسىمۇ، قوغۇشۇن ئوقلۇق يەتتەئاتار دېگەن مىلتىقلار ئىدى. تۆمۈر قوراللاردىن قالسا، نەيزە، ئاندىن قالسا كالتەكلەرمۇ بار ئىدى. مېنىڭ قورالىم نەيزە-كالتەككە قارىغاندا يەنىلا قورال-دە! ئۇنى بېلىمدىكى تاسمىغا ئېسىۋالدىم. باشقىلارغا قارىغاندا يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە كۆرۈنەرلىك بىر ئەسكەر بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئابدۇقادىر ھاجىم مېنى ئېلىپ بېرىپ قاتارنىڭ بېشىغىراق تىزىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇقادىر ھاجىم ئەسكەر تىزىملاش ئىشىنى خېلى داۋام قىلدۇرغاندىن كېيىن، يېڭى يېزىلغان بىر-ئىككى يۈزدەك ئەسكەرنى يىغىپ قىسقىچە سۆز قىلدى:

— بۈگۈندىن تارتىپ ھەممىڭلار دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئەسكەر بولدۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار، تۆەنجاڭ دەپ ئاتىلىمەن، سىلەر يەنە ماۋۇ قۇربانجانغا بويسۇنىسىلەر، — ئۇ يېنىدا تۇرغان قامەتلىك، يوغان، بۇرۇتلۇق بىر ئادەمنى كۆرسەتتى، — ئەمدى ھەممىڭلار قايتىپ، ئاتا-ئاناڭلار بىلەن خوشلىشىپ، نەرسە-كېرەكلىرىڭلارنى ئېلىپ، ئەتە ئەتىگەندە تېجەنگە — بىزنىڭ ھويلىغا يىغىلىڭلار، — دېدى-دە، بىزنى تاراتتى.

كېيىن بىلسەك، بۈگۈنكى ئەسكەر ئېلىش ھەرىكىتىنى ئوسمان پاشا ئەتىگەندىلا باشلىۋېتىپتىكەن، ئۆزى باشلىق بولالايدۇ، دەپ تاللىغان ئادەملىرىنى ئۆز يېنىغا چاقىرىدىكەن، ئۇنىڭغا: "سېنى مەن تۆەنجاڭ قىلدىم"، ياكى "ليەنجاڭ قىلدىم، بار، ئەسكەر ئال" دەيدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى "شىجاڭ" دەپ ئاتاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىردەمدىلا بىرنەچچە يۈز مىلتىقلىق ئادىمى بار ئوسمان پاشا بىرمۇ ئەسكىرى يوق، بىرقانچە تۆەنجاڭلارغا باشلىق بولغان شىجاڭ

بولۇپ قاپتۇ. ئۇسمان شىجاڭ دېگەن سۆز مانا شۇ يەردىن باشلان-
غانىكەن. ھېلىقى تۈەنجاڭ، ليەنجاڭلار ئەسكەر ئالدىكەن، ئۇنى
ئاپىرىپ ئۇسمان شىجاڭغا سالام قىلدۇرۇپ تىزىمغا ئالدۇرىدىكەن،
شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئابدۇقادىر ھاجىم 200 دەك كالتەك - چوماق-
لىق ئەسكەرلەرگە (مېنىڭكىدەك تۆمۈر قورالى بارلار ناھايىتى ئاز
ئىدى) بىر تۈەنجاڭ بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەسكەر ئالغان
باشلىقلارنىڭ قانچە كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم
بىرسى ئابدۇقادىر ھاجى، بىرسى كىچىك ئاخۇن. بۇ ئىككىسىلا
تېجەنلىك ئىدى. كىچىك ئاخۇن ئاتۇشتا نامى چىققان چېلىشچى
پالۋان بولىدىغان. ئابدۇقادىر ھاجى تېجەنلىك ياقۇپ ھاجى دېگەن-
نىڭ ئوغلى (قاسىمجان قەمبىرىنىڭ خانىمى خالىدەنىڭ دادىسى)
ئىدى. بۇ ئادەم بويى ئېگىزرەك، قارا قاش، قارا بۇرۇت، خېلى
كېلىشكەن بىر ئادەم بولىدىغان. گەپ - مۇئامىلىلىرى سىلىق، ئەپەن-
دىگە ئوخشايتتى. چەتكە بېرىپ ئوقۇدىمۇ، ياكى قەشقەر ئەتراپىدا
بىلىم ئالغانمۇ، ھەر ھالدا شۇ ۋاقىتتىكى زىيالىيلار قاتارىدىكى بىر
ئادەم ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇسمان شىجاڭ پاشانىڭ قول
ئاستىدىكى ئابدۇقادىر ھاجى تۈەنجاڭنىڭ بىر ئەسكىرى بولۇپ
قالدىم.

ئېتىمنى مىنىپ ئۆيگە قايتتىم، يەنە ھېلىقى كەلگەن باللار بىلەن
بىللە يۇرت - يۇرتتىن ئۆتكەندە، باللار ئۇزاققىچە ئەگىشىپ ماڭدى،
چوڭلارمۇ زوقلاندى، بەزىلەر كۆزلىرىگە ياش ئالدى، پۈتۈنلەي
يېڭى قىياپەتتىكى جەڭگە ئاتلانغان بىر ئەسكەر، بېلىدە خەنجەر،
بېشىدا قىزىل ياغلىق، ئۆزى مەغرۇر، ھازىرلا دۇنيانى ئۆرۈۋېتى-
دىغاندەك تۇرسا، ئۇنىڭغا كىم قىزىقىپ قارىمىسۇن؟ بۇ ئەھۋاللارنى

ئەسلىگىنىمدە ھازىر كۆلكىلىك بىر ئىشتەك بىلىنىدۇ. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ كارامەت چوڭ ئىش ئىدى. شۇنداق خۇشاللىقلار بىلەن ئۆيگە قايتتىم. ھويلىدا كۈتۈپ تۇرغان ئانامدا بىر خىل ھاياجانلىق قىياپەتنى كۆرۈپ ئەندىشە قىلدىم: "بىلىگىدىكى نەرسىلەرنى يېشىپ تاشلا دېسە قانداق قىلىمەن...." ئاڭغۇچە ئانام قولىنى سوزۇپ ئالدىمغا كەلدى ـ دە، مېنى قۇچاقلىدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم. شۇ ئارىلىقتا ھويلىغا ئادەم تولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بەزىلەر: "ئەجەب ياخشى يارىشىپتۇ ئەسكەرلىك، ئوبدان قىپتۇ". دېسە، بەزىلەر: "بۇ كىچىك بالا تۇرسا، جەڭ دېگەن ئويۇن ئەمەس، ئالمادىس ئوق تېگىپ كەتسە..." دەيتتى. شۇ ئارىدا زورىخان ھاماچام (دادامنىڭ سىڭلىسى) ئېرى مەخسۇت ئاخۇنكام بىلەن كىرىپ كەلدى. مەخسۇت ئاخۇنكام كىرىپلا "يارايدۇ، ئاتا بالىسى" دېدى. ھاماچام بولسا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى. "نېمىدېگەن كېلىشكەن ئەسكەرلىك، ئاكام رەھمىتى بولغان بولسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەتتى؟ بارسۇن سارىخان. بىز دۇئا قىلىپ بېرەيلى" دېدى ئۇ ئانامغا قاراپ. ئانامۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ: "تۇتقىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئىككى كۈندىن بېرى ئولتۇرالماي قالدى، بارسا بارسۇن، خۇدايىم ساقلىسا بىر پىشىپ چىقار" دېدى. ھويلىدا تۇرغان خالايىق ئانامنىڭ رازىلىقىنى كۆرۈپ، كۆپچىلىكى خۇش بولدى. شۇ كۈن ئانامنىڭ ئۆزىنىش تەييارلىقى بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى ئەسكىرىي سەپكە كېتىشىم كېرەك ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئانام ماڭا بىر ئاق شايى پەشمەت كىيگۈزدى، مېنىڭ بۇنداق پەشمىتىم يوق ئىدى، بۇ نەدىن كېلىپ قالدىكىن دېسەم، ئانام كېچىچە ئۇخلىماي دادامدىن قېپ قالغان بىر پەشمەتنى تۈزىتىپ چىقىپتۇ، پەشمەتنى كىيىپ، بېلىمگە تاسما باغلاپ، ھېلىقى سىداۋ خەنجەرنى ئاسقاندىن كېيىن، ئۆزەمگە خېلى سۆلەت كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم، ھويلىغا چىقسام دوست-ئاغىنىلەر ئورىۋالدى، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقسام، بىزنىڭ كەنتتىكى ئەر-خوتۇن، چوڭ-كىچىك ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىپتۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرمۇ بار، قىزىقىپ كۆرگىلى كەلگەن تاماشىچىلارمۇ بار ئىدى، ئىشقىلىپ ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆيدىكى قىرغىز جاناي ئاكام ئېتىمنى تەييارلاپ، ئاستىدىن ئىسرىق ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. چىرايلىق جەدە قاشقا ئات ماڭا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. جاناي ئاكام ئۇنى يۇيۇپ-تاراپ ئېگەرلىگەن ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتنىڭ ئىككى قۇلىقى ئۈتتۈرىسىغا چېكىسىدىن ئىككى تەرەپكە ساڭگىلىتىپ قىزىل لېنتا ئېسىلىپتۇ، مەن ئاتقا مىنىشكە كەلگەندە، جاناي ئاكام ماڭا:

— ئامان بول، ئاتنى ياخشى باق، ئات دېگەن قانات. بۇنىڭدىن ئايرىلما، بۇ سېنى دېگەن يېرىڭگە ئاپىرىدۇ، — دېدى-دە، دەرۋازا ئالدىدىكى كىچىك سۇپىغا ئاتنى تارتىپ مېنى مىندۈردى.

مەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرغان ئانام ۋە باشقا تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ ئاتنىڭ بېشىنى بۇرىدىم، ئىچىمدىن بۇلدۇقلاپ يىغا چىقىدىغاندەك قىلدى، لېكىن ئۆزەمنى باستىم. "مەن جەڭگە كېتىپ بارغان بىر ئەسكەر-دە، دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۇيات ئەمەسمۇ؟"

دەپ ئويلىدىم. ئەل ـ جامائەت، دوست ـ ئاغىنىلەر ھۆگا ـ سۆرەن ـ
لىرى بىلەن مېنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ماڭدى. موللا مەممەت خەلپىتىم ـ
نىڭ مەسچىتى ئالدىغا كەلسەك، خەلپىتىم بىرقانچە تالىپلار ۋە
بىرقانچە ئاقساقال كىشىلەر بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن، (موللا
مەممەت خەلپىتىم قارىيلىق ئۆگەتتىدىغان خەلپەت ھەم بىزنىڭ
يۇرتىنىڭ خېتىپى بولۇپ، ئابرويلۇق ئادەم ئىدى، مەن ئاتتىن
چۈشكەندىن كېيىن، خەلپىتىم بېشىمدىكى قىزىل ياغلىقنى ئېلىپ، بىر
سېرىق شايى سەللىنى ئورىدى (مەن قىزىل ياغلىقنى دەرھال ئېلىپ
بېلىمگە قىستۇرۇۋالدىم)، ئاندىن خەلپىتىم كۆپچىلىك بىلەن قىبلىگە
قاراپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى. يەنە ماڭا
بۇرۇلۇپ: "غازاتقا چىققان مۇسۇلمان بالىسى سەللە ئورىمىسا
بولمايدۇ، جەڭگە كىرگەندە تەرەتسىز كىرمەڭ، خۇدانى ئۇنتۇماڭ،
شۇنداق بولغاندا، كاپىرلارنىڭ ئوقى ئۆتمەيدۇ..." قاتارلىق جىق
گەپلەرنى دېدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بولسا، غازات، كاپىر، خۇدا
دېگەن گەپلەر يوق ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئاتقا مىنىپ مىلتىق
ئېتىش، مىلتىق ئېتىش ھەۋىسىلا بار ئىدى. ئادەم ئۆلتۈرۈشنى
ئويلىغاندا، شۇنداق قورقۇم كېلەتتى. بىراق ھەر كۆرگەندە ئۆزەم
بەك قاتتىق قورقىدىغان ھېلىقى ئۇزۇن چاچلىق ئەمەلدارلار بىلەن
كىشىلەرنى رەھىمسىز دۇمبالايدىغان يايى ـ چەكەدىلەر ئېسىمگە
چۈشسە، "بۇنداقلارنى ئۆلتۈرمىسە بولماس" دەپ ئويلايتتىم. ئاندىن
كېيىن مادوتەي دېگەننى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ زۇلمى
توغرىسىدا جىق ئاڭلىغان، ئۇنى تۇتۇۋالسام، ئاشۇ بېلىمدىكى سىداۋ
خەنجىرىمنى بىر سانجىۋالسام دەپ ئويلايتتىم؛ ئەنە شۇنداق ئويلار
بىلەن قورallıq قوزغىلاڭ سېپىگە قاتنىشىپ كەتتىم. يېڭىدىن قۇرۇل ـ

غان، ئادىمى ئىككى يۈزدىن ئاشمىغان بۇ "ھەربىي قىسىم" ناھايىتى بىچارە ئىدى. قورال دېگۈچىلىكى يوق بىرنەچچە ئون مىلتىق، ئەسكەرلەرنىڭ ئازغىنىسىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئات بار ئىدى، قالغانلىرىدا ئېشەك، بىرمۇنچىسى پىيادە، كۆپچىلىكىنىڭ دولىسىغا ئارتىۋالغان بىردىن خۇرجىنى بار، ئۇنىڭدىمۇ بار نەرسە تايىنلىق. مانا قاراڭ، بۇ پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ قىياپىتىنى! ياڭزا-ياڭزا كىيىم، ياڭزا-ياڭزا قورال، ئاتلىق، پىيادە، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئوخشايدىغىنى ئىككىلا: بىرى، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئىستىكى. يەنە بىرى، بېشىغا باغلىۋالغان قىزىل ياغلىق. بۇ ئىككى ئوخشاشلىق ئەمدى ئاتلانغان بۇ قوشۇننىڭ قىممەتلىك ئالاھىدىلىكى ئىدى. تەمىنات، يېمەك-ئىچمەك، ياتاق-يېپىنچا دېگەننىڭ تايىنى يوق. تىزىمغا ئېلىندىڭمۇ، ئەسكەر بولدۇڭ. قالغان ھەممە ئىشنى ئۆزەڭ قىلىسەن، قورالنىمۇ ئۆزەڭ تاپىسەن. يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ، دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغان بىرەر مىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى "ئەسكەرلەردىن ئىبارەت بۇ غازات قوشۇنى ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئايىغىغا جايلاشقان ئۇچماراۋاننىڭ شىمالىدىكى تاغ بۆكتۈرىگە ئورۇنلاشقانىدى. قوشۇننىڭ باشلىقى ئوسمان پاشا ئەمدى نېمە قىلماقچى، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ، ئۇنى بىز بىلمەيمىز، 20-30 كىلومېترلا نېرىدا تۇرغان قەشقەردە دۈشمەننىڭ ياخشى قوراللانغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار دەيدۇ. ئۇلار كېچىچە بېسىپ چىقسا قانداق قىلغۇلۇق؟ قورالسىز ئەسكەرلەرگە قارشى نەيزە-چوماق بىلەن ئۇرۇشۇش مۇمكىنمۇ؟ لېكىن بىز بۇلار توغرىسىدا ئويلىماي شۇ دالىدا قورقماي يېتىپتىمىز، قاراڭ نېمىدېگەن غەيرەت بۇ! بۇ غەيرەت ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بىرەر مىڭ ئادەمنىڭ غەيرىتى ئەمەس،

پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ قانخور دۈشمەنگە قارشى غەزەپلىرى بېغىشلىغان غەيرەت ئىدى.

ئاشۇ تاغ باغرىدا بىرنەچچە كۈن تۇردۇق، ھەر تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ كۆپىيىۋەردى، ھازىر ئويلىسام، بىرەر ئون مىڭدىن ئوشۇق ئادەم يىغىلغان بولسا كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە مۇبارەكلىگىلى، تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرمۇ بار، پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاۋۋالقى بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ-تۆت مىڭگە يېتىپ قالدى.

# ئۈچىنچى باب
## قەشقەرگە ھۇجۇم

ھەممەيلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى، بىرەر مۇۋاپىق يەرگە ئورۇنلىشىپ، مەلۇم ۋاقىت تەييارلىنىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، بىز شەھەرگە يېقىنراق يۆتكىلىپ، تۇتۇرگى دېگەن يەرگە ئورۇنلاشتۇق. بۇ جاي قەشقەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى جاي، بەشكېرەمنىڭ ئۇستىدىكى تاغ باغرىدا، ھازىرقى ئايرودرومنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئوسمان شىجاڭنىڭ چېدىرى تاغقا يېقىن سۇ بويىغا تىكىلدى. باشقا قىسىملار ئايرىم-ئايرىم ئورۇن ئالدى. ئوسمان شىجاڭنىڭ ئەسلىدىكى بىرنەچچە يۈز قىرغىز ئەسكەرلىرى كۆپىيىپ ئىككى-ئۈچ مىڭغا يېتىپ قالدى. ئاستىنئاتۇشتىن چىققان ئابدۇقادىر ھاجى بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ تۆەنىدىن باشقا ئۈستۈنئاتۇشتىن يەنە زەيدىن كارۋان، ئىدرىس كارۋان دېگەن كىشىلەر تۆەنجاڭ بولۇپ چىقتى. قىرغىز ئەسكەرلەرنى بىر تۆەن دەپ ھېسابلىغاندا نامىغا بەش تۆەن، 5 مىڭ ئەتراپىدا ئادىمى بار بىر شىجاڭلىق قوشۇن پەيدا بولۇپ قالدى.

تۇتۇرگىگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى: ئەتىگەندە تۇيۇقسىزلا "ۋاي شەھەردىن ئەسكەر چىقىپتۇ" دېگەن گەپ تارالدى، بەزىلەر ئاتلىنىپ سايغا قاراپ ماڭدى، كۆپچىلىك كالتەكچىلەر بولسا سايىنى بويلاپ يۇقىرىسىغا

قاچقىلى تۇردى، بىزمۇ بۇيرۇق بويىچە ئاتلىنىپ، سايغا چىققانىدۇق، قوغانىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى سايلىقتا چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقان بىرمۇنچە ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قالدۇق. بىرچاغدا ئۇلار بىزگە قاراپ ئوق ئاتقىلى باشلىدى. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى يۈرىكى تېخى جايىغا چۈشمىگەن بەزى "قەھرىمانلار" خۇددى كوماندا بەرگەندەك سەكرەپ تۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى. باشلىقلار كۆپچىلىكنىڭ ئالدىنى توسىدى، بىزنىڭ قىسىم قوزغالماي ئورنىمىزدا يېتىۋالدۇق. ئېتىلغان ئوقمۇ يېتىپ كېلەلمەيدىكەن، پەقەت ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بىرپەستىن كېيىن ئۈستۈنئاتۇشنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا بىرمۇنچە ئاتلىقلارنىڭ ئاشۇ چوققىغا قاراپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۇق. ئاڭغۇچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئېتىشىش باشلاندى، ئۇزاق ئۆتمەي "ۋاي دۈشمەن قاچتى!" دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. دەرھال ئاتلىنىپ يەنە ئىلگىرى ماڭدۇق. يەنە ئاتلىق، پىيادە ئوپۇر-توپۇر بولۇپ قەشقەرگە قاراپ خۇددى شەھەرگە بارمىغۇچە توختىمايدىغاندەك ھەيۋە بىلەن ئىلگىرىلىدۇق. بۇ مېنىڭ ئادەمنىڭ غەزەپ بىلەن يۈگۈرۈشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئون مىڭدەك ئادەم مىلتىق - كالتەكلىرىنى بېشىدا كۆتۈرگەن، غەزەپلىك ئاۋازلار بىلەن چۇقان سېلىپ يۈگۈرسە، بەك دەھشەتلىك بولىدىكەن. ھېلىقى بىز تۇرغان تۆتۈرگىنىڭ ئۈستىدىكى سايغا يېتىپ كەلدۇق، قارىساق، بىزنىڭ بىر توپ كىشىلىرىمىز دۈشمەن چېرىكلىرىنى قوغلاپ كېتىپ بېرىپتۇ، بىرئازدىن كېيىن ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتتى، "توختاڭلار!" دەپ توۋلىغان ۋارقىراشلاردىن كېيىن سايدىكى ئالمان جايىدا توختىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، بىزنىڭ قايتقان ئەسكەرلەر قولى باغلانغان بىر ئادەمنى ھەيدەپ يېتىپ

كەلدى. كۆپچىلىك ھۇگا ـ سۈرەن بىلەن بۇ دۈشمەن ئادىمىگە
ئېتىلدى، ئىدرىس كارۋان ۋارقىراپ كىشىلەرنى توختاتتى ـ دە،
قىلىچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسىرنىڭ يېنىغا كەلدى. بىز ئۇنى
چېپىپ تاشلايدىغان بولدى، دەپ قارىشىپ تۇراتتۇق، ئۇ قىلىچ
بىلەن ھېلىقى ئەسىرنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ تاشلىۋەتتى. دۈشمەن-
نىڭ قۇلىقىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىپ تۇرسىمۇ ئۇ غىڭ قىلماي
تۇراتتى. ئۇ شۇنداق غەيرەتلىكمۇ ياكى قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ،
بۇنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ ئەسىر بويى ئېگىز، قارا ساقال، گەۋدى-
لىك ئادەم ئىكەن. ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ ئوخشىمايدۇ، كېيىن
مەلۇم بولدىكى، ئۇ ئافغان ئىكەن. قەشقەردە ئۇ ۋاقىتتا ئافغانىستان
كونسۇلخانىسى بار ئىدى، ئۇ كونسۇلخانىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر-
ئىككى يۈز ئافغان ئەسكەرلىرى تۇرىدىكەن. خەلقنىڭ قوزغىلىپ
كەتكەنلىكىدىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن مادوتەي (ما شاۋۋۇ) قوزغى-
لاڭچىلارنىڭ كۈچىنى سىناپ باقماق ئۈچۈن ئىلتىماس بىلەن ئافغان
ئەسكەرلىرىدىن 60 كىشىنى چاقىرغانىكەن. ئون مىڭدەك كىشىگە
قارشى ئاتلىنىپ كەلگەنلەر ئەنە شۇ 60 كىشى ئىكەن.

ئەمدى قەشقەرگە بېسىپ كىرىشنىڭ ئالدىراش تەييارلىقى باشلى-
نىپ كەتتى، قىسىملارنى تەرتىپكە سېلىش، تەشۋىقات خىزمىتى،
قورال ـ ياراغلارنى رەتكە سېلىش، تەمىنات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش
قاتارلىق ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەسكەرلەر تۇەن (پولك)
بىرلىكى ئاساسىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە تەرتىپكە سېلىنىپ
چىقىلدى.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە چاي ئىچىپلا سايغا چىقىپ مەشىق قىلىمىز،
بىزنىڭ قىلغان بۇ ھەربىي مەشغۇلاتىمىز ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھمىيەتلىك

ھەربي تەييارلىق ئىدى. بىر ليەن ـ بىر ليەن بولۇپ پىيادە قاتار
تىزىلىمىز، ليەنجاڭىمىز ياكى مەش بەرگۈچى ئالدىغا چىقىپ بىزگە
كوماندىرلىق قىلىدۇ. ئۇ بىرىنچى كوماندىنى "تۈز تۇرۇڭلار" دەپ
توۋلاش بىلەن باشلايدۇ. ئاندىن يىلان باغرىغا ئوخشاش ئېگىلىپ
تۇرغان سەپنى تىللاپ تۇرۇپ تۈزلەيدۇ. بىزنىڭ كوماندىر ئاستىنئا ـ
تۇش ئازاغلىق غوپۇر دېگەن بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ئەسكەرلەرگە
تەنبىھ بەرگەندە: "بېلىڭنىڭ سۆڭىكى يوقمۇ؟ نان يېمىدىڭمۇ؟ ئادەم ـ
دەك تۈز تۇر، كالۋا، دۆت" دەپ ۋارقىرايدىغانىدى.

پۈتۈن پىيادە مەشغۇلات سەپكە تىزىلىش، ئوڭغا بۇرۇلۇش،
قەدەملەپ مېڭىش، يۈگۈرۈش، سولغا بۇرۇلۇش، تارىلىش مۇشۇنىڭ ـ
دىن ئاشمايتتى. بۇ "مەش"تىمۇ ھېرىپ ـ ھۆمۈدەپ ئاران بالالىقتا
جايىمىزغا قايتىمىز. دۈشمەن بىلەن قانداق ئۇرۇشۇشنى ئۆگىنەل ـ
مىسەكمۇ، تەرتىپ بىلەن مېڭىشنى، يۈگۈرۈشنى ئۆگەندۇق.

ئاتلىق مەشغۇلاتىمىز بولسا، يالغۇز ئات چېپىش، قوغلاپ
يېتىش، ئومىلىشىپ چېپىپ دۆڭگە چىقىش، ئات چېپىپ كېلىپ سامان
باغلانغان مومىغا نەيزە سانجىش... لاردىن ئىبارەت ئىدى. مىلتىق
ئېتىش دېگەن گەپ يوق، چۈنكى مىلتىقنىڭ ئۆزىمۇ يوق دېيەرلىك
ئىدى.

باشلىقلىرىمىز بىزگە تەشۋىقات قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار دۈشمەن ـ
نىڭ خەلقنى ئېزىشى، ئۆلتۈرۈشى، قاماق، ئازابلار توغرىسىدا
ئاددىي ـ ساددىلا سۆزلەيتتى، جىقراق ھەم چىرايلىقراق سۆزلەشنى
ئۇلارمۇ بىلمىسە كېرەك. "بىز دۈشمەننى ئۆلتۈرىمىز، دەپ جەڭگە
ئاتلاندۇق، ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرمىسەك، ئۇ بىزنى ئۆلتۈرىدۇ،
ھوشيار بولۇڭلار!" دېگەن سۆزنى بىزنىڭ تۈەنجاڭ جىق تەكرار ـ

لايتتى. مۇشۇ چاغدا قىسىم ئىچىدە بىر ئاخۇنۇم پەيدا بولۇپ قالدى، ئېتى يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ، ئۇ بويى پاكارراق، كەكە ساقال، چوڭ سەللىلىك بىر ئادەم بولىدىغان، بىر كىچىك قۇرئانىنى جىلىتە بىلەن بويىنغا ئېسىپ يۈرىدىغانىدى. بىز ھەر كۈنى بىر قېتىم يەنە ھېلىقى ساي ئۈستىگە چىقىپ، پىيادىلەر ئالدىدا، ئاتلىقلار كەينىدە قاتار تىزىلىپ تۇرىمىز، ئۇ ئادەم ئاتلىق ئالدىمىزغا چىقىپ بىزگە ۋەز ئېيتاتتى، ئۇنىڭ بويىنغا قىلىچ ئېسىلغان بولۇپ ئاۋۋال قۇرئاندىن قىسقا سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى، كېيىن ئۇنى چۈشەندۈرۈپ، مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىنىڭ غازات قىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى، ھەزرەت ئەلىنىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقى... قاتارلىق مەزمۇنلارنى سۆزلەيتتى. ئۆلسە شېھىت، قالسا غازى بولىدىغانلىقى، شېھىت ۋە غازىلارنىڭ توپتوغرا جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى.

بىركۈنى نىزامىدىن ئەپەندى دەيدىغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ، ساقىلى يوق، بۇرۇتى بار، يېڭىچە پەشمەت - شالۋۇر كىيگەن، "كالتە قۇيرۇق" ئىدى. بۇ ئادەمگە كۆپچىلىك قىزىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ بىرنەچچە سورۇندا سۆز قىلىپلا كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى باشلىقلار ھۆرمەت قىلاتتى، ئوسمان پاشا تېخىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى موللامنىڭ سۆزىگە زادى ئوخشىمايتتى. بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ پەرق قىلاتتى. ئۇ بىزگە قوزغىلاڭنىڭ ئەھمىيىتى، قولغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقاتمىغۇچە زۇلۇم - ستەم يوقالمايدىغانلىقى، خەلق ئازابتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئەمەلدارلارنىڭ قانخورلۇقى، خەلقنى بۇلاپ - تالىشى توغرىسىدا نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسەتتى. نامراتلىقنىڭ سەۋەبىنى ۋە

ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئاشۇ زالىم ئەمەلدارلاردا دەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشاتتى. ئۇ دىنىنى قوغداش تەرىپىدىنمۇ ئانچە-مۇنچە گەپ قىلىپ قوياتتى، خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقان باي-پومېشچىكلار توغرىسىدا بولسا گەپ قىلمايتتى. ھەتتا ئۇ "ئۇيغۇر بەگلىرى خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ قول چومىقى. لېكىن ئۇلار تۇۋا قىلسىلا بولىدۇ، ئەيىب ئامباللاردا" دەپ بەگلەرنى قوغدىغاندەك سۆزلەيتتى.

ئۇ ئۆتمۈشتىنمۇ سۆزلەيتتى. بىز ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ چوڭ دۆلەت سۈرگەن، ئۇزاق تارىخى بار خەق، دېگەننى جىقراق ئېيتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىرمۇنچە سۆزلىرىنى بىز چۈشەنمەيتتۇق. بىز چۈشەنمەيدىغانلىرى: "بىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى بوۋىمىز — ھونلار، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى ئاخۇن دېگەن سۆز ئاقھون دېگەن سۆز بولىدۇ. ئاندىن كېيىنكى بوۋىلىرىمىز تۈركلەر..." دەيتتى، ئاندىن كېيىن يەنە دەيدىغىنى "ئاتىللا، چىڭگىز... مۇشۇلار ھەممىسى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇلۇغ پادىشاھلىرىمىز" دېگەندەك گەپلەر ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ گەپلەرنى بىزنىڭ ئارىمىزدا كىم چۈشەنسۇن؟ ئىچىمىزدىكى ئادەملەر تارىخ دېگەندىن ساۋاتسىز تۇرسا، چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ئەيىبلىگىلى بولاتتىمۇ؟ لېكىن، ئۇ ئادەم ئىشقىلىپ بىزنى ئۇيغاتماقچى بولسا كېرەك. كېيىن چوڭراق بولۇپ بىرنېمىلەرنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ بىزگە تارىخ سۆزلىگەنلىكىنى، لېكىن تارىخنى بىلقتۇرۇپ سۆزلىگەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم.

كېيىن نىزامىدىن ئەپەندى بىزگە شېئىر-ناخشىلارنى ئۆگىتىشكە باشلىدى، بۇنى "ئەشئار" دەپ ئاتايدىغان، ئۇ شېئىرلار ھازىر

ئېسىمدە يوق.

تۆتۈرگى جىلغىسىدا جۇشقۇنلۇق ھايات كۈندىن-كۈنگە مەۋج ئۇرۇپ باراتتى. خۇشاللىق، روھلۇق، جەڭگىۋار كەيپىيات ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى، مەش قىلىش، شېئىر ئېيتىش، جەڭ توغرىسىدىكى پاراڭلار كىشىگە باشقىچە بىر روھى ئوزۇق بېرەتتى.

كەچ باھار كېلىپ قالدى، چېچەك-چوكانلار يېشىلىپ، ئۆرۈك-لەر چېچەكلىدى. باھارنىڭ ئەركىلەتكۈچ يېقىملىق ھاۋاسى كىشى-لەرنىڭ پەيزىگە پەيز قوشاتتى، ئاخشاملىرى بولسا، كۈندۈزدىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. سۇ بويىدىكى دەرەخلەر ئارىلىرىدىن تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ ئوتلىرى يالقۇنلاپ تۇراتتى، بازغاندىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار يۇقىرى ئېتىلىپ تۇراتتى. بېلىگە تاغار ئورىۋالغان تۆمۈرچىلەر پېشانىلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان تەرلىرىگىمۇ قارىماي، بولقىلىرىنى تۆمۈر ئۈستىدە ئوينىتاتتى. بازغانچى ياش باللار تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ بولقىسىغا تەڭكەش قىلىپ، بازغىنىنى بېشىدىن ئەگىتىپ كۆتۈرۈپ ئۇراتتى. سوقۇپ بولغان قىلىچلار، نەيزە ئۇچلىرى جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. تېخى قىنىغا يانمىغان قىلىچلارنىڭ چۆرىسىدە ياش ئەسكەر باللار ئولتۇرۇشقان. ئۇلار قىلىچلارغا قاراپ زوقلىنىپ پاراڭ سېلىشاتتى. تۆمۈرچىلەرنىڭ، ياغاچچىلارنىڭ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەر خىل ئاھاڭدىكى ئېگىز-پەس ناخشىلىرى كېچىنى يېرىپ يىراقلارغا كېتەتتى.

شۇ كۈنلەردە كۈنچىقىشتىن تۆمۈر شىجاڭ دېگەن بىر باتۇر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتىمىش دېگەن گەپ ئاۋۇپ قالغانىدى. بۇ گەپلەر ھەر خىل ئۆزگىرىپ "قۇمۇلدىكى ۋاڭ-غوجامنىڭ ئوغۇللىرى كېلىۋېتىپتىمىش"، "خوجانىياز ھاجىم دېگەن بىر پالۋان

كېلىۋېتىپتىدەك، ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، خىزىرگە يولۇققان ئادەم دەيدۇ" دېگەندەك گەپلەرمۇ كۆپەيدى. كېيىن بۇ خەۋەر ئېنىقلاندى. بۇ خەۋەرنى بىزگە يەنە ھېلىقى نىزامىدىن ئەپەندى ئېيتىپ بەردى: تۆمۈر دېگەن ئادەم بۈگۈردىن قوزغىلىپتۇ، ئۇنىڭ قوزغىلىڭى ھارۋىكەشلەردىن باشلىنىپتۇ. تۆمۈر ئۆزىمۇ ھارۋىكەش ئىكەن. ئۇلار بۈگۈرنى ئېلىپ كېلىپ كۇچانى ئاپتۇ، كېيىن ئاقسۇنىمۇ ئاپتۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بارغانچە كۆپىيىپتۇ. ئۇنىڭغا "شىجاڭ" دەپ نام بېرىلىپتۇ. بىزنىڭ ئوسمان باتۇرنى ئەسلىدە مادوتەي ئاشۇ تۆمۈر شىجاڭنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپتىكەن. ئوسمان باتۇر ئەسلىدە ھۆكۈمەت ئەسكىرى بولۇپ، ئاۋۋال پەيجاڭلىققا كۆتۈرۈلۈپتۇ، كېيىن ليەنجاڭ بوپتۇ. ئۇ خەنزۇچىنى ئاز-ماز بىلىدىكەن، ئەمەلدارلارمۇ ئۇنىڭ بىگىسىغا قايىل بوپتىكەندۇق ۋە ئۇنى ھۆكۈمەتكە سادىق دەپ ھېسابلايدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۈچ-تۆت يۈز ئەسكەر بېرىپ، تۆمۈر شىجاڭنى تۇتۇشقا ئەۋەتىپتىكەن، ئۇ، ئاتۇشنىڭ نېرىسىدىكى تاغ ئىچىدىكى سوغۇن دېگەن يەرگە بارغاندا شۇ يەردىكى قىرغىز خەلقلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىپتىكەن. ئەمدى ئاشۇ تۆمۈر شىجاڭ قەشقەرگە كېلىۋېتىپتۇ.

بۇ گەپ ئاڭلانغاندىن كېيىن، بىركۈنى بىزنىڭ تۇەنجاڭ مەن بىلەن ئون ئەسكەر بالىنى يېنىغا چاقىرىپ: "سىلەر نىزامىدىن ئەپەندى بىلەن بىر يەرگە بارسىلەر" دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. نىزامىدىن ئەپەندى تۇرغان يەرگە بارساق، يەنە يىگىرمىدەك ئەسكەر بار ئىكەن، ھەممىسى ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، بىزمۇ ئاتلىرىمىزنى مىنىپ تەييارلىنىپ بارغانىدۇق. ئاڭغۇچە نىزامىدىن ئەپەندى چىقىپ بىزگە: "بىز ئوسمان باتۇرنىڭ بۇيرۇقى

بۇيىچە تۆمۈر شىجاڭنى قارشى ئالغىلى بارىمىز" دېدى. قوزغىلاڭ قىلغان بىر باتۇر شىجاڭنى قارشى ئېلىش كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىز پەيزىۋاتقا قاراپ ئاتلاندۇق. بىز ئۆردەكلىك دېگەن يەرگە ئاز قالغاندا، تۆمۈر شىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. بىز يولنىڭ ئىككى چېتىدە ئاتلىق قاتار بولۇپ تىزىلىپ تۇرغاندۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىمىز تەرەپتىن ۋارقىراش ۋە ناغرا- سۇناي ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئادەملەرمۇ يېقىنلاشتى. ناخشا ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناغرا- سۇناي، ناخشا، ئايمىغى كۆرۈنمىگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزگە كارامەت ھەيۋەتلىك كۆرۈندى. "بۇلار بىزدىن كۈچلۈك ئىكەن" دەپ ئويلىدىم مەن.

ئۇلار يېقىنلاشتى، ئالدىدا تۆتتىن قاتار تىزىلغان سەككىز-ئون قاتار قىزىل چاپان، قىزىل سەللىلىك چىرايلىق ياش باللار يەنە ھېلىقى ئاچىل ناخشىسىنى خور قىلىپ ئېيتىپ كەلمەكتە ئىدى.

گۈللەر ئاچىلىپ قاپتۇ ئاچىل،
يارەي، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل.
. . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . .

بالىلارنىڭ كەينىدە تۆت ئاتلىق يوغان كۆتەك ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە ئادەم كۈچەپ ناغرا- سۇناي چېلىۋېتىپتۇ. ناغرا- سۇناي، ناخشا دېگەن نەرسىلەر ئاپاق خوجام سەيلىلىرىدە، ھېيتگاھ، ھەزسۇلتاندىكى ساماللاردا بەك كۆڭۈللۈك ئاڭلىنىدىغان. ئادەم يوق توپىلاڭ، قاقاس جەزىرىدە بۇنداق تەنتەنە غەلىتە تۇيۇلىدىكەن.

بۇ قەشقەردىن كەلگەن قارشى ئالغۇچىلارغا ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ جاڭگاللىقتىمۇ ئۆز ئالدىغا پەيزى بار ئىكەن، بىزگە ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلدى. ھارۋىنىڭ كەينىدە ئۇزۇن يالىلىق يوغان ئاق ئاتقا مىنگەن، چوڭ، قارا ساقال، گەۋدىلىك بىر ئادەم كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا مىلتىقىنىڭ پاينىكىنى تىزىغا قويۇپ چىڭ تۇتقان قاتار-قاتار ئەسكەرلەر، ئارقىسىدا تۆت-تىن قاتار بولغان ئاتلىقلار كېلەتتى. ئۇلارمۇ ئېگىز-پەس ئاۋاز بىلەن ئالدىدىكى باللارنىڭ ناخشىسىغا قوشۇلاتتى. بۇ قامەتلىك، سۈرلۈك باتۇر تۆمۈر شىجاڭنى كۆرگەندە بىزدىكى تەسىرات يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزدىكى ياشلىرىمىزنى باسالماي قالدۇق. ئۇلار بىزگە يېقىن كېلىپ توختىدى، نىزامىدىن ئەپەندى ئاتتىن چۈشۈپ بېرىپ تۆمۈر شىجاڭنىڭ قولىنى سۆيۈپ كۆرۈشتى ۋە خېلى بىرھازا سۆزلەشتى. كېيىن نىزامىدىن ئەپەندى قايتىپ كېلىپ ئېتىغا مىندى-دە: "قېنى باللار، ماڭدۇق، بىز يول باشلايمىز، ئالدىدىراق مېڭىشىمىز كېرەك" دېدى-دە، ئالدىمىزغا كېلىپ قېچىرنى چاپتۇرۇپ يول باشلىدى.

نىزامىدىن ئەپەندى قىلىچنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە: "ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل" دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ ۋارقىراپ كېتىپ باراتتى. قىلىچ بېشىدا بىر ئايلىنىپ بىر تۆۋەن چۈشەتتى. بىرۋاقىتتا ئۇنىڭ قېچىرى توختاپ ئىككى پۈكۈلۈپ يىقىلدى، باشقىلار نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ بىر پۇتىنى قېچىرنىڭ ئاستىدىن چىقىرىۋالدى، قارىساق قېچىرنىڭ ئۈچەيلىرى يەردە سۆرۈلۈپ يۈرۈپتۇ، قورسىقى خېلى چوڭ يېرىلىپ تىلىنىپ كېتىپتۇ. مەلۇم بولدىكى، نىزامىدىن ئەپەندىنىڭ خۇشاللىق بىلەن

ئويناتقان قىلىچى قىچىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىۋېتىپتۇ. نىزامىدىن ئەپەندى: "ھېچقىسى يوق باللار، بىردەممۇ ھايال قىلىشقا بولمايدۇ" دېدى-دە، بىر بالىنىڭ ياخشىراق قارا ئىتىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئاتقا ئۆزى مىنىپ، ئەسكەرنى مىنگەشتۈردى. يەنە ئۇ چاپقانچە ئالدىمىزدا ماڭدى.

ئاردا يېڭىئاۋات دېگەن يەردە قونۇپ ئەتىسى كۈن چىقمايلا يولغا چىقتۇق. پەيزىۋاتقا قاراپ چېپىپ، چۈشكىچە يېتىپ كەلدۇق، كەچلىكى تۆمۈر شىجاڭمۇ كەلدى. ئاللىقاچان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان پەيزىۋاتنىڭ شەن يامۇلى ئادەمگە تولۇپ كېتىپتۇ، تۆمۈر شىجاڭ بۇ يەردە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالىدىكەن ھەم ئەسكەر ئالىدىكەن. بىز ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرۇپ ياندۇرمىغا كەلگەندە قەشقەرگە ھۇجۇم باشلانغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. يول بويىدا، يېزىلاردا "قەشقەرگە ھۇجۇم بوپتۇ، قەشقەر ئېلىنىپتۇ، ئادەم بولساڭ قەشقەرگە ماڭ!" دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىزگە ئەگىشىپ كىشىلەر ئېتى بولسا ئېتىنى، ئېشىكى بولسا ئېشىكىنى مىنىپ، قوش ھەيدەۋاتقانلار ئۆيىنى تاشلاپ، قىغ توشۇۋاتقانلار تاغىرىنى تاشلاپ، چۈشۈپ قالغان دوپپىسىغا قارىماي دېگەندەك چوڭ يولغا چۈشۈپ توپقا قوشۇلۇپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار جىرىدىم تىكىلگەنىكەن، كىشىلەر جىرىمىنى سۇغۇرۇپ كالتەك قىلىپ ماڭدى. يۇرت-يۇرتتىن يىغىلىپ بارغانچە ئۇلغىيىۋاتقان ئادەملەر توپى گويا كىچىك ئېرىقلار قوشۇلۇپ چوڭ دەريا ھاسىل قىلغان تاشقىنىدەك دولقۇنلاپ ئىلگىرى ئاقاتتى. بىز ئاتلىرىمىزنى بولۇشىغا قويۇۋەتتۇق. شۇ چاپقانچە قەشقەر دەرياسى بويىغا كېلىپ قالدۇق. باشقىلار ئاتلىرىنى ئاستىلاتتى، مېنىڭ ئېتىم

توختمىغانىدى، بىرۋاقىتتا قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ تۆشۈك دەرۋازى-
سىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇم، قارىسام كەينىمدىكىلەر يىراقتا قاپتۇ.
كۆزەردە ئادەم يوق. ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە، دۇكانلىرىغا مۆكۈۋاپ-
تۇ. بەزىلىرى ماڭا قاراپ: "ھوي بالا توختا، كەينىڭگە يان، ئۆلى-
سەن!" دەپ قول شىلتىپ ۋارقىرىشاتتى. لېكىن ئاتنى توختىتىشقا
زادى ئامالىم بولمىدى. شۇنداق قىلىپ سىپىلغىمۇ كېلىپ قالدىم.
دەرۋازا مەھكەم ئېتىكلىك ئىدى. بېشىمدىن ۋىژىلداپ ئوقلار
ئۆتۈشكە باشلىدى، ئىككى قاسناقتا مۆكۈپ ياتقان ئادەملەر توختا
دېسە، توختا دەپ ۋارقىرىشىپ تۇرىدۇ. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ سول
تەرىپى پارتلىتىلىپ شورا بولۇپ قاپتىكەن، ئېتىم شۇ يەرگە قاراپ
كۆتۈرۈلدى-دە، بىرنەچچە مېتىر يۇقىرى ئۆرلىگەندىن كېيىن
توختاپ ئارقىسىغا يىقىلدى. مەن ئات بىلەن بىللە دومىلاپ يەرگە
چۈشتۇم. تېخى ئات بىلەن قوپالماي تۇراتتۇق، ئىككى ئادەم
يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، مېنى ئاتتىن بوشىتىپ سۆرىگەنچە يېقىندىكى
بىر ناۋايخانىنىڭ ئىچىگە ئەكىردى. "نېمە، جېنىڭدىن تويغان
بالىمۇسەن؟" دەپ ۋارقىرايتتى بىرسى ماڭا. يەنە بىرسى مېنىڭ
ئېتىمنى يېتىلەپ تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يەردە
بىرئاز ئولتۇرۇپ ئارام ئالدىم، غۇيۇلداپ ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، يىراقىراقتا ۋارقىرىغان ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ.
مەلۇم بولدىكى، ئەتىگەن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىنغانىكەن، دۈشمەن-
لەر سېپىل دەرۋازىسىنى ئېتىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان-
لىقتىن، تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرىشكە بولمايۋېتىپتۇ. ياۋاغ دەر-
ۋازىسى تەرەپتە ھۇجۇم چوڭراق بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ھېلىقى
ۋارقىراۋاتقان ئاۋازلار مۇشۇ ياقتىن چىقىۋاتقانىكەن. بىز ئات

چاپقانچە ياۋاغ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. ياۋاغ دەرۋازى-
سىنىڭ تاشقىرىسى تۇمەن دەريانىڭ ئىككى قېتى، پۈتۈن قوغان
يېزىسى ھەممە ياقنى ياڭراتقان ھۇگا - سۈرەن ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈل-
گەن چاڭ - توزان بىلەن تولغان. كۆتۈرۈلگەن ھۇگىلاردىن كىم-
لەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. بۇ ئون مىڭلىغان
ئادەملەرنىڭ غەزەپلىك ئاۋازلىرىدىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك بىر
چوڭ ئاۋاز ئىدى. مۇشۇ ئاۋازنىڭ ئۆزى كىشىلەرنىڭ غەيرىتىگە
غەيرەت قوشماقتا، دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالماقتا، تۇمەن دەرياسىنىڭ
ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەر گويا چوڭ بىر دولقۇنغا
ئايلىنىپ شەھەر سېپىلىگە ئۇرۇلماقتا، بۇ دولقۇن سېپىلگە ئۇرۇلۇپ،
ئاستا كەينىگە يېنىپ، يەنە يۇقىرى چاچرىماقتا ئىدى. "نېمە قىلىش
كېرەك؟ يولۋاس ئۇۋۇسىغا كىرىۋالدى" شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرگە چوڭ
خۇشاللىق كەلتۈرگەن بىر چارە تېپىلدى: سېپىلنىڭ تۆشۈك دەر-
ۋازىسى بىلەن ياۋاغ دەرۋازىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر جايىنى ھەممەي-
لەن قېيپاش چېپىپ يول ياساشقا باشلىدى. يول ياساش ئاسان
ئىشمۇ؟ خېلى ئادەملەر قۇربان بولدى. لېكىن ئۆلۈمدىن قورقمايدى-
غان پىدائىي يىگىتلەر ئۇزاق ئۆتمەستىن بۇ يولنى ياساپ پۈتتۈردى.
يولنىڭ يۇقىرى چېتىنى ياساش ۋە سېپىلگە چىقىش بەك قىيىن
بولدى. قۇربان بېرىشكىمۇ قارىماي قاتتىق ئېلىشىشلاردىن كېيىن
ئالدىنقى پىدائىيلار سېپىلگە چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، باشقىلارمۇ
ئاشۇ يول بىلەن ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ سېپىلگە چىقىشقا باشلىدۇق.
ئۇزۇن قېيپاش يولدا ۋارقىرىغانچە سېپىلگە چىقىپ كېتىپ بارغان
ئاتلىق، پىيادە، قىلىچ - نەيزە ۋە توقماقلىق ئادەملەر گويا كۆچلۈك
بېسىم بىلەن دامبا ئاستىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۇ ئېقىمىغا ئوخشايتتى.

خەلقتە جانلىنىش پەيدا بولدى. ھەممەيلەن يول تالىشىپ تىقما-تىقماق ئىچىدە يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. مەنمۇ شۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئۇرۇلۇپ، سىقىلىپ يۈرۈپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. سېپىل ئۈستىدە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ جەڭ بولۇۋېتىپتۇ.

سېپىل ئۈستىدىكى جەڭ قىزىپ كەتتى، كۈن پېشىندىن ئۆتكەندىن كېيىن سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر قېچىپ دوتەي يامۇلىغا كىرىۋالدى، ئەمدى قوزغىلاڭچىلار دوتەي يامۇلىغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. خەلق توپى سېپىلدىن ئېتىلىپ چۈشۈپ كوچا-كوچىدىن دوتەي يامۇلىغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. لېكىن دوتەي يامۇلىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ياغقان ئوقلار ئالامىنى توختىتىپ قويدى. مىلتىقلىق ئەسكەرلەر مۆكۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. كالتەكچىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئۆلگەندىن كېيىن كەينىگە چېكىندى، ئەمدى تىركىشىش جېڭى باشلاندى. كېيىن ئوقمۇ توختاپ قالدى. كەچكە يېقىن دوتەي يامۇلى تەرەپتىن ئاق بايراق كۆتۈرگەن بىر ئادەم بىرنەچچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى، ئۇ مادوتەينىڭ ۋەكىلى ئىكەن، ئۆزىنى خەن دارېن دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ سۆھبەتلەشكىلى چىققانىكەن. مادوتەينىڭ شەرتى 24 سائەت ۋاقىت بېرىش، ئاندىن تەسلىم بولۇش ئىكەن. بىزنىڭ ۋەكىللەر خېلى جىق تالاش-تارتىشتىن كېيىن رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 24 سائەت ئۇرۇشنى توختىتىش قارار قىلىندى. بۇ بەك ئەلەم بولدى. قايناۋاتقان قازانغا سوغاقسۇ قويۇلدى، ئادەملەرنىڭ غەيرىتى بېسىلدى، نارازىلىقلار تۈگىدى، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىز بۇ يەرگە كەلگەندە سۇلھىگە ئالداندى. ئەگەر ھېلىقى غەيرەت بىلەن كۆپچىلىكنى قويۇپ بېرىدىغان بولسا، خېلى ئادەم ئۆلۈشمۇ مۇمكىن

ئىدىيۇ، لېكىن شۇ كۈنى دوتەي ياموۇلنى يەنجۇيتىش تۇرغان گەپ ئىدى. بۇ، بىرىنچى جەڭنىڭ چوڭ ساۋىقى بولدى. بۇ ساۋاق قورالىلىق قوزغىلاڭ ئۈچۈن كېيىن بىر قاتار يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى.

# تۆتىنچى باب
# ئۈچ تەرەپ كۈرىشى

ئۇرۇش توختاپ يىگىرمە تۆت سائەت مۇ ئۆتمەي، يەنە تىنىچ. ئەتىسى (ياكى ئۆگىنىمىكىن) تۆمۈر شىجاڭ يېتىپ كەلدى. ئۇنى بىز تەرەپ قارشى ئېلىپ شەھەر ئىچىدىكى قۇم دەرۋازىسى تەرەپكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىككى شىجاڭ ئېنىقى بىر-بىرى بىلەن ياخشى تونۇشۇشقىچە تۆڭگان مازىخۇي (ما جيەنساڭ) بىرەر مىڭغا يەتمىگەن ئەسكەر بىلەن كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغىمۇ قارىماي، دوتەي يامۇلىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ بېرىپ مادوتەي بىلەن بىرلىشىۋال-دى. شۇنداق قىلىپ قەشقەردە ئوسمان، تۆمۈر، ما جەنساڭدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ قوراللىق كۈچ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ قالدى.

ئوسمان شىجاڭ بىلەن تۆمۈر شىجاڭ چوڭلۇق تالاشسىمۇ، لېكىن مازىخۇي بىلەن ما شاۋۋۇغا قارشى تۇرۇشتا بىر ئىدى. مازىخۇي بولسا ما شاۋۋۇ بىلەن بىرلىشىپ بارلىق كونا ئەمەلدارلارنى قوغدىماق-چى بولاتتى. يەنە ئۇلار يەكەندىكى سۇڭ تۇەنجاڭ دېگەننى قوللاپ يەكەننى قوغدىماقچى بولدى. ئاڭلىسام، مادوتەي بىلەن مازىخۇي تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن كېلىشكەنىكەن: بىرىنچى، ما شاۋۋۇنىڭ چېگرا مۇداپىئە سىلىگى ۋە دوتەيلىك ئەمىلىنى ساقلاپ قېلىش؛ ئىككىنچى، يەكەندىكى سۇڭ تۇەنجاڭنىڭ كۈچىنى قوللاش؛ ئۈچىنچى، خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەن

بولۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش.

شۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر، قىرغىز (تۆمۈر-ئوسمان) ئەسكەرلىرى بىلەن ئىككى ما ئەسكەرلىرى ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىق كۈچەيدى. بۇ يەردىكى تالاش شەھەرنى ئېلىش بىلەن شەھەرنى بەرمەسلىك ئىدى. ئۇيغۇر، قىرغىز ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ تېشىدا، خەنزۇ-تۇڭگان ئەسكەرلىرى سېپىلنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىر قىسىم خەنزۇ ئەسكەرلىرى يېڭى دەرۋازا دېگەن يەردە — سېپىل ئىچىدىكى بىر گازارمىدا تۇراتتى. بۇ گازارما (يىڭفاڭ) چوڭ سېپىلگە ياندىشىپ تۇرىدىغان بىر كىچىك سېپىل ئىچىدە ئىدى، ئوسمان شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى سېپىل تېشىدا يارباغ تۆمەننى بويلاپ ئورۇنلاشقانىدى.

تۆمۈر شىجاڭ قوم دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا ئىدى.

بىركۈنى تۇيۇقسىز ئۇرۇشقا تەييارلىق سىگنالى بېرىلدى، بىز يارباغ دەرۋازىسىدىن بېسىپ كىرىپ سېپىلغا چىقتۇق. ئاڭلىساق تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ قوم دەرۋازا تەرەپتىن سېپىلگە چىقىپتۇ. سېپىلنىڭ جەنۇبىي ئۈستىگە مادوتەي، مازىخۇيىنىڭ ئەسكەرلىرى ئورۇنلىشىپتۇ. سېپىل ئۈستىدىن دوتەي يامۇلىغا ۋە يېڭى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئۇرۇش قىزىپ كەتتى. بىزنىڭ ئەسكەرلەر يارباغ، چىنىباغ تەرەپلەرگە قاراپ تۇرغان پۈتۈن جەنۇبىي سېپىلنى ئىگەللىدى. ۋەزىپىمىز يېڭى دەرۋازىدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ئىدى، يېڭى دەرۋازىدىكى دۈشمەنلەر قاتتىق تىركىشىپ ئۇرۇشتى، ئۇلار ئۆزىنى ساقلاپلا قالماستىن، سېپىلگە ھۇجۇم قىلىپ، سېپىلنى ئىشغال قىلماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ يېڭى دەرۋازىنىڭ سېپىلگە چىقىدىغان يولنى بويلاپ قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى بىز ئۇرۇپ قايتۇردۇق. سېپىلنىڭ يېڭى دەرۋازىغا

قارىتىلغان ئۈچ كىچىك راۋۇتتا دۈشمەننى سىپىلگە چىقارماسلىق ئۈچۈن قاتتىق جەڭ بولدى.

ياراغ دەرۋازىسىغا يېقىن بىرىنچى راۋاقتا يەتتە-سەككىز ئادەم ئورۇش قىلدۇق، يۈسۈپ ئاخۇن لېيەنجاڭ (ئاتۇش قومباغلىق سەلىياجىم دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى) بىزگە باشچىلىق قىلدى. ئۇ بەك قەھرىمان، غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. بىز دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىم قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈردۇق. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم رەسمىي جەڭگە كىرىشىم بولدى. يۈسۈپ ئاخۇن، ئەخمەتجان (قوغانلىق، ئوبدان يىگىت ئىدى)، مەن ئۈچىمىز سىپىل كۆنگۈرىسىدىن دۈشمەننى ئاتىمىز، قالغان[7] بەش-ئالتە ئەسكەر مىلتىقلارنى تازىلاپ ئوق سېلىپ بېرىپ تۇردى. يۈسۈپ ئاخۇندا پولات ئوقلۇق بەشئاتار مىلتىق، قالغان ئىككىمىزدە قوغۇشۇن ئوقلۇق توققۇزئاتار بار ئىدى. ئوقلار ئۆزىمىز ياسىغان قوپال، ئاددىي ئوقلار بولغانلىقتىن مىلتىقنىڭ تەپكىسى ھەم ئۇچى ئىسسىپ كېتىپ، بەش-ئالتە پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىنلا ئاتقىلى بولماي قالاتتى. شۇ چاغدىلا بىز مىلتىقنى ئارقىغا سۇنۇپ بېرەتتۇق، باللار بىزگە تازىلانغان، ئوق سېلىنغان زاپاس مىلتىقنى سۇنۇپ بېرىپ تۇراتتى.

قاتتىق جەڭ بىرنەچچە سائەتكە سوزۇلدى. بەك چارچاپ كەتكەن بولساقمۇ، يۈسۈپ ئاخۇننىڭ غەيرىتى بىزگە غەيرەت بەردى. دۈشمەننىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمىنى قايتۇرغاندىن كېيىن، "قاچتى" دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. قارىساق، يېڭى دەرۋازىدىكى دۈشمەنلەر شەھەر ئىچىدىكى دوتەي يامۇلى تەرەپكە قاراپ قاچقىلى تۇرۇپتۇ. بىز قوغلىماقچى بولۇپ سىپىلدىن ياراغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چۈشسەك، بىرقانچە ئەسكەر ۋە نۇرغۇن خەلق بىلەن

ئوسمان شىجاڭنىڭ ئىنىسى ئەردارىن (ئەسلى ئىتى يادىمىدا يوق) بىرنەچچە ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بەك قىزغىنىلىق بىلەن بىزنى قارشى ئېلىپ، گەپمۇ قىلىدۇرماستىن ئاتقا مىندۇرۇپ، ئوسمان شىجاڭنىڭ شتابىغا ئېلىپ باردى. ئوسمان شىجاڭ بىزنىڭ بىرنەچچە سائەتلىك سوقۇشمىزنى كۆزىتىپ تۇرغانىكەن، سوقۇش توختىتىشنىغلا ئەردارىننى ئەۋەتىپتۇ. ئوسمان شىجاڭ تۆردىكى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىزنى قارشى ئالدى. "بارىكاللا جىگىتتەر (يىگىتلەر دېگىنى)، ياشاڭلار!" دېدى ـ دە، يۈزىمىزنى سۈرتۈش ئۈچۈن لۆڭگە ئەكەلدۈرۈپ بەردى. دېمىسىمۇ يۈز ـ كۆزلىرىمىز ئىسلار بىلەن تازا كىرلىشىپ كەتكەنىكەن، لۆڭگىلەر قاپقارا بولۇپ كەتتى. كېيىن ئوسمان شىجاڭ بىزگە شوينىدا باغلانغان پۇلدىن بىر پەتنۇستا ئەكەلدۈرۈپ، بىر باغلامدىن مۇكاپات بەردى، بوينىمىزغا بىردىن ئاق لۆڭگە ئېسىپ قويدى. بەرگەن پۇلى شۇ ۋاقىتتىكى خاپىياۋ (قەشقەر پۇلى) دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تىيزا پۇل ئىدى. كېيىن چىقىپ سانىساق بىر كىشىگە بەش يۈز سەردىن بېرىپتۇ (بىر تىيزا بىر سەر دەپ ھېسابلىناتتى. قىممىتى تۆۋەن بولسىمۇ ئاز پۇل ئەمەس ئىدى.)

بىز ناھايىتى روھلىنىپ كەتتۇق، شىجاڭىمىزنىڭ مۇنداق ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇش ئاسان گەپ ئەمەس ـ دە، چىقىپ تۇەنىمىز تۇرغان جايغا بېرىپ ئاتلىرىمىزنى مىنىپلا دۈشمەننى قوغلاپ ماڭدۇق. بىز بارساق يەنە دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم بولۇۋېتىپتىكەن، ھېيتگاھنىڭ نېرىسىدىكى خام بازىرى دېگەن گۇزەرنىڭ ئۈستىدە (بۇ ھازىرقى خەلق كۇلۇبىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ) باشقا ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ سوقۇش قىلدۇق.

دۈشمەننىڭ ئاخىرقى ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، دۈشمەن

يېڭىشەھەرگە قېچىپ كەتتى. شۇندىن باشلاپ قەشقەر يېڭىشەھەر، كونىشەھەر بولۇپ، بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى.
شۇ كۈنلەردە ئوسمان شىجاڭ بىلەن تۆمۈر شىجاڭنىڭ چوڭلۇق، ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان قارىمۇقارشىلىقمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. ما شاۋۇ بىلەن مازىخۇي يېڭىشەھەردە تۇرۇپ بۇلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەممە چارىلەرنى قىلدى. ئاخىرى ئىككى شىجاڭنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش بولىدىغان بولۇپ، ئوسمان شىجاڭ شەھەر سىرتىغا چېكىندى.
بىر قېتىمقى جەڭدە تۆمۈر شىجاڭ ئوسمان شىجاڭنى قوغلاپ چىقتى. مازىخۇي ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، كونىشەھەرنىڭ چېتىدە ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى تۆمۈر شىجاڭغا ياردەم بېرىمەن دېگەن بولۇپ "يەڭگەننى يېڭىش" ئىدى. تۆمۈر شىجاڭ ئوسمان شىجاڭنى سەمەننىڭ ئۈستىدىكى لەنگەر دېگەن يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئارقىغا قايتقاندا مازىخۇينىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوسمان شىجاڭ قايتا ھۇجۇم قىلىپ كونىشەھەرگە قايتىپ كىردى. مازىخۇي يېڭىشە-ھەرگە چېكىندى. تۆمۈر شىجاڭنىڭ باشلىقسىز قالغان ئەسكەرلىرى چېچىلىپ كەتتى. ئوسمان شىجاڭ يېڭىدەرۋازىنى سىلىگبۇ قىلىپ ئورۇنلاشتى.
شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرمەزگىل ئىچىدە تىنىچ ھالەت بولدى، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئوسمان شىجاڭ ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سالدى. بەزى كىشىلەر (مەسىلەن، ھېلىقى نىزامىدىن ئەپەندىگە ئوخشاشلار) تۆمۈر شىجاڭنىڭ ئىگىسىز ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا يېڭى ھەربىي باشلىقلار چىقىپ، يېڭىدىن ئەسكەر ئېلىپ

قوشۇن تۈزۈشكە باشلىدى.

بىزنىڭ تۈمەنىمىزمۇ يېڭىدەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. مېنىڭ ۋەزىپەم تۈمەنجاڭ ئابدۇقادىر ھاجىغا ياردەملىشىش ئىدى (بۇ تۈمەنجاڭنىڭ كاتىپىغا ئوخشاش بىر ۋەزىپە ئىدى). بىزگىمۇ ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى، شۇڭىدىن ئىلگىرى بولغان ئۇرۇش ئەسكەرلەرنىڭ تەرتىپ- ئىنتىزامىنى تۈزىتىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتكەنىدى. بىرسى، تەشكىلىنى رەتلەش، يەنى بەندىن تارتىپ تۈمەنگىچە قايتا تەشكىللەپ چىقىش؛ يەنە بىرى، ئەسكەرلەرگە قورقماسلىق، قەھرىمانلىق، پىداكارلىق تۇغرۇسىدا تەربىيە بېرىش؛ ئۈچىنچى بىرسى، ھەربىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. بىزنىڭ لېيەندە تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ئىشى ماڭا قالدى. ئويلىغان- بىلگەنلىرىمنى، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانلىرىمنى يىغىپ- تىرىپ ئەسكەرلەرگە چۈشەندۈرىدىغان بولدۇم. ئىشقىلىپ، مەن قىسمىدىكى ئاڭلىقىراقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. كېيىن ئەسكەرلەرگە ھەربىي تەلىم بېرىشنىمۇ ماڭا يۈكلىدى، ھەربىي تەلىم دېگەن قانداق بولۇشىنى تۈزۈك بىلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ تەلىپىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئەمدى ھەممەيلەندە مىلتىق بار، مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق بېشىم قېتىپ تۇرغان بىركۈنى بىزنىڭ تۈمەنجاڭ مېنى باشلاپ قۇمدەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ھېكىم ئاخۇن باينىڭ بېغى دېگەن بىر باغدا تۇرىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. بىز بارغاندا باغنىڭ يول، مەيدانلىرىدا ئەسكەرلەر مەش قىلىۋېتىپتىكەن، قارىسام ھېلىقى نىزامىدىن ئەپەندى دېگەن ئادەم مەش بېرىشكە باشچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، بۇلار بىزدىن جىق

ئېشىپ كېتىپتۇ، سەپكە تىزىلىش، مېڭىش تەرتىپلىرى، ئالدى-
كەينگە بۇرۇلۇشلىرى خېلى تەرتىپلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇلار مىلتىق بىلەن مەش قىلىشۋېتىپتۇ. بۇ ماڭا تامامەن يېڭىلىق
بولدى. خېلى بىرنەرسىلەرنى ئۆگەنگەندەك قىلدىم. قايتىپ بارغان-
دىن كېيىن، لىيەنگە ئاشۇلاردىن ئۆگىنىۋالغىنىم بويىچە مەش
ئۆگەتتىم. بۇ خېلى قاملىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ لىيەن
پولك بويىچە نام چىقىرىپ قالدى. كېيىن، پۈتۈن تۇەننى بىرلەش-
تۈرۈپ مەش ئۆگىتىشنى باشلىدۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىسىدا يەنە
ئۇرۇش باشلاندى. بىردەم ئۇلار كېلىپ كونىشەھەرگە ھۇجۇم
قىلدۇ، بىردەم بىز قوغلاپ بېرىپ ئۇ ياققا ھۇجۇم قىلمىز. مۇشۇن-
داق ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى جەريانىدا ئۆلگەن ئادەم ئاز
بولمىدى. ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىكى پۇقرالارمۇ نۇرغۇن چىقىم
تارتتى. بىز تەرەپتە قوراللىق ئادەملەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس،
قورالسىز ئادەملەرنى (كالتەكچىلەرنى) قوشقاندا ئادەم سانى ئون
مىڭدىن ئېشىپ قالدۇ. يېڭىشەھەردىكى دۈشمەن بولسا، ئىككى-
ئۈچ مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قورالى خىل، شۇ
ۋاقىتنىڭ پىلىموت-زەمبىرەكلىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئازلىقىغا
قارىماستىن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلەتتى، بىز قوغلاپ
بارغاندىمۇ يېڭىشەھەرگە كىرگۈزمەيتتى. يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلى
ئېگىز، سېپىل ئەتراپى تۈزلەڭ، بىزنىڭ قوراللىرىمىزمۇ يەنە شۇ
كونا قوراللار بولغانلىقتىن يېڭىشەھەرنى ئالالمىدۇق. ئوقنى ئاددىي
مىلتىق دورىسى بىلەن ئۆزىمىز قولدا ياسايتتۇق. مىلتىقلار ئاسانلا
ئىسسىنىپ ئېتىلماي قالاتتى. بەزىدە ئوق كەينىگە ئېتىلىپ چىقىپ

ئادەم ئۆلىدىغان ھادىسىلەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدىكى بىر ۋەقە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بىركۈنى قىزىل كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا قاتتىق جەڭ بولدى. بىزنىڭ ئەسكەرلەردىن بىرنەچچە ئونەيلەن يۇسۇپ قادىرخان مازىرىدا تامنىڭ كەينىگە مۆكۈپ ئۇرۇشۇۋاتاتتۇق. باللار ئالدىراپ تامنى تېشىۋاتاتتى، يېنىمدا بىر ئەسكەر تامنى تېشىپ ئاز قالغاندا مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن خىشنى ئۇرغاندى، مىلتىقتىن ئوق چىقىپ كېتىپ، ئارقىدا تۇرغان ئابدۇراخمان دېگەن بىر بالىنىڭ مەيدىسىگە تېگىپ پوكلا يىقىلدى. مەن يۈگۈرۈپ بارغاندىم، ئۆلۈپ بوپتۇ. ھېلىقى ئەسكەرگە: "قارا، نېمە قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟" دېدىم، ئۇ ئابدۇراخمانغا قاتتىق ئېچىندى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئېتىپ قويغىنىنى ئۇقمايتتى. كېيىن مەن مىلتىقىڭغا قارا، دېگەندىم، ئۇ مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنىڭ كەينىگە يېنىپ" نورى ئېچىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. "مىلتىقىڭنىڭ ئىچىدىكى ئوق قېنى؟" دېسەم، ئاندىن ئۇ سارغىيىپ-تىترەپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەر "شا!" دېگەن ئاۋاز بىلەن بېسىپ كېلىپ قالدى. قاتتىق يېغىپ تۇرغان ئوقتا يەنە ئۈچ ئەسكەرگە ئوق تېگىپ ئابدۇ-راخمانغا قوشۇلدى. بىز چېكىنىشتۇق، شۇ چاغدا ئوڭ تەرەپتىن بىزنىڭكىلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنىدى، دۈشمەن چېكىندى. بىز تامنى ئاتلاپ چىقىپ ھۇجۇم قىلدۇق. ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاندى، دۈشمەننى قىزىل دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ قالماق لەڭزىسىگە كىرگۈ-زۈۋېتىپ قايتتۇق (قالماق لەڭزىسى يېڭىشەھەرنىڭ ئالدىدىكى دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم ئىستىھكامى ئىدى، بىز تېخى ئۇ يەرگە بېسىپ كىرەلمەيتتۇق).

بىز ھېلىقى بىر توپ ئەسكەر قايتىپ يۈسۈپ قادىرخان مازىرىغا
كېلىپ باياتىن قۇربان بولغانلارنى ئاپىرىپ يېقىندىكى ئاق مازارنىڭ
يېنىغا كۆمدۇق (قائىدە بويىچە شېھىت بولغانلارنى يۇماي، نامىزىنى
چۈشۈرمەيلا قويۇشقا بولاتتى). ئۇقماستىن ئابدۇراخماننى ئېتىپ
قويغان ھېلىقى ئەسكەر مەتكېرىم بىز ئۇرۇشتىن قايتىپ ئۆلۈكلەرنىڭ
يېنىغا كەلگەندىلا ئابدۇراخماننىڭ جەسىتىگە يىقىلىپ يىغلىدى. ئۇ تا
جەسەتلەرنى يەرلىككە قويغۇچە يىغلاپ تۇردى. بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز
بۇزۇلدى، لېكىن ئۇ ھەممىدىن قاتتىق يىغلىدى. باشقا ئەسكەرلەر
ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى مەنلا بىلىمەن.
ئۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ، گويا يېلىنغاندەك
قىياپەت بىلەن ماڭا قارايتتى. مەنمۇ ئويلىدىم، بۇ ئىشنى يۇقىرىغا
ئېيتايمۇ، يوقمۇ؟ مەتكېرىمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىسىمۇ قاتتىق
جازالىنىدۇ، بىراق ئېيتىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئۇ قەستەن ئات-
مىدى-دە! مەن ئېيتماسلىققا قارار قىلدىم. تۇرىدىغان ئورنىمىزغا
كەلگەندىن كېيىن مەتكېرىمنىڭ چىرايى سارغىيىپ، گېلىدىن تاماق
ئۆتمەي قالدى، بايقىسام، ئۇ كېچىسىمۇ ياخشى ئۇخلىمىدى، ئەتىسى
ئەتىگەندە مەن ئۇنى چەتكە تارتىپ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ
تۇرغاندىم، ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. "ئابدۇراخمان ئېسىل بالا
ئىدى، مەن ئۇنى ئېتىپ قويدۇم ئەمەسمۇ، بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق
ئىدى، مەن ئەمدى ئاتا-ئانىسىغا نېمە دەيمەن؟" دەيتتى ئۇ،
يىغلاپ. "بولدى، ئەمدى ئىش ئۆتتى. بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ
ئارىسىدىلا قالسۇن، ئەمدى سەن تېخىمۇ غەيرەتلىك بولۇپ، ئۆزەڭ
ئۈچۈنلا ئەمەس، ئابدىراخمان ئۈچۈنمۇ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇششىڭ
كېرەك، شۇنداق قىلساڭ، ئابدۇراخماننىڭ روھى سېنى كەچۈرىدۇ"

دېدىم. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ: ”مەن شۇنداق قىلمەن ئاداش، چوقۇم ئابدۇراخمان ئۇچۇن دۈشمەن بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىمەن!“ دېدى. شۇندىن كېيىن مەتكېرىم راستتىنلا ناھايىتى چوڭ غەيرەت بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدى، ئۇ ھەربىر ئۇرۇشتىن قايتقاندا ئاتقان دۈشمەننى ئابدۇراخماننىڭ ھېسابىغا يازاتتى.

بىركۈنى تۈن يېرىمىدا دۈشمەن يەنە كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، بىز دۈشمەننى قوغلىدۇق، بىزنىڭ ليەنىمىز دەريانىڭ ئۇ قېتىغا — دۆلەتباغقا ئۆتۈپ، سەئىد ئارسلانخان مازىرىدا تۇرۇپ ئۇرۇشتۇق. بىز دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋاپتىكەنمىز، قېچىپ كېتىپ بارغان دۈشمەننى ياندىن ئېتىپ خېلى جىقىنى دومىلاتتۇق. كېيىن ئايلىنىپ دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننى قوغلاپ، يەنە ھېلىقى قالماق لەڭزىسىگە يېقىن بارغاندا، دۈشمەن بىزنى توختاتتى. قارىساق چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن 40 ـ 50 ئادەمنىڭ جەستى تۇرۇپتۇ، بۇلارنىڭ قىرغىز ئەسكىرى ئىكەنلىكى بىلىندى. بىرنەچچە ئادەمنىڭ تېنى باشسىز يېتىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ ئادىتى يارىدار بولغانلارنىڭ ياكى تۇتۇۋالغانلارنىڭ بېشىنى كېسىپ ئاپىرىپ يېڭىشەھەرنىڭ سېپىلىگە ياكى ئۆزى لازىم تاپقان يەرگە ئېسىپ قويۇش ئىدى. شۇڭا بىز دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتۇق. ھېلىقى بىرنەچچە باشنى ئېسىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خېلى جىق ئەسكەرلەر دۈشمەننى قوغلاپ كېتىپ بارغاندا يوشۇرۇنغان دۈشمەن ئورىۋېلىپ قىرىۋەتكەن، ئاڭغۇچە بىزنىڭ ئەسكەرلەر كېلىپ قېلىپ، دۈشمەن چېكىنگەن بولسا كېرەك. بىز ھېلىقى جەسەتلەرگە ئېچىمىزنى ئاغرىتىپ تۇراتتۇق، تۇيۇقسىزلا ”شا!“ دەپ دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى.

بىز بىر ئېرىقتا كىرىپ ئېتىشتۇق. دۈشمەن ئۆلگىنىگە باقماي بىردەم ئولتۇرۇپ، بىردەم يېتىپ، بىردەم تۇرۇپ ئېتىپ كېلەتتى. مەتكېرىم ئۆزىنى يوشۇرماي تىك تۇرغانچە ئېتىشتى، ئۇ ئۆزى ئاتقان دۈشمەننى ساناپ تۇراتتى. "بىر، ئىككى، ئۈچ... بۇ ئابدۇراخمان ئۈچۈن. بىر، ئىككى، مانا بۇ مەن ئۈچۈن!" مەن ئۇنىڭ بۇ قارام-لىقىدىن ئەندىشە قىلىپ قالدىم. "ۋاي ئولتۇرۇپ ئاتساڭچۇ" دەپ پېشىدىن تارتتىم. "ياق، مېنى قويۇپ بەر، بۈگۈن بىر پەيتى كېلىپ قالدى" دېدى ئۇ ئۇنىماي. ئۇ "ئالته، يەتته..." دەۋاتاتتى، تۇساتتىنلا ئېرىقتا دومىلاپ كەتتى. ئارقامدا ئولتۇرغان بىر كالتەكچى ئادەمگە: "سىز ئۇنىڭغا قاراپ قويۇڭ." دېدىم-دە، بىز قاچقان دۈشمەننى قوغلاپ كەتتۇق. دۈشمەن يەنە قالماق لەگزىنىگە ،كىرىۋالدى. قايتىپ كەلسەك، ھېلىقى ئېرىق بويىدىكى بىر سۆگەتنىڭ ئاستىدا مەتكېرىم ھېلىقى ئادەمنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇگدا يېتىپتۇ. ئوق مەيدىسىگە تېگىپتىكەن، ھېلىقى ئادەم قان چىقارماسلىق ئۈچۈن ئالقىنى بىلەن ئوق تەگكەن يەرنى چىڭ بېسىۋاپتۇ. مەن كېلىپ گەپ قىلغاندىن كېيىن مەتكېرىم ئاران كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ئاران بالالىقتا پىچىرلاپ: "سەيپىدىن، ئاداش، مەن بولالماي قالدىم، ئابدۇراخمان ئۈچۈن... ئانام..." دېدى-دە، كۆز يۇمدى. بىز مەتكېرىمنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ ماڭدۇق، ئەكىلىپ يەنە ھېلىقى ئاق مازار غوجام زەرەتگاھلىقىغا دەپنە قىلدۇق. مەتكېرىم بىلەن ئابدۇراخماننىڭ مۇشۇ ۋەقەسى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە "مەتكېرىمنىڭ ئابدۇراخماننى ئېتىپ قويغانلىقىنى يوشۇرغانلىقىم توغرا بولدىمۇ، خاتا بولدىمۇ؟" دېگەن سوئال بېشىمدا ئايلىنىپ يۈردى، ئاخىر ئۆزەمگە ئۆزەم: "توغرا بولغان،

بىرى ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆلگىنى ئۈچۈن كۆڭلىدە يامانلىق يوق يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ياكى جازاغا قويۇشنىڭ نېمە كېرىگى بار ئىدى، مەتكېرىممۇ ئابدۇراخمان ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ قۇربان بولدىغۇ؟" دەپ جاۋاب بېرىپ كەلدىم. مۇشۇنداق بىر سىرنى مانا ئەمدى 50 نەچچە يىلدىن كېيىن ئەسلىمىگە يېزىۋاتىمەن.

## بەشىنچى باب
## ئىچكى توقۇنۇش ۋە چەتنىڭ ئارىلىشىشى

مادوتەي، مازىخۇيلار يېڭىشەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، قوز-غىلاڭچىلارنىڭ باشچىلىرى ئىچىدە يېڭىشەھەرنى ئېلىشنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، كونىشەھەردە ھەر خىل ئىچكى توقۇنۇش ۋە ماجى-رالار چىققىلى تۇردى. بۇنداق ماجىرا-توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسىي بىر سەۋەبى چەتنىڭ قول سېلىشىدىن بولغانىدى. سوۋېت چېگرى-سىدا تاغدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بىر قىسىم باسمىچىلار 1932-يىلنىڭ ياز كۈنلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان تەۋەلىرىدە بولشې-ۋىكلارغا قارشى قوراللىق ئۇرۇش قىلغان بىر قىسىم ئۆزبېك، قىر-غىزلار بولۇپ، ئۇلار "باسمىچى" دەپ ئاتىلاتتى. يىگىرمىنچى يىللار-نىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلار سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدىن يېڭىلىپ، جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىغا، پامىر ۋە تەڭرىتاغلىرىغا چىقىۋالغان. قەشقەردە قوزغىلاڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھۆكۈمرانلىقتا، بايلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. باسمىچىلارنىڭ ئاتاقلىق باشلىقلىرى جانابېك قازى (قىرغىز، بۇ ئادەم بولشېۋىكلارغا قارشى باسمىچىلارنىڭ قىرغىز داھىيسى ھېسابلانغانىكەن، ئۇ ئاۋۋالراق كېلىپ خوتەندە تۇرغانىدى)، ئادى پانسات (قىرغىز)، ئابدۇخالىق پانسات (قىرغىز)، يۇسۇپجان قۇربېشى (ئۆزبېك)... دېگەن ئادەم-

لەر ئىدى. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تۆت ـ بەش يۈزدىن خىللانغان
ئاتلىق ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي "ئەخمەت تەۋپىق"
دېگەن بىر يات ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ، تۈركچە قىزىل
پاپاخ (يازلىقى كىيىدىغان ئېگىز، قىزىل پۆپۈكلۈك دوپپا) كىيگەن،
قارا بۇرۇت، ئۇيغۇرغا ئوخشىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كېلىپلا ئوس-
مان شىجاڭنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولدى.
شۇنىڭدىن كېيىنلا، باسمىچىلار بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا، ئۇيغۇر-
لار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدا، قىرغىزلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا،
قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدە، باسمىچىلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا جىددىي
توقۇنۇشلار پەيدا بولدى. كىمنىڭ كۈچى بولسا، ئاجىزلارنىڭ
قورالىنى تارتىۋېلىپ تۈەنجاڭ بولۇۋالاتتى، كىمنىڭ قورالى جىق
بولسا (بولۇپمۇ باسمىچىلار)، شۇ زومىگەر بولۇۋېلىپ، ياخشى ئات،
ياخشى مىلتىق، ياخشى جاي، ئەپلىك ئورۇنلارنى ئىگەللىۋالاتتى.
يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىنمۇ خېلى ئۆزگىرىشلەر
بولدى. يەنى ئاجىزلىرى يوقىلىپ، يېڭىدىن يېڭى قىسىملار مەيدانغا
چىقتى. مۇشۇ ۋاقىتتا، بىزنىڭ تۈەنىمىز تاراپ كېتىپ، ئەمەتقۇل
ھاجى دېگەن ئادەم (ئاتۇشلۇق، باي) تۈەنجاڭ بولۇپ يېڭىدىن
ئەسكەر ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ مېنى چاقىرتىۋېلىپ كاتىپلىققا سالدى.
ئەمەتقۇل ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىر ـ ئىككى يۈزدىن تەرەققىي قىلىپ
تۆت ـ بەش يۈزگە يەتتى. ئاقسۇ تەرەپتىن ھامۇتخان لۈيجاڭ دېگەن
ئادەم بىرەر مىڭچە ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. كېيىن "تۆتىنچى-
لەر" دېگەن بىر قىرغىز ھەربىي قىسىم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇلار
باسمىچىلارغا قارشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ چاغدا قەشقەردىكى
ئومۇمىي ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس، بىر شىجاڭ (ئوسمان ئۇ

ۋاقىتتا يەنىلا شىجاڭ دەپ ئاتالغان بىلەن ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ھەربىي
قىسىملارنىڭ باشلىقى ھېسابلىناتتى)، بىر لۈيجاڭ، ئۈيغۇر، قىرغىزدىن
بولۇپ بەش-ئالتە تۇەنجاڭ، بەش باسمىچى قىسىم، يەنە بىر "تۆتىن-
چىلەر" قىسمى شەھەرگە تىقىلىپ تۇراتتى. مۇشۇنچە قىسىملار تۇرۇۋ-
لۇق، مادوتەيىنىڭ ئىككى-ئۈچ مىڭ ئەتراپىدىكى ئەسكىرى
يېڭىشەھەرنى بەرمەي ئۆزىنى قوغداپ تۇرىۋەردى. بېرىپ-بېرىپ،
قوزغىلاڭچى قىسىملار ۋە باسمىچىلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا زىددىيەت-
لەر ئۆزئارا قىرغىنغا ئايلاندى. ئابدۇخالىق پانسات ئادى پانساتنى
تۇتۇپ ئۇنى زالىم دەپ ھېيتگاھدا خەلق ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈردى.
ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىساردا ئابدۇخالىق پانساتنى يۈسۈپجان قۇربېشى
تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئورازبېك بىلەن ئوسمان شىجاڭنىڭ ئارىسىدا
توقۇنۇش بولدى. ئىشقىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش بىلەن بىرىنى
بىرى ئۆلتۈرۈش، بىرىنى بىرى بۇلاشلار كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ
پايدىسى دۈشمەنگە، زىيىنى خەلققە بولدى.

باشلىقىمىز ئەمەتقۇل ھاجى ئاتۇشتا داڭلىق باي بولۇپ، ئاتۇش-
تىكى تەرەپبازلىقتا (مەن بۇنى قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم) يۈسۈپ
ھاجى تەرەپكە قارشى تەرەپنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇنىڭ تۇەنجاڭ
بولۇپ چىقىشتىكى مەقسىتى: بىرىنچىدىن، بايلىقىنى ساقلاش، ئىككىن-
چىدىن، ئەپلەپ-سەپلەپ بايلىقىنى چەتكە ماڭغۇزۇۋېلىش ئۈچۈن
ئىدى. ئۇ ئاخىر بۇ ئىككىلا مەقسەتكە يەتتى. بايلىقىنى قوغداپ
قالدى. ئۆزىنىڭ بارلىق كاپىتالىنى ھىندىستانغا ماڭغۇزۇۋەتتى، ئۇ
نامىغا تۇەنجاڭ بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم
شېرىكلىرى بىلەن ناھايىتى قاتىلاڭ سودا قىلاتتى. ئۇ موي-يۇڭلۇق
نەرسىلەر (بۇلغۇن، سۆسەر، كەمچەت، تىيىن، تۈلكە، قاشقىر ۋە

باشـقا ئەرسـلەر)نى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ياخشى قاچىلاپ ھىندىستانغا
ماڭدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاۋۋال ئىنىلىرىنى ماڭغۇزدى. كېيىنكى ۋاقىتتا
ئۆزىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۇ شۇ ۋاقىتتا ئەسكەر تۇتۇپ ئەمەلدار
بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ بىر خىل مىسالى. ئۇيغۇرلاردىن ھەربىي
ئەمەلدار بولغانلار ئابدۇقادىر ھاجى، زەيدىن كارۋان، ئىدرىس كارۋان
دېگەنلەر باسمىچىلارنىڭ بېسىمى بىلەن تاراپ كەتتى. قالغىنى ئاتۇش-
تىن كىچىك ئاخۇن (كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ 1937-يىلى "جەنۇبىي
شىنجاڭ ئىسيانى" دېگەن ۋەقەدە ۋاپات بولدى) شەرق تەرەپتىن
كەلگەن (قۇمۇللۇق) ھامۇتخان لۈيجاڭ بولدى (ھامۇتخان لۈيجاڭ
ئۇزاق ۋاقىت ھەربىي باشلىق بولدى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت
بېشىغا چىققاندا ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇئاۋىن رەئىس خوجانىياز ھاجى-
نىڭ ساقچى قىسمىنىڭ باشلىقى بولدى، خوجانىياز ھاجى قامالغاندىن
كېيىن ئۇمۇ قامالدى. قاماقتىن چىقىپ خەلقپەرۋەر ئىلغار ھەرد-
كەتلەرگە قاتناشتى. ئازادلىقتىن كېيىن، قۇمۇلغا مۇئاۋىن ۋالىي
بولغان، يېقىندا قازا تېپىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوبدان ئادەم ئىدى، بۇ
ئادەم شېڭ شىسەي ۋاقتىدا چۆچەككە ھاكىم بولغاندا ئۆزئارا
ياردەم قىلىشقاندۇق).
شۇ ۋاقىتتا قەشقەردە بولغان ھەربىي باشلىقلارنىڭ ئۆزئارا توقۇ-
نۇشى، كېيىن ئويلىساق چەت ئەلنىڭ ئويۇنى ئىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىل-
غان ئەخمەت تەۋپىق دېگەن ئادەم رېژىسورلۇق رولىنى ئوينىغاند-
كەن. ئۇ چوڭ بىر ئارغىماققا مىنىۋېلىپ، كەينىگە ئىككى ئەسكەرنى
سېلىۋېلىپ توختىماي ئۇ ياق، بۇ ياققا چاپىدىغان. ئۇزاق ئۆتمەي
ئۇنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچىلارمۇ، باسمىچىلارمۇ
ئۇنى ھۆرمەت قىلدى. ئۇ زادى نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ؟

نېمىشقا ھەربىر باشلىقلاردىن بۈگۈن بىرسى، ئەتىسى بىرسى ئۆلۈپ تۇرىدۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئۇ ۋاقىتتا بىز چۈشىنەلمەيتتۇق.

بۇ بىرمەزگىل ئىچىدىكى ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوراللىق قوزغىلاڭچىلار ياخشى تەشكىللەنمىگەن ھەمدە بىرلەشكەن توغرا رەھبەرلىككە ئىگە بولمىغان، شۇڭا چوڭ كۈچ بىلەنمۇ ئاز دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمىغان. ئىنقىلابقا ئاتلانغان خەلق ئاممىسى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ياخشى باشچىغا ئىگە بولمىغاچقا ھوقۇق يامانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ ئادەملەر خەلقنى ۋە خەلق مەنپەئەتىنى بىر چەتتە قويۇپ، بايلىق، مەنسەپ تالىشىش بىلەن بىر-بىرىنى چېپىشقان. بۇنداق شارائىتتا، چەتنىڭ قول سېلىشى تۇرغان گەپ. قەشقەردە مەلۇم ۋاقىت شۇنداق بولدى، كېيىنكى بەزى قالايمىقانچىلىقلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولدى.

# ئالتىنچى باب
# ئۈچ قېتىملىق جەڭدە

## 1. ھىمتىنىڭ سېپىدىكى جەڭدە

1932 ـ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى بىزنىڭ قىسىمغا دەرھال يەكەنگە قاراپ ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. تۆەنجاڭىمىز ئابدۇقادىر ھاجى بىرقانچىمىزنى قىچقىرتىۋېلىپ ۋەزىپىنى ئېلان قىلدى: يەكەندە سېپىل ئىچىدە قامىلىپ ياتقان دۈشمەنلەرنى تەسلىم بولۇڭلار دېسە "بىز قەشقەرگە بېرىپ مادوتەيگە قورال تاپشۇرىمىز" دەپتۇ. ئۇلار ئەتە يەكەندىن يولغا چىقىدىكەن، بىز ئۇلارنى يېڭىسارنىڭ ئۇ ياقىدا توسۇپ يوقىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. تۆەنجاڭ ۋەزىپىنى ئېيتىپ بولۇپ، ماڭىمۇ يۈز ئەسكەرنى باشلاپ مېڭىشنى تاپشۇردى. مېنى ليەنجاڭ دېمىگەن بولسىمۇ، ئەھۋالغا قارىغاندا ليەنجاڭ بولۇپ قالغانىدىم.

ھەممىسى بولۇپ تۆت يۈزدەك ئەسكەر بىلەن يولغا چىقماقچى، ئابدۇقادىر ھاجى ئۆزى باشچىلىق قىلىپ بارماقچى بولدى. كېچىسى ئالدىراش تەييارلىق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقتۇق.

بۇ قېتىمقى يۈرۈش ئەڭ جىددىي، ئەڭ ئالدىراش بىر يۈرۈش بولدى. بىرى، يەكەندىن چىققان دۈشمەننى قەشقەر تەۋەسىگە كەلتۈرمەستىن توسۇۋېلىش كېرەك؛ يەنە بىرى، بىزدىن باشقا يەنە

بىر قىسىمى يولغا چىققان بولۇپ، بىز ئۇلار بىلەن مۇسابىقىلەشكەن-
دەك ماڭماقتىمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئاۋۇ قىسىمدىن ئاۋۋال بېرىپ
دۈشمەننى يوقىتىپ خىزمەت كۆرسىتىش ۋە قورال ھەم باشقا ئولجىغا
ئىگە بولۇش ئىدى.

بىر كېچە-كۈندۈز مېڭىپ ئەتىسى يېڭىسارغا باردۇق، بارغاندىن
كېيىن قارىساق، يېڭىسارنىڭ بازىرىمىدىكەن، ئادەم ناھايىتى جىق
ئىكەن، سېتىقچىلار، بازارچى دېھقانلاردىن باشقا، دېھقان كىيىمى-
دىكى قوراللىق ئادەملەر قالايمىقان شاپاشلاپ يۈرۈشەتتى. چوڭ
كوچىنىڭ دوقمۇشلىرى، ياكى كەڭرەك يەرلەردە ئۈيغۇرچە چاپان
كىيىۋالغان، بېشىغا قازاندەك چوڭ سەللە ئورىۋالغان غەلىتە ئادەم-
لەر ئولتۇرۇپ، توختىماستىن بېشىنى ئالدىغا لىڭشىتىپ "لا-لا-"
دەپ تووۋلاۋاتاتتى. بۇ بەك قىزىق كۆرۈنۈش ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ
بىر تۇرۇپ ئادەمنىڭ كۈلكىسى كەلسە، بىر تۇرۇپ ئۇلارغا ئىچىنى-
غۇسى كېلەتتى. ئەسلىدە بۇلار مۇسۇلمان بولغان خەنزۇلار ئىكەن.
ئۇ ۋاقىتتا "مۇسۇلمان بولغانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ." دېگەن قارار چىقى-
رىلغانىدى، شۇڭا بۇ يەردىكى ئەمەلدارلار قېچىپ ياكى ئۆلۈپ
تۈگىگەندىن باشقا، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر ۋە پۇقرا خەنزۇلار
ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن مۇسۇلمان بولغانىكەن. ئۇلاردىن ئىمان
ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق مەجبۇرىيەت تەلەپ قىلىنمايدىكەن.
بىراق ئۇلارنىڭ تولۇق ئىمان ئېيتىشقا تىلى كەلمەيدىكەن. يادىدا
تۇتۇۋالغىنى بىرلا "لا-لا" (ئۇ "لائىلاھە ئىللاللاھ...") دېگىنى
ئىكەن. ئۇلاردىن سەللە ئوراشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۇلار ئۆزى
سەللە ئورىغانلار ياخشى مۇسۇلمان بولسا كېرەك دەپ ئويلىسا
كېرەك، ئۆزلىرى سەللە ئورىۋاپتۇ. يەنە كېلىپ ئۇ سەللىلەر بىردىن

بىرى يوغان بولۇپ، سەللە قانچە چوڭ بولسا، جان شۇنچە ئوڭاي ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

بۇنداق "مۇسۇلمانلار" قەشقەردىمۇ ناھايىتى جىق ئىدى. قەشقەردە سەھەردە بامدات نامىزى ئۈچۈن مەسچىتكە بارسا مەسچىت دەرۋازىسىدىن كىرمەي تۇرۇپلا مەسچىتنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان "لا-لا" دېگەن خور ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بولاتتى. مەسچىت ئىچىدە ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيىۋالغان، بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان "مۇسۇلمانلار" قىبلىگە قاراپ سەپ تارتىپ ئولتۇرۇپ ۋارقىراپ "ئىمان" ئېيتىپ مەسچىتنى بېشىغا كىيەتتى. كېيىن ئاڭلىساق بۇلار يېرىم كېچىدىلا مەسچىتكە كېلىۋالىدىكەن. بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىقى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدىن بولماستىن، جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن، "ناماز"دىن كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ كۈنى بىز يېڭىساردا قونۇپ ئەتىسى كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە قىزىل دېگەن يۇرتقا باردۇق. قىزىل يېزىسى ھىمىتنىڭ سېپىنىڭ بۇ تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چەكسىز سايدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بىز يېزىنىڭ ئۇ چېتىدە بۆكتۈرمىلەر قېزىپ ئورۇنلىشىپ، دۈشمەننى كۈتتۇق. بىردەمدىن كېيىن، سايىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغنى بويلاپ كەلگەن بىر قىسىم خوتەنلىك قوزغىلاڭچىلار پەيدا بولدى. ئۇلار يەكەننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. بىزنىڭ قەشقەردىن چىققىنىمىزنى بىلىدىكەن. ئۇلار دۈشمەننى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، دۈشمەنلەر سايىنىڭ ئۇ ياقىدىكى "كۆك راۋات" دېگەن يەردىن چىقىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز كۈتتۇق. كۈتۈپ كۈن قايرىلغاندا دۈشمەننىڭ قارىسى كۆرۈندى.

هاۋا بەك ئىسسىق ئىدى. قاقاس سايلىقتا بولسا، تاشلار تاپان كۆيدۈرەتتى. ئۇدۇلىمىزدا تۆت ـ بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا كېلىۋاتقان ئادەملەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چەكسىز ساغىن ئارىسىدا ئادەملەر، ئاتلار، هارۋىلار دېڭىزدا ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك ياكى تۇمان ئىچىدىن چىقىۋاتقاندەك يېرىم ـ ياتا، يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار بىرئاز يېقىنلاپ كېلىپ توختىدى. خەۋەرگە قارىغاندا، 1200 چە ئادەم ئىكەن. يۇقىرالار، بالا ـ چاقىلار ـ دىن باشقا قوراللىق، ئاتلىق ئەسكەر بەش ـ ئالتە يۈزچە بار ئىكەن. بىزنىڭ چارىمىز ئۇلارنى ئاشۇ سايدا ئۇسسۇزلۇقتىن قىيناپ تەسلىم قىلىش ئىدى. بىز ئۇ تەرەپكە ۋەكىل ئەۋەتتۇق، ئۇلار بىز قورال ـ مىزنى قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئاپىرىپ تاپشۇرىمىز، دەپ تۇرۇۋېلىپ تەسلىم بولمىدى. شۇنداق قىلىپ پىژ ـ پىژ ئاپتاپتا بىرنەچچە سائەت توسۇلۇپ تۇرغاندىن كېيىن، كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىز تەرەپكە قاراپ چۇقان سېلىپ، ئوق ئېتىپ تۇرۇپ ئات سېلىپ كەلدى. بىز ئالدىراپ قالدۇق. ئۇلار سەپلىرىمىزنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئازچىلىقى يىقىلىپ، كۆپى قىزىل يېزىسىدىن ئۆتۈپ يېڭىسار تەرەپكە قاراپ قاچتى. كېيىن ئاڭلىساق، يېڭىسارغا يېقىن بىر يەردە ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقان قىسىم بىلەن ئۇرۇشۇپ، يېڭىلىپ تەسلىم بوپتۇ.

دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىزنىڭ سېپىمىزنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز سايدا قېپقالغانلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. ئارقىمىزدىن بىرنەچچە يۈزلىگەن كالتەكچى يۇقىرالارمۇ ئەگىشىپ ماڭدى. دۈشمەن تەرەپ بىزگە ئوق ئېتىپ، ئازراق قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن چىداشلىق بېرەلمەي، تىرىپىرەن

بولۇپ، بىرىمۇ قالماي يوقىتىلدى، كالتەكچىلەر ئۇلارنىڭ ئارددىكى پوقرالارغا ئېتىلغىلى تۇرغاندا بىز ئۇلارنى توستۇق. باي سودىگەرلەر، بەزى ئەمەلدارلار پۇل-ماللىرىنى مەپە، هارۋا، ئاتلارغا ئارتىپ ئېلىپ چىقىپتىكەن، خەقلەر مەپە، هارۋىلارغا ئېتىلىپ، خۇرجۇنلارنى يېرىشقا باشلىدى، پۈتۈن سايدا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تويۇقسىز چىققان شامالدا تىزا-پۇللار، تاۋار-دۇردۇنلار ئۇچۇپ يەلپۈنۈشكە باشلىدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئەسكەرلىرىمنى يىغىپ، ئۇلارغا بىرىنچىدىن ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك؛ ئىككىنچىدىن بۇلاڭچىلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچىدىن مىلتىق يىغىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بىز سايدا چېچىلىپ ياتقان مىلتىق-ئوقلارنى يىغىشقا باشلىدۇق. يىغقان مىلتىقلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدى. بىر كىشى تۆت-بەش مىلتىق ۋە بىرمۇنچە ئوقلارنى دولىمىزغا ئېسىپ قايتتۇق.

سايدىن يېزىغا كىرىپ ئازغىنا ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ، هودۇققان هالدا ماڭا: "ئاۋۇ يەردىكى بىر كالتەكچىلەر بىرمۇنچە ئايال، باللارنى ئۆلتۈرگىلىۋاتىدۇ" دېدى. مەن ئەسكەرلەرنى قىسمىمىز چۈشكەن جايغا بېرىپ دەم ئېلىشقا قويۇپ، ئۆزەم ئىككى ئەسكەرنى باشلاپ، هېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بارساق بىر يوغان ئەنجان تاملىق هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىرمۇنچە كالتەك تۇتقان ئادەملەر ۋارقىرىشىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. كالتەك تۇتقان ئىككى ئادەم ئېتىكلىك دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ توسۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭدىن ياشراق بىرسى: "پوقرالاردا، خوتۇن-باللاردا نېمە گۇناھ بار؟ كۈچۈك بولسا بېرىپ چېرىكلەر بىلەن ئۇرۇش..."،

دەۋىتىپتۇ. مەن بارغاندىن كېيىن كۆپچىلىك يول ئېچىپ بەردى، ھېلىقى يىگىت ماڭا ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. مەن كۆپچىلىككە چۈشەندۈرۈپ: "ماۋۇ يىگىت ياخشى گەپ قىلدى، توغرا سۆز، ھەممىڭلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىڭلار، ياكى ئاتا - ئاناڭلار بارغۇ، قايتىڭلار!" دېگەندىم، ئۇلار گەپ ئاڭلاپ قايتتى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن كالتەك تۇتقان ئىككى ئادەم بىزگە دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى، (دەرۋازىنىڭ تېشى ۋە ئىچىدىكى تۆت ئادەم ئاشۇ خوتۇن - بالىلارنى قوغداپ تۇرغانلار ئىكەن)، مەن كىرسەم ھويلىنىڭ نېرىقى بۇلۇڭىدا (بۇ ئۆي يوق بىرلا قورغان ئىكەن) بىر توپ ئاياللار، ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىغا كىرىۋالغان بىر توپ بالىلار "لا - لا" دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپتۇ. قۇلاقنى يارغۇدەك بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز، ئايىنىشلىق بۇ كۆرۈنۈش كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئازغىنا ئادەمگەرچىلىكى بار كىشىنىڭ بۇ بىچارىلەرگە رەھىمسى كەلمەي قالمايتتى. مەن كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغىراق ماڭغاندىم، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كەتتى. مەن بىرىرەكىدە توختاپ: "قورقماڭلار، بىز سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمىز" دېگەندىن كېيىن، ئازراق بېسىلدى. ھېلىقى دەرۋازا تېشىدا گەپ قىلغان يىگىت مېنى كۆرسىتىپ: "بۇ بالا بىزنىڭ ئەسكەر باشلىقىمىز، سىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن كەلدى" دېگەندى، بۇلۇڭغا قىسىلىپ ۋارقىراۋاتقان بايىقى كىشىلەر خۇددى بىرسى كوماندا بەرگەندەك يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، مېنىڭ ئەتراپىمغا يىقىلدى. ئاياللار پۇتلىرىمنى قۇچاقلاپ يالۋۇراتتى، بالىلار قولۇمغا، پېشىمگە ئېسىلىپ يىغلايتتى. مەن ئۇلارغا سۆز قىلىپ تىنچلاندۇر-دۇم. ساناپ باقسام 22 ئايال، سەككىز بالا ئىكەن. ئاياللارنىڭ

كۆپچىلىكى ياش بولۇپ، بىرلا ئاق باشلىق موماي بار ئىدى. باللارنىڭ ئەڭ چوڭى توققۇز-ئون ياشتا. مەن ئۇلارنى باشلاپ، يول بويى قوغداپ بىزنىڭ قىسمىمىز چۈشكەن دەڭگە ئېلىپ باردىم.

ئۇلارنى ئاپىرىپ دەڭدىكى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تاماق بەرگەندىن كېيىن، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. كېيىن ياش ئاياللارنى خالىغان باشلىق ۋە ئەسكەرلىرىمىزگە ئېلىپ بېرىش، باللارنى بىر-بىردىن بېقىۋېلىش پىكرىگە كەلدۇق. تۇەنجاڭ بىلەن ئىككىمىز لىيەنجاڭ، پەيجاڭلارنى يىغىۋېلىپ بۇ پىكرنى ئېيتقاندىن كېيىن ھەممىسى قوشۇلدى. بۇ پىكرنى ئاياللارغا ئېيتقاندىن كېيىن ئۇلارمۇ قوشۇلدى. ھەتتا ئالماقچى بولغانلارنىڭ تەلىپى بويىچە مۇسۇلمان بولۇشقىمۇ قوشۇلدى، ئۇ بىچارىلەرنىڭ قوشۇلماي ئىلاجى يوق ئىدى. ھازىر ئۇلارغا بىر پاناھ كېرەك ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايال تاللاش، بالا تاللاش باشلىنىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي تاللىنىپمۇ بولدى. كەچقۇرۇنلۇقى قىسمىمىزدىكى دىنىي قائىدىنى ئۇقىدىغان بىر ئادەم ئاۋۋال ئاياللارنى مۇسۇلمان قىلىپ (ئىمان ئۆگىتىپ) چىقتى. ئاندىن كېيىن بىر-بىردىن نىكاھ قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئاشۇ بىر مومايدىن باشقا ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەرلىك بولدى. باللارنى بولسا خالىغانلار بىر-بىردىن ئالدى. بىرى سەككىز-توققۇز ياشلىق، بىرى توققۇز-ئون ياشلىق ئىككى بالا ئاشۇ ھويلىدا قۇتقۇزۇلغاندىن تارتىپ مېنىڭ يېنىمدىن كەتكىلى ئۇنىمىدى. ھەر ئىككىلىسى بىزنى بېقىۋالسىلا، ئاتا-ئانىمىز ئۆلۈپ كەتتى، دەپ يىغلايدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچە ياخشى بىلىدىكەن، يەكەن شېۋىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بىر چىرايلىق سۆزلەپلا تۇرىدۇ. مەن ھېلىقى چوڭراق بالىنى

بېقىۋالغۇم كەلدى. لېكىن كىچىككى پېشىمگە ئېسىلغىنى ئېسىلغان، زادى قويۇپ بەرمىدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ: "مېنى بېقىۋالسىلا، مەن سىلىگە بالا بولسامەن، ئانام يوق ئىدى، دادام بايا ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ ھېچنېمەم يوق" دەپ پېشىمنى تۇتقانچە يىغلاپ سوكۇلداپ پېشىمنى قويۇپ بەرمىگەندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنى مەن ئالدىم. چوڭىنى بىزنىڭ تۇەنجاڭ ئابدۇقادىر ھاجى بېقىۋالدى. شۇ يەردىلا مېنىڭ "بالام"غا "ئەرشىدىن" دەپ، چوڭىغا "تۇرسۇن" دەپ ئات قويدۇق (تۇرسۇن ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولۇپ، كېيىن ئاقسۇدا مۇئەللىم بوپتىكەن، ۋالىي مەھكىمە مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىنى بوپتىكەنمىش. چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن كۆرمىدىم). ئەرشىدىننى مەن ئۆيگە ئەكىلىپ بەردىم، ئانام باقتى. مەن سوۋېتكە ئوقۇشقا كەتتىم، كېيىن ئانام ئوقۇتۇپ چوڭ قىپتۇ، 1939-يىلى مەن چۆچەكتە خىزمەت قىلىۋاتقاندا ئەرشىدىن سودىگەرلەرگە قوشۇلۇپ مېنى ئىزدەپ كەلدى، ئۇنى ئانام مېنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىكەن. ئاڭلىسام ئانامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، ئۆزىنىڭ بەش ئوغلىدىن بىرسىمۇ يېنىدا يوق (ئىككىسى قامىلىپ كېتىپتۇ، بىرسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بىرسى بىردەم قەشقەردە، بىردەم ئىلىدا يۈرۈپ ياخشى قارىمايدىكەن. بىرسى — مەن چۆچەكتە). ئەرشىدىن دېگەن بۇ بالا بولسا ئاخىر ئانامغا ئەسقاتقان "بالىسى" بوپتۇ. ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئەرشىدىندىن خۇش بولدۇم. تېخى ئۇ كىچىك بولسىمۇ جىگىرى بار بالا بوپتۇ. بىر ياقتىن مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر ياقتىن ئانامغا قارايدىكەن. ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش بولغان كۈنى ئانامنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئاتۇشتىن قەشقەرگە ئاپىرىدىكەن، ئانام قەشقەر يېڭىشە-

ھەردىكى تۇرمىنىڭ ئالدىدا كۈن بويى تۇرمىدىكى ئىنىم لىۋائىددىننى
كۆرۈش ياكى تاماق بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. كۆرۈش نەدە
بولسۇن، ھەتتا تامىقىنىمۇ بېرەلمەي، يىغلاپ-يىغلاپ ئاتۇشقا تەستە
قايتىدىكەن. شۇ كۈنلەردىمۇ ئەرشىدىن ئانامغا تازا يار-يۆلەك
بوپتۇ. قەشقەردىن چۆچەككە كېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاسان گەپ ئەمەس.
ئۇ مېنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ قاتتىق تۇردى. "مەن سىزنى ئېلىپ
كەتمىسەم، زادى بولمايدۇ، چوڭ ئانام زار-زار قاقشاپ يىغلاپ
قالدى" دەپ تۇرۇۋالدى. بىراق مەن كېتەلمىدىم، ماڭا شېڭ
شىسەي رۇخسەت قىلمىدى، كېيىن بىلسەم، مەن چۆچەككە پالان-
غانىكەنمەن، ئەرشىدىننى يەنە سودىگەرلەرگە قوشۇپ قايتۇرۇۋېتىشكە
توغرا كەلدى. شۇ بويى ئۇنى ئۇزاققىچە كۆرەلمىدىم. ئۇ ئازادلىق-
تىن ئىلگىرى مۇئەللىم، تەرجىمانلىقتا ئوخشاش خىزمەتلەرنى قىپتۇ،
ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. چوڭ ئادەم بولۇپ قاپتۇ،
كېيىن بېيجىڭ تۆمۈريول ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ قايتتى. ئاندىن
تۆمۈريول خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى.

## 2. يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش جېڭىدە

قەشقەر كونىشەھەردە ھەربىي باشلىقلار، قىسىملار ئارىسىدىكى
ئىچكى سۈركىلىشلەر بىر ئاز پەسىيىپ، يېڭىشەھەر نىشان قىلىنغان
ئۇرۇش كۈچىيىشكە باشلىدى. يېڭىشەھەرنى يىراقتىن مۇھاسىرە
قىلىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدۇق. بىزنىڭ قىسىم يېڭىشەھەرنىڭ
غەربىي-جەنۇبىي تەرىپىدىكى "قىپچىرچى" دېگەن بىر يېزىنى
ئېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. قىپچىرچى — ئىككى دەريا ئارىلىق-

دىكى مېۋىلىك باغلىرى جىق، ھاۋالىق، بىر گۈزەل يېزا ئىكەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان ۋاقتىمىز باش كۈز پەيتلىرى بولسا كېرەك، ئادەملەرنىڭ كۆپى يېزىنى تاشلاپ يۆتكىلىپ كېتىپتۇ. شاپتۇللىرى تولۇق پىشقان، ئېتىزلىقتا قوغۇن-تاۋۇزلار پىشىپ ياتقان ئېگىسىز يېزا بىزگە قالدى. بۇ ۋاقىتلاردا ھەربىي تەمىناتىمۇ ئۇنچە ياخشى بولمايدىغان، بۇ يېزىنىڭ مول مېۋىسى تەمىناتقا خېلى چوڭ ياردەم بەردى. خالىغانچە ئۈزۈپ يەيمىز، يەنە تېخى ياخشىسىنى تاللاپ يەيمىز.

مۇنداق بىر ئەھۋال ھازىرغىچە مېنىڭ يادىمدىن چىقمايدۇ؛ بىركۈنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ سېپىل يېنىغا قىستاپ باردۇق، بىرنەچچە سائەت ئۇرۇشقاندىن كېيىن، دۈشمەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ يېقىن كېلىپ قالدى. بىرچاغدا قارىساق يان تەرەپتىكى بىر باغدىن دۈشمەن بېسىپ كېلىۋېتىپتۇ، بىز 30 نەچچە ئادەم قاتتىق ئۇرۇشتۇق. لېكىن ئىككى يېنىمىزدىكى ئەسكەرلىرىمىز ئاللىقاچان چېكىنىپ كېتىپتۇ. كېلىۋاتقان دۈشمەن كۈچى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن بىزدىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. ئاخىر يەتتە-سەككىز كىشىلا قاپتىمىز، دۈشمەن يېقىن كېلىپ قالدى. شۇ چاغدىلا كەينىمىزگە چېكىندۇق. بۇ يەردىن بىز تۇرغان قېچىرچىگە ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك بار ئىدى، ئۇنىڭغا دۈشمەننىڭ ئوقى يېغىپ تۇرۇپتۇ. ئالدىمىزدا يۈگۈرگەن بىر-ئىككىسى كۆۋرۈك ئۈستىگە يىقىلدى. بىز كۆۋرۈكنىڭ ئايىغىدىن ئۆستەڭنى كېچىپ ئۆتۈپ بىر شاللىقتا توغرا كېلىپ قالدۇق. بۇ يەردىن تىزغىچە پاتقاقتا چۆكۈپ قېچىش بەك ئېغىر كەلدى. مەن ئاران بالالىقتا ئۆتۈپ بىر قوناقلىقتا كېلىپ ياتتىم. داۋاملىق مېڭىشقا ماغدۇرۇم قالمىغانىدى. ئاڭغۇچە دۈشمەننىڭ ئوقلىرى قوناق

شاخلىرىنى يېرىپ ۋىژىلداپ كەلگىلى تۇردى. قوناقلىقتىن قېچىپ يولغا چىقسام، بىر ئۆزبېك ئادەم (ئېتى قاسىمجان ئىدى، ئۇ ئىشقىلىپ بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەربىي باشلىق ئىدى) ۋاي-ۋايلاپ يېتىپتۇ. ”ۋاي سەيپىدىن ئۇكا مېنى قۇتقۇزساڭچۇ“ دەپ ۋارقىرىدى. قارىسام يوتىسىغا ئوق تەگكەنىكەن، ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ، ماڭالمايدۇ. مېنىڭ ئۇنى قۇتقۇزغۇدەك ھالىم بولامدىغان؟ ئەتراپ-مىزغا ۋىژىلداپ ئوق چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئاڭغۇچە بىر ئاتلىق ئەسكەر ئارقىمىزدىن كېلىپ قالدى. مەن ئۇنى توختا دەپ توسقانىدىم، ئۇ ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس، ”توختىمىساڭ ئاتىمەن“ دەپ مىلتىقىنى تەڭلىگەنىدىم، ئۇ توختىدى. ”ماۋۇ ئادەمنى ئېلىپ كەت!“ دېسەم ئۇ ھەرگىز ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇنىمىسىمۇ، ئۇ ياردارنى قانداق قىلىپ ئات ئۈستىگە ئېلىش بىر مەسىلە ئىدى، ئۇنىڭغا مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيتتى. يەنە بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. شۇڭا مەن ياردارنىڭ يېنىدا تۇرغان مىلتىقىنى ئالدىم-دە، مىلتىقنىڭ تاسمىسىنى ئۇنىڭ پۇتىغا ئۆتكۈزۈپ ئاتلىق ئەسكەرنىڭ قولىغا مىلتىقنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئۇ ئېلىپ ماڭدى. ھېلىقى بىچارە ياردار ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىغانچە ئاتنىڭ ئارقىسىدا سۆرىلىپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنى تاشلاپ كەتسەك، دۈشمەن كەلسە بەرىبىر ئۇنىڭ بېشىنى كېسەتتى (بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مەن كونىشەھەرگە كېلىپ دوختۇردا داۋالىنىۋاتقان ۋاقتىمدا ئاشۇ قاسىمجان بىر تاياقنى تايانغان ھالدا ئاقساپ كىرىپ كەلدى، ئۇ ماڭا قايتۇرۇپ-قايتۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى ئاتقا سۆرىلىپ بىزنىڭ شتابقا بارغاندىن كېيىن، قىسمىدىكى

كىشىلەر ئۇنى شۇ يەردىن كونىشەھەرگە ئېلىپ داۋالاتقانىكەن).
قاسىمجاننى ئاتقا سۆرىتىپ بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مەن ئازراق يۈگۈرۈپ قاچتىم - دە، بىر باغنىڭ ئارقىسىغا كەلگەندە زادى بولالماي، باغ تېمىنىڭ شورىسىدىن كىردىم. ئۆمىلەپ دېگۈدەك بېرىپ بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئۆزەمنى تاشلىدىم. كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ياتىمەن، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. ئۆلۈپ كېتىدى-غان ئوخشايمەن دەپ قورقتۇم. يېتىپ - يېتىپ بىرئاز ھالىمغا كېلىپ قالدىم. بىرۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاچسام، بېشىمنىڭ ئۈستىدىلا ئېگىلگەن بىر شاپتۇل شېخىدا ئۈچ دانە يوغان سېرىق شاپتۇل ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. شاپتۇل شۇنچىلىك پىشقانىدىكى، شەرۋەتلىرى تېشىغا تامشىپلا تۇرىدۇ، يېرىم كۈنلۈك ئۇرۇش، بايىقىدەك جاپالىق قېچىش، ھارغىنلىق، قورساقنىڭ ئاچلىقىدا بۇ شاپتۇل ماڭا شۇنداق چىرايلىق ھەم قۇدرەتلىك كۆرۈندىكى، ئاشۇلا مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇلدۇرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاران ئۆرە بولۇپ ئولتۇرغان پېتىمچە شاپتۇلدىن ئىككىنى ئۈزۈپ ئالدىم، ئۇنى چاپىنىمغا سۈرتۈۋېتىپ، شۇنداق ئىشتىها بىلەن يېدىمكى، قەشقەرنىڭ باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا قېچىرچىنىڭ شاپتۇلى شۇنداق تاتلىقمىكىن، ياكى ماڭا ئاشۇ ۋاقىتتا شۇنداق تاتلىق تېتىپ كەتتىمىكىن، ئىشقىلىپ، بەك تەملىك تۇيۇلدى. ھازىرغىچە شاپتۇل دېسە، ياكى شاپتۇل كۆرسەم، ئاشۇ قېچىرچى شاپتۇلى كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ.
شۇنداق قىلىپ شاپتۇلدىن بىرنى يەپ بولۇپ، ئىككىنچىسىنى ئەمدى چىشلىگەنىدىم، باققا ۋىژىلداپ ئوق چۈشكىلى تۇردى. ئاندىن كېيىن تامنىڭ كەينىدىن "شا!" دېگەن دۈشمەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قوپۇپ يەنە قاچتىم. ئاران بالالىقتا باغنىڭ نېرىقى تېمىدىن ئۇ ياققا

ئارتىلىپ چۈشسەم، بىزنىڭ ئەسكەرلەر بار ئىكەن، ئۇلار دۈشمەننى توسۇپ ئېتىشىۋېتىپتۇ. تامدىن ئۆتۈپلا يەنە يەرگە ئۆزەمنى تاشلىدىم.

قاتتىق ئېتىشىش بولۇپ كەتتى، قارىسام دۈشمەن بۆسۈپ كىرەلەيدىغاندەك ئەمەس، كۆڭلۈم تىندى. ياتقان يېتىم قويىنۇمدىكى يېرىم شاپتۇلنى ئېلىپ يەنە يېيىشكە باشلىدىم.

ئۇزاق ئۆتمەي بىز دۈشمەننى سىپىل ئىچىگە سولاپ يەنە مۇھاسىرىگە ئالدۇق.

توپتوغرا 90 كۈن شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ ئېتىشىپ ياتتۇق.

بىركۈنى سەھەردە دۈشمەن تۇيۇقسىزلا تۆت دەرۋازىنى ئېچىپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ چىقتى. بىز تەرەپتىكى قېچىرچى دەرۋازىسىدىن چىققان دۈشمەنلەر شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كېلەتتىكى، بىز توسۇشقا ئۈلگۈرەلمەي ھودۇقۇپ قالدۇق. قاتتىق تىركىشىش جېڭى بولدى. ئۇلار قارشىمىزدىكى ئېتىزلىقتا يېتىپ، قوپۇپ، ئولتۇرۇپ ئېتىپ كېلىدۇ. بىرمۇنچىسى ئۆلگەندىن كېيىن كەينىگە قايتىدۇ. يەنە ۋارقىراپ ئېتىلىدۇ. تاڭ ئاتقاندا دىققەت قىلىپ قارىساق، بىرنەچچە ئۇيغۇرلار ئارىلاش كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار قولىدا قىلىچ كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئالدىدا ۋارقىراپ كەلمەكتە. بىز ئوققا تۇتۇپ ياندۇردۇق. كېيىن ئاڭلىساق، يېڭىشەھەردە مامۇت گۆش دېگەن بىر ئاتاقلىق گاڭگۇڭ، لۈكچەك بار ئىكەن. دۈشمەن باشلىقلىرى شۇنى چاقىرىپ، قولىغا مىڭ سەر تەڭگە بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى توپلاشنى تەلەپ قىلىپ، بىر كىشىگە يۈز سەردىن تەڭگە بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. مامۇت گۆش ئۆزىنىڭ لۈكچەك ئاغىنىلىرىدىن 70 كىشىنى تاللاپتۇ. بىر كىشىگە 100 سەردىن تەڭگە، بىردىن قىلىچ بېرىپتۇ. ئۇلار پىدائىي بولۇپ دۈشمەننىڭ

ئالدىدا مېڭىپ، سېپىلدىن چىقىپ، قېچىرچى دەرۋازىسىدىن چىقىپ بىز تەرەپكە قىلىچ بىلەن كەلگەنىكەن.

تىركىشىش ئۇرۇشى قاتتىق بولۇپ، دۈشمەندىن جىق ئادەم ئۆلدى، بىزدىمۇ چىقىم ئاز بولمىدى. بىز تەرەپتە ئوق ئازىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىز ياسىغان يامان ئوق بولغانلىقتىن مىلتىقلار ئىسلىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۈشمەننىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئەندىشە قىلىش كەيپىياتى پەيدا بولدى. بەزى سەپلەردە چېكىنىش، ھەتتا ئايرىم كىشىلەرنىڭ قېچىشى يۈز بەردى. شۇنداق ھودۇقۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، دۈشمەن ئەمدى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. ئالدىمىزدىن كېلىۋاتقانلارنى بىرنېمە قىلىپ توسۇپ تۇردۇق. بىراق دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىزنىڭ ئىككى يېنىمىزدىكى سەپنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. سول ياندىكى دۈشمەن باشقا ياققا قاراپ سىلجىدى، ئوڭ يېنىمىزغا ئۆتكەن دۈشمەن بىر باغقا كىرىۋېلىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەن بىزنىڭ سەپتىن ئوتتۇز ئەسكەرنى ئېلىپ، ئاشۇ باغنىڭ تېمىغا بېرىپ، دۈشمەننى توسۇپ ئۇرۇشتۇق. نوغاي ئەۋزى دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ يىگىرمىدەك كىشىنى باشلاپ كېلىپ بىزگە قوشۇلدى. بۇ نوغاي ئەۋزىنىڭ 50 ـ 60 ئەسكىرى بولۇپ (بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نوغايلار يەنى تاتارلار ئىدى)، چوڭ پىداكارلىق ۋە قەھرىمانلىق بىلەن سوقۇشاتتى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن نامى چىققان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ قايسى قىسىمغا قارايدىغانلىقى ئېسىمدە يوق، سۆز ـ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، بىر مۇستەقىل پىدائىي قىسىمغا ئوخشايتتى. ئۇ ئېڭىشكەن بويىچە يۈگۈرۈپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ـ دە: "غەيرەت بىلەن سوقۇشۇڭلار، بىز

كەلـدۇق“ دەپ ئېتىشقا باشلىدى. باغنىڭ ئىچىدە ئۇدۇلـدىن بىرەر يۇزچـە دۈشـمەن تۆپـتۈز يەردە بىردەم ئېـگىز سەكـرەپ، بىردەم سوزۇلۇپ يېتـىـپ، بىردەم تىزلىنىـپ ئېتىپ ئىلـگىرلەيتـتى. ئۇلار بويىندىن ئايـلانـدۇرۇپ ئۇزۇن قىزىـل لاتا، باشـلىرىـغا ئاق لاتا باغلىۋالغان بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەنـدە ”شا!“ دەپ ئوق ياغـدۇرۇپ يۈگۈرەيتتى، چېكىنگەندە ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، ۋارقىرىماي ئارقىسىغا قايتاتتى. ئاندىن يەنە ھېلقىدەك يۈگۈرۈپ كېلەتتى. ھەر قېتىمقـى ھۇجۇمدا ئۇلار خېلى ئىلگىرىلىۋالاتتى. بىر ـ ئىككى سائەتكە يېقىن قاتتىق تىركەشتۇق، جىق ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كەتتى. قارىساق 50 ـ 60 ئادەمدىن 18 ئادەم قاپتىمىز. ئالدىـمىزدىكى بىزدىـن بىرنەچـچە ھەسسە جىق بولغان دۈشمەننىڭ قاتتىق ھۇجۇمغا قارشى يەنە بىردەم تىركىشـىپ قارىـساق، دۈشمەن بىزنى ئوراپ كېلىۋېتىپـتۇ. بىزنىڭ باشقا ئەسكەرلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئەمدى بىزنىڭ دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالىدىغانلىقىمىز ئوچۇق بولۇپ قالدى. نوغاي ئەۋزى ئونـدەك كىـشى بىلەن ئېـتـىـشـىـپ تۇرۇپ بىزنى چېـكىنـدۈردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇمۇ چېكىنىپ تۇرۇپ بىزگە قوشۇلدى. قارىساق بۇ دائىرىدە پەقەتـلا بىز قاپتـىمىز. قىسقىسى، ئاشۇ 90 كۈنـلۈك جەڭ قەشقەر قوزغىلىڭى ئىچىدىكى ئەڭ جىددىي ھەم قىيىن جەڭ بولدى، مەن تا ھازىرغىچە ئۇرۇشنى كۆپ چۈشەيـمەن. بۇ چۈشـلىرىـمىنىڭ كۆپى مۇھاسىرىدە قېلىش، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش، باشقىلار قۇتقۇزۇۋېلىش ياكى ئاسمانـغا ئۇچۇپ كېتىپ قۇتۇلۇش... بولىدۇ. بۇنداق چۈشلەرنىڭ كـۆپ بولۇشى ئاشۇ قېتىمقـى ئەڭ خەۋپـلىك مۇھاسـىرە سوقۇشى مېـنىڭ نېرۋامـغا قاتتىق تەسـىر قىلغانلىقـتىن بولغان بولسا كېرەك.

90 كۈن مۇھاسىرىدە ياتقان دۈشمەن ئاخىر كېلىپ بىزنى قوغلاپ قاچۇرۇۋەتتى، بىز يېڭىشەھەرنى ئالالمىدۇقلا ئەمەس، چېكىنىپ قاچتۇق. ئوبيېكتىپ سەۋەبتىن ئالغاندا، قورالىمىز ئوسال، تەمىنات ناچار ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، قىسىملار تارقاق، بىر تۇتاش، پىلانلىق، توغرا قوماندانلىق يوق ئىدى. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، جەڭچىلەرنىڭ تىرىشىشى، قان تۆكۈشى بىكار كەتتى.

## 3. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش

كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە، بىر نەچچە قېتىم جىددىي خەتەرگە يولۇققانلىقىم ھازىرغىچە يادىمدىن چىقمايدۇ.

1933 - يىلىنىڭ باش باھار كۈنلىرى مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ناھايىتى شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدۇق. ھە دېگەندە دۈشمەننى سۈرۈپ سېپىلگە قىستاپ باردۇق، لېكىن دۈشمەن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ بىزنى توسۇپ ئالغا ماڭغۇزمىدى. بىزنىڭ لېيەن قېچىرچىدىن ئۆتۈپ ناچۇق ئۆستەڭگە تەرەپكە سىلجىپ ئۆستەڭ بويىدا دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشتى. بىر - ئىككى سائەتچە قاتتىق جەڭ بولۇپ، بىز خېلى چىقىم تارتىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەننىڭ ياردەم كۈچى قوشۇلغىلى تۇردى، ئالغا مېڭىشقا بولمىدى. كېيىن دۈشمەن قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ بىزنى چېكىندۈردى. بىر ۋاقىتتا قارىساق، ئوڭ، سول يېنىمىزغىمۇ دۈشمەن ئۆتۈپ بوپتۇ. چېكىنىپ بېرىپ بىر ئەنجان تاملىق ئۆي يوق قورۇغا كىردۇق، ئۇ يەردە ئالدىراش تاملارنى

تېشىپ، دەرۋازىنى ياغاچ - تاشلار بىلەن تاقاپ، ئۇرۇش قىلىشنى باشلىدۇق. خەۋپلىك ئۇرۇش بارغانسېرى كۈچەيدى. بىز 50 دەك ئادەم ئىدۇق، ئۆلۈپ - ئۆلۈپ يىگىرمىدەك كىشى قالدى. ئەمدى چېكىنەيلى دېسەك، ئارقىمىزغىمۇ دۈشمەن ئۆتىۋاپتۇ. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز چېكىنىپ بولۇپ، بىز مۇھاسىرىدە قاپتىمىز. دۈشمەن قىستاپ كەلگىلى تۇردى، ئۇلار ئەمدى دەرۋازىغا يېقىنلاپ كېلىۋا- تىدۇ. ۋىژىلداپ كېلىپ تۇرغان ئوق بىزنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرمەيتتى. بىز تىركىشىپ ئۇرۇشقان بولساقمۇ ئوقىمىز تۈگەشكە باشلىدى، يىگىرمە ئادەمدىكى ئوقنى بۆلسەك بىر ئادەمگە تۆت - بەش تالدىن تەگدى، ”ئوقنى زايا قىلمايلى“ دېدىم مەن. دەرۋازى- دىن ئۇدۇل كەلگەن دۈشمەنلەرنى ئېتىپ، بىردىن ئوقنى ئېلىپ قالماقچى بولدۇق. بۇ ئوق ئۆزىمىز ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ، بېشىڭنى ئېلىپ شەھەر سېپىلىگە ئاسىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆلگەن ياخشى، دەپ ئويلايتتۇق. ئەسلىدە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قورقۇنچ خېلى كۈچلۈك ئىدى، لېكىن، ئەمدى ئۇنداق قورقۇنچ قالمىدى. بېشىڭغا كېلىۋاتقان ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەلۋەتتە. ئادەتتە ئادەم ئۇرۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇشتىن قورقىدۇ، ئۇرۇشقا ئىككى - ئۈچ قېتىم كىرگەندىن كېيىن، قورقماس بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم دېگەن كۆز ئالدىڭدا، ئاياغ ئاستىڭدا پىرقىراپلا يۈرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئۆلۈم كىشىگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدۇ. ئۆلمەسلىك ئۈچۈن پەقەت ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېگەن نىيەت كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ئۆزەڭنى ئۇنتۇغان ھالدا جەڭ قىلىسەن. بىز مانا مۇشۇنداق ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا جەڭ قىلىۋاتىمىز، مانا ئۈچ ئوق قالدى، ئىككى

ئوق قالدى، بىر ئوق قالدى، ئەمدى بۇ ئوقنى ملتىقتا سىلىپ قويۇپ، ئاياپ تەييارلىنىپ ئولتۇردۇق، دۈشمەن كېلىپ دەرۋازىنى چېقىشقا باشلىدى، بىرقانچە يېرىنى ئۇرۇپ تەشتى، ۋارقىراپ ئىتتىرىشلىرى بىلەن دەرۋازا لىڭشىپ قالدى. گەرچە بىر تالدىن ئوقىمىز بولسىمۇ بەرىبىر تۈگەشتۇق، دەپ ئويلىدۇق ۋە دەرۋازىنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى تامغا قاتار تىزىلىپ، ملتىقلىرىمىزنى چىڭ تۇتقان هالدا بارغانچە لىڭشىپ يىقىلغىلى تۇرغان دەرۋازىغا قاراپ تۇردۇق. شۇ ۋاقىتتا "هۇررا!" دېگەن قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، قولىقىمىزغا ئىشەنمەي قالدۇق، دۈشمەن "هۇررا!" دەپ توۋلىمايتتى. بۇ "هۇررا"چىلار بىزنىڭكىلەرمۇ؟ ئۇلار قانداق كېلىشى مۇمكىن؟... "هۇررا!" ئاۋازلىرى بارغانچە كۈچەيدى، تام تۆشۈكىدىن قارىغۇدەك بولساق، بىرەر يۈزدەك ئاتلىق ئەسكەر يالاڭ قىلىچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن هالدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كېلىۋېتىپتۇ. دەرۋازا سىرتىدىكى دۈشمەنلەر هودۇقۇپ قاچتى. هويلا ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ قالغىنى قاچتى. بىزنىڭكىلەر "هۇررا!" دېگەنچە دەرۋازىغا يېقىنلىشىپ كەلدى، هەممىمىز ئولىشىپ دەرۋازىنى ئېچىشقا باشلىدۇق. ئۇلار ئاتلىق هويلىغا كىرىشتى. بۇ ۋاقىتتىكى خۇشلۇقىمىزنى نېمە دەپ ئىزهار قىلىشنى بىلەلمەي قالدۇق. پەقەت كۆزلىرىمىزدىن ئاققان ئىسسىق ياشلىرىمىز بىلەنلا ئۇلارغا رەهمەت ئېيتتۇق. بۇلار بىر توپ ئۆزبېك ئەسكەرلەر ئىكەن. بىزنىڭ باشلىقلار بىزنىڭ مۇهاسىرىدە قالغانلىقىمىزنى بىلىپ، ئاشۇ خىللانغان ئاتلىقلار قىسمىنى ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئۆزبېك ئەسكەرلىرى سوقۇشتا غەيرەتلىك ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئاتلىق جەڭگە چىققاندا هېچنېمىدىن يانمايتتى. ئىلگىرىمۇ ئۇلارنى بىز

ئۇرۇش قىلىشقا چەبدەس دەپ ئاڭلايدىغان. بۇگۈن بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ راستلىقىغا ھەقىقەتەن ئىشەندۇق. ئۇلار بىزنىڭ باش ـ كۆزلىرىمىزنى سۈرتۈپ، ئاتلىرىغا مىنگەشتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

يەنە بىر كۈنى مەن 15 دەك ئەسكەرنى باشلاپ رازۋېت قىلىش ئۈچۈن قېچىرچىغا كىرىپ يېزىنى ئايلاندۇق، دۈشمەن كۆرۈنمىدى. باشقا بىرەرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر باغقا قارىساق، بىرنەچچە ئون دۈشمەن باغ ئىچىدە يۈرۈپتۇ. ئۇرۇشايلى دېسەك كۈچىمىز يەتمەيدۇ. شۇڭا قايتماقچى بولدۇق. قايتىشتا شۇنداقلا قايتماي دۈشمەننى بىر چۆچۈتۈۋەتمەكچى بولغان بولسام كېرەك، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قولۇمدىكى قىسقا بەش ئاتارنى بەتلەپ باغقا قارىتىپ ئېتىشىمغىلا يوغان بىر پارچە ئوت يۈزۈمگە ئۇرۇلغاندەك قىلدى. باشقىسىنى بىلمەيمەن، كېيىن بىر ۋاقىتتا تاڭلىدىغان ئوق ئاۋازلىرى بىلەن ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام، دەريانىڭ بويىدىكى بىر يارلىقنىڭ ئاستىدا يېتىپتىمەن، يېڭىسارلىق سەلەي دېگەن بىر بالا بولىدىغان، ئۇ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوڭ قولۇم پۈتۈن قان، يۈزۈم قاتتىق ئاغرىيدۇ، "مەن نېمە بولدۇم؟" دەپ سورىغانىدىم، سەلەي: "ھېچ گەپ يوق، ئوق ئاقسىغا يېنىپ كەتتى، ياخشى تەگمەي ئۆتۈپ كەتتى، ئوق پارچىلىرى يۈزۈڭگە چېچىلىپ كەتتى. قولۇڭ ئازراق زەخىم يېدى" دېدى. مېنى بىرسى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ شتابىمىزغا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. بىر سېسترا كېلىپ قولۇمنى تېڭىپ، يۈزۈمنى سۈرتتى. ئەسكەر بالىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەن ھېلىقى مىلتىقنى ئاتقان ۋاقىتتا، ئۆزىمىز ياسىغان ئوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلتىقنىڭ

ئىچى ئىس بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئوق ئالدىغا ماڭماي كەينىگە يېنىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ تەپكىنى تۇتۇپ تۇرغان ئوڭ قولۇمنىڭ بەشمالتىقىنىڭ ئاستىنى ئۇرۇپ ئۈزۈۋېتىپتۇ. دورا بىلەن پارچىلانغان ئوق مىشەكلىرى قوللىرىمغا، يۈزۈمگە، مەيدەمگە، چېچىلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىن مەن كونىشەھەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ياتتىم. دوختۇرلار بىرنەچچە كۈنگىچە مېنىڭ تېرەمدىكى، يۈز - قوللىرىمدىكى مىشەك پارچىلىرىنى تېرىپ ئېلىپ داۋالىدى، ئىككى قولۇمنىڭ ئالقىنىغا مىشەكلەر چوڭقۇر كىرىپ كەتكەنىكەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولالمىدى (شۇ مىشەك پارچىلىرى ئالقىنىمنىڭ تېرە ئاستىدىكى گۆشىنىڭ ئىچىدە تېرىقتەك ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق قارا توچكىلارغا ئايلىنىپ قالدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ بەزىلىرىنىڭ ئۇچى چىقىپ قالىدۇ، ئۇنى مەن يىڭنە بىلەن ئېلىۋېتىمەن. شۇنداق قىلىپ بۇ قارا مىشەك پارچىلىرى ئەڭ ئاخىرى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا چىقىپ تۈگىدى). بۇ نەرسىلەرغۇ ئېغىر بولمىدى، بىراق ئوڭ قولۇمنىڭ باشمالتىقى — ھېلىقى يارىدار بولغان جاي زەھەرلىنىپ ئىششىپ يىرىڭداپ كەتتى، كېيىن دوختۇرلار مۇزاكىرە قىلىپ بارمىقىمنى كېسىۋېتىدىغان بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىم: "سول قولۇمنىڭ باشمالتىقى يوق (بۇ بەش ياش ۋاقتىمدا پىچاق ئويناپ يارىلانغاندىن كېيىن ئاشۇنداق زەھەرلىنىپ كېيىن دوختۇر كېسىۋەتكەنىدى). ئەمدى ئوڭ قولۇمنىڭ باشمالتىقىنى كېسىۋەتسەڭلەر مەن قانداق قىلىمەن؟ ماڭا تازىلايدىغان، چاپىدىغان دورا، باغلايدىغان پاختا بىلەن داكا بېرىڭلار، ئۆزەم داۋالىنىمەن، ئەگەر بولمىسا مەن يەنە كېلىمەن" دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش بىلەن ئاتۇشقا كەتتىم. ھەر كۈنى

ئەتىگەندە ئانام قولۇمنى ئىسپىرت بىلەن تازىلايدۇ، ئاندىن كېيىن دوختۇر بەرگەن بىر سېرىق پاراشوك دورىنى سىپىدۇ ـ دە، پاختا قويۇپ داكا بىلەن باغلاپ قويىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ يۇرۇپ قولۇم ساقىيىپ قالدى. مەن بىر ئايدىن كېيىنلا شەھەرگە ــ قىسمغا قايتىپ كەلدىم.

# يەتتىنچى باب
# خوتەن قوزغىلىڭى

يۇقىرىدا خوتەن قوزغىلىڭى توغرىسىدا ئومۇمىيراق سۆزلەپ ئۆتۈپ كەتكەنىدىم. ئەمدى كونكرېتىراق بايان قىلىپ ئۆتەي.

خوتەن خەلقىمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلققە ئوخشاشلا قەۋەتمۇقەۋەت زۇلۇم ئىسكەنجىسى ئىچىدە قاتتىق ئازاب چەككەنىدى. خوتەن رايونىدا ئالتۇن، قاشتېشى مول بولغانلىقتىن، تەبىئىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى باشقا جايلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، بۇ ئەۋزەل شارائىت ئۇنى تېخىمۇ كەمبەغەلچىلىكتە ياشايدىغان، تېخىمۇ مۇشەققەت تارتىدىغان قىلىپ قويدى. ياڭ زېڭشىن، بولۇپمۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئامبال، دوتەيلىرى خوتەن رايونىنى ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتېشى بۇلايدىغان مۇھىم بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. جىن شۇرېننىڭ ئۆزى بولسا ئەڭ چوڭ قاشتېشى بۇلاڭچىسى ئىدى.

مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇم ئاسارىتىدە قىينالغان خوتەن خەلقى ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى تولىراق دىنىي ئەقىدىگە باغلاشقا ئۆگەتكەن فېئودال يەرلىك زالىملار ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ روھانىلارنىڭ تۆپىلەپ ئېزىشىگە ئۇچراپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

1931 - يىلى قۇمۇل خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ

باشقا جايلىرىدىمۇ قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنداق ۋەزىيەت خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى. تاقىتى چېكىگە يەتكەن خەلق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەھەممەت ئىمىن داموللا (بۇغرا)، ئابدۇللا مەخسۇم، نۇر ئەخمەت، مەھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپلا خوتەندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەخپىي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئاۋۋال ئۆزلىرى ئوقۇتقان مەدرىس تالىپ-لىرىنى قوزغاپ، ئۇلار ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىق ۋە تەشكىللەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى جىن شۇرېننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار ۋاقىتتىن ئىلگىرى (1932 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى) قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە تېزلا قارىقاش ناھىيىلىك ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. ۋەقە ئاڭلانغاندىن كېيىن گۇما ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ناھىيىدىكى جىن شۇرېن ئەسكەر-لىرىنى باشلاپ قارىقاشقا ھۇجۇم قىلغان. ئەمما بىرسى قالماي يوقىتىلىپ، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا ئۇلاردىن غەنىيمەت ئېلىنغان قورال - ياراغلار بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى قوراللاندۇرغان.

بۇ قوزغىلاڭغا خوتەن ناھىيىسى دەرھال ماسلىشىپ، مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ خوتەننى ئىشغال قىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. خوتەننىڭ ۋالىيسى تەن فېڭيى، ناھىيە ئامبىلى ۋاڭ شۇرېنلار بىر-نەككى كۈن تىرەجەپ بېقىپ، ئىچكى - تاشقى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلمەي تەسلىم بولغان.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ بۇنداق تېز لا ماسلىشىشىنى ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقارغان: 1930 ـ يىلىنىڭ باش ياز مەزگىلىدە (كونىچە 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى) خوتەننىڭ دوتەي، ئامباللىرى بىرنەچچە يۈز دىنىي مۆتىۋەرلەرنى يىغىپ، سېپىل ئىچىدىكى بىر شۆتاڭدا يىغىن ئاچقان. يىغىن سەھنىسىگە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت بايرىقى، سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ رەسىمى ئېسىلغان. رەسىم ۋە بايراق ئېسىپ چوڭ يىغىن ئاچقانىنى كۆرمىگەن دىنىي ساھەدىكىلەر نېمە ئىشكىن دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ يىغىن باشقۇرۇۋاتقان ئامبىلى: "ھەممەيلەن باش كىيىمىنى ئالسۇن" دەپ بۇيرۇغان. باشقا يىغىن قاتناشچىلىرى قاتارىدا دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ سەللىلىرىنى ئالغان. ئامبال ئارقىدىنلا: "ھەممە كىشى بايراق بىلەن رەسىمگە باش ئېگىپ تازىم قىلسۇن!" دەپ ئېلان قىلغان. ئاخۇنۇملار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، باش ئېگىپ تازىم قىلىشنى قەتئىي رەت قىلغان. دوتەي، ئامبال قاتارلىقلار باش ئېگىپ تازىم قىلىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكىتلەپ باقسىمۇ، ئۇلار "دىنىي ئىسلامدا ئاللادىن باشقا ھەرقانداق ماددىي نەرسىگە تازىم قىلىشقا بولمايدۇ..." دەپ تۇرۇۋالغان ۋە چۇقان سېلىشىپ يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان. دەرۋازا تۈۋىدە تۇرغان چېرىكلەر چوڭ دەرۋازىنى تاقاپ قۇلۇپ سېلىۋالغان، نەچچە ئون چېرىكلەر ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قورالىنى ھەيۋە قىلغان. ئەمما، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار بارغانسېرى غەزەپلىنىپ، دەرۋازىنى چېقىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان. مەيداندا پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دەرۋازىنى ئېچىۋېتىشكە

مەجبۇر بولغان.

يۇقىرىقى ۋەقە سىرتتا چوڭ غۇلغۇلىغا سەۋەبچى بولغان. دىنىي ساھەدىكىلەر يېڭى جياڭجۇن (جىن شۇرېننى دېمەكچى) تەختكە چىققاندىن كېيىن بىزنىڭ دىنىمىزنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، بىزنى رەسىم، بايراققا تازىم قىلىپ باش ئۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بىز دىن ۋە شەرىئىتىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم، دەپ پەيشەنبە (خوتەن يېڭىشەھىرىنىڭ بازار كۈنى)، شەنبە (خوتەن كونىشەھىرىنىڭ بازار كۈنى) كۈنلىرى كوچا ـ رەستىلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەشۋىق ئېلىپ بارغان. كېيىن ئۇلار ھەر چارشەنبە كۈنى يىغىلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشنى ئۇيۇشتۇرغان. بۇ دۇئا ـ تىلاۋەتكە لوپ، قارىقاش، گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردىنمۇ ئادەم كېلىپ قاتناشقان. 1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، ھەممىدىن ئىلگىرى مۇشۇ دۇئا ـ تىلاۋەتچىلەر قوللاپ چىققان. يۇقىرىدا ئېيتىلغان خوجانىياز ھاجىغا يېزىلغان خەتنى دەل مۇشۇ دۇئا ـ تىلاۋەت ھەرىكىتىنىڭ باشچىلىرى مەھەممەت شېرىپ مۇفتى بىلەن ئىسراپىل داموللام قاتارلىقلار يېزىپ چىققان.

مەھەممەت ئىمىن بۇغرا خوتەننى ئىشغال قىلىشتا ئاشۇنداق تەييار ئامموۋى ئاساسقا تايانغان ۋە قارىقاشتىكى ھاكىمىيەت ئورگىنىنى خوتەنگە يۆتكەپ، "خوتەن ھۆكۈمەت ئىسلامىيەت جۇمھۇرىيىتى" دېگەن بىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغان. بۇ ھۆكۈمەتكە مەھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇن رەئىس، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەربىي قوماندان، سابىت داموللا (بۇ قەشقەردە "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"گە باش ۋەكىل بولغان سابىت داموللا ئەمەس) مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە مۇئاۋىن

ھەربىي قوماندان، نۇرھاجى ئەخمەتخان ۋە ئابدۇللا مەخسۇم (بۇ مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى بولۇپ "شاھ مەنسۇر" دەپمۇ ئاتىلاتتى) مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان بولۇپ سايلانغان. بۇلاردىن تاشقىرى يەنە بىرقانچە مۇلكى ئەمەلدارلار تەيىنلەنگەن.

ئۇزاق ئۆتمەي خوتەننىڭ باشقا ھەممە ناھىيىلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، خوتەندىكى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى يوقالغان ۋە قوزغىلاڭچىلار خوتەن ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق پىدائىيلار بىلەن نۇرھاجى ئەخمەتخان ۋە شاھ مەنسۇرنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە يۈرۈش قىلغان. مۇشۇ ۋاقىتتا قاغىلىقتا مەھەممەت قازى، پوسكامدا سابىرخان ھاجى خوجا قاتارلىق كىشلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاغىلىق ۋە پوسكامدىمۇ خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەنىدى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بۇ ئىككى ناھىيىدىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىغا چوڭ مەدەت بولۇپ، يۇقىرىقى جايلاردا قوزغىلاڭ غەلىبە قىلدى ۋە جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلدى.

خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قاغىلىق، پوسكامدىن ئۆتۈپ، يەكەنگە قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە ھۇجۇم بىلەن يەكەن كونىشەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە مۇئاۋىن ھەربىي قوماندان سابىت داموللا قۇربان بولدى. خوتەن پىدائىيلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش شاھ مەنسۇرنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، قەشقەردىكى تۆمۈر شىجاڭ يەكەننى ئىشغال قىلىشقا ھاپىز تۇەنجاڭ دېگەن ئادەمنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئەۋەتكە-

ندى. ئۇ شاھ مەنسۇرنىڭ خوتەن پىدائىيلىرىغا قوشۇلۇپ يەكەن يېڭىشەھىرىنى قامال قىلىپ خېلى ئۇرۇشقان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالمىدى. مۇھاسىرىدە قالغان دۈشمەنلەر قورال تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەمما، بۇ قوراللارنى قەشقەر يېڭىشەھىرىدىكى مادوتەي بىلەن مازىخۇيغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنىڭ شەرتىگە كۆنۈپ، ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىنى قوبۇل قىلدى ۋە يەكەن يېڭىشەھىرىنى ئىلكىگە ئالدى.

يەكەندىن چىققان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر يېڭىشەھىرىگە تىپتىنچ كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن كەينى - كەينىدىن چىققان قەشقەر قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىككى بۆلەك قىسمى توسۇپ مۇھاسىرە قىلىۋېلىپ، قورال تاپشۇرۇشقا قىستىدى. ئۇلار رەت قىلغانلىقتىن تامامەن يوقىتىلدى.

شۇنداق قىلىپ خوتەن قوزغىلىڭى خوتەن رايونىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىشتىن تاشقىرى يەكەنگىچە بولغان دائىرىگە كېڭىيىپ كەلدى.

# سەككىزىنچى باب

# "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنلىرىمىزدىن شۇ مەلۇمكى، 1931 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن شىنجاڭ خەرىتىسىدىن قوزغىلاڭ ئوتى تۇتاشمىغان بىرەرمۇ ۋىلايەتنى تاپقىلى بولمايتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئاللىقاچان غۇلاپ چۈشكەن، شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەن قاتارلىقلار قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە تەختكە چىققان بولسىمۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايدىغان ھۆكۈمەت يوق ئىدى.

شۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى قۇمۇل، بارىكۆل، يەتتەقۇدۇقتىن تارتىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلارغا ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئالتاينى ما جۇڭيىڭنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى ما خېبىيڭ ئىشغال قىلىۋالغان ھەم دۆربىلجىننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ چۆچەككە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئىلى تەرەپنى ئالغاندا، جىن شۇرېننى يۆلەپ تەختكە چىقارغان جاڭ پېيۈەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، ئۇ شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ما جۇڭيىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش باشلاپ شىخو، ماناسلارنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. جىن شۇرېننىڭ سادىق مۇرىتى ۋېي جېنگو

ئالتايدىن قېچىپ چىققان بولسىمۇ گوچېكنى ئىگەللىۋالغانىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلسەك، كورلادىن تارتىپ نىيىگىچە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. لېكىن پۈتۈن قوزغىلاڭچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىدىغان بىر مەركەز يوق ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئالدىن بارغان چاپارمىنى ما شىمىڭ قىسمىغا تەۋە ما جيەنساڭ، خې فۇتەي قاتارلىقلار خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلا جايغا بېشىنى تىقىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى يوقىتىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلىڭىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بولسا كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئەمەلدارلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ، ئىچكى تەپرىقىچىلىك تۇغدۇراتتى. ئۇنىڭ غەرىزى ما جۇڭيىڭنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ما جۇڭيىڭ كېچە-كۈندۈز قۇرۇشنى چۈشەيدىغان" مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى" ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش ئىدى.

خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى "ھۆكۈمەت"تەشكىللىگەن بولسىمۇ، مەزكۇر "ھۆكۈمەت" باشچىلىرىدا ما جۇڭيىڭنىڭكىدەك "مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى" قۇرۇش ئىستىكى يوق ئىدى، مۇنداق ئىستەك بولغىنىدىمۇ ئۇنىڭغا توسقۇن بولىدىغان ئىككى كۈچ تەڭلا مەۋجۇت ئىدى. يەنى، ئۆز ئالدىغا "ھۆكۈمەت" تەشكىل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى قىسملىرى ۋە "مەن-مەن"لىك تالىشىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان تۆمۈر شىجاڭ بىلەن ئوسمان ئەلى شىجاڭلارنىڭ قىسملىرى ئۇلارغا "ھە-ھۇ" دېيىشىپ بەرمەيتتى. كېيىنكىلەر ما جۇڭيىڭنىڭ غەرىزى ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپلا قالماي، خوتەن "ھۆكۈمىتى" ئۈچۈنمۇ توسالغۇ ئىدى.

بۇلاردىن تاشقىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن قىرغىز، ئۆزبېكلەرنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ قوشۇنلار پاتىپاراتچىلىقتا تولغان بۇ يېڭى زېمىندا ئىز بېسىپ ھايات كەچۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن بەزىدە خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تەرەپتە تۇراتتى. لېكىن، بەزىدە ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئۆزئارا ياكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ئارا تەپرىقىچىلىك تۇغدۇراتتى.

1933-يىلىنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقاندا، قەشقەرگە ھەممە كۈچلەر جەم بولۇشقا، شەرقىي شىنجاڭدىن تارتىپ كۇچا، ئاقسۇ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغىچە قەشقەرگە ئېقىشقا باشلىغانىدى. چۈنكى قەشقەر شۇ چاغدا مەدەنىيەت، ئىقتىساد، دىنىي مەركەز ئىدى. ھەممە سىياسىي كۈچلەر قەشقەرنى ئىگەللەپ، مۇشۇ يەردە ئۆز كەلگۈسىنى بەلگىلەشكە تىرىشاتتى.

دەل يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ھەر خىل سىياسىي مەسىلىككە ئىگە چەت ئەل ئورگانلىرىمۇ قەشقەرگە ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە يېقىن كۈچلەرنى تېپىشقا ياكى يېتىشتۈرۈشكە كىرىشتى. چەت ئەل ئورگانلىرى ئىچىدە ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيىتى خېلى جىددىي ۋە ئاكتىپ ئىدى. مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ۋەكىللىك ئورگىنى — كونسۇلخانىسى بار ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرى، 1931-يىلى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالغان ياپونىيىمۇ ئومۇمىي ستراتېگىيىسى ئېھتىياجى ئۈچۈن شىنجاڭغا قىزىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى بولۇپمۇ تۈركىيىدىكى دىپلوماتىيە ئورگانلىرى

سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن قېچىپ چىققان بىرقىسىم كىشىلەرنى بېقىپ سەمرىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا "كوزىر" كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگىمۇ دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئىشپىيون دا شىجۇڭنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ شتابىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ما جۇڭيىڭدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭدا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا پولاتتەك پاكىت.

ئۇندىن باشقا، تىل ۋە ئېتنىك مەنبە بىرلىكىنى چىقىش قىلىپ، باشلانغۇچ ئوتتۇرا ئەسىردىكى "بۈيۈك تۈرك ئىمپېراتورلۇقى"نى ھەۋەس قىلىدىغان پانتۈركىزمچىلارمۇ قەشقەرگە يىغىلغان قوزغىلاڭچى كۈچلەر ئىچىدىن ئاشۇنداق مەسلەكنىڭ ئېتىقادچىلىرىنى ئىزدەيتتى، ياكى تەربىيىلەيتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلسەك، ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلىرىغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا قارشى ھالدا، قەشقەرگە يىغىلغان خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى "يۈزدەيۈز مۇسۇلمان تەقۋادارلىرى" بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرغىب قىلىدىغان ئاتېئىزمنى ۋە ماركسىزم-لېنىنىزمنى قوبۇل قىلمايتتى، بەلكى ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى ئىدى.

يۇقىرىقىدەك ئىدېئولوگىيە ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدىن بىر بۆلۈك باشچىلارنى پاتقاققا سۆرەپ كىرگۈزدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆز سۇيىقەستىدە ئۆزىنىڭ ھىندىستاننى (ھازىرقى پاكىستان 1948-يىلىغىچە ھىندىستان بىلەن بىر ئىدى) مۇستەملىكە قىلغانلىقىدەك "رېئال"لىقىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ مۇستەملىكىچى جاھانگىرلىك دۆلىتى سوۋېت ئوتتۇرا

ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە "مۇسۇلمانلار دۆلىتى" قۇرۇشنىڭ پىلانلىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدىمۇ "مۇسۇلمانلار دۆلىتى" قۇرۇشنىڭ تەشەببۇسچىسى ئىدى. قان تۆكۈپ، جان بېرىپ غەلىبە مېۋىسىنى قولىغا ئالغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بەزى رەھبەرلىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مەيدانىغا پىچكا بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، ياكى بىلسىمۇ يىراقنى مۆلچەرلىيەلمەي، جاھانگىرلارنى ھىماتى قىلىشقا رازى بولغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ھىجرى 1352-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى، مىلادى 1933-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى قەشقەردە "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇلۇپ كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقاردى. بۇ بايراق ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىدى. بايراق چىقىرىپ "جۇمھۇرىيەت" قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش چوڭ يىغىنىدا "ھۆكۈمەت" ئىسىملىكى، ئاساسىي قانۇن ۋە "دۆلەت شېئىرى" ئېلان قىلىندى.

"ھۆكۈمەت"، مۇنۇ كىشىلەردىن تەركىب تاپتى:

ھۆكۈمەت رەئىسى خوجانىياز ھاجى.①

باش ۋەكىل (زۇڭلى) سابىت داموللا.

---

① "ھۆكۈمەت" ئىسىملىكى تۈزۈلگەندىن كېيىن، سابىت داموللا شۇ چاغدا تېخى ئاقسۇدا تۇرغان خوجانىياز ھاجىنىڭ "رەئىس" بولۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئاقسۇغا ۋەكىل ئەۋەتكەن. بۇنىڭ خوجانىياز ھاجىنىڭ ئابرويى، تەسىرى ۋە قوراللىق قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. خوجانىياز ھاجى "رەئىس" بولۇشنى رەت قىلغان. لېكىن، سابىت داموللا چوڭ يىغىندا ئېلان قىلىۋەرگەن.

مۇئاۋىن باش ۋەكىل (فۇزۇڭلى) جانابىك (قازى، قىرغىز، بۇ سوۋېت چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتكەن باسمىچىلار باشلىقى).

ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى ئۇرازبېك (قىرغىز).

ئەركانى ھەربىي (ھەربىي قوماندان) مەھمۇت مۇھىتى.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سەئىدزادە يۇنۇسبېك.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىمجان ھاجى.

مائارىپ مىنىستىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم.

ئەۋقاف (ۋەخپ) مىنىستىرى شەمشىدىن تۇردى ھاجى.

ئەدلىيە مىنىستىرى زېرىپ قارىي ھاجى.

زىرائەت (دېھقانچىلىق) مىنىستىرى ئوبۇلھۇسەن ھاجى.

مالىيە مىنىستىرى ئېلى ئاخۇنباي.

سەھىيە مىنىستىرى ئەبەيدۇللا خان.

دۆلەت ئىشلىرى باش كاتىپى ئەلەم ئاخۇن.

يۇنۇسبېك قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولدى.

"دۆلەت شېئىرى"مۇنداق ئىدى:

بايراقىمىز كۆك بايراق،
ئوردۇمىز ئالتۇن ئوردۇ.
تۈركىستان تۈرك يۇرتى،
تۈركنىڭ ئولا چالاق.

(ئېسىمدە قالغان مىسرالىرى ئاشۇنداقمىدۇ،كىن، توغرا بولۇشى ناتايىن.)

"جۇمھۇرىيەت" قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرى قاتناشتى. بۇ ئۇنىڭ مەزكۇر "جۇمھۇرىيەت"نىڭ پەردە ئارقىسىدىلا

ئەمەس، ئاشكارا قوللىغۇچىسى ۋە ئېتىراپ قىلغۇچىسى بولغانلىقىنى
ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك دەلىل.

"جۇمھۇرىيەت" قۇرۇلۇپلا قۇتلۇق شەۋقىينىڭ باش مۇھەررىرلە-
كىدە «يېڭى ھايات» ناملىق گېزىت چىقىرىلدى. بۇ گېزىتكە "جۇم-
ھۇرىيەت" قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى "ھۆكۈمەت" باياناتى ۋە نىزام-
نامىسى، "ھۆكۈمەت" ئىسىملىكى، "ئاساسىي قانۇن"، "دۆلەت شېئىرى"
لىرى ئېلان قىلىندى.

"شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى" دېگەن بۇ
نەرسە ئاشۇنداق شاۋ-شۇۋ، ئاللىچۇقانلار بىلەن مەيدانغا كېلىپ،
غوۋغاسى "ئالەمنى بىر ئالغان" بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى
دېمەيلا تۇرايلى، ھېچقانداق بىر ساھەدە ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقىرالمىدى. ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ "ھۆكۈمەت" تەركىبى مۇرەككەپ،
چېچىلاڭغۇ ئىدى: ھاپىلا-شاپىلا قۇراشتۇرۇلغان بۇ "ھۆكۈمەت"نىڭ
رەئىسى (زۇڭتۇڭى) خوجانىياز ھاجى، ھەربىي قوماندانى مەھمۇت
مۇھىتى، ھەربىي-مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى ئۇرازبېكلەر تېخى
ئاقسۇدىن كەلمىگەن، ھەتتا ئۇلار بۇ "ھۆكۈمەت"نى ئېتىراپمۇ
قىلمىغان، ئۆزلىرىنىڭ "رەئىس"، "قوماندان"...لىق ۋەزىپىسىنى-
مۇ رەت قىلغانىدى. "ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان مىنىستىرلار"مۇ
ئاساسەن دېگۈدەك فېئودال پومېشچىكلار، ياكى دىنىي ساھەدىكى
يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى خىل قاتلام زىچ
بىرىككەن ھاكىمىيەت بولغانىدى. ئۇلارنىڭ باياناتى ۋە نىزامنامى-
سىدىن قارىغاندا، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايمىز،
دەيتتى، ئەمەلىيەتتە پومېشچىكلار بىلەن دىنىي يۇقىرى تەبىقىنىڭ
مەنپەئىتىنى قوغدايتتى.

بۇ "ھۆكۈمەت" ئېلان قىلغان بايانات ۋە نىزامنامىلىرىدە خەلق ئاممىسىغا بىرەر-يېرىم ئىش قىلىپ بېرىش توغرىسىدا ئېغىزمۇ ئاچمىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچقانداق ئىش قىلىپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىمۇ بۇ "ھۆكۈمەت"كە ھېچقانداق ئۈمىد باغلىيالمىدى.

بۇ "ھۆكۈمەت" ئۆزىنى پۈتۈن "شەرقىي تۈركىستان"نىڭ "ھۆكۈمىتى" دەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، قۇرۇلغاندىن تارتىپ يىقىلغانغا قەدەر شىنجاڭ تۆگۈل قەشقەر ۋىلايىتىنىمۇ تولۇق ئىگىلەپ باشقۇرالمىدى.

ئۇ "ھەربىي قوماندان"، "ھەربىي مىنىستىر" دەپ ئورگان تەسىس قىلغىنى بىلەن، ھەربىي قىسىملار بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ھېچقايسى ھېچقايسىغا بويسۇنماي ئۆزى بىلگىنىچە ئىش تۇتتى.

دەل شۇ چاغلاردا قەشقەرگە سېتىۋالدىجان، بەھرەم ئەپەندى، ئەھمەت فەرىد، سوپىزادە، سۇلتانبېك، ئابدۇللاخان قاتارلىق كىشىلەر كەلدى. كېيىن ئاشكارىلاندى، بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چەتكە قېچىپ چىققان "قاسىموۋچىلار" تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىكەن، ئۇلار بولشېۋىكلارغا، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىكەن. ئۇندىن تاشقىرى ئەخمەت تەۋپىق، مەھمۇت نەدىم دېگەن تۈركلەر باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئۇزاق ئۆتمەي ئۇقۇۋالدۇق. ئەمدى يېڭىشەھەرگە قارىتىلغان ھۇجۇم بىر ياقتا قالغاندى. ھېلىقى كىشىلەر "ھۆكۈمەت" ۋە "ئارمىيە"نى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىكەن! مەھمۇت نەدىم دېگەن تۈركنىڭ

رەھبەرلىكىدە سىيتۋالدىجان، سۇلتانبېك، بەھرەم ئەپەندى، سوپىزادىلەر "ھۆكۈمەت"نى تەشكىللەش ۋە تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى. باشقىلار "ئارمىيە"نى تەرتىپكە سالدى.

يۇقىرىقى بىر قىسىم پاكىتلاردىنلا "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال-يەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"نىڭ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ يۆلەپ قويۇ-رۇشى بىلەن تىكلەنگەن ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ "ھۆكۈمەت"مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا چەت ئەللەرنىڭ داۋام-لىق يار-يۆلەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزى تەشەببۇس-كارلىق بىلەن مۇشۇنداق "يۆلەك"لەرنى تاپىدىغانلىقىنى باياناتلىرى، شوئارلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىدىمۇ يوشۇرمىغان.

"ھۆكۈمەت" قۇرۇلۇشى بىلەنلا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىم ھاجىنى ئالاھىدە "دۆلەت خېتى" ۋە نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن چەت ئەللەرگە ماڭدۇرغان. "خەت" ئارقىلىق تۈركىيە، ئافغانىستان، ئىران، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ۋە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشىنى، قوللىشىنى؛ ھەربىي قورال-ياراغ، قەرز پۇل، ئايروپىلان، ئاپتوموبىل...لار ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان.

ئۇنىدىن باشقا مەخسۇس ۋەكىللەرنى ئەرەب مۇسۇلمان دۆلەت-لىرىگە شۇنىڭغا ئوخشاش مەقسەت بىلەن ماڭدۇرغان.

بۇ "ھۆكۈمەت" ئىچكى جەھەتتە "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال-يەت جۇمھۇرىيىتى"نىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە مۆجىزە دەپ داۋراڭ سېلىپ، "ھۆكۈمەت" قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئەھمە-يىتى، "ئۇلۇغ ۋەقە" بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇ-

نۇش ھەربىر پۇقرانىڭ ”مۇقەددەس“ بۇرچى ئىكەنلىكى...توغرىسىدا ھە دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى ھەمدە ئىسلام دىنى ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى كەڭ يولغا قويدى. شەرئى مەھكىمە دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەم قانۇن تۈزدى ۋە ئىجرا قىلدى، ھەم ئەدلىيە ئورگىنى بولۇش رولىنى ئوينىدى.

مەزكۇر ”ھۆكۈمەت“ مالىيە مەنبەسىدىكى يەڭگىللى بولمايدىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باج-سېلىقلارنى ئاۋۇتتى، بۇنىڭغا مەھكىمە شەرئى ھوقۇق بېرىپ ئېلىنىغان دىنىي باج-سېلىقلار قوشۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئەسلىدىكىدەكلا كۆتۈرگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر پېتى قېلىۋەردى.

”ھۆكۈمەت“ئىقتىدارسىزلىقىنى ناھايىتى تېزلا ئاشكارىلىغانىدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدە تەشۋىقات قىلىشتىن نېرىگە بارالمىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ”ھۆكۈمەت“تەركىبىنىڭ ئىچكى بىرلىكىمۇ بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭ تۈگۈل قەشقەر ۋەزىيىتىنىمۇ تۇراقلاشتۇرالمىدى. خوتەن ”ھۆكۈمىتى“نىڭ باشلىقلىرى بۇ ”ھۆكۈمەت“نى قوللىغان، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنى بۆلۈپ-بۆلۈپ ئىگەللىۋالغان، ھېچقانداق ”ھۆكۈمەت“نى تونۇمايدىغان باشباشتاق، مۇرەككەپ قوراللىق قوشۇنلار بىلەن پېتشالماي قايتىپ كەتتى. دېمەك، ئاشۇ ”ھۆكۈمەت“نىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەس، ”مۇسۇلمانلارنىڭ“لا ئىتتىپاقىنى ”چىقىش نۇقتىسى“ قىلىش پروگراممىسىمۇ قۇرۇق داۋراڭ بولۇش ھالىتىدە قالدى.

ئالدىنقى بەتلەردە سۆزلەنگىنىدەك، چەت ئەل جاھانگىر كۈچلىرى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىن شۈرىن مۇستەبىت ھاكىمىيە-
تىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى كۈرىشىگە قول تىقىپ، ھاپىلا - شاپىلا
يۆلەپ تۇرغۇزغان "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى"
تەرەققىيپەرۋەرلىككە قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى قىياپەت بىلەن
ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆمرى ئۇزاققا بارماي غۇلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ
غۇلاپ چۈشۈشى مۇقەررەر ئىدى. چۈنكى، ئېزىلگەن، خانىۋەيرانچى-
لىقنىڭ، زۇلۇمنىڭ دەردىنى بولۇشىغىچە تارتقان شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشى، ھەرگىز قۇرۇق
شوئار توۋلاپ داۋاملىق ئېزىلىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا
ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە پاراۋان تۇرمۇش كېرەك ئىدى. بۇ
"ھۆكۈمەت" يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلالمايتتى. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا،
ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى
شىنجاڭدا چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا
ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ كېتىشىگە، ئۇنىڭ
تەسىرىگە بېقىنىدىغان ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا
قەتئىي يول قويمايتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ياش سوۋېت
ھاكىمىيىتىگە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتلەردىن مۇداخىلە
يۈرگۈزۈشنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىسى، باشلاپ بەرگۈچىسى بولغان
ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا "پانئىسلامىزم"، "پانتۈر-
كىزم" بايرىقى ئاستىدا داۋاملىق قۇتراتقۇلۇق ھەرىكەت ئېلىپ
بارغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ ئويۇنىنى شىنجاڭدىمۇ ئويناۋاتقانلىقى
ئاپئاشكارا بولۇپ قالدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىگە چېگرىداش
شىنجاڭدا سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى بۇنداق ھەرىكەتكە يول
قويمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ "جۇمھۇرىيەت" شىنجاڭنىڭ يېقىنقى

زامان تارىخىدا "لاپ" قىلىپ يېنىپ ئۆچكەن بىر پاجىئە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ زۇلمىنى يېتىشچە تارتقان خەلق يەنە ئۇنىڭ تۆپەي- لىسىدىن ھېسابسىز قېنىنى بەردى. جاھانگىر كۆچلەر ۋە ئۇلارنىڭ يالالىنمىلىرى ياكى تاماشا كۆردى، ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىنى قاندۇردى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ ئۆتكۈم بار: "ھۆكۈمەت" ۋە "ئارمىيە"نى "تەرتىپكە سېلىش" ئۈچۈن كەلگەن ھېلىقى مەھمۇت نەدىم دېگەن ئادەم "ھۆكۈمەت"تىن نۇرغۇن ئالتۇن ئېلىپ، بۇ ئالتۇنلارغا ئەنگلىيەدىن قورال سېتىۋېلىپ كېلىش ھەم شۇ باھانىدا بۇ "ھۆكۈمەت"نى "دۇنياغا تونۇتۇش" ئۈچۈن كەتكەن. ئۇ تېخى شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقماي تۇرۇپلا، تاشقورغاندا تۈركىيەدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە كىشىگە ئۇچرىغان. مەھمۇت نەدىم ھېلىقى كىشىلەرنىڭ سورىغان سوئالىغا: "بېشى قېيىپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى باپلاپ، ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ قايتتىم" دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ جاھانگىر ئۇنسۇرلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرسىنىڭ ئىقرارى بولۇپ، مۇشۇنىڭدىنلا ئۇلارنىڭ "قوللاش"، "يۆلەش" دېگەن سەپسەتىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ.

"شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى" غۇلاپ چۈشكەندىن كېيىن "باش ۋەكىل" سابىت داموللا ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى زېرىپ قارىي ھاجىلار خوجانىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن يەكەندە قولغا ئېلىنىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە يوللاپ بېرىلدى ۋە ئۇ ئاخىرى شۇ تۈرمىدە قىيناشلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

مۇئاۋىن باش ۋەكىل جانابېك قازى قىرغىزلارنىڭ ئىچكى جېدىلى

تۆپەيلىدىن قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى.

ھەربىي-مەمۇرىي ئىشلار مىنىستىرى ئۇرازبېك ئوسمان ئەلى بىلەن بولغان ئىچكى جېدەلدە دەسلەپ ئوسمان ئەلى قاتارلىقلارنى يەڭگەن بولسىمۇ، كېيىن ئوسمان ئەلى يېڭىباشتىن كۈچ توپلاپ ئۇنى يەڭگەن ۋە تەسلىم قىلغان. ئۇرازبېك جېنىنى ساقلاش شەرتى بىلەن ھەربىي ھەرىكەتلەردە بولمايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ پۇقراچىلىقنى قىلغان. ئوسمان ئەلىنىڭ ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ مەھمۇت مۇھىتىدىن پاناھ تىلەپ بارغاندا، شېڭ شىسەينىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلدى.

”شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى“نىڭ ئەزالىرى ئىچىدە خوجانىياز ھاجىغا ئەل بولغانلار كېيىنكى كۈنلەردىمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەيىنلىشى بىلەن شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئەسلى جاللاتلىق قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى نازارەتلەردە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە مۇئاۋىن نازىر، ۋالىي، ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

بۇ ”ھۆكۈمەت“نىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن ياكى قېچىپ كەتكەن بەزى ئەزالىرى ھەر خىل جەمئىيەتلەرنى تەشكىللەپ، مەلۇم ۋاقىت توختىماي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئاشۇنداق جەمئىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى نەنجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يېقىندىن يېقىنىپ شېڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇنداقلا خوتەن، قەشقەردىن ھىندىستانغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى نەنجىڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

# توققۇزىنچى باب
# خوجانىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بىرلىشىشى

ئالدىنقى ماۋزۇدا بايان قىلىنغان ۋە كېيىنكى ماۋزۇلاردا دېيىلىدىغان ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن گەپنى سەل ئىلگىرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1933 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى شەرقىي شىنجاڭنى پۈتۈنلەي ئىلىكىگە ئېلىپ بولغانىدى. 1933 ـ يىل 3 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجىنىڭ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىشىشى تېخىمۇ زور كۈچ پەيدا قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنى بىر مۇنتىزىم قوشۇن ھالىتىگە كەلتۈرگەنىدى. خوجانىياز ھاجى بۇ قوشۇنلارنىڭ باشلىقى، مەھمۇت مۇھىتى ئەمەلىي ھەربىي قوماندان ئىدى.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا خوجانىياز ھاجى تۇرپان، توقسۇن، پىچاننى بازا قىلىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ مورىنى ئىشغال قىلدى، جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى قېچىپ گۇچېڭغا توپلاندى. خوجانىياز ھاجىنىڭ يەنە بىر تارماق قوشۇنى داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، جىن شۇرېننىڭ بۇ يەردىكى ئەپيۇنكەش، قىمارۋاز چېرىكلىرىنى تېزلا جۇندەپ داۋانچىڭنى ئىشغال قىلدى. ئەمدى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغان يول ئېچىلغانىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ما شىمىڭمۇ قارا شەھەردىن ئۇرۇمچىگە يول ئالدى. ئۇ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قارا شەھەردىن چاقىرتىلىپ كەتكەن ـ لىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ قومۇلدىن كەلگەن خوجانىياز ھاجىغا قوشۇلسا زور كۈچ بولۇپ ئۆيۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، قارا شەھەردىن مەۋسۇلباي، نىياز تۇڭگان دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەرنى جيۇچۇەندە ئەسكەر تەربىيەلەۋاتقان ما جۇڭيىڭنى چاقىرىپ چىقىشقا ئەۋەتكەندى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا ئادىتى بويىچە داۋانچىنى ئىشغال قىلىشقا قاتناشتى ۋە خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە ماسلىـ شىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە ما جۇڭيىڭنى ساقلاپ نەنشەن ئەتراپىدا كۈچ توپلاشقا، ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك ئۇرۇشى قىلىپ قويۇشقا كىرىشتى.

ما جۇڭيىڭ چىققاندىن كېيىن گۈچۈڭ ئەتراپىدا خوجانىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇ خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەمدىلىكتە خېلى زور، جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولدى ۋە خېلىلا چۆچۈدى. نەتىجىدە خوجانىياز ھاجى بىلەن ئىتتىپاقلىشىـ دىغانلىقىنى، ھەرقانداق ئىش بولسا بامەسلىھەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە بىرلىشىپ قارشى تۇرۇپ، ئۇنى يوقىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مېنىڭ تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەردىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، ما جۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجىغا: "سىلەر نەيزىنىڭ سېپى بولۇڭلار، بىز نەيزىنىڭ ئۇچى بولايلى. سىلەر مەھكەم تۇرۇپ بېرىڭلار، بىز سوقۇشايلى" دېگەن.

ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى گۈچۈڭغا، خوجا نىيازھاجى قىسىملىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلغان. ما جۇڭيىڭ

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۆز ئابرويى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ناھايىتى زور شىجائەت بىلەن ئۇرۇشقان، خېلى زور تالاپەت كۆرگەن ۋە ئىنىسى ما جۇڭجيېدىن ئايرىلغان. لېكىن ئۇ گۇچېڭنى ئىشغال قىلغان، سەككىز مىڭ تالدىن ئارتۇق مىلتىق، 50 نەچچە ئېغىر-يېنىك پىلموت ۋە نۇرغۇن ئوق-دورا غەنىيمەت ئالغان.

خوجانىياز ھاجىنىڭ قىسىملىرىمۇ جىمسارغا قاتتىق ھۇجۇم قوزغىغان. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا جىمساردىكى جىن شۇرېن قىسىملىرى تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكتىن ھۇجۇم توختىتىلغان. تەسلىم بولغۇچىلار ۋاقىت كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قورال-ياراغلىرىنى ئەتىسى تاپشۇرماقچى بولغان. خوجانىياز ھاجى بۇنىڭغا ئىشىنىپ ماقۇل بولغان. ئەمما، ما جۇڭيىڭ كېچىلەپ جىمسارغا بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەسلىم بولغۇچىلاردىن قورال تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي ئاتنى ئېلىپ كەتكەن.

بۇ ئىش خوجانىياز ھاجىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن. ئۇ ما جۇڭيىڭدىن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى قايتۇرۇشنى، ھېچ بولمىسا بىر قىسمىنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭ تەلىپىگە پىسەنت قىلمىغان. قاتتىق نارازى بولغان خوجانىياز ھاجى ما جۇڭيىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىققان ۋاقىتتىدىكى ئولجاپەرەس، ئاچكۆزلۈكى بىلەن بۇ قېتىمقى قىلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش قارارىغا كەلگەن.

دەل مۇشۇ پەيتلەردە ئۇرۇمچىدە ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، 4-ئاينىڭ 12-كۈنى چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شياۋتيەنلەر جىن شۇرېننى قوغلىۋەتكەن، پۈرسەتپەرەس شېڭ

شسەي قولىدىكى ئارمىيىسىگە تايىنىپ تەختكە چىقىۋالغانىدى. گەرچە ئۇ تەختكە چىقىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنمىز دەيدىغان زېمىن ئۈرۈمچى، چۆچەك، قۇتۇبى، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ ناهىيە بازارلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ياكى خوجانىياز هاجىنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا، ياكى ما جۇڭيىڭنىڭ خۇيزۇ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. تېخى ئۈرۈمچىمۇ مۇهاسىرە ئىچىدە، چۆچەك ما خېيىڭنىڭ هۇجۇمى ئاستىدا قالغانىدى.

شىڭ شىسەينىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن ئالغاندا، ئۈرۈمچىدىكى يەرلىك قوشۇندىن ئىككى مىڭ، شەرقىي شىمال قوشۇنىدىن ئۈچ مىڭ، ئاق رۇس قاچاقلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىرەر مىڭغا يېقىن ئەسكەر بولۇپ جەمئىي ئالتە مىڭچە ئادەم ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى مۇمكىن ئىدى.

مۇشۇنداق قىيىن ئەهۋالدا قالغان شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ مەدەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز هاجىغا تەڭ قاش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ زىتلىشىپ قالغانلىقىدەك يوچۇقتىن پايدىلانماقچى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىنى ئۆزىگە تارتماقچى، هېچ بولمىسا ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى بىر كۈچ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانىدى. ئۇ باشتا هەر ئىككى تەرەپ بىلەن تەڭ ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ قايسىبىرى بىلەن بولسىمۇ يارىشىش مۇمكىنچىلىكى ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ هەرىكەت قىلىپ بېقىشنى هەرىكەت قىلماسلىقتىن ئەۋزەل بىلدى. شۇنداق قىلىپ جىمسارىدىكى خوجانىياز هاجىنىڭ ئالدىغا ئەكبەر بىلەن مەهمۇت خوجىنى (ئۆزبېك)، گۇچېڭدىكى ما جۇڭيىڭغا

ۋۇ ئەيچىن باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەرنى تەڭ ئەۋەتتى.

خوجانىياز ھاجىنىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغانلىقىدەك ئۆتمۈشى ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى. مەھمۇت خوجا مۇشۇ كونسۇلخانىنىڭ خادىمى بولۇپ، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆھبەتكە بارغان بولسىمۇ، لېكىن خوجانىياز ھاجىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىكرىنى يەتكۈزگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مەھمۇت خوجا مۇنداق دېگەن: "مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا ۋەكالەتەن سۆز قىلىمەن. سىز سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قوللاۋاتقان شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىڭ. ما جوڭيىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى، ئۇ بەرىبىر يوقىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش ھەرقانداق كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ."

مۇشۇ ئىككى ۋەكىلدىن ئىلگىرىمۇ شېڭ شىسەي خوجانىياز ھاجىغا ئەلچى ئەۋەتكەن، بۇ ئەلچىلەر ئۇنىڭ يارىشىش توغرىسىدىكى ئاغزاكى تەلىپىنى يەتكۈزۈشتىن تاشقىرى يازغان خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇ خېتىدە: "سىلىنىڭ جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشلىرى توغرا ئىدى. مەن باشتىنلا سىلى بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايتتىم. لېكىن، مەن بىر ھەربىي بولغاچقا بۇيرۇققا بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭا سىلى بىلەن ئىلاجسىز بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئەمدى ئۈرۈمچىدە جىن شۇرېنغا قارشى تۇرۇپ ئۇنى يوقاتتىم. ئىككىمىز بۇندىن كېيىن

ئۇرۇش قلمساق، سلى ئۇرۇمچگە كەلسلە، بز برلكتە شنجاڭنى باشقۇرساق...“ دېگەن مەزمۇنلارنى يازغان. خوجا نيازھاجنڭ پوزتسيسى قاتتق بولۇپ، ئۇنڭ تەكلىينى قەتئىي رەت قلغان ۋە ئەلچلەرنڭ ئالددلا: «ئۇ مېنى ئالدماقچى بوپتۇ. مەن ئۇنڭ بلەن زادى ئەپلەشمەيمەن، ئاخرغا قەدەر ئۇرۇشۇپ، ئۇ ئۆلتۈرگەن قېرنداشلرمنڭ قساسنى ئالمەن» دەپ ئەلچلەرنى قايتۇرۇۋەتكەن.

بۇ قېتم سوۋېت ئىتتپاقى كونسۇلخانسنڭ سالاچلق قلشمۇ ئۇنڭ پوزتسيسنى دەماللققا ئۆزگەرتەلشى تەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنڭ ۋە قوزغلاڭچلار قوشۇننڭ شېڭ شسەينڭ قوشۇنغا بولغان غەزپى ناھايتى كۈچلۈك ئىدى. دېمەك، خوجانياز ھاجنڭ دەرھال ئىندەككە كەلمگەنلكى ئېنق. ئەمما، خوجانياز ھاجى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتپاقنڭ ياراشتۇرۇشنى رەت قلشقا بۇرۇنقى ئاداۋەتلەرنى تەكرارلاۋېرىش كۇپايە قلمايتتى. ئۇنڭ ئۆزنڭمۇ بر تالاي ئىچكى قيىنچلقلرى بولۇپ، قورال - ياراغ مەنبەسى، ئادەم كۈچى قاتارلق جەھەتلەردە ھازر تۇرۇۋاتقان ئورندا تۇرۇپ ھەم ما جۇڭيڭ بلەن ھەم شېڭ شسەي بلەن دۈشمەنلشەلگۈدەك ئىقتدارغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

شۇڭا ئۇ شېڭ شسەي بلەن ئاخر يارششقا ماقۇل بولدى ۋە شېڭ شسەي ھۆكۈمتنڭ ”جەنۇبىي شنجاڭ باندتلارنى تازلاش باش قوماندا“نى دەپ بەرگەن ۋەزپسنى قوبۇل قلدى. ئارقدنلا ئۇ شېڭ شسەي بلەن برلەشكەنلكنى، ۋەزپە قوبۇل قلغانلقنى نامايش قلپ، گۇچېڭدا ما جۇڭيڭ قسملرى بلەن ئۇرۇش قلدى. ئۇرۇشتا غەلبە قازنپ ما جۇڭيڭ قسملرنى مەغلۇپ

قىلغاندىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بولۇپ، ئالتە مىڭدىن ئارتۇقراقىنىڭ مىلتىقى بار ئىدى.

خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان يۈرۈشىدە، ما جۇڭ-يىڭنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتكەن ما جىيەنساڭ قىسمىنى قوغلاپ پۈتۈنلەي يوقىتالمىغان بولسىمۇ، بىرنەچچە قېتىملىق غەلىبە بىلەن ئۇنى تارمار كەلتۈرۈپ ئاقسۇنى ئىشغال قىلدى ۋە قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قورال-ياراغلاندۇرۇش، ئوق-دورا زاپىسىنى تولۇقلاش بىلەن بىرمەزگىل تۇرۇپ قالدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئەۋەتىلىپ ئۆز يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئىسمائىل ئاخۇن، غازى نىياز ئاخۇنلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشى بىلەن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى ۋە چارۋا، ئالتۇن قاتارلىق نەق ماددىي نەرسە-لەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالدى. بۇ دەل قەشقەردە سابىت داموللا قاتارلىق كىشىلەر ”شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى“ تەشكىللەۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. خوجانىياز ھاجى جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىنىڭ ”رەئىس جۇمھۇرى“ ۋەزىپىسىنى رەت قىلىپ سابىت داموللىنىڭ ۋەكىللىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ ئۇنى بۇ ”جۇمھۇرىيەت“كە قارشى تۇرۇش شەرتى ئاستىدا قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بەرگەنىدى.

شۇ مەزگىلدە (1934-يىلى 1-ئايدا)، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ”ئالتاي قىسىملىرى“ نامىدا شىنجاڭغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ما جۇڭ-يىڭنىڭ ئالتايدىكى ما خېيىڭ قىسمىنى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىلىدىكى ئىتتىپاقچىسى جاڭ پېيۇەن قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن

كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەردى ۋە ئۈرۈمچى قامالىنى بىكار قىلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچتى. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ مادوتەي بىلەن بىرلىشىشتىن ئاللىبۇرۇن قەشقەرگە بېرىپ شۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارغا ماسلىشىپ يېڭىشەھەرنى ئېلىش ئۈرۈشىغا قاتناشقان خوجانىياز ھاجى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ما جۇڭيىڭنى ئالدىنى توسۇپ يوقىتىشقا ئاتلانغانىدى، لېكىن قەشقەردىكى يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاكتىپ ماسلىشىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن خوجانىياز ھاجى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئاتۇشنىڭ ئارغۇ يېزىسىغا چېكىنىپ كەتتى.

ئۇ شۇ مەزگىلدە ئەركەشتامدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن يەنە مۇناسىۋەت باغلاپ قورال سېتىۋېلىش ئۈچۈن 2000 سەر ئالتۇن ئۆتكۈزگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ خوجانىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىشىنى ۋە "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"نى يوق قىلىشىنى يەنە تەلەپ قىلغان. خوجانىياز ھاجى شۇ چاغدا يەكەندە تۇرۇۋاتقان مەھمۇت مۇھىتىغا سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ۋەزىپىنى قول ئاستىدىكى غوپۇر تۇەنجاڭنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرغان. غوپۇر تۇەنجاڭ سابىت داموللا بىلەن زىرىپ قارىي ھاجىنى تۇتقان. كېيىن ئۇلارنى ئاقسۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەرگەن.

خوجانىياز ھاجى يەكەن ۋە ئاقسۇلاردا كۈچ توپلاپ بىرمەزگىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ

يەردە قاتتىق، چوڭ ئۇرۇش قىلمايلا ماجۇڭيىڭنى يەڭدى. ماجۇڭيىڭ
شۇ ئاردا ھاپىلا-شاپىلا قېچىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا جېنىنى ئالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوجانىياز ھاجىغا
ئارقا-ئارقىدىن تېلېگرامما بېرىپ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ
ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىشىنى تەلەپ قىلغان. خوجانىياز ھاجى
ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قالدۇق
قوشۇنلىرى ماخۇشەن باشچىلىقىدا خوتەنگە كەتكەن ھەمدە شېڭ
شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن پوسكامنى چېگرا قىلىپ خوتەندە ماخۇشەن
ئەسكەر تۇرغۇزۇش، قەشقەردە شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەسكەر
تۇرغۇزۇش كېلىشىمىنى ئىمزالىغان ئەھۋال ئاستىدا، يەكەن دەريا-
سىنى بويلاپ ئاقسۇغا كەلگەن. ئۇنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى
ئەۋەتكەن مەخسۇس ئەلچى قارشى ئالغان ۋە ئارقىدىنلا سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى باش مەسلىھەتچىسى
(بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە ئۈرۈمچىدىكى باش كونسۇل ئاپرې-
سوۋ) ئۆزى ئاتايىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى
بىلەن ھەمكارلىشىشقا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سەپەرۋەر قىلغان.
خوجانىياز ھاجى شېڭ شىسەينىڭ شۇملۇقىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغانلى-
قىنى تەكىتلىگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھېلىقى مەسلىھەتچىسى
ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس بولۇشىنى قايتا-قايتا
تەۋسىيە قىلغان. ئۇ سوۋېت مەسلىھەتچىسىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل
قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە، مال-مۈلكىنىڭ دەخلىسىز-
لىكىگە، سىياسىي ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى
ۋەدىسىگە ئىشىنىپ 1934-يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن (بەزى
ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشى توختام

تۆزۈش يولى بىلەن قارارلاشتۇرۇلغان. توختامغا خوجانىياز ھاجىنىڭ ئۆزى، شېڭ شىسەينىڭ ۋەكىلى ۋە گۇۋاھچى كېپىل سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى قول قويغان. بۇ توختام ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە يېزىلغان).

شېڭ شىسەي بۇنى شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆز مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا ماقۇل بولغان. ئۇنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى 6 ـ شىسى دەپ نام بېرىلگەن، مەھمۇت مۇھىتى شىغا شىجاڭ قىلىپ تەيىنلەنگەن.

خوجانىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ۋە بىۋاستە ياردىمىگە ئېرىشىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدا غايەت زور رول ئوينىدى.

خوجانىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھاكىمىيەت ئىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ئۇنىڭ "مۇئاۋىن رەئىس"لىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى، ئۆزىگە تەۋە قوشۇنلارنى شېڭ شىسەينىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا بېرىپ، 6 ـ شى قىلىپ شتاتقا ئېلىشىغا ماقۇل بولغانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ كېيىن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە بىرمۇنچە ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ قىلدى. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئاممىۋى چوڭ يىغىنىدا ئۇ سۆزگە چىقىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ

ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك سىياسەتلىرىنى، شېڭ دۇبەننىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشنى چاقىرىق قىلدى. خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بۇ ئاتاقلىق رەھبىرىنىڭ چوڭ سورۇندىكى ئاشكارا مۇراجىئىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قانچىلىك تەسىر قوزغايدىغانلىقى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، بۇ پەقەت بىرلا مىسال. ئەمەلىي ئىش ئۈستىدە سۆز بولغاندا ئېيتىش كېرەككى، ئۇ باشتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى، خەلققە پايدىلىق قارارلارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى بېرىپ تۇردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە ياخشىلاشتا بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1935-يىلى يازدا ئۆزى ئۈستىدە تۇرۇپ داۋانچىڭ كۆۋرۈكىنى ياساتتى. 1936-يىلى تۇرپاندا پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ماقۇل بولۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەكلىپ قىلغان دەرسلەرنى قىتىرقىنىپ ئۆگەندى. ئۇنىڭغا بۇ دەرسلەرنى كونسۇلخانا ئەۋەتكەن مەنسۇر ئەپەندى، سېيىت ھاجىلار ئۆتكەندى.

لېكىن، شېڭ شىسەي ئۈمىد-ئارزۇسىغا ئېرىشىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، باشتىكى ۋەدىسىگە تۇرماي، خوجىنىياز ھاجىنى ئاستا-ئاستا جايلاشنىڭ كويىغا چۈشتى: ئاۋۋال خوجىنىياز

ھاجىنى ھېچ ئىشقا ئىگە قىلماي، بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنلىرىغا چاقىرمايدىغان، ھەربىي كۈچ، مالىيە، ئىچكى ئىشلارنى تەڭشەش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، سەمىگىمۇ سالمايدىغان بولدى. بۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا مەخسۇس پايلاقچىلارنى قويۇپ نازارەت قىلدى، ئىرادىسىنى چىرىتىش ئۈچۈن شۇملۇق ئىشلىتىپ، پۇلغا، خوتۇنغا، راھەت-پاراغەتكە قىزىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئۆزىنىڭ قورچاق بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن خوجانىياز ھاجى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشسىزلىقتىن زېرىكىش، ئىچكى پۇشۇش بىلەن ۋەسۋەسىگە تەڭ دۇچار بولۇپ، ۋاقتىنى شاھمات ئويناش، ئوۋ ئوۋلاش، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ساياھەت قىلىشلارغا بېغىشلىدى. يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. ئاخىر شېڭ شىسەي ئۇنى يوقىلاڭ بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ قىيناپ ئۆلتۈردى. يەنى 1937-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى ئۇ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى ۋە مال-مۈلۈكلىرى پېچەتلەندى. كېيىن موسكۋانىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىرتماق سېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. جازا ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھاشىم ھاجى باشچىلىقىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. شېڭ شىسەي مەھمۇت مۇھىتىنىمۇ ئاشۇنداق قىلماقچى ئىدى، لېكىن ئۇ تۇيۇپ قېلىپ چەتكە قېچىپ كەتتى.

# ئونىنچى باب
# ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا

خوجانىياز هاجى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ بىرلىششى ما جۇڭيىڭنى ئەنسىرىتىپ قويغانىدى. شېڭ شىسەي ئەمدى خوجانىياز هاجىنىڭ دۈشمەنلىششىدىن قۇتۇلۇپ بىر "ئۇھ" تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ما جۇڭيىڭنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنى ئارام ئالغۇزمايتتى. چۈنكى، ما جۇڭيىڭ ئەمدى ئىلىدىكى 8 - شى (گومىنداڭ مەركىزىي هۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە "كوزىر" كۆرسىتىش ئۈچۈن جىن شۇرېننىڭ چاپارمەنى جاڭ پېيۇەننىڭ ئىلىدىكى قوشۇنىغا "8 - شى" دەپ دۆلەت ئارمىيىسى شتاتىنى بەرگەن. جاڭ پېيۇەن يەنە "ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلدارى" نامىدا مەمۇرىي ۋالىي ئىدى) نىڭ شىنجاڭى جاڭ پېيۇەن بىلەن بىرلىشىۋالغانىدى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە قاراتقان ھەربىي تەھدىتى قىلچە بوشاشمىغانىدى.

خوجانىياز هاجى قوشۇن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەرگە چىقىشى بىلەنلا ما جۇڭيىڭ قورال - ياراغلىرى خىل، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك 8 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قولىدىن كەتكەن گۇچېڭغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئۈرۈمچىگە هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇكاڭغا يول ئالدى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭغا قارشى شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. بۇنداق قىلىشتا يۇرتىغا قايتىشنى بەكمۇ خالايدىغان شەرقىي شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ

ھېسسىياتىنى ئويلاشقان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ شەرق تەرەپتىكى يولنى تازىلساق كۆپچىلىك ئىچكىرىگە ئاسان كېتەلەيدۇ، دېگەن شوئار بىلەن بۇ قوشۇننى ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرگە ئۈچ ئايلىق مائاشنى بىراقلا تارقىتىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى تۆت مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەن.

شۇنداق بولسىمۇ ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ما جۇڭيىڭ ئۆز قوشۇنىنىڭ مەشىق ۋە ھەربىي ئىنتىزامىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، قاتتىق سوغۇقلاردىمۇ يېلىڭ كۆڭلەك بىلەن مەشىق قىلدۇراتتى، ئۇرۇش ئۈستىدە ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا مېڭىشى يوللۇق، ئارقىغا يېنىشى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشاتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ يېڭىشكە بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك، ئۆزى مەغرۇر ۋە كۆرەڭ ئىدى.

گۇچېڭنىڭ زىمچۈەنزى دەپ ئاتىلىدىغان جايىدا بولغان بۇ ئۇرۇشتا مۆلچەرنىڭ تەتۈرىچە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى قاتتىق يېڭىلگەن. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى پەسەنتىگە ئالمىغان، ئەسكەرلىرىنى يېلىڭ كۆڭلەك بىلەن جەڭگە سالغان. جەڭ ئەمدى باشلىنىپ تۇرۇشىغىلا قاتتىق جۇدۇن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئوقتىن، سوغۇقتىن ۋە ھۆلچىلىكتىن تەڭ قىرىلىپ كەتكەن. ما جۇڭيىڭ يەنە بىر ھازا ۋارقىراپ ـ جارقىراپ بېقىپ، يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ تۇرپان، پىچانغا قېچىپ بارغان. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چېقىم بولغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىغا يەرلىك يۇقرالاردىن ئەسكەر تۇتقان ۋە مەسچىت ـ مۇمەسچىت قاتراپ يۈرۈپ، قولىغا قۇرئان تۇتۇپ جامائەتنىڭ قوللىشىنى، ئۆزىگە

ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان، يىغىن ئېچىپ، نۇتۇق سۆزلەپ: "شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىمەن، ئاندىن پۈتۈن جۇڭگونى ئېلىپ مۇسۇلمانلاشتۇرۇپ بولۇپ، بۇ يېقى ھىندىستان، ئۇ يېقى روسىيىلەرنى ئىشغال قىلىپ ئىسلام ئاچقاندىن كېيىن چېگرامنى ھەرەمگە تۇتاشتۇرىمەن..." دەپ پو ئاتقان.

1933 ـ يىلى كۈزدە ئۇ بىر قاتار تەييارلىقلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قىشتا 6 مىڭدىن ئاساسىي قىسمى، يېڭىدىن ئالغان 15 مىڭـدەك ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە ئاتلاندى. ئۇ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ سايپۇ، جىجىساۋزى، ئۇلانبايدىكى توسۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىنىڭ سەندوڭبى، خېجىياسەن، ئېرداۋان، چوڭكۆۋرۈك، سايباغ رايونلىرىغىچە ئىلگىرىلەپ باردى. ئۈرۈمچى ئاساسەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ بولدى. 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇ ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئىشغال قىلىپ بىر ئايروپىلان ئولجا ئالدى، ئارقىدىنلا سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنى قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ، شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرىگە كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

ما جۇڭيىڭ كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قالغاندى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىنى ئىشغال قىلىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغاندى. دەل شۇ پەيتتە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى يېتىپ كەلدى. ئۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقدىشى جاڭ پېييۇەننىڭ شىخو، ماناسنى ئىشغال قىلىپ بولغان قوشۇنلىرىنى يوقاتقان، غۇلجا، سۈيدۇڭ، كۈرەلەرگە كىرىپ جاڭ پېييۇەننىڭ ئۆزىنىمۇ يوقاتقان، جاڭ پېييۇەن قېچىپ بولۇپ كېيىن يەنە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندى.

ئۈرۈمچىگە ئاۋۋال سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى كېلىپ ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىنى شىددەت بىلەن بومباردىمان قىلغان. ئاندىن پىيادە قىسىملىرى ئېغىر تىپتىكى قورال ـ ياراغ ۋە برونېۋىك ماشىنىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا قېچىپ كەلگەن. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇ داۋانچىڭدا بىرنەچچە كۈن تەرسالىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ بېقىپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاچقان.

ما جۇڭيىڭنىڭ كەلگەن يولى بىلەن ئىچكىرىگە قاچماي جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قېچىشى، شۇ چاغدىكى پىچان، قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ خوجانىياز ھاجىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ يوقىتىشقا تەييارلىنىپ قويغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىچىدىمۇ تۇرپان، پىچانلاردىن تۇتقان يەرلىك ئۇيغۇر ئەسكەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىمۇ ئىچكى تەرەپتىن ماسلاشىدۇ، دەپ قورققان. شۇڭا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا سەل ـ پەل ئارام ئېلىۋېلىپ ياكى چەت ئەلگە قېچىپ كېتىش، ياكى خوتەننى ئايلىنىپ چېگىرەي ئارقىلىق گەنسۇغا كېتىۋېلىش خىيالىنى قىلغان. بۇنداق خىيالىي ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ما شىمىڭ، ما جيەنساڭلارنى ئاز ـ تولا ئەمەلىي ياردەم بېرىدۇ، دەپمۇ ئۈمىدلەنگەن.

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىنى ئارام بەرمەي تاپانباستى قىلىپ قوغلاپ، ئۈستىدىن ئايروپىلانلار بىلەن بومباردىمان قىلىپ، يەردىن ئوقتا تۇتۇپ بىتچىتىنى چىقارغان. ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىز دۈشمەنلەشمەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا توپلىغان نەچچە يۈز جىڭ ئالتۇننى

سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىسىغا "ئامانەت" قويىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلىپ مارالبېشىغا كەلگەندە خوجىنىڭ توختىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ يۇقىرىقى "ۋەدە" ھەم "قەسەم"لەرگە ئىشەنگەن ـ ئىشەنمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق. لېكىن، سوۋېت تەرەپنىڭ قەشقەردە ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيىدە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمۇ بىر سەۋەب بولسا كېرەك، مارالبېشىدا ئىلگىرىلەشنى توختاتقان.

ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپ يەنىلا جىم ياتماي قەشقەر خەلقىنى بۇلاش ـ تالاش، خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى ئالداپ بىخۇدلاشتۇرۇپ قىرغىن قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلۇش، خەلق كۈچلىرى ئىچىدىكى يېتىملىك ئورنىدىن قۇتۇلۇپ، ئاز ـ تولا قوللاشقا ئېرىشىشنى كۆزدە تۇتۇپ، قەشقەردە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا ھە دەپ يالۋۇرغان. 1934 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۇ "سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىش" باھانىسىدا مەسلىھەتچىسى ۋۇ يىڭچى قاتارلىق 100 نەچچە ئادىمى بىلەن ئون نەچچە چارەك (بىر چارەك شۇ چاغدا 16 جىڭ ئىدى) تىللا، (؟) ئون نەچچە چارەك زىخچە ئالتۇن، (؟) نەچچە يۈز توننا كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن (ئۇنىڭ ئېلىپ كەتكەن ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنىڭ سانى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكشۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كارۋانلىرى ۋە تۆگىگە ئارتىپ ماڭغان ساندۇقلارنى كۆرگەن تۆگىچىلەرنىڭ مەلۇماتىنى يوقىتا چىقىرىشقىمۇ

بولمايدۇ. ما جۇڭيىڭ توپلىغان ئالتۇن، كۇمۇشلەرنىڭ ئىچىدە بۇلاپ - تالىغانلىرىمۇ بار. مۇھىمى، تۆمۈر شىجاڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ما جيەنساڭ قەشقەردىكى "بەيتۇلمال 'خەزىنە مىلى'" ھېسابىدىكى ئالتۇن، كۇمۇشلەرگىمۇ ئىگە بولۇۋالغان. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپلا بۇ "بەيتۇلمال"نى تاپشۇرۇۋالغان. شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنى ئەنگلىيە ئۆز مۇستەملىكىسى ھىندىستان ئارقىلىق گەنسۇغا كېتىشكە قىزىقتۇرغان. ئۇنىڭ "غەمخورلۇقى" كەينىدە "ئالتۇن ۋەسۋەسىسى" يوقلۇقىغا ئىسپات يوق. ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندە ئەنگلىيە كونسۇلى پەيزىۋاتقىچە ئالدىغا بارغان، دېمەك، ھىندىستان ئارقىلىق گەنسۇغا كەتكۈزمەكچى بولغانلىقىغا ئىسپات بار).

30 - يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان بەزى ماقالىلەردە ما جۇڭيىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى"نى يوق قىلغۇچى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى قورشىۋېلىپ، ھېلىقى "جۇمھۇرىيەت" ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇچى ۋەتەنپەرۋەر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا "ئۆگىنىش" ئۈچۈن "بېرىشنى تەلەپ قىلغان" ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر، ئۆز قوشۇنى ئىچىدە بۈيۈك ئىنقىلاپ مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئىلغارلارنى مەسلىھەتچى قىلىپ تۇتقان، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يوقاتقان كوممۇنىستلار ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ما جۇڭيىڭمۇ كوممۇنىزمغا قارشى ئەمەس ئىدى...ۋەھاكازالار دەپ كۆرسىتىلىدۇ. مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم جاھانگىرلىككە غالچىلىق قىلىش، ھەم شۇ جاھانگىرغا قارشى تۇرۇشنى، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ "مۇسۇلمانلار دۆلىتى"، "مۇسۇلمانلار

ھۆكۈمىتى» قۇرۇلمەن دەپ ئۇرۇنۇشى، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇشنى ئەقلغە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ.

ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا كۆتۈرۈلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش، «مۇسۇلمانلار دۆلىتى» ياكى «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمىتى» قۇرۇش (ئۇ ھەرقايسى جايلاردا مۇشۇنداق «دۆلەت» ياكى «ھۆكۈمەت» قۇرۇش توغرىسىدا تولا گەپ ساتقان، ھەتتا ئۇ «ئالتايدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا خەت» دېگەن بىرنېمىنى يازغاندا بۇ ھەقتە يەنە ۋالاقلىغان) قەستىدە بولغان ئەڭ چوڭ بۆلگۈنچى ۋە مىللىي مۇناپىق. شۇنداقلا، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئەكسىيەتچىل قارا نىيىتىگە يېتىش يولىدا پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى ئورتاق دۈشمىنى — ياپون جاھانگىرلىكىگە ئاشكارا سېتىلغان ۋەتەن خائىنى. ھەمدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىگۇناھ قىرغىن قىلغان جاللات. ئۆزىنىڭ نەپسانىيىتى ئۈچۈن ئوچۇقتىن ئوچۇق، تەپ تارتماي بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئاچكۆز قاراقچى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونىيىگە سېتىلغانلىقى ئۆز ۋاقتىدىلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مەلۇم بولۇپ كەتكەن ئىش ئىدى. مەن يۇقىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمى مەھمۇت خوجىنىڭ خوجانىياز ھاجىغا ئېيتقان سۆزلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ ئاساسسىز گەپ ئەمەس ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئىشتا پاكىتقا ئىگە ئىدى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ گومىنداڭ زىمچۇەنزى ئۇرۇشىدا ئۈستۈن كۈچكە ئىگە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلالىشىدىكى

بىر سەۋەب جۇدۇن بولۇپ كەتكەنلىكتىن بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، شىڭ شىسەي ئاز سانلىق شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىغا ما جۇڭيىڭنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىت بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان شەرقىي شىمال قوشۇنلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ۋە ما جۇڭيىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىيالىغانىدى.

ياپونىيە "جۇڭگونىڭ غەربىنى تىزگىنلەش" مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ما جۇڭيىڭنى گۇماشتا قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ رازىلىقى بىلەن مەخسۇس مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتكەن. ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىرسى دا شىجۇڭ (ئۇ شىڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان)، يەنە بىرسى كامال ئەپەندى دەپ ئاتىلاتتى. كامال تۈركىيىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن ياپونىيىگە قېچىپ بارغان. ياپونىيە ئۇنى ما جۇڭيىڭغا ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم ھەربىي ماھارەتتە ئۇستا ئىكەنمىش، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشتا چاققان ھەم چەبدەس بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى ئاشۇ كامال ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغانلىقتىن بولسا كېرەك (بۇ ئادەممۇ شىڭ شىسەينىڭ قولىغا چۈشۈپ تۈرمىدە ئۆلگەن). ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بىلەن تونۇشۇش دېگەن باھانە بىلەن ئۈچ كىشىلىك بىر گۇرۇپپىنى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولغان. ئۇلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق يولغا سالماقچى بولغاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتى پاسپورت بەرمىگەنلىكتىن بارالماي قالغان. بۇلاردىنلا ئۇنىڭ قانداقتۇر ئىنقىلابچى ئەمەس، ئەكسىنچە چەت ئەل جاھانگىرلىرىغا

يۆلىنىپ، بىر ئەكسىيەتچى بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تىكلىمەكچى بولغان خائىن، سۇيىقەستچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ما جۇڭيىڭنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىشى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى"نىڭ تاراپ كېتىشى، قوزغىلاڭچى قىسىملارنىڭ تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كېتىشى تەڭ كەلدى. ئەگەر ئۇنى بۇ "جۇمھۇرىيەت"نى تارىتىۋەتتى دېگەندىمۇ، بۇنى ئۇنىڭ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش بىر "جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى"نى ئۆزى باشلاپ قۇرالمىغانلىقىغا ھەسەت قىلىشىدىن بولغان دەپلا چۈشىنىش مۇمكىنكى، بۇ ئۇنىڭ "ئىلغار"لىقىغا ھەل بېرەلمەيدۇ.

ما جۇڭيىڭنىڭ شەپقەتسىز قانخور ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە يېڭىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگۈچە، بولۇپمۇ قەشقەردە ھەر مىللەت خەلقىنى قانچىلىك ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغانلىقى ئىسپاتلايدۇ.

ما جۇڭيىڭ قەشقەردە كونىشەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى ئېتىپ قويۇپ، ئىككى كېچە-كۈندۈز ئاممىۋى قىرغىن ("قەتلىئام") قىلغان. شۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن ئادىمى تۆت-بەش مىڭغا يېتىدۇ. ئۇ ئۆزىگە قارشى بولغانلارنى ئۆلتۈرگەن، قارشى بولمىغانلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن. ما جۇڭيىڭ ئاتۇش، يېڭىسارلاردىمۇ چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتۇشقا بېرىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلغاندا، قوزغىلاڭچى قىسىملار تەرەپ-تەرەپكە تاراپ كېتىپ، مەن 30 ئەسكەر بىلەن ئاتۇشنىڭ ئۈستىدىكى تاغقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتۇشقا بېسىپ كەلدى. بىز تەختىيۇننىڭ ئۈستىدىكى تاغدا كۆرۈپ تۇردۇق.

ئۇلار ئاستىنئاتۇشنىڭ يېزا-يېزىلىرىغا تارىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلـ
غىلى تۇردى، مەن ئەسكەرلەر بىلەن تاغدىن چۈشۈپ، باشقىلارغا
ئاتۇشنىڭ 30 كىلومېتىر ئايىغىدىكى باچاڭ دېگەن يەرگە بېرىپ ساقـ
لاپ تۇرۇشنى ئېيتىپ، ئۆزەم ئۆيگە بېرىپ، ئاناملارنى ئېلىپ كەتـ
مەكچى بولدۇم. مەن تاغدىن چۈشۈپ، تەختىيۇندىن ئۆتۈپ ئازغانغا
كەلگەندە سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە — ئىتاچى، بۇيامەت، تېجەنلەردە
ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇپ-چېقىش، بۇلاپ-تالاش،
ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرى باشلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن
بۇرۇلۇپ سۇنتاغقا بارغاندا تېجەندىكى بىرقانچە جايغا ئوت قويۇلـ
غانلىقى كۆرۈندى. ئۇلار ئاۋۋال قوزغىلاڭچى ئەسكەرلەرگە باشلىق
بولغانلارنىڭ ئۆيىنى تېپىپ، بۇلاپ-تالاپ ئوت قويغىلى تۇردى،
ئاندىن ئەسكەر بولغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە، كېيىن ئۇدۇل كەلگەن
ئۆيلەرگىمۇ ئوت قويۇپ، ھېچكىمنى ئامان قويمىدى. ئوت قويۇش،
بۇلاش-تالاش، ئۆلتۈرۈش بىلەن پۈتۈن ئاتۇشنى چوڭ دەھشەت
قاپلىدى. سۇنتاغقا بارغاندىن كېيىن قارىسام، ئاتۇشنىڭ ئاياغ تەرىـ
پىگە قاراپ قېچىپ كېتىپ بارغان ئادەملەر بارغانچە كۆپىيىشكە باشـ
لىدى. چوڭ-كىچىك، ئەر-خوتۇن، بالا-چاقىلار ئۆلە-تىرىلگەـ
نىگە باقماستىن قاتتىق قورقۇپ قاچاتتى. مەن ئۆيگە بارسام ئابلىز
ئاكام ئاناملارنى ئېلىپ ئاللىقاچان يۆتكىلىپ كەتكەنىكەن. مەنمۇ
ئۇلارنى ئىزدەپ ماڭدىم. شۇ پەيتتە بىزنىڭ يۇرتتا — ۋاق-ۋاقنىڭ
تۆۋەيىندىكى كېچىگىمىزدە ئاتۇشنىڭ يۇقىرىسىدىن قېچىپ كەلگەن ۋە
بۇ يۇرتتىن قوشۇلغان ئادەملەر يوللارغا پاتماي قىستا-قىستاڭچىلىقتا
قاچماقتا ئىدى. يىغا-زارە، چۇقان-سۈرەن، ئات-ئېشەكلىك ۋە
پىيادە ئادەملەر قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە گويا دەريا تاشقىنىدەك

ئىلگىرى سۆرۈلەتتى. مەن كېچىڭىزگە بارغاندا بىر بوۋاي ئىككى ياشلىق بىر قىز بالىنى كۆتۈرۈپ: "ۋاي، ماۋۇ بالا كىمنىڭ؟" دەپ تووۋلاۋېتىپتۇ. بالا قىرقىراپ "ئانا" دەپ يىغلىماقتا. مەن توختاپ سۆرۈشتۈرگەنىدىم، ئىگىسى چىقمىدى. بالىنىڭ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ قول سوزۇپ يىغلىغىنىغا قارىغاندا، ئانىسى قاچقۇچىلار بىلەن بىللە تۆۋەن تەرەپكە كەتكەن بولسا كېرەك. بالىنى مەن ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ تۆۋەن تەرەپكە كەتتىم. كېچىڭىزدىن ئۆتۈپ، ئاتۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى لەڭگەرگە يېقىن بېرىپ توختاپ ئارقامغا يېنىپ قارىسام، ئاتۇش تېغىدىن تارتىپ، تۆۋەندىكى دەرياغىچە بولغان ئىدىر-جاڭ-گاللىقتا چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ بەك ئېچىن-دىم. يېزىلاردىن بۇ ياققا قاراپ قېچىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر بولسا، خۇددى دەرەخزارلار ئارىسىدىن سۆكۈپ چىقىۋاتقان چارۋا مالغا ئوخشاش چىقىپ تۇراتتى. بىر دۆڭگە چىقىپ قارىغانىدىم، ئاستىنا-تۇشنىڭ بىرمۇنچە يېزىلىرى ئۈستىنى چاڭ-توزان ھەم تۈتۈن قاپ-لاپ كېتىپتۇ. يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق بىر يەردىن چىققان بىر چوڭ تۈتۈن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. كېيىن بىلسەك بۇ كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭنىڭ ئۆيىگە قويۇلغان ئوتتىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈن ئىكەن. كۆرۈنۈش بەك دەھشەتلىك، ئاتۇش بۇلانماقتا، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇلماقتا، خەلق ئۆيلىرىنى تاشلاپ يىغا-زار بىلەن جاڭگاللارغا قاراپ قاچماقتا ئىدى. مانا بۇ، بەزىلەر ئىنقىلابچى دەپ ئاتىغان ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتۇش خەلقى ئۈستىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى.

مەن قېچىپ كېتىپ بارغان كىشىلەرنى ئارىلاپ، تاغ تەرەپكە قاراپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، بىر يەرگە بارسام، بىر چوڭ-قۇر يارلىق ئىچىدە تىقمۇتىقماق ئادەملەر يېتىپتۇ. بۇ يەرمۇ يىغا-زار

بىلەن تولغان بىر ئازاب چوڭقۇرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، چارچاپ ھالى قالمىغان كىشىلەر بىرئاز ئارام ئالماقچى بولغانغا ئوخشايدۇ. ئۆرتۆپە بولۇشۇپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىدا يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى، باللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۈركۈپ قېچىش جەريانىدا ئۆز ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئادەملەر ناھايىتى جىق ئىكەن. مەن ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى مۇشۇ يەردىن چىقىپ قالامسۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ، يارلىقنىڭ يۇقىرىسىدىن تۆۋىنىگە قاراپ ماڭدىم. ئارىلاپ-ئارىلاپ "ماۋۇ بالا كىمنىڭ؟" دەپ توۋلاپ قويىمەن. بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال مەن تەرەپكە قاراپ ئىككى قولىنى سوزۇپ، يىغا ئارىلاش "ۋاي بالام" دەپ توۋلىغىنىچە سەندىرەكلەپ مېڭىپ كەلدى. مېنىڭ قولۇمدىكى بالىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ "ئانا!" دەپ ۋارقىراپ ئۈمتىلەتتى. بالىنى ئانىسىغا بېرىپ خاتىرجەم بولدۇم. ئاڭغىچە چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال بىرنەچچەيلەن كېلىپ، ماڭا تەكرار-تەكرار رەھمەت ئېيتتى. بۇلار ئاشۇ بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن.

ئەگەردە ما جۇڭيىڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا قىلغان قان تۆكۈش ۋە بۇلاڭچىلىقلىرى تەكشۈرۈلىدىغان بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي دەلىللەرنى تېپىش مۇمكىن. مانا بۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا نېمە ئۈچۈن چىققانلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىنقىلابچى بولمىغاندىمۇ، ئەقەللىسى خەلقپەرۋەرلىككە مايىلراق ئادەم بولسا، قەشقەر خەلقىنىڭ جاللىتى بولغان مادوتەيىنى قوللاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق قوراللىق قوزغىلاڭچىلىرىنى ۋە سانسىز بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۇنچىۋالا ئۆلتۈرمىگەن بولاتتى.

# ئون بىرىنچى باب
# 30 - يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قىسقىچە باھا

قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى، جەريانى ۋە كۆلىمى جەھەتلەردىن بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىپ بولغانلىقىمدىن قايتا تەكرارلىمايمەن. بەزى جايلاردىكى قوزغىلاڭلار ۋە قىسمەن شەخسلەر ئۈستىدە سۆزلەپ كېتىۋېتىپ باھا بەرگەن بايانلىرىممۇ بار، ئۇنى بۇ يەردە قايتىلاشمۇ ئوشۇق بولسا كېرەك. مەن ”30 - يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قىسقىچە باھا“ دەپ مەخسۇس ماۋزۇ ئاستىدا سۆزلەشنى شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر ھېسابلايمەنكى، شىنجاڭنىڭ تارىخىدا 30 - يىللارنىڭ بېشىدىكىدەك شىددەتلىك، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىردەك قاتناشقان بۇنداق خەلق قوزغىلىڭى بولۇپ باقمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ قوزغىلاڭلارغا ھەرقانداق بىر خەلق ھەرىكىتى دەۋرىدە مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان مۇرەككەپلىك تامغىسى بېسىلغانلىقتىن، ئەگەر خەلق ئاممىسىغا، ئۇنىڭ كۆرەشنىڭ ماھىيىتىگە ۋە ئاساسىي ئېقىمىغا توغرا پوزىتسىيە تۇتمىغاندا، ئوڭايلا ئېقىم ئۈستىدىكى كۆپۈككە باھا بېرىپ بىر تەرەپلىمىلىككە ئېغىپ كېتىدىغان ھادىسىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، بۇنداق بولغاندا، تارىخقا، خەلق ئاممىسىغا يۈز كەلگىلى بولمايدىغان خۇلاسە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

توغـرا، 1931 ــ 1934 ـ يىللاردىكى داغدۇغىلىق قوزغىـلاڭ ئاخىر
بىرىسپ مەغلۇپ بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسـىنىڭ
تەڭرىتاغىنىڭ شەرقى، شىمالىدىن تارتىپ پامىر، كوئىنلۇن ئېتەكلىگىچە
كۆتۈرۈلگەن جىن شۇرېن ئەكسـىيەتچى ھاكـمىيىتـىنى سۈپۈرۈپ
تاشلاشنى ئېنىق مەقسەت قىلغان ئىنقىلاب بورىنى.يېـسىلـىپ كەتتى.
جاپالىق كۈرەشلەر، ئاققان ئىسـسىق قانلار زايە بولدى. بۇنىڭـدىن
شېڭ شىسەي ئاتلىق بىر ھارامزادە جاللات ئەپچـىللىك، كاززاپلىق
بىلەن مەنپەئەت ئېلىپ خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالدى.
ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئىنقىلاب، يەنى قۇمۇل تاغلىرى-
دىن كوئىنلۇن ئېتەكلىگىچە يامرىغان قوزغىلاڭ خاتا بولغان، بۇ قوز-
غىلاڭ بولمىغان بولسىمۇ چېن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شاۋتيەن قاتارلىق-
لار جىن شۇرېنـنى ئاغـدۇرۇۋەرگەن، ياكى شـېڭ شـىسەي ھامـىنى
ئۆزىنىڭ ھەربىـي كۈچـى بىلەن جىن شۇرېنـىنىڭ ئورنىـغا تەخـتكە
چىقىۋەرگەن بولاتتى دېيىش مۇمكىنمۇ؟
بەزى ماقالىلەر ۋە كىتابلار خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قۇدرىـتىنى نەزە-
رىگىمۇ ئالماي، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىش سەۋەبـىنى ياڭ
زېڭشىننىڭ ھۆكۈمىتىدىن مىـراس قالغان زەئىپلىـككە يۈكلـمەكـچى
بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ تـۈزەش تەدبىرى توغـرا بولغان بولسا ئاغدۇرۇل-
مايتتى دېمەكچى بولىـدۇ. بەزىـلەر بولسا، ئۇ ئۆز يۇرتلۇقـلىرىنىلا
ئىشلەتتى، بۇ يۇرتلۇقلىرى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆز بېشىمچە-
لىق بىلەن بايـلىق يىغـدى. بۇنـىڭـدىن نارازى بولغان چـېن جۇڭ
قاتارلىقـلار ئۇنى ئۆرۈۋەتتى، دەپ يازىـدۇ... بەزى ماقالـىلەر ئۇنى
قاچاق ئاق رۇسلار ئاغدۇردى، شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
تەختكە چىقىۋالدى، دەيدۇ.

مۇشۇنداق قاراشتىكىلەر ئىھتىمال خەلق كۆچىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بولمىسا كېرەك. مەيلى چىن جۇڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شاۋتيەن قاتارلىقلار بولسۇن، ياكى قاچاق ئاق رۇسلار بولسۇن، ياكى شىڭ شىسەي بولسۇن، قۇمۇلدىن باشلانغان ۋە تېزلا پۈتۈن شىنجاڭغا يېيىلغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قۇدرەتلىك ئېقىمى بېسىپ كەلگەندە، ئۇنى جىن شۇرېننىڭ باستۇرۇپ بولالمىغانلىقىنى، باستۇرۇشقىمۇ كۈچى يەتمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلغان. ماھىيەتتە، خەلق قوزغىلىڭىدىن پايدىلانماقچى بولغان.

بەزى ماقالە ۋە كىتابلار خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى يانداپ ئۆتەلمىسىمۇ، بۇ قوزغىلاڭلارغا "ۋەقە"، "توپىلاڭ"، "ئىسيان" دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن باھا بېرىپ، ئۇنىڭ كۆلىمىنى، رولىنى ۋە خاراكتېرىنى كەم سۇندۇرماقچى بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىلىپ-بىلمەي، بۇ قوزغىلاڭچىلاردىن پايدىلىنىپ قارا نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان ما جۇڭيىڭ، شىڭ شىسەي قاتارلىق جاللاتلارنى پەدەزلەپ، ئۇلارنىڭ خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى، توقۇنۇشى ۋە ئۇرۇشىنى قەتئىي قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان، قىلچە ئىلمىي بولمىغان نۇقتىدىن شەرھلەشكە تىرىشىدۇ. يەنى: ما جۇڭيىڭ، شىڭ شىسەيلەر قانۇنىي ھۆكۈمەتكە، خەلق قوزغىلاڭچىلىرى بولسا بۆلۈنۈشكە، قالايمىقانچىلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك خۇلاسە چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

مۇشۇنداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ كۆرسىتىدىغان دەلىلى: خوجانىياز ھاجىنىڭ قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپتە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ياردەم ئالغانلىقى؛ ئۇنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى" ھۆكۈمىتىنىڭ "رەئىس جۇمھۇر"لىقىنى قوبۇل قىلمىغان

بولسىمۇ، بۇ "جۇمھۇرىيەت"نىڭ تەشكىللىگۈچىسى سابىت داموللىنى دەرھال باستۇرمىغانلىقى؛ ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ 1937-يىلى 4-ئايدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكى؛ 1933-يىلى 11-ئايدا قەشقەردە "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى" خوتەن قوزغىلىڭىدىن كېيىن "خوتەن ھۆكۈمىتى (ياكى خوتەن ئىسلام پادىشاھلىقى)" قۇرۇلغانلىقى؛ بۇ "ھۆكۈمەت"نىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان مەھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ كېيىن "پانتۈركىزمچى" بولغانلىقى ۋە چەتكە قېچىپ كەتكەنلىكى... ۋەھاكازالار.

يۇقىرىقى دەلىللەر 30-يىللارنىڭ بېشىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ۋە زۇلۇمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەنلىكىدەك ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ پەقەت "ۋەقە" ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتكە قارشى "ئىسيان"لا بولالايدىغانلىقىنى ھەمدە ما جۇڭيىڭنىڭ خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنى يۇرتمۇيۇرت باستۇرۇشى توغرا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭمۇ نۇرغۇن جىنايەتلىرى بولغىنى بىلەن ئاشۇ بىر مەسىلىدە ئومۇمىي ۋەزىيەت نۇقتىسىدىن توغرا سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىنى ھەرگىز ئىسپاتلىيالمايدۇ.

مېنىڭچە، تەكرار قەيت قىلغاندا، 30-يىللارنىڭ بېشىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭى ئەلۋەتتە ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ قارىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبلىرى شۇكى:

1. بۇ قوزغىلاڭلار ھەممىدىن بۇرۇن جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى شوئار قىلىشتەك ئېنىق، روشەن مەقسەتكە ئىگە ئىدى. بۇنداق ئېنىق شوئار ما جۇڭيىڭدىمۇ، شېڭ

شىسەيدىمۇ يوق ئىدى. بۇلار پەقەت جىن شۇرېننىڭ بىر ئۆزىنى ئۆرۈۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزى چىقىپ خەلقنىڭ شىللىسىدا دەۋران سۈرۈشنى كۆزلەيتتى. بۇ نۇقتىنى ما جۇڭيىڭ قانخورلۇقى، بۇلاڭچىلىقى بىلەن، شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرۇپ مەلۇم مەزگىل ئۆتۈپلا فاشىستلىق تېررورلۇق يۈرگۈزگەنلىكى بىلەن ئىسپاتلىدى.

2. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھېچقانداق يەردىكىسى قوزغىلىش بىلەن تەڭلا "مۇستەقىل"لىق، "بۆلۈنۈش" بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس. رەسمىي مىللىتىق تۇتۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق رەھبەرلىرى ناھايىتى چوڭ قىلغان بولسا ئۆزىگە "شىجاڭ" (دىۋىزىيە باشلىقى) ئۇنۋانىنىلا قويۇۋالدى. مەسىلەن، "باي شىجاڭ"، "تۆمۈر شىجاڭ"، "ئوسمان شىجاڭ"، "مەھمۇت شىجاڭ" دېگەنگە ئوخشاش. ئەڭ چوڭ ۋە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى خوجانىياز ھاجى تېخى باشتىن ئاخىر ئۆزىنى ھېچنېمە دەپ ئاتىمىدى. ئۇ ئۆزىگە "شىجاڭ" تۇگۇل "بەنجاڭ"لىق ئۇنۋانىنىمۇ قوللانماي ئۆتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا "مۇئاۋىن رەئىس"لىك ۋەزىپىنى بەرگەندى. ھازىر بەزى كىتابلار ئۇنى شۇ ئۇنۋان بىلەنمۇ داۋاملىق ئاتىغۇسى كەلمەي، بۇ ئۇنۋانىنى "نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بەرمىگەن" دەپ تۈرۈۋېلىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئۇ زاتنىڭ پاك خاتىرىسىنى پاسكىنا قىلماسلىققا پايدىلىق. چۈنكى، خەلق نەزىرىدە ئۇ ھامان "ھاجىم" ئۇنۋانى بىلەن ياشىماقتا.

3. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئوشۇقلۇق قىلمايدۇكى، "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى" دېگەن بىرنېمە قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەمەس، قايسىبىر قوزغىلاڭچى شۇنداق ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرنەرسىنى قۇرۇش توغرىسىدا

ئەقەللى تەسەۋۋۇر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ ئەمەس. بۇنى تەشكىلـ
لىگۈچىلەر پۈرسەتتىن پايدىلانغان، ئۈزىنىڭ بۇ "ھۆكۈمەتى"گە
بەزى قوزغىلاڭچى رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزۈۋالغان بولسىمۇ،
بۇ قوزغىلاڭچىلار شۇ "ھۆكۈمەت" ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتىگىنىمۇ يوق،
شۇ "ھۆكۈمەت"نى ھىمايە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قانداقتۇر بىر
ھەربىي ھەرىكەتلەرنى قوللانغىنىمۇ يوق. بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق
تۇرغان يەردە، بۇ "ھۆكۈمەت"نىڭ قوزغىلاڭچى رەھبەرلەرنىڭ
ئىسمىنى كىرگۈزۈۋالغىنىغا قاراپلا، سۈزۈك بولاق ئۈستىگە يۇندا
چاچماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلىنغىنىغا قارىماي بولاق ئۆز ماھىيىتى
بويىچە يۇندىنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىپ سۈزۈكلۈكىنى ساقلاپ
قېلىۋېرىدۇ.
شۇ يىللاردىكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىغانكى، مەزكۇر "شەرقىي
تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيىتى"نى خوجانىياز ھاجى بۇيرۇق
چۈشۈرۈپ باستۇرغان، ئۇنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىنى خوجانىياز ھاجىـ
نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنىڭ قوماندانى مەھمۇت
مۇھىتى تۇتۇپ شېڭ شىسەيگە يوللاپ بەرگەن. بۇ تۆھپىنى ھەرگىز
ما جۇڭيىڭغا ياكى شېڭ شىسەيگە يېزىپ، بۇ ئىككىسىنى پەدەزلەپ،
ئالدىنقى ئىككىسىنى قارىلىماسلىق لازىم.
"خوتەن ھۆكۈمىتى (ياكى خوتەن ئىسلام پادىشاھلىقى)"غا كەلـ
سەك، قوزغىلاڭنىڭ بېشىدىلا ئۇلاردا "مۇستەقىل بولۇش"، "بۆلۈـ
نۈش" بايرىقى ئېنىق ئىدى، دەپ تۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنداق
بولغاندا ئىدى، ئۇ سابىت داموللىنىڭ "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقـ
لالىيەت جۇمھۇرىيىتى"نى قوللىمىغان، ئۆز ئالدىغا ئايرىم "پادىشاھـ
لىق" بولۇپ تۇرغان بولاتتى. شۇ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئايرىم

كىشىلەردە ئاشۇنداق خاھىش بولغان دېيىلگەن ھالەتتىمۇ، شۇنىڭغا
قاراپلا ئۇنى قوزغىلاڭچى خەلق ئاممىسى بىلەن چېتىپ، ئۇلارنىڭ
بىگۇناھ قان-تەرىنىڭ جىن شۇرىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇ-
رۇشقا سەرپ قىلىنغىنىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

4. چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى ئېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، شۇ
يىللاردا شىنجاڭدىكى سىياسىي كۈچلەر ئىچىدە چەت ئەلنىڭ ياردى-
مىنى ئالمىغان تەرەپ يوق ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئالغىنى
شېڭ شىسەي بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ياردىمى
بىلەن تەختىنى مۇستەھكەملىگەن، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بىلدۈرمەي
تۇرۇپ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنى كىر-
گۈزۈشنى تەلەپ قىلغان. بىز ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋال-
غاندىن كېيىنكى ئالغان ياردىمىنى دېمەي، شۇ چاغدىكى ئىشنىڭ
ئۆزىنىلا سۆزلىسەك، مەسىلە روشەن بولىدۇ. ما جۇڭيىڭ بولسا شىن-
جاڭ خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق
دۈشمىنى ياپونىيىگە قىپيالىڭاچ سېتىلغان خائىن. ئۇنىڭ شتابىدا
يۇقىرىدا ئىسمى ئېيتىلغان ھەممىگە تونۇش دا شىجۇڭ، كامال ئەپەن-
دىدەك ياپونىيە جاسۇسلىرى بولۇپلا قالماي، سەنىمۇسى مالىك ۋە
زاكىر دېگەنلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا روسىيىدىن ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەن،
ياپونىيىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ياپون كۈچۈكلىرى ئىدى. پەقەت
خوجانىياز ھاجىلا شەرتنامە، توختام تۈزمەي نەق پۇل، مال-چارۋا
بىلەن موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالغان بىردىنبىر
رەھبەر ئىدى. بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىكىمدىن قايتا
تەكرارلىمايمەن.

5. خوجانىياز ھاجى ۋەكىللىك قىلغان قوزغىلاڭچىلار خەلقپەرۋەر-

لىككە، تەرەققىيپەرۋەرلىككە ھەممىدىن ئوبدان ۋەكىللىك قىلاتتى.

بىز قوزغىلاڭچىلار ئاممىسىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىدە مىللەت ئايرىماي، دىنىي پەرق ئايرىماي بىر نىيەتتە قوزغىلىپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى يوقىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشىنى كۆرىمىز. ئەمما، خاھى شېڭ شىسەي بولسۇن، ياكى ما جۇڭيىڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ زادى كىمگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، "شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قارشى ئۇرۇش قىلدى!" دېگەن جاۋابلا كېلىپ چىقىدۇ. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى يەرلىك ھاكىمىيىتىگە قارشى جان پىدالىق بىلەن قارشى كۈرەش قىلىپ شەھەرلەرنى، ناھىيىلەرنى ئىشغال قىلدى. شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ بولسا ئاشۇ جايلار-دىكى خەلق قوزغىلاڭچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى.

بىز يۇقىرىقى تەرەپلەرنى كۆرسەتكەندە، بۇ قوزغىلاڭنى باشتىن ئاخىر توغرا يېتەكچىلىك، پۇختا، تەشكىلچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇكەممەل ئىنقىلاب ئىدى، دېمەكچى ئەمەسمىز. ئۇنىڭ شۇنداق ئەمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ مەغلۇپ بولدى.

بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى شۇكى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك ئېنىق مەقسەت بولغىنى بىلەن، مۇشۇ ئەكسىيەتچى ھاكى-مىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇلىدىغان ھاكىمىيەت-نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ خەلققە نېمىلەرنى بېرەلەيدىغانلىقى ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىلانى، رېئاللىققا يېقىنراق كېلىدىغان تەسەۋۋۇرى يوق ئىدى. شۇڭا، تۇتاش قوزغىلىپ كەتكەن خەلق تۈشمۇتۈشتە غەلىبە قىلىۋاتقان قوزغىلاڭدىن بىرپەس خۇماردىن

چىققاندەك بولدىيۇ، ئاندىن نەگە مېڭىش، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي بىر قوزغىلاڭدىن يەنە بىرىگە دوقۇرۇپ يۈردى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە زۆرۈر نەرسىلەرنى بۇنىڭدىن تاپالمىسا ئۇنىڭدىن تاپماقچى بولدى.

قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مىڭ نەچچە يۈز يىللىق ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ خەلقنى قوزغاش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشتە دىنىي چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇلاردىن مۇنداق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلغىلى بولمايتتى، ئەگەر ئۇلاردىن كىمدە كىم شۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇ ئەسىرلەر جەريانىدا يېتىلگەن ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە مۇھىتتا ئۆزىگە قولداش ئەمەس، ھېسداشلىقمۇ تاپالماي قېلىپ، بىرىنچى قەدەمدىلا مەغلۇپ بولغان بولاتتى. بىراق، دەل مۇشۇ ئاچقۇچلۇق نۇقتا ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىمۇ تېزلەتتى ۋە شۇ چاغدا مەغلۇپ بولمىغاندىمۇ، سەل كېيىنرەك بەرىبىر مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا يوچۇق ئېچىپ بەردى. "پانئىسلامىزم"، "پانتۈركىزم"مۇ ئاشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا "ۋابا" كېسەللىكىنىڭ مىكروبىدەك سىڭىپ كىردى. ئۇ ئاشۇ ئاجىزلىقى بىلەن ئۆزى كۆتۈرۈلگەن دائىرە ئىچىدە باش كۆتۈرگەن "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇ-رىيىتى ھۆكۈمىتى"، "خوتەن ھۆكۈمىتى (ياكى ئىسلام پادىشاھلىقى)"نى بىخلىنىش ھالىتىدىلا يوق قىلىۋېتىش كۈچىدىن مەھرۇم قالدى. شۇنىڭ بىلەن نېمىلا بولمىسۇن، ئۆزىنىڭ تارىخىغا بىر قارا چېكىت ئۇرۇۋالدى.

يۇقىرىقىغا مەھكەم ياندىشقان فېئوداللىق ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش

ئىدىيىسىگە مەھكۇم بولغان دېھقان ئېگى قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنىڭ يىراقنى كۆرۈشىگە، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتىشىگە، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاز-تولا بولسىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا قاتتىق كاشىلا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن جىن شۈرېننىڭ ئەكسىيەتچىلىكتە چېكىگە يەتكەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغىنى بىلەن فېئودال پومېشچىكلارنىڭ كەڭ دائىرىدە زېمىن ئىگەللەپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىمىدى. ئېغىر ئالۋان-سېلىق جىن شۈرېننىڭ تامغۇسى بىلەن ئېلىنىشتىن قالغىنى بىلەن، ئۇ "شىجاڭ"، بۇ "تۇەنجاڭ"لارنىڭ، ياكى قازىخانا "مەھكىمە شەرئى"لىرىنىڭ مۆھرى بىلەن ئېلىنىۋەردى. قىسقىسى، زۇلۇم ئۆز پېتى بويىچە داۋاملاشمىغان بولسىمۇ تامامەن بىكار قىلىنمىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئالىي يېتەكچىلىرىدىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن باشلىقلىرىغىچە خۇراپاتقا بېرىلگەن كىشىلەر بولغانلىقتىن، جەمئىيەتنى، كىشىلىك دۇنياسىنى، سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش، بىرنەچچە كۈن كېيىن بولىدىغان ئەھۋالنى ئانچە-مۇنچە مۆلچەر قىلىش يولىنى بىلمىدى. ئۇرۇشنى ئىلمىي (ئۆز دەۋرىگە يارىشا بولسىمۇ) ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارالمىدى، ئەتراپىدا كىم قايسى دۆلەتكە ۋەكالىتەن گەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ دۆلەت قانداق دۆلەت دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئويلاپمۇ كۆرمىدى. خۇراپاتقا تەلۋىلەرچە باش ئېگىش ھېسابسىز قانلارنىڭ ئۇشۇق تۆكۈلۈشىگە، بىھۇدە تۆكۈلۈشىگە، ئاخىرىغا بېرىپ قولىغا ئالغان غالىبىيەت مېۋىسىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ لېۋىنى چىشلەشكە ئېلىپ باردى. ۋەھاكازالار.

30-يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئەمەلىيىتىمۇ شۇنداق بىر

ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزملىق ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانغان، توغرا نىشان ۋە پروگرامما بىلەن يېتەكچىلىك قىلىدىغان، سىنىپىي ۋە دىنىي مەسىلىدە توغرا مەيداندا تۇرالايدىغان جەڭگىۋار ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، خەلق قوزغىلاڭلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدىكەن. بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئۇنتۇلماس تەجرىبە - ساۋاق.

30 - يىللاردىكى خەلق قوزغىلىڭىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى شۇ چاغنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ، كىشىلەر مۇناسىۋىتى، كۈچلەر مۇناسىۋىتى، قوشنا ئەللەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۇ ئەللەرنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان تارىخىي ھەم رېئال مۇناسىۋىتى تولىمۇ چىگىش، گادىرماش بولۇپ كەلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، بىرنەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ قوزغىلاڭلار ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىڭى ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ يۆنىلىشى توغرا، كۈرەش ئېلىپ بېرىش شەكلى توغرا، يەتمەكچى بولغان ئاساسىي مەقسىتى توغرا ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، شىمالى، شەرقى ۋە غەربىنى تۇتاش قاپلاپ، كۆتۈرۈلمىگەن ناھىيە، ئوت تۇتاشمىغان دائىرە قالمىغانىدى. تەركىبىگىمۇ ھەممە مىللەت قاتناشقان ئىدى، ئىچكى جەھەتتە ھەممە سىنىپ، ھەممە تەبىقىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپلا قالماي، تاشقى جەھەتتىمۇ زور سىياسىي، خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا، ئارىلىشىشىغا سەۋەب بولغانىدى. مانا شۇنىڭ ئۆزىلا، بۇ قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمىنى، خاراكتېرىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۈرىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قانداقتۇر ”قۇمۇل ۋەقەسى“، ”جەنۇبىي شىنجاڭ

ۋەقەسى" دېگەندەك غەلتە ناملار جىن شۇرىن، شىڭ شىسەينىڭ ئارخىپلىرىدا يېزىلغانىدى. بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ كۈرەشكە قانخور زالىملارنىڭ تىلى بىلەن ئات قويۇپ يۈرسەك توغرا بولمايدۇ.

# بەشىنچى قىسىم
# قان ئىچىدە ئىزدىنىش

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر بۆلۈكى. ئۇلار جۇڭگو تۇپرىقىدىكى خەنزۇ خەلق ئاممىسى بىلەن ئوخشاش ئېزىلگەندىن باشقا، يەنە قاتمۇقات زۇلۇم دەردىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، سىنىپىي ئېزىلىشتىن باشقا، مىللىي ئېزىلىش دەردىنى تارتتى. مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمستىش، مىللىي ھاقارەت يولىنى تۇتۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانلىرىنى تۆكۈش — فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئورتاق ۋەھشىيانە خۇسۇسىيىتى. زو زۇڭتاڭ، جاۋ خۇي، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىقلار قانخورلۇقتا بىر-بىرىدىن قېلىشمىغانىدى، بۇ مۇسابىقىدە شېڭ شىسەي ئۇلاردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇمۇ خەلقنىڭ شىللىسىگە مىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قېنىنى، ئىلىكىنى يەنىمۇ بەكرەك شورىدى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا يەرلىك خاقان بولۇپ تۇرغان ئون يىل ئىچىدە 110 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى، بوۋىسى ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش ئالدامچىلىق قىلىپ، ئىلغارلىق بايرىقىنى، ھەتتا بىرمەزگىل ماركسىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خەلقنى ئالدىغانلىقى، يالغۇز شىنجاڭ خەلقىنىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنى، سوۋېت كومپارتىيىسىنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيە-سىنى ئالدىغانلىقى، خۇددى ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش "ياتلارنى ياتلار ئارقىلىق تىزگىنلەش"، "ئۆزئارا ئىسكەنجىگە ئېلىش" رەزىل ئويۇنىنى ئوينىغانلىقى، يالغۇز ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە قىرىش بىلەنلا قالماستىن، ئىلغار خەنزۇلارنى ۋە خەنزۇ كوممۇنىستلارنىمۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئەنە شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. قىسقىسى، شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىشى شىنجاڭ خەلقىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى

كەلتۈردى. ئۇزاق زامانلاردىن بىرى قانخورلارنىڭ قۇشخانىسى،
زالىملارنىڭ زىندانى، ئېگىرىغان نامراتلارنىڭ خارابە ماكانىغا ئايلان-
غان شىنجاڭ شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق
ئەھۋالغا دۇچ كەلدى، شىڭ شىسەي ئۆزى ئېيتقاندەك، شىنجاڭ
"ئالغا ماڭالمايدىغان، قالاق، قوزغىلاڭلار بىلەن تولغان جاي"
بولۇپ قالدى. زالىم شىڭ شىسەي سۈيقەست، ھىيلە-مىكىرلەر
بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، "ئالتۇن تاۋاق تۇتقان دىۋانىلار
يۇرتى"نى تالىماقچى، تېخىمۇ خاراب قىلماقچى بولدى. شىڭ
شىسەي بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇ "قوزغىلاڭلار تولغان جاي"
نى "قۇملار بىلەن تولغان جاي"غا ئايلاندۇرماقچى بولدى. "ئالتۇن
تاۋاق"نى ئۇنى ياراتقان ئىگىلىرىدىن بۇلاپ تارتىۋالماقچى بولدى.
شىڭ شىسەي تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن «قىزىللارنىڭ
شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيىتى» دېگەن بىر كىتاب يازغان. ئۇ بۇ كىتابىدا
يالغان-ياۋىداق ئويدۇرمىلار بىلەن ئۆزىنىڭ ئون يىللىق فاشىست-
مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە قانلىق جىنايەتلىرىنى ئاقلاشقا
ئۇرۇنۇپ: "جاپالىق، لېكىن غەلىبىلىك كۆرەشلەر بىلەن شىنجاڭنى
چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋە مىللەتچى مۇسۇلمان پانتۈركىستلەردىن
ساقلاپ قالدىم" دەپ ۋالاقلىغان. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئۈچىغا
چىققان كازازاپلىق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ
يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان جىنايەت پاكىتلىرىنى ھەرقانداق قىلىپ
پەدەزلەپ، سۇۋاپ-سىيپاپ يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ.
مەنمۇ شۇ مەزگىللەردە ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان ئادەم بولغى-
نىم ئۈچۈن، مېنىڭ شىڭ شىسەي ئۈستىدە ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە
بىلگەنلىرىممۇ ئاز ئەمەس.

# بىرىنچى باب
# شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى

مەن تۇنجى قېتىم "شېڭ شىسەي" دېگەن ئىسمنى قەشقەردە ئاڭلىدىم. بۇ ما جوڭيىڭنىڭ ئۇرۇمچىدە مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەن ۋاقتى ئىدى. ما جوڭيىڭنىڭ كەينىدىن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن كىرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانىدى. بۇ ۋەقەنىڭ نەتىجىسى ھەممىزگە ئايان: ما جوڭيىڭ ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىندى. ما جوڭيىڭ چەتكە قېچىپ، ئۇنىڭ قالدۇق قوشۇنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياراشتى. كېيىنكى يىللاردا شۇ ئەھۋال ماڭا ئايان بولدىكى، شېڭ شىسەي 30-يىللاردىكى شىنجاڭ خەلق قوزغىلاڭلىرى تەرىپىدىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىرىپ قويۇلغانىكەن.

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە شېڭ شىسەي جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىدە پەقەت پولكوۋنىك ئۇنۋانلىق بىر ئاددىيلا سەنمۇ ئىدى. لېكىن، چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك ھەم ئەيش-ئىشرەتچىلىك بىلەن تولغان جىن شۇرېن ھاكىمىيەت ئورگىنىدىكى كۆپچىلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدە شېڭ شىسەي خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئىختىساسلىق ئادەم بولۇپ كۆرۈنەتتى. خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۇ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىش ۋە يامان ئاتاقتا قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى خىيانەتچىلىك، ئەيش-ئىشرەتچىلىك ۋە باشقا

چىرىكلىككە يولاتمىغان. ئەقەللىسى، شۇ ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەي ھەر كۈنى پولكوۋنىك پاگونى تاقالغان ھەربىچە كىيىمنى راۋرۇس كىيىپ، رىمىن ۋە باشقا ھەربىيچە زىننەتلىرىنى تولۇق ئېسىپ ئىشقا باراتتى. بۇ ھال ھېلىقى ئەپيۇنكەش، چىرايى سارغايغان ھەم ئوزۇن چاپان كىيىۋالغان سۆرەلمە جىن شۇرېن ئوفىتسېرلىرى ئىچىدە ئەلۋەتتە كىشىلەرگە دەرھاللا قالتىس كۆرۈنۈپ كېتەتتى. بۇندىن باشقا، ئۇنىڭ ئوقۇش سالاھىيىتىمۇ شۇ ۋاقىتتىكى جىن شۇرېن ئوفىتسېرلىرى ئىچىدە ھەممىدىن يۇقىرى، تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى داشۆسىدە ئوقۇغان ناھايىتى ئاز ساندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ بىرى ھەم ئوقۇش داۋامىدىلا جاڭ جيېشىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بىرى ئىدى، بىراق، شېڭ شىسەينىڭ تەلىيى دەسلەپتە ئانچە ئوڭ كەلمىگەن، 1929 ـ يىلى كۈزدە لۇ شياۋزۇ جىن شۇرېننىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ئىچكىرىدە يارامىلىق ھەربىي خادىملارنى ئىزدەپ يۈرۈپ (لۇ شياۋزۇ شۇ چاغدا ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېننىڭ كاتىپى ئىدى)، نەنجىڭدا پېڭ شياۋشەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن شېڭ شىسەينى تاپقاندا، شېڭ شىسەي جاڭ جيېشى قوشۇنىنىڭ باش شتابىدا 1 ـ مەھكىمە 3 ـ بۆلۈ-مىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدى. بۇ 1930 ـ يىلىدىكى ۋەقە. شۇ يىلى شېڭ شىسەي لۇ شياۋزۇ بىلەن سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن.
شېڭ شىسەي باشتىلا ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىك، ئىككى يۈز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن نىقابلىدى. ئۇ خىزمەت ئورنىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە چىداشلىق بېرەلىدى: ئۇ نەنجىڭدا بۆلۈم باشلىقى بولسىمۇ، شىنجاڭغا كەلگەندە ئادەتتىكى سەنمۇ، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونىنىڭ، كېيىنرەك يەنە ئوفىتسېرلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

بولۇپ قالـدى. ئۇ بۇ ئادەتـتـكى ۋەزىپىلەرنى لام-جىم دېمەي لەببەي دەپ قوبۇل قىلدى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكـى، ئەگەر 30-يىللاردا شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى بولمىغان بولسا، شېڭ شىسەينىڭ كېيىنكى ئەمەلدارلىق ئىستىقبالى ئۇنچىۋالا يورۇقپۇ كەتمىگەن بولاتتى.

قۇمۇل قوزغىلىڭى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ جىـن شۇرېن ئەۋەتـكەن قوشۇننى قايتا-قايتا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېن نائىلاج شېڭ شىسەيـنى مۇھـىم خىزمەتـكە قويۇپ، ئۇنى سەنمۇدىن سەنمۇ-جاڭلىققا، ئاندىن شەرقىي يۈرۈش قوشۇنىنىڭ باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈرۈپ قويدى. 1933-يىلىدىكى 12-ئاپرېـل ئۆزگىرىشى شېڭ شىسەيـنىڭ ھاياتـىدا مۇھـىم بۇرۇلۇش پەيتلىرىنىڭ بىرى بولدى، دېسەك ئارتۇق كەتمەس.

12-ئاپرېل ئۆزگىرىشىنى چېن جوڭ، تاۋ مىڭيۈ، لى شاۋتيەن باشلىق بىرنەچچە مەمۇرىي ۋە ھەربـي ئەمەلـدارلار باپىنكوۋ باش-چىلىقىدىكى بىرقانچـە يۈز قاچاق ئاق رۇس ئەسكەرلىرىـگە يۆلىنىپ جىـن شۇرېنـغا قارشى مەقسەتـتە قوزغىـغان. جىن شۇرېـن ئاۋۋال ئۈرۈمچـى سېپىلـىنىڭ شىمالـي دەرۋازىسىغا چىقـىپ، ئۈرۈمچىدىكى قوشۇنلارنى يۆتكىمەكچى بولغان. بۇ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن ئۇ سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى قىزىلتاغـقا چىقىپ شىنجاڭـنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قوشۇنـنى يۆتكىمەكچى بولغان. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي ھەممىـدىن ئاۋۋال ئاۋاز قوشۇپ، قۇمۇل قوزغـىلىڭـنى باسـتۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن ئۈرۈمچىگە ئىككى بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ قايتىپ كەلدى. بۇندىن باشقا شىمالىي شىنجاڭـدا جىن شۇرېننىڭ بۇيرۇقىغا كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلـمىز دەپ تۇرغان ئىلىدىـكى جاڭ پېيۇەن،

ئالـتايـدىكى ۋېي جېنـگولار بولسـمۇ ئەمەلـىي ھەرىكەتتە قانـداق
قىلىشى نامەلۇم ئىدى.
شېڭ شىسەينىڭ شتابى ليۇداۋانغا بارىدىغان يىپاۋچىڭكو دېگەن
يەردە تۇردى. مۇشۇ نامنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يېگانە پوتەي تاكى
ئازادلىقتىن كېيىنگىچە تۇردى. شېڭ شىسەينىڭ قارا نىيـتى 1933ـ
يىلى 4ـ ئايـنىڭ 12ـ كۈنىدىـكى ھەربـىي سىياسـىي ئۆزگىرىشتىن
كېيىـن تولۇق نامايان بولـدى. ئۇ ئۆزـگە يولۇقـقان بۇ غەنىيمەت
پۇرسەتتىن ئەپچىللىـك بىلەن پايدىلانـدى. ئۇ شۇ چاغـدا ئۆزىنىڭ
جىن شۇرېـن تەرەپـتە تۇرۇپ ئۆزگىرىشـنى باستۇرۇش ئەلپازىـنى
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېنغا ئۆزىـنى ھەرگىز تۇتقۇز-
مىدى، يىپاۋچىڭكو بىلەن قىزىلتاغنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يېقىن تۇرۇق-
لۇق، جىن شۇرېننىڭ ئالدىغا بېرىپمۇ باقمىدى. سىياسىي ئۆزگىرىش
قىـلغانـلارغا تايانـچ بولغان قاچاق ئاق رۇس ئەسـكەرلـىرى سان
جەھەتتە ئاز بولغانـدىن تاشقـىرى، قورال ـ ياراغلىرىـمۇ مۇكەممەل
ئەمەس ئىدى، بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شېڭ شىسەي قوشۇنى-
نىڭ سېپـىلغا يېقىنـلاپ كېلىۋاتـقانلىقىنى كـۆرۈپ قاچاق ئاق رۇس
ئەسكەرلىرى ئۇرۇمچىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولغان.
4ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى، سېپـىل ئىچىگە قاپسىلـىپ قالغان ئۆزگى-
رىش قىـلغۇچـىلار چېن جـۇڭ بىلەن باپىنكـوۋنى شېڭ شىسەينىڭ
ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئۇنى سېپىلغا كىرىپ ۋەزىيەتـنى ئوڭشاشقا تەكلىپ
قىلـدى. شۇ كۈنى شېڭ شىسەي بىر ياقـتىن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ
ھىمايىسىدە داغـدۇغا بىلەن ئۈرۈمچـى شەھىرىگە كىـردى. يەنە بىر
ياقتىن جىن شۇرېـن قىزىلتاغـنى تاشـلاپ پەرىـشان ھالدا سانـجى
تەرەپكە قاچتى. شۇندىن باشلاپ، شېڭ شىسەي دەسلەپتە دۇبەنلىك

ئۇنۋانىغا، كېيىن دۇبەن قوشۇمچە رەئىس ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدا ئون يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللاردا شىنجاڭ مەسىلى كۆرۈلمىگەن پاتىپاراق ۋەزىيەتتە قالغانىدى. شەرقتىن ما جۇڭيىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسا، غەربتىن جاڭ پېييۈەن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىۋاتقانىدى. جەنۇبتا، كۇچا خەلق قوزغىلىڭى، قەشقەر خەلق قوزغىلىڭى ۋە خوتەن خەلق قوزغىلىڭى راسا ئەۋج ئېلىۋاتاتتى. شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ تەرىپىدىن بىرمەزگىل ئۈرۈمچى سېپىلى ئىچىگە مۇھاسىرە قىلىنغانلىقى بۇنىڭ ئەڭ ئەۋجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىدە پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەۋپتىن ۋە ئۈرۈمچىدىكى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشقا شېڭ شىسەينىڭ ئەسلا كۈچى يەتمەيتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئىچكىرىدىن ھەربىي كۈچ ئېلىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئىدى (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغاندىمۇ بۇنداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى). ئۇ بىرلا يول — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئېلىش، دەپ ھېسابلىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئېلىش ئۈچۈن سوۋېت تەرەپدارى بولۇش، ھەتتا "ماركسىزمچى بولۇش كېرەك" دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇ ئويىنى ئۈستىنلىق بىلەن ئويناپ چىقتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن بولسا، شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىق تېز ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيىنىڭ شىنجاڭغا قول سېلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەندىشىگە سالغانىدى. قەشقەردە ئەنگلىيىنىڭ سۈكۈت قىلىشىغا ئېرىشكەن "شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىيەت جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى"

نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، قەشقەردە سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ تەسىرىگە قارشى كۆرەشتە يېڭىلگەندى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ مەسىلىدە ئىسلام دىنىدىن ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى روھى كەيپىياتىدىن پايدىلانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەتتىن كەلگەن ھەر خىل ئادەملەر (بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەنلەر، بولشېۋىكلارغا قارشى مىللەتچىلەر ۋە قوراللىق باسمىچىلار)مۇ بار ئىدى، بۇنداق شارائىت ئەنگلىيىگە پايدىلىق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىسىز بولۇپ چىقتى. يەنە بىر ياقتىن ياپونىيە جاھانگىرلىكىنى ئارقا تېرەك قىلغان ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغان، ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىسى جاڭ پېييۈەن ماناسقىچە باستۇرۇپ كەلگەندى. ئۆلكە مەركىزى ما جۇڭيىڭنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ياپونپەرەس ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ پايدىسىز خەۋپلىك ۋەزىيەت مەيدانغا چىققان بولاتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شېڭ شىسەي جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يەنى ئۇ تەختكە چىقىپ بىر ئايدىن كېيىنلا تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى چېن دېلىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىغا ئەۋەتىپ، شۇ چاغدىكى باش كونسۇل زىلاتكىننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققان. ئۇ چىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمزالىغان "سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا كېلىشىمى" ئاساسىدا "دوستلۇق مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئارزۇسى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇشنى يەمچۈك قىلغان. ئۆز چېگرىسىغا يېقىن قوشنىسىنىڭ ئۆزىگە

دوستانىراق مۇئامىلە قىلىدىغان ھاكىمىيەت ئىلكىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ "دوست ئۆتۈشنى خالايدىغان" پوزىتسىيىسىگە، تەبىئىيكى، ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرغان. شىڭ شىسەي بۇنىڭدىن ئۈمىدلىنىپ ئەتىسى باش كونسۇل زىيالاتكىن، مۇئاۋىن باش كونسۇل گانىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ سوتسىيالىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەتقىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە باشلاپ ماڭغان يول بىلەن يۈرگەندىلا يورۇق ئىستىقباللىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىنى توختىماي سۆزلەپ، بۇنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە كوممۇنىستلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەندە مۇسادىرە قىلىنغان «كاپىتال»، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى كۆرسەتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنىڭ بىر-ئىككى قېتىملىق گەپ-سۆزىگە ئاز-تولا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەمچۈكىنى چىشلەشكە تازا ئالدىراپ كەتمىگەن، ئۇنىڭ ئەمەلىي پوزىتسىيىسىنى يەنە بىرمەزگىل سىناپ كۆرمەكچى بولغان بولسا كېرەك، "دوست ئۆتۈش" قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىشكە ئالدىراپ كەتمىگەن. شۇڭا، ما جۇڭيىڭ قەدەممۇقەدەم قىستاپ كەلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا، شىڭ شىسەي 10-ئايدا يەنە ھېلىقى چېن دېلىنى باش قىلىپ ياۋ شيۇڭ دېگەن ئادەمنى قوشۇپ موسكۋاغا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىۋاستە ياردەم بېرىشكە كۆندۈرۈش بولغان.

11-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى يەنىمۇ ئېنىقلىغان ھالدا كۆزىتىش، شىنجاڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت

ئۈزنىستىش ئۈچۈن، بۇرۇن تاشكەنتتە تاشقى ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن گېئورگى ئابراموۋىچ ئاپرېسسېۋنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ كەلگەندىن كېيىن شېڭ شىسەي نېمە ئىش قىلماقچى بولسا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغاندەك تەسىراتنى پەيدا قىلغان. ئاپرېسسېۋ شېڭ شىسەينىڭ سىلىق، شېرىن گەپلىرىگە ئىشىنىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۇنى ماركسىزم-لېنىنىزمنى خېلى تەتقىق قىپتىكەن، كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ھەربىي، ئىقتىسادىي تەرەپلەردىن ياردەم بېرىشكە بولىدىكەن دەپ قارىغان. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ يەمچۈككە تومشۇقىنى سوزغان.

1934-يىلى 4-ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن رەسمىي ياردەم تەلەپ قىلىپ موسكۋاغا ئادەم ئەۋەتكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆز چېگرىسىنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى ئويلاپ ئون مىڭ كىشىلىك ئەسكەرگە يەتكۈدەك كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن.

يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتى جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان شېڭ شىسەيگە ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك ياردەم بەردى. قورۇقلۇق ۋە ھاۋادىن ئەسكەر كىرگۈزۈپ جاڭ پېيىۋەن، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۈرۈمچىنى قامالدىن بىكار

قىلىپ، شېڭ شىسەينى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ئۇنداق قىلمىغان بولسا شېڭ شىسەينىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆمرى 1933 ـ يىلدىن ئاشمايتتى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ كېيىن يازغان كىتابىدا "غەربتىن كېلىدىـ غان چەت كۈچ بىلەن شەرقتىن (ياپونىيىدىن دېمەكچى) ۋە جەنۇبـ تىن (ئەنگلىيىدىن دېمەكچى) كەلگەن كۈچنى يوقىتىش ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك بىلەن سوۋېتتىن ياردەم ئېلىپ، شىنجاڭدىكى كرىـ زىسنى ھەل قىلىش — بۇ مېنىڭ تۈپ مەقسىتىم ئىدى" دەيدۇ. شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆزى ئىلگىرىكى ئالدامچىلىق سىياسىتىنى يەنە ئالدامچىلىق بىلەن يېپىش. ئۇنىڭ ئەسلى قارا نىيىتى ئالدامچىلىق بىلەن سوۋېت كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئەنگلىيە، ياپونىيە تەسىرىنى كىرگۈزمەسلىك. مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن تامامەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن مىلتارىست مۇستەقىل پادىشاھلىقنى قۇرۇش ۋە شىنجاڭ خەلقىنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، قىرىپ، ھېلىقى ئۆزى دېگەن "ئالتۇن تاۋاق" قا مۇستەقىل ئىگە بولۇش ئىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن بىر قاتار ئالدامچىلىق ۋە فاشىستىك سىياسەتلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن، جاڭ جيېشىنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈپ "مەن شىنجاڭنى چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قالدىم" دېگىنى تامامەن يالغان. ئۇ ئەسلىدە، مەن تۈرلۈك ئويۇنلار بىلەن ۋە قىلىچ كۈچى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بېسىپ تۇردۇم، دېسە توغرا بولاتتى.

شېڭ شىسەي خالاپ ئەمەس، ئىلاج بولمىغانلىقتىن ئالداش غەرىزى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايانىدى. يەنە داۋامـ لىق ياردەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىمەكچى

بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭمۇ ئۆز قورسىقىدا چەن بار ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاپرىسسېۋ كېلىپلا شېڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشكەندە، ”ستالىن سىزگە سالام دېدى. سوۋېتنىڭ سىياسىتى شېڭ شىسەينى قوللاش ھەم ئۇنىڭ ھەممە ئىچكى قالايمىقانچىلىقلارنى تىنجىتىشىغا ياردەم قىلىش دېدى“ دەپ ئېيتقان. بۇ گەپتىن قارىغاندا ستالىن شېڭ شىسەيگە ئىشەنگەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولغان. لېكىن، يەنە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىپمۇ كەتمىگەن. ئاپرىسسېۋ شۇ ۋاقىتتا يەنە شېڭ شىسەينىڭ بىر خىزمەتدىشىغا: ”ئەگەر سەن ھاكىمىيەتنى قولغا ئالساڭ، بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز“ دېگەن. لېكىن ئۇ ئادەم نېمىشقىدۇ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان. بۇ سۆزنى «شىنجاڭ ئەسكەرمۇ ياكى ئوفىتسېرمۇ؟» (شاھماتتىكى ئەسكەر، ئوفىتسېرلەرنى دېمەكچى) دېگەن كىتابنى يازغان بىر ئامېرىكىلىق ئۆز كىتابىدا ئىچكە نەقىل كەلتۈرۈپ يازغان. بۇ سۆزنى ئۇنىڭ قەيەردىن ئالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئاپرىسسېۋنىڭ ئاشۇ گەپنى قىلغانلىقى بەلكى راست بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھەر جەھەتتىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە تولۇق ئىشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، سوۋېت ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيگە يالغۇز ھەربىي جەھەتتىنلا ئەمەس، باشقا جەھەتلەردىنمۇ تولۇق ياردەم قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى قوراللاندۇردى. كېيىن داۋاملىق ھەربىي ياردەم قىلىپ تۇردى.

1938- يىلى يىلىنىڭ بېشىدا موسكۋا ستالىنىنىڭ قېيىن ئىنىسى سۋانىتزى باشچىلىقىدا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. مەقسەت شېڭ شىسەينىڭ بىر ئىسلاھات پىلانى تەييارلىشىغا ياردەم

قىلىش ۋە شىڭ شىسەي بىلەن ئۆزئارا ياردەم توغرىسىدا بىر توختام تۈزۈش ئىدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىرنەچچە ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن 1935-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۆزئارا ياردەملىشىش توختامىغا قول قويۇلدى. مۇشۇ توختام بويىچە سوۋېت ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە 4 مىليون ئالتۇن سوم (تىللا) قەرز بەردى. شۇندىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى كۆپلىگەن مەسلىھەتچىلەر ۋە تېخنىك خادىملارنى ئەۋەتىپ ۋە تېخنىكا ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى بېرىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئاكتىپ ياردەم قىلدى. شىنجاڭدا شۇ ۋاقىتتا ئىقتىساد، ترانسپورت، كان ئېچىش، مەدەنىيەت-مائارىپ، مالىيە-سودا جەھەتلەردە قولغا كەلگەن بىر قاتار ئۇتۇقلارنى شىڭ شىسەي سوۋېتنىڭ ياردىمىسىز ھەرگىز قولغا كەلتۈرەلمەيتتى. بۇ بولسا شۇ مەزگىللەردە شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. لېكىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خاتالىقى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇلار شىڭ شىسەيدەك بىر مىلىتارىست ئالدامچىنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ، ھەقىقىي دوست بىلەن يالغان دوستنى، ھەقىقىي خەلق كۈچلىرى بىلەن خەلققە قارشى كۈچلەرنى پەرق ئېتەلمىدى ياكى تولۇق پەرق ئېتەلمىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى 1939 — 1940-يىللىرىدىن كېيىنلا شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنى تونۇشقا باشلىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى قانداق قىلىشنى ئويلاپ ئولگۈرگىچە، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى، نېمىسلار موسكۋا بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى، شىڭ شىسەي كۈتكەن پۇرسەت ئاخىر كەلدى، ئۇ 180 گرادۇس بۇرۇلۇپلا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە پۈت ئاتتى. مانا بۇ سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن

چوڭ ساۋاق، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈنمۇ ئېغىر تارتقۇلۇق بولدى. شىمالىي شەرقىي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاق بولۇپ تۇرغان ئاۋۋالقى مەزگىللەردە شىنجاڭدا مەلۇم تەرەققىياتلار بولدى دېيىلسە، بۇ قىسقا ۋاقىتلىق، ئازغىنا ئۇتۇقلار چوڭ بەدەل ئورنىغا، ئەڭ ئېغىرى يۈز مىڭدىن ئارتۇق خەلقنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلدى. ئۇتۇق ئاز، بەدەل چوڭ، ساۋاق ئاچچىق، ئەلەم چوڭ بولدى.

# ئىككىنچى باب
# بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقا

بىز ئالدىنقى ماۋزۇدا شىڭ شىسەينىڭ قانداق قىلىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغانلىقى ۋە ھاكىمىيىتىنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملىۋالغانلىقى ئۈستىدە توختالدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق قىلىپ مۇستەھكەملەپ بارغانلىقى ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ فاشىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەربىي، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن نۇرغۇن ئالدامچىلىق، سۇيىقەست، ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلەتتى. ئۇ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ھەربىي ھەم مەمۇرىي ھوقۇقنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزى چاقىرغان بىرىنچى قېتىملىق ئەمەلدارلار مەجلىسىدە جىن شۇرېننى يىقىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىككى كىشىنى مەجلىسكە قاتناشقانلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھويلىدا ئېتىپ تاشلاپ، ئاندىن مەجلىس ئاچقانىدى. بۇنداق قىلىش بىر ياقتىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولسا (ئېتىپ تاشلانغان چېن جۇڭ قاتارلىقلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خەۋاڭ مۇسۇڭلارغا يېقىنلاشقان دېگەن گەپلەر بولغان)، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭ قان تۆكۈشتىن يانمايدىغانلىقىنىڭ باشلىنىشى بولغانىدى. ئاشۇنداق تەھدىت

سىلىش، سۇر كۆرسىتىش بىلەن ئاچقان مەجلىستە كىممۇ ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ كېلىدىغان پىكىر ئوتتۇرىغا قويالىسۇن؟ ئۇ كۆپچە- لىكنىڭ "قوشۇلۇشى" بىلەن دۇبەن قوشۇمچە رەئىس بولۇۋالدى. ھەربىي جەھەتتىن باستۇرۇش، ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئارقىلىق سۇيىقەست قىلىش، سىياسەت بىلەن ئالداش، شۇنداق قىلىپ مىلىتارىستلىق ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، ئۆزى ئېيتقان "ئالتۇن تاۋاق تۇتقان دېۋانىلار يۇرتى"نىڭ تاۋىقىنى تارتىۋېلىپ ئۆزى مۇستەقىل ئىگە بولۇش، "ئالغا ماڭالمايدىغان قالاق شىنجاڭ"نى يەنە ۋەيران قىلىش، "قوزغىلاڭلارغا تولغان ماكان"نى تۇنجۇقتۇرۇش — شېڭ شىسەينىڭ ئەسلى فاشىستىك قىياپىتى ئەنە شۇنداق ئىدى. لېكىن شېڭ شىسەي شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىبداتقا قارشى دولقۇنلۇق كۈرىشى شارائىتىدا بۇ فاشىستىك تەدبىرلىرىنى دەماللىققا ئاشكارا قىلالمىدى. ئۇنىڭغا ئەسلى فاشىستىك قىياپىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر نىقاب، ئۆزىنىڭ ئاتىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىرەر ۋىۋىسكا كېرەك بولغانىدى. ئاشۇنداق نىقاب ۋە ۋىۋىسكا ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئېيتقان ئىككى پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىرى سەككىز چوڭ خىتاب، يەنە بىرى ئالتە بۈيۈك سىياسەت. دېمەك ئۇ ئۆزىنى نىقابلاپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش، سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئالداش ئۈچۈن بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە كۆپتۈرۈپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ماختىدى. ئۇنىڭ باشقا گۇپپاڭچىلىرىمۇ بۇ سىياسەتنى داھىيانە سىياسەت، ئۇلۇغ سىياسەت، نىجاتلىق سىياسىتى دەپ ۋارقىراشتى. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەي

"ۋېيدالىڭشىيۇ شېڭ دۇبەن جيەن جۇشى" ("ئۇلۇغ داھى شېڭ دۇبەن قوشۇمچە رەئىس") دېگەن ئۇنۋان ۋە مەرتىۋە بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ "ۋېيدالىڭشىيۇ"نىڭ نامى چىققاندا ئادەملەر ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ تەخ تۇرىدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ ئۇنى مۇنداق "ھۆرمەت" قىلىشى قىلىچ بىلەن تۈرمىنىڭ خەۋپىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن كۆڭلىدە بىلىپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن يازغان كىتابىدا: "ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭدا قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا ئايلاندى. ئىنچلىق، پاراۋانلىق، بەخت - سائادەت قالايمىقانچىلىقنىڭ، تېررورلۇقنىڭ، خارابلىقنىڭ، ئۆچمەنلىكنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئەتۇر ئىنقىلاب ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزى تارمار قىلىندى. دېموكراتىيە كۈچەيدى. مىللەتلەر (ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل) قۇرۇلتىيى ئېچىلدى..." دەيدۇ. بۇ شېڭ شىسەينىڭ ئاشۇ ئالدامچىلىق سىياسىتىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دۇرۇس، شۇ كەمەلەردە شىنجاڭدا بىرمەزگىل مەلۇم تەرەققىياتلار قولغا كەلدى، يېزا ئىگىلىك، سۇ قۇرۇلۇشى، يول - ترانسپورت، مەدەنىيەت - مائارىپ، قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى جىق ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلدى، نەشرىيات ئىشلىرى يولغا قويۇلدى. تىببىي داۋالاش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئۇزۇن - ئۇزۇن تاش يوللار ياسالدى. ماشىنا، ئايروپىلان ترانسپورتى يولغا قويۇلدى. مالىيە تەرتىپكە سېلىندى. سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى ۋە باشقىلار. ئۇ تەرەققىياتلار ۋەزىيەت تەلىپى، خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېيتقاندا باشلانغۇچ ئۇتۇقلار بولسىمۇ، شىنجاڭ تارىخىدا چوڭ يېڭىلىق بولۇپ، كېيىنكى تەرەققىياتلار

ئۇچۇن ئۇلۇق رول ئوينىدى. بىراق بۇ ئۇتۇقلار ھەرگىز شىڭ شىسەينىڭ شەخسىي خاھىشى ۋە شۇنداق قىلىشنى خالايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ۋەزىيەت تەقەززاسى بىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىن كەلگەن كوممۇنىست يولداشلارنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ھەمدە خەلق كۈرىشىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن بولدى.

شىڭ شىسەي بىرمۇنچە ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭنى "تىنجىتتى"، كەڭ ئىشپىيونلۇق تورلىرىنى قۇرۇۋالدى، بىرمۇنچە كاللا كېسەرلىرىنىمۇ تەييارلىۋالدى. شىڭ شىسەينىڭ فاشىستلىق ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭدا ئۇنىڭ ئېغىزىدا دېگەن سۆزىنىڭ تەتۈرى: خارابلىق، ۋەيرانچىلىق، مىللىي زۇلۇم، تېررورلۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ھادىسىلەر ھەتتا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋاقتىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بەلكى چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەمەلدارلارمۇ بۇ جەھەتلەردە شىڭ شىسەيگە يېتەلمەيدۇ.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ئون يىللىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە فاشىستىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، يۈز مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ۋە خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان نۇرغۇن جەڭگىۋار كادىرلارنىڭ قېنىنى تۆككەن جاللات. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل فاشىستىك ـ مىلىتارىستلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەرقانداق سۇيىقەستتىن ۋە جىنايەتكارلىقتىن يانمىدى. ئۇنىڭ سۇيىقەستلىك ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلۇق تورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆزى بىۋاستە پىلانلاپ ئاتالمىش شىڭ شىسەيگە قارشى ئەنزى-

لەرنى ياساش، شۇنداق قىلىپ ئۆزىگە قارشى بولغان ۋە ئۆزىگە قارشى بولۇش ئېھتىمالى بار دەپ ھېسابلانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ يوقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ تۇتقان، قامىغان، قىرغانلار ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ھەم خەنزۇلار ئىچىدىكى ئىلغار ئادەملەر جۈملىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن تاشقىرى ھەتتا سىياسەت بىلەن زادى كارى يوق، ئادەتتىكى كادىر، پۇقرالارمۇ بار ئىدى.

1937 - يىلدىن باشلاپ تاكى 1942 - يىلغىچە شېڭ شىسەي ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئاتالمىش "سۇيىقەست ئەنزىسى" پەيدا قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭدا دەھشەتلىك باستۇرۇش ئېلىپ باردى.

بىرىنچى قېتىملىق باستۇرۇش 1937-يىل 7-ئايدا سابىق قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ جۇگاۋ ۋە مىچۇەن ناھىيىسىدىكى ۋەن فامىلىلىك بىر زېمىندارنى قولغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ، جاڭ شىن (مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى) ھەم خوجانىياز ھاجى (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)نى قولغا ئېلىش بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جاڭ جۇگاۋ دېگەن ئادەم بىلەن مىچۇەنلىك پومېشچىك ۋەن دېگەن ئادەمنى قولغا ئېلىپ، قىيناپ - قىستاپ، سۇيىقەست ئەنزىسىنى ئىقرار قىلدۇردى ۋە "شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭچىلار"نىڭ تىزىملىكىنى تەييارلاپ چىقتى. كېيىندىن بىر قىسىم خەنزۇ ئەمەلدارلارنى قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا فاشىستىك قىيىن - قىستاقلار ئاستىدا ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى دەپ ئىقرار قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ما خۇشەن (خوتەندىكى سابىق ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىجاڭى)، شەرىپقان، فىڭ لياڭ (دۇبەن مەھكىمىسى جىڭفاچۇنىڭ چۇجاڭى)، گېنېرال بىلنوۋ(ئاق رۇس)، جاڭ شىن (مائارىپ نازىرى)، ما شاۋۋۇ (ئىچكى ئىشلار نازىرى، سابىق قەشقەر دوتىيى)، ئاباۋ (تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى)، خۇاڭ خەنجاڭ (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى)، چېن دېلى (ئىلى ۋالىيسى)، بۇرھان شەھىدى (تۇسەن گۇڭسىنىڭ زۇڭجىڭلىسى)، گۇاڭ لۇ (تاشكەنتتىكى كونسۇل)، شىلىك (موڭغۇل) قاتارلىق ئادەملەرنى قولغا ئالدى ياكى قولغا ئېلىشنى پىلانلىدى. دېمەك، بۇ باستۇرۇش شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغىچە دېگۈدەك كېڭىيىپ، ئىلى، چۆچەك، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىرى (ۋالىيلىرى) ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن تارتىپ تاكى ئادەتتىكى كادىرلار ۋە بىر قىسىم ئاممىغىچە قولغا ئېلىندى.

قىسقىسى، 1937 ـ يىلىنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىدىكى ئەنتايىن زۇلمەتلىك بىرمەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. شۇ مەزگىلدە ھەربىر شىنجاڭلىق، مەيلى ئۇ خەنزۇ مىللىتىدىن بولسۇن ۋە مەيلى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ھەم باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولسۇن. ئۆز ھاياتىدا ئەڭ كۆلپەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. ئەنە شۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا گويا ھەممە نېمە تاپتىن چىقىپ كېتىپ، تەتۈرىسىگە ئۆرۈلدى. سۇيىقەست، تۆھمەت، قىيىن ـ قىستاق، تۈرمە ھەم قىرغىنچىلىق نورمال سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئورنىنى دەسسەپ، 5 مىليون نوپۇسقىلا ئىگە شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى ياكى ماتەم قايغۇسى ئىچىدە، ياكى

ۋەھمە ـ خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالدى، نۇرغۇنلىغان ئائىلىنىڭ
ياكى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ياكى يىراق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى
ئۆلتۈرۈلدى، قاماقتا ئېلىندى، دېرەكسىز يوقالدى، قاتتىق ساراسى-
مگە چۈشۈپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي سەرسان بولدى. بۇ زۇلمەت
ۋە كۈلپەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەم دەل ئاشۇ ئۆزىنى نۇرغۇن
مەسىلەك ۋە ئىزىم بىلەن بېزەكلىگەن شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئىدى.

شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلقى تازىلاش ھەرىكىتىدىن كېيىن، يەنە
خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ بىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشى ھەرىكىتى-
دىن قورقسا، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئالدىشىنىڭ
پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى، يەنە بىر ياقتىن ئۇ جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىدىنمۇ قورقتى، ئۇ "ستالىن، ماۋ زېدۇڭ مېنىڭ
قوللىشىمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىر مېنىڭ ھاكىمىيىتىمنى ئاغدۇر-
ماقچى" (ئۆز سۆزى) دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك،
ستالىن بىلەن ماۋ زېدۇڭنى سىناپ بېقىش ۋە ئىشەندۈرۈشكە قارار
قىلدى. ئۇ سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم توغرىسىدا ھە دەپ گەپ
ساتقاندىن باشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆتۈشنى تەلەپ
قىلدى. ئاندىن ئۇ ستالىن بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ، ئۆزىگە چىڭ
ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى. شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ
ئېيتىشىچە ۋە باشقا ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، شېڭ شىسەي قولىدىن
كەلگەن ھەممە چارىلەر بىلەن ئۆزىنى قىپقىزىل كۆرسىتىشكە
ئۇرۇنۇپ، ستالىنىنىڭ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق قوللىشىنى
قولغا كەلتۈرگەن. ستالىن ئاۋۋال ھەم ئىشىنىپ ھەم گۇمانلانغان
بولسا، شېڭ شىسەي موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن ئاساسەن ئىشەنگەن.
ئۇنى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلغان ۋە شېڭ

شىسەي تەلەپ قىلغان ئىقتىسادىي، ھەربىي ياردەملەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بەرگەن. شېڭ شىسەي موسكۋادىن ئىشەندۈردۈمغۇ دەپ، ئەندىشىسى ئازىيىپ قايتقان، لېكىن ئۇ "ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك" دېگەندەك ئىككى پارتىيىدىن بەرىبىر گۇمانلىناتتى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشىلىق كۈچىدىنمۇ ئەندىشە قىلاتتى.

1939 ـ يىلى، شېڭ شىسەي ئىككىنچى قېتىملىق باستۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ قېتىمقى باستۇرۇش شۇ يىلى 9 ـ ئايدا دۇجۇڭيۈەن (شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى)نىڭ كاتىپى سۇڭ فاملىلىك كىشىنى قولغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ، 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۇ جۇڭيۈەننى قولغا ئېلىش بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

دۇ جۇڭيۈەن دېگەن كىشى شىنجاڭغا كېلىپ قايتىپ كېتىپ، «يېڭى شىنجاڭ» دېگەن بىر كىتاب يازغان، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى شېڭ شىسەينى چۆچۈتۈۋەتكەن، كېيىن دۇ جۇڭيۈەن شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، شېڭ شىسەي دېگەن ئىشقا ئۇنىماي، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭلىقىنى تاللىغان، ئاندىن كېيىن شېڭ يەنىمۇ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى، ساكۇڭلياۋ، لۇ گۈيىڭ، شېن گوۋبېن، جاۋ دەن قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىي تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا كەلدى. شېڭ شىسەي بولسا بۇلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ "ئىشپىيونلىرى" دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ دۇ جۇڭيۈەننى "جۇ ئېنلەي ئەۋەتكەن ئىشپىيون" دەپ قارىغان. ئۇ لۇ گۈيىڭ، شېن گوۋبېنلارنى "ئوقۇغۇچىلارنى قۇتراتتى" دەپ قولغا ئېلىش بىلەن شېڭ يەنىمۇ قاتارلىقلارنى تەھدىت سېلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ شىنجاڭ شۆيۈەندە قۇرۇلغان "ئىلمىي مۇزاكىرە گۇرۇپپىسى" نى ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان يەر ئاستى تەشكىلات دەپ قارىدى.

ئىچكىرىدىن بارغان ج ك پ كادىرلىرىنىڭ ۋە موسكۋادىن كەلگەن، 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال ئەۋەتكەن كادىرلارنىڭ خەلققە يۆلىنىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنى باستۇرماقچى بولدى.

ئۇ مۇشۇنداق قورقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا ئالتايدا قوراللىق قوزغىلاڭ پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇ، ئۆزىدە بىر قىسىم كىشىلەر ئاشۇ قوراللىق قوزغىلاڭغا ماسلىشىپ، ئۆزگىرىش قىلىپ مېنى ئاغدۇرۇشى مۇمكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، يېڭى بىر سۇيىقەست تەييارلىدى. ئۇ ئاۋۋال بىرنەچچە ئادەمنى تۇتۇپ تەييارلىغان سۇيىقەستلىك يالغان ئەنزىسگە "ئىقرار" قىلدۇردى، ئۇنىڭ ئاتالمىش چوڭ پاكىتى دۇ جۇڭيۈەننىڭ "ئىقرارنامىسى" ئىمىش. ئۇ مۇشۇ سۇيىقەست پىلانى بويىچە تەييارلىغان "تەتۈر ئىنقىلابچىلار قوزغىلاڭ تەشكىلاتى"، "ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتى"نىڭ "ئاساسىي يادرولۇق ئادەملىرى تۆۋەندىكىلەر ئىمىش:

ئاۋ يەنچىڭ (باش پىلاننى تەييارلىغۇچى)، لاتوۋ (تەشكىلاتنىڭ مەسلىھەتچىسى، بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى)، دۇ جۇڭيۈەن، ياۋ شيۈڭ (ئىلى ۋالىيسى ھەم سىلىڭى)، چىڭ پىشىڭ (بەنفاڭچۇ چۇجاڭى) ئابدۇللا داموللا (قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى)، قۇربانىنياز (گۇڭئەن گۇەنلىچۇنىڭ فۇچۇجاڭى)، شەرىپقان (ئالتاي ۋالىيسى)، لۇخادى بەيزى (؟)، بېكتىيوۋ (ئاق رۇس سودىگىرى) قاتارلىق كىشىلەر.

شېڭ شىسەي مۇشۇ يالغان ئەنزە ئاساسىدا شۇنداق بىر چوڭ مەككارلىق ئويۇنى ئوينىدى، يەنى مۇشۇ ئەنزە بىلەن ئاساسلىق ئادەملەر قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ موسكۋاغا دوكلات قىلدى. ستالىن، مولوتوۋلار بۇ ئەنزىدىن گۇمانلىنىپ، تەكشۈرۈشكە

مەخسۇس بىر گۇرۇپپا ئەۋەتتى. بۇ گۇرۇپپا ئاۋۋال ئاشۇ ئەنزىنىڭ بىرقانچە ئاساسىي كىشىلىرى بىلەن، جۈملىدىن "ئۇيغۇرىستان تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى" دەپ ئاتالغان قۇربانىنىياز قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ، مەسىلىنىڭ باش-ئايىغىنى تەكشۈرۈپ، بۇ ئەنزىنىڭ يالغان ئەنزە ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن "بۇ سۇيىقەستنى شېڭ شىسەي قىلغان ئەمەس، باشقىلار ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قىلغان" دەپ ھېسابلىغان ۋە شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەر يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپ، شېڭ شىسەينى ئالداپ، ئۇنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىدە بولغاندەك قىلىدۇ دېگەن پىكىرنى شېڭ شىسەيگە ئېيتقان. بۇ پىكىرنى ئاڭلاپ "ھەيران قالغان، غەزەپلەنگەن" شېڭ شىسەي ئۆزى قول سېلىپ تەكشۈرۈشكە ۋەدە بەرگەن، ھەم مۇنداق بىر سۇيىقەست ئويۇننى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان: سوۋېتتىن كەلگەن گۇرۇپپا بىلەن شېڭ شىسەي ئۆزى ۋە ئۇنىڭ باش كېسەرلىرىدىن لى يىڭ چى...لەر بىللە ئولتۇرۇپ، ئەنزىنىڭ ئاساسىي ئادەملىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى يۈزمۇيۈز سوراق قىلغان. بۇنىڭدىن مەقسەت، سوۋېتتىن كەلگەن گۇرۇپپا سۆزلەشكەندە ئەنزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىلگىرىكى ئاتالمىش "ئىقرار"نامەلىرىدىن تامامەن تانغان شۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن شېڭ شىسەي ئاۋۋالقى "ئىقرارنامە"نى قايتا ئاڭلاپ، ئەنزىنىڭ "توغرا" ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ كۆرسەتمەكچى بولغان. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، قايتا سوراق قىلىنغان 12 ئادەمدىن تۆتى گۇرۇپپا بىلەن باشتا سۆزلەشكەندە ئېيتقان سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرىكى "ئىقرارنامە"نى داۋاملىق رەت قىلغان. لېكىن، ئۇلار سوراق خانىدىن چىقىپلا بېشىدىن ئايرىلغان. قالغان سەككىز نەپەر

ئادەم ئۇ ۋاقىتتا ئامان قالغان بولسىمۇ، كېيىن بەربىر ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بىر ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، سوراق قىلىنىدىغان ئادەملەر ئاۋۋال بىر قاراڭغۇ ئۆيگە كىرگۈزۈلگەن، ئاندىن چىراغ يېقىلىپ، قىلىچلىق، مىلتىقلىق جاللاتلار دېۋەيلەپ تۇرۇشقان، سوراق قىلىنغۇچىلارغا شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتتىن كەلگەن ئادەملەر بىلەن بىللە سوراق قىلىدىغانلىقى، ئەگەر سوراقتا ئىلگىرىكى "ئىقرارنامە"سىدىن يەنە تانىدىغان بولسا، قايتىپ چىققاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە بېشىدىن ئايرىلىدىغانلىقى ئېيتىلىپ، تەھدىت سېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سوراققا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئويۇن ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېتتىن كەلگەن ئۈچ ئادەمنىڭ ئىككىسى شېڭ شىسەينىڭ سوراق نەتىجىسىگە ئىشەنگەن، بىرسى ئىشەنمەي ئەنزىنىڭ يالغانلىقىدا چىڭ تۇرغان ۋە ئاساسىي ئويۇن شېڭ شىسەيدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، مولوتوۋقا دوكلات يازغان. شېڭ شىسەي بولسا "گۇناھكارلار"نىڭ ئىلگىرىكى "ئىقرارنامە"لىرىگە كېيىن سوۋېت كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە قىلغان سوراقتىكى "تەكرار ئىقرارنامە"لىرىنى قوشۇپ ئۇزۇن بىر دوكلات بىلەن (ھەممىسىنى رۇسچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ) ستالىنغا ھەم مولوتوۋقا يوللىغان. شۇنداق قىلىپ ستالىننى ئىشەندۈرگەن. ئاندىن داۋاملىق كەڭ دائىرىدە تۇتقۇن قىلغان.

1939 ـ يىلى باشلانغان شۇ قېتىمقى باستۇرۇش 1941 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاياغلاشقاندا، ئىلى، خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ يېڭى مەمۇرىي باشلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلەرگە ياكى "خائىنلار لاگېرى"غا تاشلاندى، بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ـــ شېڭ شىسەي "خەۋپلىك" دەپ

ھېسابلىغانلارنىڭ ھەممىسى — دېگىدەك قىرىپ تاشلاندى. شېڭ شىسەي تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن يازغان بىر كىتابىدا قانداقتۇر شۇ قېتىم "481 ئادەم قولغا ئېلىنىپ، 59 ئادەم ئۆلتۈرۈلدى" دەيدۇ. بۇ تامامەن يالغان. بۇ سان شېڭ شىسەي قامىغان ۋە ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ يۈزدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ.

شېڭ شىسەينىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان بىر ئامېرىكىلىقنىڭ "شېڭ شىسەي ئىشپىيون سەۋدايىلىقى بىلەن ئاغرىغان ئادەم" دېگەنلىكى بىكار گەپ ئەمەس. شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭغا كەلگەن يەنە بىر ئامېرىكىلىق مۇنداق دېگەن: "شېڭ شىسەي ماڭا ئۆزىنىڭ سۈيىقەستكە، ئىشپىيونلۇققا قارشى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەندە، بۇ ئىش ماڭا بەك ئەرزان، لېكىن خەتەرلىك رومانغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ، گۇمان، تېپىشماق ھەم سىرلىق نەرسە ئىدى. باشتىن ئاخىرىغىچە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم بۇ ئىشنى چوقۇم بولمايدىغان ئىش دەپ ھېسابلايدۇ." ئامېرىكىلىق ئىككى بۇرژۇئا سىياسەتچىسىنىڭ بۇ باھاسىدىنمۇ شېڭ شىسەينىڭ قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق باستۇرۇش 1942-يىلى يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى باستۇرۇش شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 19-كۈنى شېڭ شىچى (شېڭ شىسەينىڭ 4-ئىنىسى، مېخانىزاتسىيە لۈيىنىڭ كوماندىرى)نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن باشلىنىپ، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قاماققا ئېلىش ۋە قەستلەپ ئولتۈرۈش بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن كەلگەندى. شېڭ شىسەي

ھاكمىيەت بىشغا چىقىپ سوۋىت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئىرىشكەن-
دىن كىيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ مەسلىسىگە
تىخىمۇ دىققىتىنى بۆلدى. شۇ چاغدا موسكۋادىن (3 - ئىنتېرناتسىئو-
نالدىن) بىر قىسىم كادىرلار شىنجاڭغا كەلگەنىدى، جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى 1934 — 1936 - يىللىرى ئۇزۇن سەپەر ۋە يەنئەندە
ئالدىراش بولغانلىقتىن، شىنجاڭغا كۆپ كۈچ ئەۋەتەلمىگەن بولسىمۇ،
كىيىن ئاستا - ئاستا يەنئەندىن كادىر ئەۋەتتى. ياپونغا قارشى
ئۇرۇش باشلانغاندىن كىيىن، ئۇرۇمچىدە 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭ
بەنشىچۇسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا كەلگەن
كوممۇنىست كادىرلار جىق ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغانىدى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىڭ شىسەيگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە
سىياسىتى بىرلىك سەپ سىياسىتى بولۇپ، شىڭ شىسەيدىن پايدىلى-
نىپ، شىنجاڭدا مۇمكىن بولغان ئىلغار ئىشلارنى ۋە ئىنقىلابىي
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، كىيىن قەدەممۇقەدەم شىنجاڭ
خەلقىنى ئازادلىققا چىقىرىش ئىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىدىن
شىنجاڭدا بولغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، تېڭ دەيۈەن،
دىڭ فا، چېن يۈن، لى شيەننيەن، جۇ شاۋجۇ، لى يۈنياڭ، لىن
جىلۇ، ۋاڭ شەنتاڭ، خۇاڭ خۇچىڭ، ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ ۋە
باشقىلار. 1937 - يىلى باھاردا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 4 -
يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش قىسىملىرىدىن لى
شيەننيەن، چىڭ شىسەي، گۇ تيەنمىن، لى تيەنخۇاڭ قاتارلىق
يولداشلارنىڭ باشچىلىقىدا 400 دىن ئارتۇق ئەسكەر ۋە كادىر
شىنجاڭغا باردى. بۇلاردىن ئۇرۇمچىدە "يېڭى ئەسكەرلەر باتالىئونى"

قۇرۇلۇپ، ھەربىي جەھەتتىن ھەم سىياسىي جەھەتتىن مەشغۇلات ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي ئورنى بولغان 8 ـ ئارمىيە بەنىشچۇسى بىلەن يېڭى ئەسكەرلەر باتالىئونى رەھبەرلىك ۋە ئالاقە ئىشلىرىدا چوڭ رول ئوينىدى. كۆپلىگەن مەسئۇل كادىرلار ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيىنىڭ ۋە "فەندىخۇي" (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئاساسەن، گېزىت ـ تەشۋىقات ئورۇنلىرى، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي ئورۇنلارغا ئورۇنلىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى.

1938 ـ يىلدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنە يۈزدىن ئارتۇق كادىر ئەۋەتتى. بۇلار ئاساسەن، مالىيە، ئىقتىساد، مەدەنىي ـ مائارىپ ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتى. يولداش چېن تەنچيۇ (ئومۇمىي رەھبەرلىكتە)، يولداش ماۋ زېمىن (مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئىشلىرىدا)، يولداش لىن جىلۇ (مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىدا)، يولداش ۋاڭ باۋچۈن (موسكۋادىن كېلىپ، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىدا)، يولداش خۇاڭ خۇچىڭ (فەندىخۇي تەشكىلاتىدا)لار ئاساسىي يادرولۇق ۋە رەھبەرلىك رولىنى ئوينىدى. 1938 ـ يىلدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدىن ياخشى نەتىجە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. 1940 ـ يىلدىن ئۆتكەندە، بۇلارنىڭ خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق قولغا كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى، زور تىرىشچانلىق بىلەن قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نەتىجىسى سۈپىتىدە مۇنۇلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. ماركسىزمنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، پرىنسىپ-

لىرنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەشۋىق قىلدى.

2. كۆپلىگەن ئىلغار ئىدىيىدىكى كادىرلارنى، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلىدى.

3. ئىقتىساد ـ مالىيىنى تەرتىپكە سالدى.

4. خەلق ئۈستىدىكى بېسىم ۋە سېلىقلارنى ئازايتىپ، قەدەممۇ قەدەم خەلق پاراۋانلىقىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇلار شۇ نەتىجىلىرى بىلەن خەلقتە چوڭ ئويغىنىش ھەم ئۈمىد پەيدا قىلدى. شۇ چاغلاردا ئىلغار (كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان) كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىي ـ مائارىپ، ئىقتىساد، مالىيە ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار شىنجاڭ تارىخىدا بىر دەۋر بۆلگۈچ باسقۇچنى كۆرسىتىدىغان رولنى ئوينىدى. شۇ ۋاقىتتا، كوممۇنىست يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە تەربىيىلەنگەن ۋە سوۋېتتە بىلىم ئالغان بىر قاتار كادىرلار كېيىن شىنجاڭ شەمىيىگە ۋە گومىنداڭغا قارشى كۈرەشتە جەڭگىۋارلىق، ئاساسلىق روللارنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ۋە ئازادلىقتىن كېيىن، يەنە شۇ مىللىي كادىرلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-لىكىگە ئۆتۈپ، كونا كوممۇنىست كادىرلار بىلەن بىللە سوتسىيا-لىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

شىڭ شىسەي بىر ياقتىن ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، يەنە بىر ياقتىن ئۆزىنى ئالدامچىلىق بىلەن نىقابلاش مەقسىتىدە كوممۇنىست كادىرلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىگە يول قويىدى. ئۇ بىرنېمە قىلىپ چەكلەيمەن دېگەننىدى، خەلق ئارزۇسىنىڭ تەقە-ززاسى بىلەن بولغان بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بارغان-

چە كۆچپيشكە باشلىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ بۇنى قوللىدى. بۇ ئەھۋال ئاخىرقى ھېسابتا شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملىشىگە خەۋپ بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن شېڭ شىسەي 1942 ـــ 1943 ـ يىللىرى چوڭ سۇيىقەست ئويۇشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىست كادىرلارنى تۇتقۇن قىلىپ، فاشىستىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى.

شېڭ شىسەي بۇ قەبىھلىكى سۇيىقەستنى 1942 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى شېڭ شىچىنى قەستەن قىلىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن باشلىدى. شېڭ شىچى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، سىياسىي ـ ھەربىي ياقتىن بىلىم ئېلىپ كەلگەن، كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرغانىدى. شۇڭا شېڭ شىسەي بىر ياقتىن ئۇنى خەۋپلىك دەپ ھېسابلىدى، يەنە بىر ياقتىن، بۇ سۇيىقەستنى كوممۇنىستلارغا تېگىپ ئىش باشلىماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن قايتمىدى. ئۇ كىشىلەر ئۆز ئىنىسىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، بۇ راستىنلا باشقىلارنىڭ سۇيىقەستى ئىكەن، دەيدۇ، دەپ ئىشەندۈرمەكچى بولدى. ئۇ ئىنىسىنى كېچىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈپ بولۇپ، بۇ ئىشنى ئىنىسىنىڭ خوتۇنىغا ئارتتى. ئۇنىڭ خوتۇنىنى مەجبۇر قىلىپ "مەن ئۆلتۈردۈم، ماڭا بۇنى لاتوۋ (سوۋېت ھەربىي مەسلىھەتچىسى) تاپشۇرغان" دەپ "ئىقرارنامە" ئالدى. ئاندىن ئۇ ئاۋۋال بىرنەچچە كىشىنى قولغا ئېلىپ قىيىن ـ قىستاق بىلەن "شېڭ شىسەينى ۋە ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرىدىغان سۇيىقەستلىك تەشكىلات"نىڭ تىزىمىنى تەييارلاپ چىقتى. ئۇ ئاشۇ تىزىمغا ئاساسەن، لاتوۋ (بۇنى كېيىن سوۋېت قايتۇرۇپ كەتتى)، ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ باشلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قولغا ئالدى ۋە نەزەربەنت قىلدى. موسكۋادىن كەلگەن كوممۇنىستلارنى بولسا، قامىغىنىنى قامىدى، قامىيالمىغانلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى. بۇلاردىن باشقا، كوممۇنىست دەپ ياكى كوممۇنىست تەرەپدارلىرى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان دەپ قارىغان نۇرغۇنلىغان ئىلغار كادىرلارنىمۇ قولغا ئالدى. 1943 - يىلى ئۇ ماۋ زېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ باشلىق بىرمۇنچە يولداشلارنى ئۆلتۈردى. شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى: "مۇشۇ قېتىم سۇيىقەستكە قاتناشقان 656 كىشى قولغا ئېلىنىپ 88 كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى" دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرماقچى بولدى. بۇ قېتىمقى سۇيىقەست قىرغىنچىلىقى چوڭ سىياسىي قىرغىنچىلىق بولۇپ، ئىلگىرىكى ئىككى قېتىمقىسىدىن ئېشىپ چۈشتى. ئۇ بۇ قېتىم زىيالىيلارنى، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەممە يۈزلەپ - مىڭلاپ كىشىلەرنى كوللېكتىپ قولغا ئالدى.

كوممۇنىست يولداشلار شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈمدىن قورقماي، ئاچلىق ئېلان قىلىش ۋە باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن شېڭ شىسەينىڭ جاللاتلىق قىرغىنچىلىقىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. شېڭ شىسەي كوممۇنىستلارنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي كېتىپ قالدى. 1946 - يىلى 6 - ئايدا قالغان ئادەملەر جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلدى. 130 دىن ئارتۇق كوممۇنىستمۇ تۈرمىدىن چىقىپ يەنئەنگە كەتتى.

خۇددى ئامېرىكىلىق يازغۇچى ئېيتقاندەك، شېڭ شىسەي بۇ قېتىمقى سۇيىقەست قىرغىنچىلىقى بىلەن "نىقابلانغان بىر مۇستەقىل مىلىتارىست ھاكىمىيەت"نى ئورنىتىۋالدىم دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن بۇ ھەرىكەت شىڭ شىسەينىڭ تەختتىن غۇلىشىنى تېزلەتتى.

كوممۇنىستلارنىڭ خىزمەت ئۇتۇقلىرى شىنجاڭدا كوممۇنىزم ئۇرۇقىنى چېچىپ بەردى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق يولىنى كۆرستىپ بەردى. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولدى. ئۇ يولداشلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىلىرىدە جانلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى قالدى، روھى ئۆلمىدى.

راست گەپنى قىلغاندا، مېنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىم ئەنە شۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ نەمۇنىلىك پائالىيەتلىرىدىن ھاسىل بولغان. سوۋېتتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا كوممۇنىزم ۋە كومپارتىيىنى بىرئاز چۈشەنگەن بولسامۇ، لېكىن ئېتىقاد دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى. چۈنكى، سوۋېتتە ئوقۇغاندا ماركسىزم تەلىماتى توغرىسىدا دەرس كىرگۈزۈلمىگەن (ئاڭلىشىمىزچە، بۇ شىڭ شىسەينىڭ پىكرى ئىكەن). شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن گەرچە ئاشۇ كوممۇنىست يولداشلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىسامۇ، ئۇلارنىڭ پىداكارانە خىزمەت روھى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ھەر تەرەپتىن غەمخورلۇق قىلغانلىقى كىشىلەر ئارىسىدا قىزىقارلىق ھېكايە سۈپىتىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى. ئۇلار ھەممە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ماركسىزم تەلىماتى ۋە كومپارتىيە توغرىسىدا تەلىم-تەربىيە، تەشۋىق-تەرغىب ئېلىپ بارغانىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا مۇكەممەل تونۇشقا ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن بۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئۆزەمگە نەمۇنە قىلىپ قەلبىمگە پۈككەنىدىم. شۇڭا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى

قاتتىق توغرىسىدىكى خەۋەر چۆچەككە ئاستىرتىن تارقالغاندا مەن ئوخشاش، قايغۇردۇم. ئەسلىدە شۇ چاغلاردىكى گۆدەك ياشلارغا ئوخشاش، مەنمۇ بىرىنچى قېتىملىق باستۇرۇشتا شىڭ شىسەينىڭ قىلمىشىدىن گۇمانلانمىغانىدىم. شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈگىتىلگەنلىكى، بىرقەدەر ئىلغار ئىشلار يولغا قويۇلغانلىقى ۋە ئىلغار ئىدىيەلەر تارقالغانلىقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بىراق كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، شىڭ شىسەينىڭ تۇتقۇن قىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا شىڭ شىسەي ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئادەملەرنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكىگە قاراپ مەندە شىڭ شىسەيگە قارىتا گۇمانلىنىش، قارشىلىق كۆچىيىپ باردى. بولۇپمۇ ئاشۇ كوممۇنىست يولداشلار ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ شىڭ شىسەينىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندىم، ئۇنىڭ سۇيە- قەستىچى، ساختىپەز، قانخور ئەپت - بەشىرىسىنى تونۇپ يەتتىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىركۈنى بىرسى ماڭا يولداش چېن تەنچيۇ بىلەن يولداش دىڭ فانىڭ شىڭ شىسەيگە باھا بېرىپ قىلىشقان سۆزىنى ئوقۇپ بەردى. ئۇلار شىڭ شىسەينى "كېلىپ چىقىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ قارا نىيەت مىلىتارىست، ئىدىيە- سى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ يەرلىك خاقان بولۇش كويىدا بولغان، قىلمىشلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقا دەپ- تىكەن. دېمىسىمۇ شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىقى ھەقىقەتەن بۆرىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ دۆتلۈكى ھەقىقەتەن چوشقىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى بۆرىدىن تۆرەلگەن چوشقىغا ئوخشىتىش بەك جايىغا چۈشكەن.

1951 - يىللىرى بىرمەزگىل ئاغرىپ قېلىپ دەم ئېلىپ ياتقان مەزگىلدە، بىر يولداش ماڭا بىر تارىخ كىتابچىسىنى ئوقۇپ بەردى. بۇ كىتابتىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى جۇ يۈەنجاڭنىڭ تۆرىلەر بالىخانىسىنى پارتلاتقۇزغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق سۇيىقەست ئەنزىسى يادىمغا چۈشتى. ئەلۋەتتە، شىڭ شىسەينى ھەرگىزمۇ جۇ يۈەنجاڭ بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. جۇ يۈەنجاڭ 14 - ئەسىردە جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرغان پادىشاھ، شىڭ شىسەي بولسا، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى جۇڭگودا ئۆتكەن بىر يەرلىك كىچىك مىلىتارىستتىنلا ئىبارەت. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يات كۈچلەرنى يوقىتىشتا قوللانغان ۋاستىسى ئوخشاشلا ۋەھشىيانە قىلمىش ئىكەن.

شىڭ شىسەي ئارقا - ئارقىدىن سۇيىقەست ئەنزىلىرىنى پەيدا قىلىپ يۈرگەن يىللاردا ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلمەك ناھايىتى قىيىن ئىدى. لېكىن، خۇددى خەلق تەمسىلىدە ئېيتقاندەك "ئوتنى قەغەز بىلەن ساقلىغىلى بولمايدۇ." جۇ يۈەنجاڭنىڭ تۆرىلەر بالىخانىسىنى پارتلاتقۇزغانلىقىنىڭ سىرى بىر ئەسىرگىچە يوشۇرۇلغان بولسىمۇ، بىر ئەسىردىن كېيىن بەرىبىر ئاشكارىلاندى. شىڭ شىسەينىڭ شۇملۇقلىرىنىڭ سىرى ئۇ شىنجاڭدىن كەتمەستىنلا ئېچىلىشقا باشلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇنىڭ سىرىنى ئېچىشنىڭ ئىمكانىيىتى تېخىمۇ تولۇق بولدى.

كېسىلىم بىرئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن مەن شىڭ شىسەينىڭ ئۈچ قېتىملىق سۇيىقەست ئەنزىسىنىڭ تەپسىلىي سىرلىرىنى بىلىپ چىقىش نىيىتىگە كەلدىم. كېسەل بىلەن دەم ئېلىۋاتقانلىقىم ماڭا

ۋاقىت جەھەتتىن ئىمكانىيەت بەردى، خىزمەت شارائىتىم ماڭا مۇھىت جەھەتتىن ئىمكانىيەت بەردى. مەن مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە كىشى بىلەن سۆھبەتلەشتىم، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم.

شۇنىڭدىن ھەيرانمەنكى، ئۈچ قېتىملىق سۇيىقەست ئەنىز ىسىدە شىڭ شىسەي دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى، جاھانگىرلىك تۈزۈمدىكى ياپونىيە بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنى، جۇڭگودىكى ۋەتەن خائىنلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرنى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئارىلاش-تۇرۇپ ئاسىيانىڭ كىندىكى بولغان شىنجاڭغا چېتىپ قويغان. شىڭ شىسەي 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا دۇنيادىكى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان سىياسىي تۈزۈم، سىياسىي نۇقتىئىنەزەر، ئېتىقاد ھەم مەسىلىلەرنى شىنجاڭدا يامان غەرەز بىلەن ئويدۇرمىچىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق سۈنئىي ئۇچراشتۇرغان ۋە ئۇلارنى مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر-بىرىگە چاتقان.

شىڭ شىسەينىڭ ساختىپەزلىكى، مۇغەمبەرلىكى ھەم ھىيلىگەرلىك ئەپت-بەشىرىسى 1942-يىلى ئىنىسى شىڭ شىچى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرىگە بىرلا ۋاقىتتا يېزىلغان ئىككى دوكلاتتا راسا ئاشكارا بولغانىدى. شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىگە يازغان خېتىدە: "سۇيىقەستچىلەر سوۋېتكە قارشى ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرماقچى" دېيىل-گەن. گومىنداڭ دائىرىلىرىگە يازغان خېتىدە بولسا "سۇيىقەستچىلەر كوممۇنىزم ھاكىمىيىتى قۇرماقچى" دېيىلگەن. مۇنداق قاراملىق بىلەن ئالدامچىلىق قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيادا تونۇلغان

ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئالىي دائىرىلىرىنى ئالداش ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ۋە بۇ شىڭ شىسەينىڭ قاپتەك يۈرىكى بار تەلۋە، ئالدامچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

كېيىنكى يىللاردا بىركۈنى ئولتۇرۇپ شۇنداق بىر تەسەۋۋۇر خىيالىمدا پەيدا بولۇپ قالدى: ئەگەر ئاشۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى شىڭ شىسەينىڭ ئۆزلىرىگە يازغان خەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ باققان بولسا، بۇ شىڭ شىسەي ئۈچۈنمۇ، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچۈنمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئۈچۈنمۇ چوڭ كىنايىلىك بىر ئىش بولغان بولاتتىكەن.

# ئۈچىنچى باب

## شېڭ شىسەينىڭ نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىشى

شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ساختا ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئەسلىدىكى فاشىستلىق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى: خەلقئارادا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى. مەملىكەت ئىچىدە بولسا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ ئوبيېكتى بولۇشتىن قالدى. تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا ئۇنىڭغا بىلدۈرۈۋاتقان غەزەپ-نەپرىتىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە ئالتاي رايونىدا باشلانغان قوراللىق قوزغىلاڭنى بەلگە قىلغان قارشىلىقى قوشۇلۇپ ئۇنى مېڭىشقا يول تاپالمايدىغان يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. شېڭ شىسەي ئۈچۈن ئەمدى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتماقتىن باشقا چارە قالمىغانىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە جياڭ جيېشى ئۈچۈنمۇ ئوبدان پۇرسەت كەلگەنىدى. جياڭ جيېشى خېلى بۇرۇنلا شېڭ شىسەيگە بېسىم ئىشلىتىپ ئۇنى "سوۋېت تەرەپدارلىقى"دىن، "شىنجاڭنى قىزىللاشتۇرۇش"تىن قايتۇرماقچى بولۇپ يۈرەتتى، مانا ئەمدى ئۇ "قول سالساقلا بولىدۇ" دەپ قارىدى ۋە بۇ ئىشقا ئالاھىدە "كۆڭۈل

بولۇپ” خوتۇنى سۇڭ مېيلىڭنى شېڭ شىسەي بىلەن سۆھبەت
ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. ئۇ شېڭ شىسەينىڭ
ھېيلىگەر ۋە قانخور ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە سۇڭ مېيلىڭگە ھەمراھ
قىلىپ گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كاتىپباشلىرىدىن ۋۇ جۇڭشىن،
لياڭ خەنساۋلارنى ئەۋەتىشۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزى جيۇچۈەندە
تۇرۇپ 8-ئۇرۇش رايونى قوماندانلىقىدىكى پۈتۈن ئۇرۇش ئايرو-
پىلانلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھالەتتە ئۆتۈشىنى بۇيرۇدى. ماھىيەتتە
شېڭ شىسەيگە سۆھبەتتىن تاشقىرى ھەربىي بېسىمۇ بارلىقىنى
كۆرسەتتى.

شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ غەرىزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى
ئوبدان چۈشىنەتتى. بىرسى پۈتۈن مەملىكەتتە، بىرسى شىنجاڭغا
خاقان بولۇشقا مەستانە بولۇپ كەلگەن بۇ ئىككى مىلىتارىست 1942-
يىلى كۈزدە بولغان شۇ سۆھبەتتە ھەممە تەدبىرىنى دو چىقاندى.
شۇندىن ئىلگىرىرەك جياڭ جيېشى تەيىنلىگەن 8-ئۇرۇش رايونىنىڭ
مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنى يۇتۇۋېتىشىدىن ناھايىتى ھەزەر ئەيلەپ،
قولىدىكى ئەسكەرلىرىنى تاپشۇرىدىغانلىقى، ”مەركەز ئارمىيىسى“
نامىدىكى جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى تەكلىپ
قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن. شېڭ
شىسەينىڭ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئېتىشتىكى شەرتى يەنىلا
شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېرىشى، ئەسكەرلىرىگە
جياڭ جيېشىدىن تەمىنات ئېلىش ئىدى. جياڭ جيېشىنىڭ ئالىي
دەرىجىلىك سۆھبەت ۋەكىللىرىدىن بولغان سۇڭ مېيلىڭ بىلەن
ۋۇ جۇڭشىن يولغا چىقىش ئالدىدا جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسىنى

ئالغاچقا ۋە شىك شىسەيىنىڭ شىنجاڭدا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغان ۋەزىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، بىر
تەرەپتىن ئۇنىڭ شىنجاڭدا تۇرنۇپىرىشى ۋە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك پىرقىسىنى قۇرۇشى ھەم رەھبەرلىك قىلىشىنى شەرت قىلىپ
يەمچۈك تاشلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەركەز ئاۋمىيىسىنى شىنجاڭغا
كىرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ ئۇنىڭ شىنجاڭدا
ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالىدىغان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان-
لىقىنى پۇراتتى. دېمەك، ھەم ئالدىدى، ھەم تەھدىت سالدى.
بەزى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىدىن قارىغاندا، ئەسلىدە، سۇڭ مېيلىڭ
جيۇچۇەندە جياڭ جيېشىدىن سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى سورىد-
غاندا جياڭ جيېشى، شىنجاڭنى شىڭ شىسەيدىن تارتىۋېلىشىمىزدا
مەسىلە يوق. لېكىن، بەك ئالدىراپ چاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز
كېرەك، شىڭ شىسەيىنى كېيىنچە بىرەر مىنىستىرلىككە قويۇپ بىر
تەرەپ قىلىمىز، دېگەن. كۆڭلىدە سان بولغانلىقتىن سۇڭ مېيلىڭ
شىڭ شىسەيىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن جايىدا پايدىلانغان. شىڭ شىسەي
بولسا "موخو موخونى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ" دېگەندەك، بېشارەتنى
چۈشەنگەن، شۇنداق قىلىپ، شىڭ شىسەي بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ۋە
شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا كەلگەن جۇ شاۋلياڭ (گومىنداڭ 8 -
ئۇرۇش رايونىنىڭ باش قوماندانى) بىلەن شىنجاڭنى گومىنداڭلاش-
تۇرۇش، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىدىن تارتىپ ھەرقايسى
جايلارغىچە بولغان يەرلىك تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىن-
جاڭدىن كادىر ئەۋەتىپ گومىنداڭ مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكىدە
نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇ-
رۇش ۋە ئۈچ مەسىلىنى تارقىتىش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر

ئارىسىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش، تاشقى سىياسەتتە شىنجاڭنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن قەدەممۇ ـ قەدەم بىردەك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا گومىنداڭغا يات ئىدىيىلەر ۋە ئادەملەرنى تازىلاش قاتارلىق مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭدىن شىنجاڭغا كەلگەن گومىنداڭچىلار بىرنەچچە يۈزگە يەتتى. شېڭ شىسەي سوۋېتلىك كادىرلارنى، مۇتەخەسسىسلەرنى، كارخانا خادىملىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بارلىق شوئار، لوزۇنكىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە يېرتىپ تاشلىدى، شۇنداق قىلىپ كومپارتىيىگە قارشى مەيداننى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۈردى ۋە بارغانسېرى ئاشكارىلىدى.

شېڭ شىسەينىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى، نەنجىڭنىڭ دىپلوماتىيە يولى بىلەن سوۋېتكە ھەر خىل تەلەپلەرنى قويۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدىكى كادىرلىرى، مەسلىھەتچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئاخىرى قۇمۇلدىكى قىزىل ئارمىيە 8 ـ دىۋىزىيىسىمۇ چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. جاڭ جيېشىنىڭ ئەمەلدارلىرى كەينى ـ كەينىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. جۇ شاۋلياڭ، ۋېن ۋېنفىڭلار ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. ئىچكىرىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلدى. لياڭ خەنساۋ، خې جىڭۋۇ (ھاۋۋا ئارمىيە گېنېرالى)، ماۋ باڭچۇ دېگەن ئادەملەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. دېمەك، 1942 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيىدا ”ستالىننىڭ سادىق شاگىرتى“ بولغان شېڭ شىسەي شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىرلا دومىلاپ 180 گرادۇس بۇرۇلۇپ، جاڭ جيېشىنىڭ سادىق ئىتىسى بولۇپ قالدى. ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا، سوۋېتكە قارشى مۇقام تۈۋلاپ چىقتى. ئىلگىرى ”سەنمىنجۇيى ئىشقا يارىماي ـ

دۇ"، "ماركسىزم ـ لېنىنىزملا دۇنيانى ئازاد قىلىدۇ" دېگەن شىڭ
شىسەي، ئەمدى "ئون يىللىق تەتقىقات ئەمەلىيىتى بىلەن شۇنىداق
خۇلاسىگە كەلدىكى، دۇنيانى، جۇڭگونى قۇتقۇزىدىغان ئۇلۇغ
مەنىۋى كۈچ — ماركسىزم ئەمەس، سەنمىنجۇيى" دەپ ۋارقىراپ
چىقىپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارا قىلدى. 1940 ـ يىلى ئۆزىنىڭ
ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى قايتىدىن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى يولداش
ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى بىلەن
تەڭ قويغان، 1941 ـ يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭدا سوۋېت
ھاكىمىيىتى قۇرۇش كېرەك دەپ تەكلىپ بەرگەن، 1942 ـ يىلى 2 ـ
ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ماۋ جۇشىغا خەت يېزىپ، بىر قىسىم مەسلىھەتچى
كادىرلارنى سورىغان شىڭ شىسەي شۇ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە
پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ ئەكسىچە يول تۇتتى. شىڭ شىسەينىڭ
مۇنداق بۇرۇلۇش ياسىشىدىكى سەۋەب، يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئۇ خەلقئارادا
سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن
قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، مەملىكەت ئىچىدە بولسا، جياڭ
جيېشى ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ ئازاد رايونلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە
"قورشاپ يوقىتىش" باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، "پۇرسەت كەلدى"
دەپ ئويلىغانىدى.

ئاۋۋال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كادىرلىرىنى، ئارقىدىن
باشقا ئىلغار كۈچلەرنى باستۇرۇشقا، ئاندىن كېيىن ياردەمگە كەلگەن
سوۋېت كادىرلىرى ۋە كۈچلىرىنى سىقىپ چىقىرىشقا، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قەدەممۇقەدەم كېلىپ ئورۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ
شىنجاڭغا ئامېرىكىنىڭ تەسىرى كىرىشكە باشلىدى. ئامېرىكا جۇمھۇ-
رىيەتچىلىرى پارتىيىسىنىڭ زوڭتۇڭ كاندىداتى ۋىن دېبرۋىرجى

(خەنزۇچە ئاھڭى) 1942 ـ يىلى شىنجاڭغا كەلدى. 1943 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە بىرىنچى قېتىم ئامېرىكا كونسۇلخانىسى قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلخانىسى ئۈرۈمچىدىمۇ قۇرۇلدى. كېيىن، خەلقئارادا نامى بار، سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشى ئۇن- سۇرلاردىن مەسئۇت، ئىمىن، ئەيسالار نەنجىڭدىن شىنجاڭغا ئەكىلىپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ ۋە ئۇيغۇر، قازاقلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ساتقۇنلاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا سوۋېتكە قارشى، گۇڭچەنداڭغا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن شىنجاڭغا ئۆز تەسىرىنى كىر- گۈزۈش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. لېكىن بۇ ئىككىنچى تەرەپتىن شىنجاڭ خەلقىغە ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ جاھانگىرلىك قىياپىتىنى تېخىمۇ تونۇتتى.

1943 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي مەركىزىي دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى قىلىپ، يۆتكەپ كېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى ئون يىللىق نىقابلانغان فاشىزملىق پاچىئەلىك ئويۇنى ئاياغلاشتى.

لېكىن ئەمدى شىنجاڭدا ئىككىنچى بىر خىل پاجىئەلىك ئويۇن — ئەركىن دۇنيا ۋەكىللىرىنىڭ ئارقا تىرەك بولۇشى بىلەن ئەكسىيەتچى گومىنداڭچىلارنىڭ قان تۆكۈش پاجىئەلىك ئويۇنى باشلاندى. خەلقنى قامىدى، ئۆلتۈردى، دەپ شېڭ شىسەينى ئەيىبلىگەن گومىن-

داڭچىلار ئەمدى ئۆزى خەلقنى قاماشقا، ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. شىڭ شىسەينىڭمۇ، جياڭ جيېشىنىڭمۇ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

جياڭ جيېشى شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھ-لەش ئۈچۈن، بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇ ئۆزىچە ئاۋۋال شىنجاڭدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھەل قىلماقچى بولغان مىللىي مەسىلىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يەنىلا چوڭ خەنزۇچىلىق، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. جياڭ جيېشى "غەربىي شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى" دېگەن نەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، بۇنىڭدا مەخسۇس شىنجاڭ مەسىلىسىنى قويدى. بۇنىڭدا ئون مىڭ نەپەر ئەمەلدارلارنى ئائىلىلىرى بىلەن (50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم) شىنجاڭغا چىقىرىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا نۇرغۇن پۇل ئاجراتتى. 1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ داڭبۇسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ئورگانلىرىنى تامامەن دېگۈدەك گومىنداڭچى خەنزۇ كادىرلار ئىگەللىدى، مىللىي كادىرلار سىقىپ چىقىرىلدى.

جياڭ جيېشى يەنە "نەسىلداش ئۇرۇق" دەپ ئاتالغان مىللىي سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ ئەسلى خەنزۇلار بىلەن نەسىلداش بىر ئۇرۇق ئىكەن. مۇشۇ بىمەنە ئەكسىيەتچى سىياسەتنىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن شىنجاڭدا مىللىي زۇلۇم، مىللىي كەمسىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھاقارەتلەش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى بوغۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

سىياسىي ياقتىن، گومىنداڭچىلار كۆچەپ سەنمىنجۇيىنى تەشۋىق

قىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى، سوۋېتكە قارشى ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋە ھەرىكەت ئېلىپ باردى. كومپارتىيە ۋە كوممۇنىزمنى ياقلىغۇچى كادىرلارنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن گەپ قىلغانلىكى ئادەملەرنى قاماپ، ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن، بىر ياقتىن گومىنداڭچىلار بۇلاپ-تالىسا (باج-سېلىق كۆپەيدى)، يەنە بىر ياقتىن مالىيە ئىشلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، پۇلنىڭ پاخاللىششى ئېغىر ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىچكىرىدىن كۆپلەپ كەلگەن خەنزۇ سودىگەرلىرى ئاز پۇل بىلەن جىق پايدا ئالىدىغان بولدى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەندىن كېيىن، خەلق پەقەت قول ھۈنىرى مەھسۇلاتىغىلا يۆلىنىدىغان بولدى. گومىنداڭ ئۈمىدىنى ئامېرىكىغا باغلىدى. ئۇلار شىنجاڭغا ئامېرىكا كادىرلىرىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ۋاشىڭتون "جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ھەيئىتى"نىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە گېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئامېرىكا مۇخبىرى "ئامېرىكىنىڭ بۇنداق ئىقتىسادىي ياردىمى ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسىي مەقسىتى ئىقتىساد ئەمەس، سىياسەت ئىدى" دەپ توغرىسىنى ئېيتقان.

بىز يۇقىرىدا شېڭ شىسەينىڭ ئون يىل ئىچىدىكى شەكىلدە ئىلغارلىق، ئەمەلىيەتتە مىلتارىستلىق، قىرغىنچىلىق، سۇيىقەستلىك سىياسىتىنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزغا شېڭ شىسەي زادى قانداق ئادەم، ئۇنىڭغا نېمە دەپ باھا بېرىش كېرەك؟ دېگەن بىر سوئال كېلىدۇ. مەنمۇ مۇشۇ مەسىلىنى خېلى ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ كەلدىم. شېڭ شىسەي زادى قانداق

ئادەم؟
بۇ توغرىدا ھەر خىل قاراش بار. بەزىلەر، شىباڭ شىسەي بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنى سوۋېتتىن ساقلاپ قالدى، دەيدۇ. بۇ شىباڭ شىسەينى ئاقلىغۇچىلارنىڭ، گومىنداڭ چوڭ مىللەتچىلىرىنىڭ، سوۋېتكە، كوممۇنىزمغا قارشىلارنىڭ قارىشى. ئىككىنچى بىر پىكىر، شىباڭ شىسەي شەخسىيەتچى ھەم ئاغمىچى، ئۇ ئىلگىرى خېلى ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پۇرسەت كەلدى دەپ، ئاغمىچىلىق قىلىپ ئەكسىيەتچى بولۇپ كەتتى، دەيدۇ. بۇ پىكىر ئىلگىرى جىقراق بولۇپ كەلگەن. مەنمۇ ئاۋۋال مۇشۇنداق ئويلىغانىدىم، كېيىنكى تەتقىقاتلاردىن كېيىن مەن ئۇنداق قاراشنىڭ ئەتراپلىق توغرا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم.

شىباڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسى مۇنداق: ئۇ: ئاۋۋال ئىدىيە، ئىشەنچ ياقتىن سوۋېتنىڭ سىياستىنى ياقلىدىم، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدىم. كېيىن سوۋېتنىڭ ماڭا سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇشى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئىنىمگە قەست قىلغانلىقى مېنى ئويغاتتى. مەن سوۋېتكە قارشى بولدۇم، موسكۋادىن ئايرىلدىم، دەيدۇ. بۇ تامامەن ئۆزىنى كاززاپلىق بىلەن ئاقلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۆزىدىنى ئاقلايدۇ. لېكىن، ئۆزى باش بولۇپ قېنىنى تۆككەن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا، ئۆزى باش جاللات بولۇپ رەھىمسىزلەرچە قىيناپ ئازابلىغان ۋە ئۆلتۈرگەن كوممۇنىستلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار توغرىسىدا ھېچنېمە دېمەيدۇ.

مېنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىباڭ شىسەي ئۈستىدە كەلگەن پىكرىم ۋە بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا كۆرگەن

ماتېرىياللىرىمىغا (بۇنىڭ ئىچىدە شېڭ شىسەي ئۆزى يازغان «قىزىل-
لارنىڭ شىنجاڭدىكى مەغلۇبىيىتى» دېگەن سەلبىي ماتېرىيال-مۇ بار)،
ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىرىمىغا ئاساسەن خۇلاسىلىگەن پىكرىم
مۇنداق: شېڭ شىسەي ئەسلىدە ئىلغار بولۇپ كېيىن ئاغمىچىلىق
قىلغان ياكى خائىنلىق قىلغان ئەمەس. بەلكى، ئەسلىدىنلا سوۋېتكە
قارشى، كومپارتىيىگە قارشى، خەلققە قارشى ئەكسىلئىنقىلابچى
ئۇنسۇر. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەكسىيەتچى مىلىتارىزم تەربىيىسىنى ئالغان،
مىلىتارىستلارنىڭ كەتمىنىنى چاپقان، ياپونىيىدە داۋاملىق مىلىتارىست-
لىق ئىستىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. مۇشۇ جەرياندا ھوقۇقپەرەس
قارا نىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. جۇڭگوغا قايتقاندىن كېيىن خىپ ياۋزۇ
قىسمىدا، جياڭ جيېشىنىڭ باش شتابىدا ئىشلەپ قارا نىيىتىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتى ئىزدىگەن. بۇنداق ئىمكانىيەت بولمىغان-
لىقتىن شىنجاڭغا كېلىپ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شارائىتىغا ئىگە
بولغان. ئۇ جىن شۇرېنغا يالاقچىلىق قىلىپ، قۇمۇل، تۇرپاندىكى
خەلق قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، قىرىپ-
چاپقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەسىتىنى شوتا قىلىپ يۇقىرى ئۆرلە-
گەن. ئۇ 1931-يىلى باشلىنىپ 1933-يىلىنىڭ بېشىغىچە تازا ئەۋجىگە
چىققان خەلق قوزغىلىڭى ھەرىكىتىنىڭ زەربىسى بىلەن مېڭىشقا يول
تاپالماي قالغان جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋالىغا يۈز تۇتۇشى
مۇناسىۋىتى بىلەن يۈز بەرگەن "12-ئاپرېل" سىياسىي ئۆزگىرى-
شىدە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن،
شىنجاڭدا مۇستەقىل پادىشاھلىق قۇرۇش شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا يالغاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش،
ماركسىزمدىن نىجاتلىق تېپىش نەيرىڭىنى بازارغا سېلىپ، ۋەزىيەت

تەقەززاسى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي بېسىم ئاستىدا ئانچە - مۇنچە ئىلغار ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بۇ "ئىلغار" ئىشلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ قىلىشنى خالايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىدىن، ئالدامچى، ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قورققانلىقىدىن بولغان. كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئومۇمەن، شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تەگدىشى يوق قانخور جاللات. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىلا ئاشۇنداق لەنەتلىك نامى بىلەن مەشھۇر بولغانىدى، ئۇ ئەبەدىي ئاشۇ نام بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەپرىتى ئاستىدا قالىدۇ.

# تۆتىنچى باب
# ئاتۇشتا يېڭى مائارىپچىلىق

1934 ـ يىلى ئاتۇشتا تارىختا كۆرۈلمىگەن بىر مائارىپچىلىق ھەرىكىتى باشلاندى. بۇ يالغۇز ئاتۇش تارىخىدىلا، قەشقەر تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان بىر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىككى ئاتۇشتا ۋە كېيىن ئىلى، چۆچەك، تۇرپانلاردا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى شىنجاڭدا يېڭى مەرىپەتچىلىكنىڭ ــ مائارىپنىڭ باشلىنىشى بولغان تارىخىي ۋەقەلەر ئىدى. لېكىن ئۇ مائارىپچىلىقنىڭ دائىرىسى تار، ۋاقتى قىسقا بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يېڭى مائارىپچىلىققا ئىز سېلىپ بەردى. بۇ دورقى يېڭى مائارىپچىلىق بولسا، دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، قۇرۇلۇشى چاققان، روھىي ئۆتكۈر مائارىپچىلىق بولدى، يەنە بۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قېتىم بولغان ھەرىكەت ئىدى.

1934 ـ يىلىنىڭ يېزىدا قەشقەر تىنچلاندى، ھەربىي، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرى تەرتىپكە سېلىندى. ئەمدى قەشقەردە ئىقتىسادىي، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلىندى. مەھمۇت شىجاڭ تۈركىيىدىن كەلگەن بىرنەچچە ئەپەندىلەر ئارقىلىق مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى.

1934 ـ يىلىنىڭ باھارىدا تۈركىيىدىن مەجىددىن ئەپەندى باشچىلىقىدا 12 كىشى كەلدى.

بىز دېمەكچى بولغان ئاتۇشتىكى يېڭى مائارىپچىلىقنى ئاشۇ تۈركىيىدىن كەلگەن ئەپەندىلەر ئىچىدىكى مەمتىلى ئەپەندى (قەلەم ئىسمى تەۋپىق) دېگەن كىشى باشچىلىق قىلىپ ئېلىپ باردى. مەمتىلى ئەپەندى مەن بىلەن تۇغقان بولۇپ، دادامنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىلىم ئىزدەپ شىمالىي شىنجاڭغا چىقىپتۇ، كېيىن چۆچەك ئارقىلىق تاشكەنتكە بېرىپ، ئۇ يەردە ھەم قارا خىزمەت قىلىپ، ھەم ئوقۇپتۇ. ئۇ ئوتتۇرا بىلىم ئالغاندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، ياخشى ئوقۇپتىكەن، بىراق، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدا ئوقۇشىنى داۋام قىلدۇرالماپتۇ. يەنە بىرەر مەزگىل ئەمگەك قىلىپ يۈرۈپ قارا دېڭىز بويىغا بارغاندىن كېيىن، تۈركىيە-دىن كەلگەن بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ تۈركىيىگە بېرىپتىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە تۈركىيىدە ئاۋۋال خېلى كۆپ قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ، كۈنلۈكچى بولۇپ قارا خىزمەت ئىشلەپ قورسىقىنى ئاران تويغۇزىدىكەن، تۇرار جايى مۇقىم بولماي، دائىم بىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەپ يۈرىدىكەن. ئاشخانا باشلىقى ئۇنىڭ تەمبۇر چېلىپ ناخشا ئېيتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ (مەمتىلى ئەپەندى ئەسلىدە تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا ھەم ئوبدان ناخشىچى بولۇپ، قەشقەردىن ئېلىپ ماڭغان تەمبۇرنى تاشلىماي تۈركىيىگىچە ئېلىپ بارغانىكەن. ئۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا ھېلىقى باشلىقنىڭ تەلىپى بىلەن ئاشۇ ئاشخانىدا تەمبۇر بىلەن ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان بوپتۇ، ئاشخانىنىڭ خېرىدارىمۇ كۆپىيىپتۇ، بارا-بارا تۈرك سازچى-ناخشىچىلىرى بىلەنمۇ دوست بوپتۇ، شۇنداق

قىلىپ، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى باشلىق بۇنى قانداقتۇر بىر ئەمەلدارغا تونۇشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئۇ ئەمەلدار مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ، ئۇ ئوقۇپ ياخشى بىلىم ئاپتۇ، كېيىن تۈرك گەنجىلەر (ياشلار) بىرلىكى دېگەن بىر تەشكىلاتقا قاتنىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ رول ئويناپتۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇ شۇ يەردىكى ياشلارنىڭ ئارىسىدا خېلى ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىركۈنى ئاشۇ ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قانداقتۇر بىر چوڭ مەجلىسى بوپتىمىش، مەجلىستە مەمتىلى ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىپتۇ، ئۇ ئالدىن تەييارلىنىپ قويىمىغاچقا دەماللىققا قىينىلىپ قاپتۇ، كېيىن سەھنىنىڭ تاشقىرىسىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى يازغان شېئىرگە ئاھاڭ ئىشلىگەن بىر ناخشىنى تەمبۇر بىلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ شېئىر مۇنداق ئىكەن:

بىز ئۇيغۇرنىڭ باللىرى، كۆڭلىمىز نۇرلۇق،
بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق ھايات يولىمىز ئۇلۇغ.

كۆپ زامانلار سەرسان بولدۇق زالىم قولىدا،
دەريا ـ دەريا قانلار تۆكتۇق ئەرك يولىدا.

بىزگە گويا دوزاخ بولدى ئۇ ئانا ماكان،
ئەسىر بولدۇق، تۇتقۇن بولدۇق ھالىمىز يامان.

كوپچىلىك ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىنى ناھايىتى چوڭ تەنتەنە بىلەن ئالقىشلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇر سازچى ـ ناخشىچى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ يۈرۈپتۇ. شىنجاڭدا خەلق قوزغىلىڭى بولغاندىن

كېيىن، ئۇ قايتىشنى تەلەپ قىلىپ، خېلى ھەرىكەت قىلغانىكەن، ئاشۇ ياشلار تەشكىلاتى ئۇنى بىرنەچچە ئادەم بىلەن شىنجاڭغا قايتۇرۇپتۇ.

شۇ ۋاقىت مېنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىگە يېڭىدىن كاتىپلىققا كىرگەن چاغلىرىم ئىدى.

مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى مېنى تېپىپ: "كاتىپلىقىڭىزنى تاشلاڭ، ئاتۇشقا بارىلى" دېدى. "نېمە ئىش قىلىمىز؟" دېسەم، "مەكتەپ ئاچىمىز" دېدى. ئەتىسىلا بىز ئاتۇشقا ماڭدۇق. ئىككىمىز بىر مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىققاندۇق، ئۇ يولدا ماڭا جىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ياش ۋاقتىدا شىنجاڭدا تارتقان دەردلىرى، ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن بېرىپ تاشكەنتتە ئوقۇيالماي تۈركىيىگە كەتكەنلىكى ۋە باشقىلار.... ئۇندىن كېيىن ئۇ ئاتۇشتا قانداق يول بىلەن مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدىغان پىلانىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى، مەن بەك روھلاندىم. ئۇ، ئاتۇشقا بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قوللايدىغان بىرقانچە مۆتىۋەرلەرنى تېپىپ ھەرىكەت باشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ ئىدراكلىق ياخشى دوستلاردىن بىر قىسىم ياشلارنىڭ تىزىمىنى تەييارلىشىمنى تاپشۇردى.

بىرەر ھەپتە دېگۈدەك ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى ئىلغار مۆتىۋەرلەر، ياش دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ پىلانى جىددىي ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلىش ئىدى. بىرى، قىسقا مۇددەتلىك مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىش؛ يەنە بىرى، ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىنىڭ ھەممىسىدە 24 مەكتەپ سېلىش؛ ئالتە ئاي ئىچىدە ھەممە تەييارلىقنى تۈگىتىپ، مەكتەپلەر-

نىڭ ئوقۇشىنى باشلاش. بۇ بەك مۇھىم، لېكىن جىددىي پىلان
ئىدى. بىز بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوللىغان بولساقمۇ، بۇ پىلاننى
مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجرا قىلىشقا كۆزىمىز يەتمەيتتى.
لېكىن، مەمتىلى ئەپەندى بىزنى بۇ پىلاننى ئىجرا قىلغىلى بولىدىغان-
لىقىقا ئىشەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قەتئىي بەل باغلىغان جاسارىتى،
ئىشەنچى، چاقماقتەك ھەرىكىتىگە قاراپ بىزمۇ ئەگەشتۇق.
مۇئەللىملەر مەكتەپنى دەرھاللا ئاستىنئاتۇش ئوكتەبىرىقىتىكى بىر
مەدرىسىدە ئېچىلدى. بىز بۇنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا مەمتىلى
ئەپەندى تەييارلىقنى قىلىپ بوپتىكەن. ئۇ بىرقانچە ئىلغار زىيالىيلار
ۋە بايلاردىن مەكتەپ ھەيئىتى قۇرۇپ تەييارلىق قىپتۇ. مەن
بىرنەچچە دوستلىرىمنى يىغىپ، يۇرت-يۇرتقا بېرىپ، ئوقۇغۇچى
تەييارلاشقا كىرىشتىم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى دېگەندە ئوقۇش
باشلىۋەتتۇق.

ھەممىمىز ياش تەلەپكارلار بولۇپ، 60 دەك بالا ئىدۇق.
ئاخشىمى ئاشۇ مەدرىسىدە ياتاتتۇق، تامىقىمىزدىن تارتىپ خىراجە-
تىمىزنىڭ ھەممىسى مەكتەپ ھەيئىتى بايلاردىن توپلىغان ئىئانە
بىلەن تەمىن قىلاتتى.

مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي
جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندى
ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ بىردىنبىر ئوقۇتقۇچىسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى
بولۇپ تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتەتتى.
دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆزى بېرىشتىن تاشقىرى، دەرس
تەييارلاش، باللارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، تۇرمۇش تەرتىپىنى
باشقۇرۇش، مەكتەپ ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش قاتارلىق

ئىشلارنىمۇ چېپىپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى. تېخى بۇلاردىن باشقا، ئەتىگەندە بىر سائەت، چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىر-ئىككى سائەت تەنھەرىكەت مەشغۇلاتى (مەش قىلىش)غا باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى تېخى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيتتى. كەچلىكى ئۈلگۈرسە تاماق يەپ، بولمىسا بىر ناننى قوينىغا سېلىپ ئات مىنىپ چىقىپ كېتەتتى. كېچىچە كەنتلەرگە بېرىپ ئۆزى تەشكىل قىلغان ئاتلار ھەيئىتى بىلەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى مۇزاكىرە قىلاتتى، پۇلدارلارنى يىغىپ ئىئانە توپلايتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر جاي تېپىپ ئۇخلىسا ئۇخلاپ، ئۇخلىمىسا كېچىلەپ يەنە قايتىپ كېلىپ بىزگە دەرس بېرەتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ ئادەمنىڭ باشقا كەنتلەردىن قايتىپ كېلىپ توپتوغرا دەرسخانىغا كىرگەندە، بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئايايتتۇق. لېكىن ئۇنىڭدا تەتۈرىچە، روھى ئۈستۈنلۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا ئاۋۋال بىزگە خۇشاللىق بىلەن كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۈمىدى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. بۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى ئاشۇ ئۈمىدۋار، جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى. بىز ئاز دەم ئېلىپ بولسىمۇ جىقراق ئوقۇشقا كۈچ چىقىراتتۇق.

بۇنىڭدىن مۇھىم ھەم جىددىي بىر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ نۇرغۇن جاپالىق كۈرەش-لەردىن كېيىن پىلان ئالتە ئايدا ئەمەس، ۋاقىتتىن ئىلگىرى بەش ئايدا ئەمەلگە ئاشتى. ئەمەلگە ئاشقاندىمۇ ئويلىمىغان دەرىجىدە

تولۇق ئەمەلگە ئاشتى. بىز مۇئەللىملەر كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، مەملى ئەپەندىنىڭ باشلىشىدا كەنت ـ كەنتلەرگە بېرىپ، يېڭىچە سېلىنغان مەكتەپلەردىكى سىنىپتا پاكىز، رەتلىك ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى تىزىم بىلەن تونۇشۇپ، دوسكا ئالدىدىكى بورنى قولىمىزغا ئېلىپ دەرس باشلاپ كەتتۇق. بۇ، ھەقىقەتەن كارامەت ئىش، ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدىكى ئىش بولغانىدى. ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ياقتىن 60 مۇئەللىم تەييارلاش، بىر ياقتىن 24 كەنتتە 24 مەكتەپ سېلىش، ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى پارتىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، دەرس ئاڭلاشقا تەييار قىلىش، راستتىنلا قالتىس ئىش ئىدى.

لېكىن ئاتۇشتىكى بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مەملى ئەپەندىنىڭ بۇ پىلانى ئاسانلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشقىنى يوق. ماددىي، تەشكىلىي جەھەتتىكى بىر قاتار قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش قىيىن بولمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپچىلىك خەلق، ئاتىلار، ئاتىلار ھەيئىتى، ئىلغار بايلار چوڭ ياردەم قىلدى. ئاساسىي قىيىنچىلىق ــ قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ، دىنىي خۇراپاتلىق بىلەن پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش بولدى. قالاق كۈچلەر، خۇراپاتـ چىلار بۇ ھەرىكەتكە تۈرلۈك يوللار بىلەن قولىدىن كەلگەنچە قارشىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، كۈرەش جىددىي بولدى.

مۇئەللىملەر كۇرسىنىڭ ئوقۇشى ۋە يېزىلاردا مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ روھانىلار ئاۋۋال ھەر خىل تەتۈر تەشۋىقات ۋە ئىغۋالارنى قىلىشقا باشلىدى. "كالتە قۇيرۇقلار، دەھرىلەر دىنىمىزغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى، بولشېۋىكلارنىڭ مەكتەپلىرىنى سالغىلى ۋە ئاچقىلى تۇردى، بۇلار ھەممىسى مۇناپىق، ئىمانسىز،

كالته قۇيـرۇق، ئۇزۇن چاچ، ساقىلى يوقلار، دىنسىمىزنى قوغـداي-
لى،..." دېگەنگە ئوخشىغان گەپلەر تارىلىپ تۇردى. مۇتەئەسسىپ
روھانىلارنىڭ نەزىرىدە بىز ئاشۇ ئوكتەبىردىقا توپلانغان ئوقۇغۇچىلار
گوياكى دىنغا قارشى گۇرۇھ، بولشېۋىكلارنى تەشۋىق قىلىدىغان
كالته قۇيرۇقلار، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق يامان ئادەملەر بولۇپ
قالدۇق. دېمىسىمۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزدا بىراقلا ئۆزگىرىش بولدى.
كالته چاپان كىيدۇق، بېلىمىزدە بەلباغ يوق، ساقال - بۇرۇت يوق
ئىدى. چاچ قويدۇق ۋە بېشىمىزغا غەيرىي رەسمىي شەپكە كىيىۋال-
دۇق، ئېيتىدىغىنىمىز يېڭىچە شېئىر، مېڭىشىمىز باشقىچە ئىدى.
قىياپىتىمىز، ھەرىكىتىمىز بىلەن ئادەتتىكى پۇقرادىن ئالاھىدە بولۇپ
ئايرىلىپلا قالدۇق، ئەمما، كۆپچىلىك خەلق بىزنى قوللايتتى، ياشلار
قوللايتتى، ئاتا - ئانىلار قوللايتتى. ئاما مۇتەئەسسىپلەر ئەزۋەيلەپ،
كۆرەش جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، يېزىلاردا سېلىنىۋاتقان
بىرمۇنچە مەكتەپلەر ئۇلارنىڭ تەھدىت سېلىشى بىلەن توختاپ
قالدى. بىزنىڭ ئوقۇشىمىزمۇ توختاش خەۋپىگە دۇچار بولۇپ
قالدى. ئاشكارا - يوشۇرۇن تىللاش، ئۇرۇش كۆپەيدى. مەمتىلى
ئەپەندىنىڭ ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدىغاندەكلا بولۇپ قالدى.
ئەمدى يۇقىرى رەھبەرلىكتىن ياردەم ئالمىغاندا، پۈتۈن ھەرىكىتىمىز
توختاپ قىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالدى.

شۇ ئەھۋالدا مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇت شىجاڭغا ئەھۋالدىن دوكلات
بېرىش ئۈچۈن، بىز ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىگە بېرىشنى
خەۋەر قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ:" كەلـمەي تۇرۇڭلار" دېگەن
جاۋابىغا قارىماي، ئوقۇشنى توختىتىپ قويۇپ بىر ھەپتە تەييارلىق
قىلدۇق. تەييارلىق: شېئىر - ناخشا ئۆگىنىش، مەشىكە. مېڭىشنى

ئۆگىنىش، يېڭى كىيىم تىككۈزۈش (ئوخشاش كىيىم)، شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئىككى كىشىلىك، بىر كۆرۈنۈشلۈك شىكايەتنامە تەييارلاش
بولدى. كۆڭۈللۈك مەشغۇلاتىمىز، سىنىپتا شېئىر ئۆگىنىش، تاشقىرىغا
چىقىپ مېڭىش - تۇرۇشنى مەشىق قىلىش بولدى. قىسقىسى، قاتنىلاڭ
ھەرىكەت بىلەن بىر جەڭگىۋار تەشۋىقاتچى ئەترەت تەييارلاندى.
بىر ھەپتىگە يەتمەي بۇ تەييارلىقىمىزمۇ پۈتۈپ، بىز شەھەرگە قاراپ
يولغا چىقتۇق. بىز يولغا چىققاندا يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك، ئەر -
ئايال يىغىلىپ ئۇزاتتى. كىشىلەردە بەك ھاياجانلىنىش كەيپىياتى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئەترىتىمىز راستتىنلا كىشىنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك روھلاندۇرغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. تۆتتىن بولۇپ
تىزىلغان ئۇزۇن ئەترەتنىڭ ئالدىدا بىر بالا مەشئەل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، "ئىزچىلار" دەپ خەت يېزىلغان قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈپ
ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى چوڭ، ئىككى كىچىك دۇمباق، ئىككى
سوناي، بىر نەيلىك سازچىلار مارش ئاھاڭىغا ئەتراپنى ياڭرىتىپ چېلىپ
ماڭدى. كىيىملىرىمىزمۇ ماش رەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن قايرىما ياقىلىق،
ئىككى يانچۇقلۇق كوڭلەك، بېلىمىزدە تاسما كەمەر، شالۋۇرمۇ شۇ
رەڭدە، بېشىمىزدىمۇ شۇ رەڭدىكى قۇلاقچا ئۈستىگە قايرىلغان، چېكىلدەكلىك شەپكە بار ئىدى. سول قولىمىزدا بىر دەپتەر - قېرىنداش.
ئوڭ قولىمىزدا ئىزچىلار كالتىكى دەپ ئاتالغان نوغۇچتەك چىرايلىق
ياسالغان كالتەك كۆتۈرگەنىدۇق. يەڭلىرىمىز شىمايدىكلەنگەن،
بېشىمىز ئېگىز كۆتۈرۈلگەن، مەيدىمىزنى كېرىپ، ھەربىيلەرچە
ھەيۋەت بىلەن شېئىر ئېيتىپ مارشقا ماڭىمىز. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭمۇ زوقىمىز كېلىدۇ. دىلىمىزدا ياش بالىلاردا بولىدىغان مەغرۇرلۇق
ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. تەڭ ئاۋاز بىلەن قەدىمىمىزگە كېلىشتۈرۈپ

مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيمىز:

بىز ئىزچىلارمىز قولىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.
ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.

قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يۇرتىمىز قانلىق شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللا،
ۋەتەن غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.
. . . . . . . . . . . .

شۇنداق قىلىپ مۇشۇ شەكىلدە كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ يۈرتىتىن چىقىپ، قۇمال تاغقا قاراپ كۆتۈرۈلدۇق. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزى بايراقتىن كېيىنرەك ئەترەتكە ياندىشىپ ماڭاتتى. مەن ئەترەتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق ياندىپ شېئىرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ھەم "بىر-ئىككى-ئۈچ" دەپ ئاياغلارنى تەڭشەپ ماڭدىم.

بىز چۆللەردە ئىختىيارىيراق، يۈرتقا كىرگەندە يەنە ھېلىقى ھەيۋەتىمىز بىلەن ماڭىمىز، شۇنداق قىلىپ، بەشكېرەم ئاۋاتتىن ئۆتۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى ئاپاق خوجامغا كېلىپ توختىدۇق. ئۇ يەردە ھېلىقى مەجىددىن ئەپەندى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىككى-ئۈچ كادىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىگە شەھەرگە كىرمەي مۇشۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە نەسىھەت قىپتۇ. بۇ مەھمۇت شىجاڭنىڭ پىكرى ئىمىش، نېمە ئۈچۈن قايتىشقا تەكلىپ بەرگەنلىكىنى مەن ئۇقمىدىم، لېكىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي شەھەرگە قاراپ ماڭدۇق. يەنە تونۇگۈنكىدەك تىزىلىپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن، تېخىمۇ ھەيۋەت بىلەن ماڭدۇق، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن شەھەردىن چىققان بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلەر بىزنى توختاتتى، بۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئاتتىن چۈشۈپ مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئالدىمىزغا تىزىلدى، بىر قىسمى ئىككى يېنىمىزغا قاتار تىزىلدى، ھېلىقى ئەمەلدار ئالدىمىزدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. بىزنىڭ توسقانىغا ئۇنىماي مېڭىۋەرگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇت شىجاڭ بۇلارنى بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقارغانىكەن. ئەمدى بىز مەھمۇت شىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە

ئىلگىرىلىدۇق. بىزنىڭ بېشىمىز ئاسمانغا يەتتى، ئەندىشىلىرىمىز تۈگىدى. ئاۋازلىرىمىزنىڭ پۈتكىنىگە قارىماي، توختىماي شېئىر ئوقۇپ، مەزمۇت دەسسەپ شەھەرگە كىردۇق. ئۇ كۈنى شەھەر ئىچى گويا بىر بايرام بولغاندەك تۈس ئېلىپ كەتتى. بىز تۆشۈك دەرۋازىسىدىن كىرىپ تا مەھمۇت شىجاڭ تۇرغان جايغا بارغۇچە يولنىڭ ئىككى چېتىدە تىقما-تىقماق ئادەم بىزگە قاراپ تۇرۇشتى. ئەمدى ئالدىمىزدا ھەربىي كاناي-دۇمباقچىلار ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ سۇناي-دۇمباقلىرىمىزنى بېسىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنى زىلزىلىگە سېلىپ يېڭى دەرۋازىغا بارغىنىمىزدا، مەھمۇت شىجاڭنىڭ سىلىگبۇسىدا دەرۋازا تېشىدىكى مەيداندىن تارتىپ تا ئىچكىرى ھويلىغىچە قاتار تىزىلغان مىلتىقلىق ئەسكەرلەر بىزنى قارشى ئالدى. خۇشلۇقىمىز بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كېيىن ھەربىي كاناي-دۇمباقچىلار دەرۋازا تۈۋىدە چەتكە چىقىپ توختىدى. بىز ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۈنىمىزنىڭ بارىچە ۋارقىراپ شېئىر ئېيتىپ، سىلىگبۇنى ياڭرىتىپ، ئىچكىرى ھويلىغا كىردۇق. بۇ يەردە مەھمۇت شىجاڭ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئەمەلدارلىرى بىلەن تۇرغانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدۇق. ئۇ بىزنى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. ھويلىنىڭ ئۆزىمۇ بىردەمدىلا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىدىرەك بىر ئۈستى يېپىق سۇپا بارىكەن، مەھمۇت شىجاڭ شۇ يەرگە چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ قىسقىچە سۆز قىلدى. ئۇ بەك ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، سۆزلىرى ئۇنچە رەتلىك بولمىسىمۇ قارشى ئېلىش روھى بەك قىزغىن ئىدى. ئۇنىڭ بىزنى قوللىغانلىقى بىزنى ناھايىتى خۇش

قىلىۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزدىكى قوللىنىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانىچە بىز ئۇنىڭ تولۇق قوللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ سۆزلەپ بولۇپ چۈشكەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى دوكلات تەرىقىسىدە قىسقىچە سۆزلىدى، ئۇ: "بىزنىڭ يوللىرىمىزنى جاھىللار توساقتا، بىزگە ياردەم كېرەك" دەپ، ئاخىردا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى شېئىرنى چوڭ ماھارەت بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئەي ئانا يار، كۆزلىرىڭدە ئۆمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.

ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىبداتلار ئۆتتى كۆپ،
جەڭ - چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.

ئەي ئانا يار، پاك - مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ - مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

جان تىكىپ چۈشتۇق كۈرەشكە ئىلىم - ئىرپان يولىدا،
ئاھ! لېكىن جاھىل گۇرۇھ بىزنى يوقاتماق كويىدا.

بەلنى باغلاپ توختىماستىن باسىمىز مەزمۇت قەدەم،
ئەمما بىزگە باشپاناھدىن بەكمۇ لازىم ياردەم.

مەمتىلى ئەپەندى دېكلاماتسىيىنى شۇنداق جانلىق ھەم ياخشى

ئېيتتىكى، پۈتۈن ھويلىدا ئولتۇرغانلارنى ھاياجانغا كەلتۈرۈۋەتتى. شۇ يەردە تۇرغانلار ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى. بەزىلەر كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى سۇپىدىن چۈشكەندە مەھمۇت شىجاڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئاندىن ئولتۇرغۇزدى. كىشىلەردە شۇنداق بىر خۇشاللىق كەيپىيات پەيدا بولدىكى، بۇ مەكتەپ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچىنى تىنتۇۋەتكۇسى كېلەتتى. كىشىلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە، بىزگە بولغان زوقى، سۆيۈنچى تېخىمۇ ئاشتى.

ئەمدى بىزنىڭ ئىككى كىشىلىك ئويۇنىمىز باشلاندى. بۇنى ئويۇن دېسىمۇ، بىر-بىرى بىلەن تالاشقان ئىككى كىشىلىك سۆھبەت دېسىمۇ بولاتتى. ھەرىكەتلىرىمىز، سۆز ئاھاڭلىرىمىز ئارتىسقا ئوخشايتتى. ئەگەر ئويۇن دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىشىم، ئەگەر نۇتۇق دېيىشكە توغرا كەلسە بۇ مېنىڭ مۇشۇنداق سەھنىدە بىرىنچى قېتىم سۆزلىشىم ئىدى.

مەھەممەت ھۇسەيىن دېگەن ساۋاقدىشىمىز سەھنىگە چىقىپ سۆز باشلىدى. ئۇ ئاتۇشتىكى مەكتەپ ھەرىكىتى، مۇئەللىملەر يېتىشتۇ-رۇش كۇرسىنىڭ ئۇتۇقلىرى، يۇرت-يۇرتتا مەكتەپلەر سېلىنىۋاتقان-لىقى ۋە يېڭى ئىلىم-ئىرپان يولىنىڭ ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا تەنتەنىلىك سۆزلەپ كېلىپ: "بىز ئاتلاندۇق، بىز قولىمىزغا قەلەم-كىتاب ئالدۇق، ئىلىم-مەرىپەت يولىغا قەدەم تاشلىدۇق. يولىمىز پارلاق..." دېگەندە مەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىن قوپۇپ: "توختا ساۋاقداش،" دەپ قولۇمنى كۆتۈردۈم، ھەممە ئادەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى.

مەن ھەربىيلەرچە قەدەم تاشلاپ، يەنە قولۇمدا قەلەم-دەپتەر ۋە ئىنچى كالتىسكى بىلەن سەھنىگە چىقتىم. چىقىپ مۇھەممەت

ھۆسەيىنگە: "سىزنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ياخشى، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭىزگە قوشۇلمايمەن" دېدىم. خەقلەر ھەيران قېلىپ ماڭا قاراشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇ ساۋاقداشنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ سۆز باشلىدىم:

— راست، بىز ئۇلۇغ قەدەم باشلىدۇق. ئىلىم ـ مەرىپەت، مائارىپ ئىشى ئۈچۈن باتۇر قەدەملەر تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا ـ ئانا، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ. بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان بۆرىدەك بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا، بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا، ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا. بىزنىڭ ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا، يولىمىز توسۇلۇپ قالغىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈشى مۇمكىن. بىز يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز، لېكىن بىزگە ياردەم كېرەك...

سۆزۈم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە: "قانداق نېمىلەر ئۇ سىلەرگە قارشىلىق قىلىدىغان؟" دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇردۇم:

— بىر قىسىم قازى ھاجىم، مۇپتى ئاخۇنۇم، بەگ ـ بايلار، يوغان قورساق ھارامتاماقلار، خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇش-تۇمزۇرلار. ئۇلار بىزنى دەھرى، كالتە قۇيرۇقلار، دىنىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ بىزگە بوھتان. بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق، بىز مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز پەيغەمبىرىـ مىزنىڭ "ھەممە ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق

پەرزدۇر" دېگەن سۆزنىتىنى ئادا قىلماقتىمىز. خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك. نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئالغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم كېرەك، ئوقۇش كېرەك، مەكتەپ كېرەك. بىز باشلىغان ئۇلۇغ يولىمىزدا توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدۇق، بىزگە ياردەم كېرەك، ئاتىمىز مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى، بىزگە ياردەم قىلىشىنى، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز!

ئولتۇرغان كۆپچىلىك بارغانچە جانلىنىشقا، بىر-بىرى بىلەن غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئاخىردا مەن مەتىلى ئەپەندىنىڭ بىزگە ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى شېئىرىنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدىم:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەيمىز،
ئارزۇمىز راۋاجلانسۇن مائارىپ.

جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلقىمغە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق-ئادالەت،
بولسا بەرباد خۇراپاتلىق، جاھالەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق ئىختىلاپ.

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.

## ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
## جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

مەھمۇت شىجاڭ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قارىتىپ: "ئۇ لومودىلارغا ھەرگىز يول بەرمەڭلار، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىزگە ئىككى مىلتىقلىق ئەسكەر بېرەي، ئەگەر يەنە قارشىلىق قىلىدىغانلار بولسا، باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار، مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مائارىپ ئىشىڭلارغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ" دېدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىرئاز تىترەپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چالدى. بىز ئوقۇغۇچىلار قولىمىزدىكى ئىنچى كالتەكلىرىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى يولدا كەلگەندە ئېيتىپ كەلگەن شېئىرىمىزنى قايتا باشلىۋەتتۇق. سىلىڭبۇنىڭ ھويلىسى قىزغىن كەيپىياتقا تولدى. مەمتىلى ئەپەندى غەلىبە قازاندى، بىز غەلىبە قازاندۇق، خۇشلۇقىمىزدىن كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقاتتى. ئىلگىرى "شەھەرگە كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ" دېگەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرى "كەلمەڭلار" دېگىنى بىزنى قارشى ئالمايدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئەرز سۇنۇش مۇمكىن ئىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى كېلىپ دوكلات قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇنداق ئۇتۇق قازىنىشقا بولمايتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىلانى ئوڭۇشلۇق چىقتى. ئۇ،

ئېغىز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەن 60 ئوقۇغۇچىنىڭ يېڭى قىياپىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئاغزى بىلەن ھەم ئۇتۇقىنى دوكلات قىلماقچى، ھەم توسقۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن ياردەم ئالماقچى بولغانىدى، نەتىجىسى ھەقىقەتەن بەك ئۇتۇقلۇق بولدى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەممىمىزگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ: "بىر-ئىككى كۈن دەم ئېلىڭلار، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئەمدى سىلەرگە ھېچكىم كاشىلا قىلالمايدۇ" دېدى. بىز يەنە چاۋاك چالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى دوكلات يىغىنىمىز تامام بولدى.

باشتا بىز ئىشىمىز توختاپ قالارمىكىن دەپ قورقۇشقانىدۇق، ئەمدى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتى بار، مەتىسلى ئەپەندىنى قوغدايدىغان ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەرمۇ بار، بۇ بۇيرۇق بىلەن ئەسكەر بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئاتۇشقا قايتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى يېنىدىكى ئازنا مەسچىت ھويلىسىدا ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزدۇق. يىغىنغا ئاتۇشنىڭ ھەممە كەنتلىرىدىن دېگۈدەك ئاخۇنلار، بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مەكتەپ ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئۇندىن باشقا، ئاددىي پۇقرالار قاتناشتى. بىز پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتناشتۇق. ئون مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشقان بۇ چوڭ يىغىن بەك سۈرلۈك ئېچىلدى. مەسچىتنىڭ پېشايۋىنىدا بىرمۇنچە يۇرت مۆتىۋەرلىرى تۇرۇشتى، پېشايۋاننىڭ ئالدىدا مەتىسلى ئەپەندى، مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كۈلگەن بىلەنمۇ مەجلىسنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىكى جىددىيلىك بىلىنىپ تۇراتتى. مەتىسلى ئەپەندى ئاۋۋال مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئوقۇپ ئاڭلاتتى، ئاندىن كېيىن ئۆزى

قىسقىچە سۆز قىلدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ خېتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

"ئاتۇشتىكى ئۆلىمايۇ ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىغا، جىمىكى پۇقرالارغا مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەندى باشلىق بولۇپ يېڭى مەكتەپ ئېچىش ھەرىكىتىنى باشلىغانلىقى كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئىش، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. نادانلىقتىن ئويغىنىش ۋاقتى كەلدى، دۇنيادىكى باشقا ئەللەر بىزدىن جىق ئېشىپ كەتتى. ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتمىساق بولمايدۇ. بۇ، بىز ئاتىلارنىڭ ۋەزىپىمىز. مۇنداق بىر ياخشى ئىشقا، ئاڭلىساق قارشىلىق بولۇۋېتىپتۇ، ھەتتا توسقۇنلۇق، تەھدىت سېلىش، مۇئەللىملەر مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تىللاپ-ھاقارەتلەشلەرمۇ يۈز بېرىپتۇ. بۇنداق ئىشلارغا يول قويغىلى بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇق بېرىلدى. كىمكى بۇ ئىشقا قارشىلىق ياكى توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا، مەيلى ئۇ قانداق چوڭ ئاخۇن بولسۇن، مەيلى ئۇ قانداق بەگ-باي بولسۇن، كىم بولسا بولسۇن ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. چوڭ-كىچىك پۈتۈن خالايىقمۇ مەمتىلى ئەپەندىمگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دەپ:

شىجاڭ مەھمۇت مۇھتى"

مەمتىلى ئەپەندى خەتنى ئوقۇغاندا، بەزى يۇرت كاتتىلىرىدا، قازى-ئەلەملەردە ھودۇقۇش، ھەتتا قورقۇش كەيپىياتى كۆرۈلگەندىن باشقا، كۆپچىلىك ناھايىتى زور خۇشاللىق بىلدۈردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلقمۇ مۇشۇنداق بىر چارىنى تەلەپ قىلىدىكەن. مەمتىلى ئەپەندى ئانچە ئۇزاق سۆزلىمىدى. ئۇ، مەھمۇت

شىجائىتىنىڭ بۈيۈك خىيتىنى ئىجرا قىلىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئاندىن كېيىن مەكتەپ، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشلاشنىڭ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. خەلقئارادا، قوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا، تۈركىيىدە، قېرىنداش ئۇلۇسلاردا ئىلىم-پەن، تېخنىكىنىڭ چوڭ راۋاجلانغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قارشىلىقلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ، قارشى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ئىنساپقا كېلىپ، توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزى ئېنىق ئېسىمدە: ”بىز ھەققانىي ئىش باشلىدۇق، قارشىلىقلاردىن قورقمايمىز، ئۆلسەكمۇ ئارقىغا يانمايمىز. مەن كۆپ ئەللەرنى ئايلىنىپ، مىللەت ئۈچۈن دەپ ئوقۇپ قايتىپ كەلدىم. يەنە مىللەت ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىپ، مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرىغا قەدەم قويدۇم. مەن قارشىلىقلار بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، ھەتتا بىرەر كۈنى ئاللا پۇللۇق بىر قوغۇشۇن ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە كېلىپ تېگىشى مۇمكىن. شۇنداق چاغدىمۇ مەن كەينىمگە يانمايمەن، مەن مىللەت ئۈچۈن ئوقۇدۇم، مىللەت دەپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتتىم، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. مەيلى قانچە يىل، ھەتتا قانچە ئاي، قانچە كۈن بولسىمۇ ئىشلەپ مىللەت ئۈچۈن قۇربان بولسام ئارمىنىم يوق...“ ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ سۆزلىدى، بېشىدىكى قىرغىزچە قالپىقىنى ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ، چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە ئۇنىڭ يۈز گۆشلىرى ۋە قىسقا بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتتى.

ئاندىن كېيىن بىرقانچە ئادەم سۆزگە چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە قازى-مۇپتى، بەگ-باي، مەخسۇم-قارىي، ئاتىلار ھەيئەت ئەزالى-

رىمۇ بار ئىدى. ھەممىسى مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىرقانچە "كالتە قۇيرۇقلار"، تاغ ئارقىسىغا بېرىپ قايتقان زىيالىيلار قارشى تۇرغۇچىلارغا دارىتىپ قاتتىق تەنقىد ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

بىز ئوقۇشىمىزنى داۋام قىلدۇردۇق. ئاز ئۇخلاپ، ئاز دەم ئېلىپ، چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇدۇق. غەيرىتىمىزگە غەيرەت، روھى-مىزغا روھ قوشۇلۇپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئىككى ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، كەنتلەر ئارا ئايلىنىشنى كۆچەيتتى. ئاتىلار ھەيئىتى مەكتەپ سېلىشنى چىڭ تۇتتى، ئۇلارغا ئەمدى پۇل توپلاشمۇ قىيىن بولمىدى، شۇنداق قىلىپ، 1934-يىلىنىڭ ئايىغىغا كەلگەندە ئالتە ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىز ئوقۇشىمىزنى تۈگەتتۇق، مەكتەپلەرمۇ پۈتتى، بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلدۇق. ئىمتىھان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۆلۈنۈشى، ئوقۇتۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدۇق. 1935-يىلى غېنۋارنىڭ باشلىرىدا مەكتەپلەرگە تاراپ خىزمەتنى باشلىدۇق. تارىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مۇنداق بولدى: ھەممىمىز مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھېلىقى قەشقەر شەھىرىگە بارغاندەك روھ بىلەن يولغا چىقتۇق، ئاۋۋال ئوكنىبىرىقتىن باشلاپ بىرلىكتە مېڭىپ، ھەربىر يېزا مەكتەپلىرىگە بەلگىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قالغانلىرىمىز يەنە داۋاملىق مېڭىپ كېتىمىز. ئوكنىبىرىقتىن ئۆتۈپ لەڭگەر، مەيى، ئىستاچىنى ئايلىنىپ، ئاخىرى ئاستىنئا تۇشنىڭ ئايىغىدىكى كېچىڭىز، ۋاق-ۋاقتا بارغاندا ئىشىمىز تۈگىدى. بۇنىڭغا ئۈچ-تۆت كۈن ۋاقىت كەتتى. بىزنىڭ بۇ ۋەزى-پىگە تارىلىپ يۈرۈشىمىزنىڭ ئۆزى چوڭ بىر تەنتەنىلىك مائارىپ

تەشۋىقات ھەرىكىتى بولىدى. يۇرتىلارغا كىرگەنىدە خەقلەر زور قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى. بىز قاتار تىزىلىپ شېئىرلار ئوقۇپ، ھەربىيلەرچە قەدەملەر بىلەن ئالغا باسىمىز. ئالدىمىزدىكى دۇمباق، سۇنايلار كىشلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئېيتىدىغان شېئىرىمىز مەتنلى ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، تېكىستى مۇنداق:

بىز مۇئەللىم، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم-ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۇندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.

مەنبەئە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

مەن تېجەن مەكتېپگە مۇدىر هەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم. يەنە تۆركۆللۈك ئابدۇلبارى ۋە يەنە ئابدۇرىشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىز ئاشۇنداق تىزىلىپ، شېئىر ئوقۇپ بارغاندا مەكتەپ ئالدىدا، كوچىلاردا نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. مەكتەپ ئەھمەت هاجىم دېگەن كىشىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى بىر كۆل بويىغا سېلىنغان بولۇپ، ئىككى سىنىپ، بىر مۇئەللىملەر ياتىقى، يەنە بىر ئاشخانىسى بار ئىدى. ئەھمەت هاجىم تېجەندىكى ئاتىلار هەيئىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. بىز قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ سىنىپقا كىرسەك، يورۇق، يېڭى ئۆيدە، رەتلىك پارتىلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار دەس تۇرۇپ، ئوڭ قوللىرىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ بىزنى قارشى ئالدى. تېخى ئوقۇش باشلىمىغان، مەكتەپمۇ كۆرمىگەن بالىلارنىڭ مۇنداق تەرتىپلىك بولۇشى بىزنى هەيران قالدۇردى. كېيىن ئاڭلىساق، مەمتىلى ئەپەندى بالىلارغا ئۆگىتىپ چىققانىكەن. هەر سىنىپقا بىردىن سىنىپ باشلىقى تەيىنلەپ، بالىلارنى تەرتىپكە سېلىپتىكەن. مەمتىلى ئەپەندى بىز ئۈچىمىزنى بالىلارغا تونۇشتۇرۇپ، ياخشى ئوقۇڭلار، دەپ چىقىپ كەتتى. مەن شۇ يەردىلا دەرسنى باشلىدىم، ئاۋۋال ئۈستەل ئۈستىدىكى دەپتەرگە تىزىملانغان بالىلارنى يوقلىما قىلدىم، ئاندىن كېيىن قارا تاختىغا "ئا. ب" دېگەن ئىككى هەرىپنى يېزىپ ئۆگىتىشكە باشلىدىم. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ مۇئەللىملىك هاياتىم باشلاندى.

مۇشۇ خىلدا پۈتۈن ئاستىن ئاتۇشتىكى هەممە كەنتلەردە يېڭى

مەكتەپ، يېڭى كەيپىيات، يېڭى روھ كۆتۈرۈلدى. خەلق ئىنتايىن خۇش بولدى. لېكىن، قارشىلارمۇ قارشىلىقىنى توختاتمىدى. ئەمدى ئۇلار يوشۇرۇن قارشىلىق قىلغىلى تۇردى. قوناقلىقتىن، ياكى تاغ ئارقىسىدىن تاش ئېتىش، مەكتەپ دېرىزىلىرىنى يوشۇرۇنچە چېقىۋېتىش، ئاتا-ئانىلارغا تەھدىت سېلىپ، بالىلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكۈزمەسلىك...كە ئوخشاش ھەرىكەتلەر ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. لېكىن ئۇلار توسالمىدى، خەلق بارغانچە بىزنى قوللاپ كەتتى. بولۇپمۇ مەھمۇت شىجاڭ بەرگەن ئىككى قوراللىق ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھوقۇقى ۋە ئابرويى ئۇلارنى بېسىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھامان يۇرت-يۇرتنى ئايلىنىپ تەشۋىقات قىلاتتى، ئاتىلار ھەيئىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىش ئىشلىرىنى توختاتمايتتى. مۇئەللىملەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى بىرقانچە يېزىلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى بىر مەكتەپكە يىغىپ، ئۆزى قوشۇمچە دەرس ئۆتەتتى. ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئۆگىتەتتى.

شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى يۇقىرىدا ئېيتقىنىدىمىزدەك يالغۇز ئاتۇشنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇھىم بىر ۋەقە بولغان، ئۇ كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتىغا ئۇل سېلىپ بەردى. مەمتىلى ئەپەندى پۈتۈن ھاياتىنى مەكتەپ ئىشلىرىغا، مىللەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانىدى. ئۇ قىسقا بىرمەزگىل ئىچىدە ئاستىنئاتۇشنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا، بولۇپمۇ تۈرلۈك قارشىلىقلار بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاشۇنداق چوڭ

ئۇتتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، ئارىدىن ئۈچ يىلچە ئۆتۈپ 1937 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇ جاللات شېڭ شىسەيىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلاندى. ئۆزى ئالدىن ئېيتقاندەك ئالتە پۇللۇق قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئەمەس، ياتقان تۈرمىسى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ياتقان تۈرمىنىڭ تاملىرىغا نۇرغۇن شېئىرلار يازغانىكەن، ئەپسۇسكى بۇ نەرسىلەر ھازىر قولىمىزدا يوق. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلگەندىمۇ ئايىنىچلىق ـ ئېچىنىشلىق ئۆلدى. بىراق ئۇنىڭ ئىككى ـ ئۈچ يىللىق ۋاقىت ئىچىدە تىرىشىپ، جاپالىق كۈرەش بىلەن مەيدانغا چىقارغان مەكتەپ تەرەققىياتى يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا، خەلققە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى.

# بەشىنچى باب
## سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش

1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ماڭا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش پۇرستى بولىدى. بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى چوڭ بىر ياخشى ئىش بولدى. مېنىڭ ئاشۇ مۇئەللىملىك قىلغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلگىرىكى ھەرىكەتلىرىم گۆدەكلىك، بىخۇدلۇق جەريانى بولغانىدى. ھەرىكەتنى پۈتۈنلەي ئاڭسىز دېگىلى بولمايدۇ. قورال ئېلىپ ئەسكەر بولۇش، جاننى ئايىماي جەڭ قىلىشتىكى مەقسەت، شۇ ۋاقىتتىكى ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىدىن كېيىنچۇ؟ بۇنىڭغا مەن كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيتتىم، ئوقۇتقۇچىلىق كۇرسىدا ئوقۇدۇم، مۇئەللىم بولىدۇم، كۆزۈم ئېچىلغانىدەك قىلىدى، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلى ئاڭلىق بولۇپ قالىدىم، دېسەم بولىدۇ. بۇ ئاڭلىقلىق "مەكتەپ بولمىسا، ئوقۇمىسا، ئىلىم پەننى بىلمىسە بولمايدىكەن، خەلق نادانـ لىقتىن ئازاد بولسىلا ئەزگۈچىلەرگە بوزەك بولمايدىكەن" دېگەن ئۇقۇمىدىن ئىبارەت. لېكىن خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۈپلۈك ئىنقىلاب قىلىش، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىمۇ ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتورلارنىمۇ يوقىتىش كېرەك ئىدى، ئاندىن خەلقنىڭ راست ماتارىپىنى، ھەقىقىي مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. بۇنداق ماركسىستىك قاراشتىن مېنىڭ تونۇشۇم تېخى

يىراق ئىدى. بەلكى، تەتۈرىچە، مەكتەپ، ئوقۇش، ئىلىملا ھەممە نەرسىنى ھەل قىلىدىغاندەك تونۇشتا ئىدىم. مىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشۇم ئاشۇ گۆدەكلەرچە ساددا چۈشەنچىلەردىن خالاس بولۇپ، ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرىگە بۇرۇلۇشۇمنىڭ باشلىنىشى بولدى.

مىنىڭ سوۋېتكە ئوقۇشقا بېرىشىمغا ھېلىقى بىزنىڭ سابىق تۇەنجاڭ ئەمەتقۇل ھاجى سەۋەب بولدى. ئۇ بىركۈنى مېنى ۋە ئۆزىنىڭ ئىنىسى (سىڭلىسىنىڭ ئوغلى) مۇھەممەت ھۇسەيىننى چاقىرىۋېلىپ: "سوۋېتكە بارامسىلەر؟" دەپ سورىدى. "نېمىشقا؟" دېسەك، "ئوقۇشقا" دېدى. مەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم. ئۇ "مەن مەھمۇت شىجاڭ بىلەن سۆزلىشەي، بېرىپ قېلىشىڭلار مۇمكىن" دېدى. بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ سىلىڭبۇسىدىن ئادەم كېلىپ بىزنى سىلىڭبۇغا چاقىرىپ ئاپاردى. ئۇ يەردە بىر ھەربىي ئەمەلدار بىزنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىشىمىزنى ۋە تەييارلىق قىلىشىمىزنى ئۇقتۇردى. ئاۋۋال بېرىشقا تەييارلانغانلار جەمئىي 16 بالا بولۇپ، ھەممىسى تۇرپانلىق، مەھمۇت شىجاڭنىڭ تۇغقان، يېقىنلىرى ئىكەن. ئەمەتقۇل ھاجى مەھمۇت شىجاڭغا مەسلىھەت بېرىپ، ھەممىسىگە تۇرپانلىق بولسا بولمايدىغانلىقىنى، قەشقەرلىق ئۇيغۇرلاردىن ھەم قىرغىزلاردىنمۇ قوشۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتىكەن. شۇندىن كېيىن مەھمۇت شىجاڭ قوشۇلۇپ، ئەمەتقۇل ھاجىنىڭ تەكلىپى بىلەن مېنى، مۇھەممەت ھۇسەيىننى، يەنە ئىككى قىرغىز بالىنى قوشقانىكەن. مەھمۇت شىجاڭ شىنجاڭدىن سوۋېتكە بارىدىغان 100 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە 16 ئوقۇغۇچىنى قەشقەردىن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ شىڭ شىسەيگە

تېلېگرامما بېرىپتىكەن، شىڭ شىسەي ئۇنىماپتۇ. مەھمۇت شىجاڭ قايتا ـ قايتا تېلېگرامما بېرىپ شىڭ شىسەي بىلەن ئېلىشىۋەرگەندىن كېيىن، ئاخىر ئۇ 12 بالىغا رۇخسەت قىپتۇ. 16 بالىدىن تۆتىنى (تۇرپانلىق بالىلاردىن)قىسقارتىپ، سەككىز تۇرپانلىق، ئىككى قەشقەرلىق، ئىككى قىرغىز قىلىپ بېكىتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئالدىراپ تەييارلىق قىلدۇق. بىزگە قانچە چاپسان ماڭساڭلار شۇنچە ياخشى، دەپ ئۇقتۇردى. ئاساسىي تەييارلىق پاسپورت تەييارلاش ئىكەن، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرى جايلىدى. ھەربىيدىن پاختىلىق چاپان، تېرە جۇۋا ـ قولاقچا تىكتۈرۈپ بەردى.

مېڭىشىنىڭ ئالدىدا مەھمۇت شىجاڭ بىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇ تۇرپانلىق بولمىغان تۆتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى، ئاندىن بىزگە قىسقىچە نەسىھەت قىلدى. سۆزىنىڭ يادىمدا قالغانلىرى مۇنداق: ”سىلەرنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىڭلار ئاسانغا چۈشمىدى، شىڭ شىسەي بىلەن قايتا ـ قايتا ئېلىشىپ يۈرۈپ تەستە ماقۇل قىلدىم. بېرىپ ياخشى ئوقۇڭلار، بولشېۋىكلارنىڭ مەپكۇرىسىنى قوبۇل قىلماڭلار، نامازنى تاشلىماڭلار. مەسچىت سېلىپ بەر دەڭلار، سىلىنى ناماز ئوقۇتمىسا ئۇرۇشۇڭلار، ماڭا تېلېگرامما بېرىڭلار...“. كېيىن ئۇ يەنە: ”ماۋۇ سەيپىدىن دېگەن بالا ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەن، ئۆزىمۇ مۇئەللىم ئىكەن، باشقىڭلار مۇشۇ بالىنىڭ ئاغزىغا قاراڭلار، بويسۇنامسىلەر، يوقمۇ؟“ دەپ سورىدى. ھەممىسى ”بويسۇنىمىز!“ دېيىشتى. مەھمۇت شىجاڭ ھەرقايسىمىزغا بىر تىللادىن ”يوللۇق“ بەردى. بىز خوشلىشىپ چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغچات تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.

12 ئوقۇغۇچى: سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مەقسۇتوۋ، ئۇبەيدۇللا رۇبەيدۇللايوۋ، ئىسمائىل ھېۋزۇللا، قەيۇم غوپۇر، ئابلىتىپ نىياز، مۇھەممەت ھۇسەيىن، ئابدۇقادىر توختاروۋ، تۇرغان، يەنە مەن ئىدىم.

ئەسلىدە بىز ماشىنا بىلەن ئەركەشتام چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ئايلانما يول بىلەن ماڭماقچى ئىدۇق. بىراق، ئۇ يەرگە چوڭ قار يېغىپ، يولنى توسۇۋاپتۇ. ئەمدى تېرەك داۋان بىلەن ئۇدۇل كېسىپ چېگ- رىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بۇنداق مېڭىش ئۈچۈن ياخشى ئاتلار كېرەك ئىدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېتتىن قايتقان "مەھمۇت شىجاڭ- نىڭ كارۋىنى" دېگەن ئاتلىق كارۋان يېتىپ كەلدى. بۇ مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ كارۋىنىمۇ، ياكى سىلىڭبۇسىنىڭ كارۋىنىمۇ، ئۇ ئېسىمدە يوق، ئاتلىرى تاللانغان، خېلى پۇختا كارۋان ئىكەن. ئۇلاردىن ئات سورىغاندۇق، بەرمىدى. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئابدۇقادىر ھەسەن بىلەن ئابلىمىت مەقسۇتوۋنى چىقىرىپ قويدۇق. ئۇلار جىق سۆزلىشىپمۇ ماقۇل قىلالمىدى. ئاخىرى "مەھمۇت شىجاڭغا ئېيتىپ قامىتىمىز"دەپ ھەيۋە قىلساقمۇ بولمىدى. ئاندىن بىز ئاتچىلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ (تۆت-بەش كىشى ئىكەن:) "ئۇنىمساڭلار سىلەرنى باغلاپ قويۇپ، ئېتىڭلارنى تارتىۋالىمىز،"دەپ قورقاتتۇق. ئابدۇقادىر ھەسەن ئۇلارغا قاتتىق تاقابىل تۇردى. ئاخىرى ئۇلار بىزگە تاللانغان 13 ئات ۋە بىر ئاتلىق باشلامچى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز تېرەكداۋاننى كۆزلەپ يولغا چىقتۇق.

بىزنىڭ تېرەكداۋاننى ئېشىپ، ئۆتكەن سەپىرىمىز ھەم قىيىن، ھەم قىزىقارلىق بىر سەپەر بولغانىدى. بۇ سەپەر توغرىسىدا مەن بۇ يەردە تەپسىلىي يازمىدىم. ئەگەر سىز بىلىشنى خالىسىڭىز «سۇتۇق

بۇغـراخان» رومانـىنىڭ 7 ـ قىسىم «ئۇلۇغ يـۈرۈش»نىڭ بىرىنـچى
بابىنى كۆرۈپ چىقىسـىڭىز بولـىدۇ. كۆرگەن بولـسىڭىز ئېسىڭىزگە
ئالالايسىز. بىز ئاشۇ روماندا ئېيتىلغاندەك يول بىلەن ۋە ئاشۇنداق
قىيىنچىلىقـلارنى يېڭىـپ بۇ داۋانـدىن ئېشىـپ ئۆتكەندۇق. داۋان
ئالدىدىكى قونالغۇ، دەھشەتلىك قار كۆچى، ئېگىز ھەم خەتەرلىك
يالـغۇز ئاياغ يول، مۇزلۇق تايـغاق داۋان، سەكـرەتمە تەكچىلىك
تاش داۋان، قارغا چـۆكـۈپ كەتـكەن ئادەمـنى ئـىزدەپ تېپىـش،
5000 مېتر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسـىغا چىقىـش، ئاندىن تاغنىڭ
تىك باغرىدا قار ئۈستىدىن سىيرىلىپ ئۇ ياققا چۈشۈش ــ مانا بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئاشۇ روماندا يېزىلغان سەپەرگە توپتوغرا ئوخشايدۇ.
سۈتۇق بۇغـراخان تېرەكـداۋانـنى ئېشىپـتىكەن، ئۇ نېمە ئۈچۈن
ئەركەشتامدىن ئايلىنىپ ماڭماي بۇ قىيىن داۋاننى ئاشقان بولغىيدى؟
ئۇ ۋاقىتتا ئەركەشـتام ئارقىلىق يول يوقمىـدى، ياكـى قار بېسـىپ
كەتكەنمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. ئىشقىلىپ، تېرەكداۋاندىن ئېشىپتىكەن،
ياكى ئاشقان بوپتىكەن. ئۇ ئۆتۈپ، مىـڭ يىلـدىن كېيىن بىزمۇ بۇ
يولنى ماڭدۇق. مۇنداق ئىشلار تارىختا جىق ئۇچرايدۇ. ئەجدادى
باسقان يولدىن، بوۋىسى باسقان يولدىن، دادىسى باسقان يولدىن
ئەۋلادى، ئوغلى، نەۋرىسى بېسىپ ئۆتۈش ــ بۇ تەبىئىي ئەھۋال.
ئاۋۋالقىلارنىڭ ئىزى بىلەن كېيىنكـىلەر مېڭىـش ھەر خىل بولىدۇ.
مۇنداق مېڭىشلاردا تاپتىن چىقىـپ كېتىـش، ھەتتا نىشاندىن ئېزىپ
كېتىشلەر بولىدۇ. ئەگەر يول ماڭـسىمۇ نىشانـنى يوقاتـماي ئاخىرى
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغانلارمۇ بولىدۇ، بەلكى ئەجداد-
لىرى كۆزلـىگەن نىشانـدىن ئۆتـۈپ، تېز سۈرئەت بىلەن يۇقىرى
پەللىگە چىقىدىـغان كېيىنـكىلەر بولىدۇ. بىز مىڭ يىل ئىلگىرىكى

بۇغرا يولىدىن ماڭدۇق. ماڭغان يولىمىز ئوخشاش، لېكىن ئوخشاشماسلىقلار جىق. بۇغراخان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خاقانى ئىدى، بىز بولساق ئۇنىڭ ئاددىي ئوقۇغۇچى ئەۋلادلىرى. ئۇ، ۋەتەننى قوغداش ۋە ئۇ ياقتىكى ئۇلۇسلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلغانىدى. بىز بولساق دۇنياغا نۇر چېچىپ قەد كۆتۈرگەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېرىنداش مىللەت ئۆزبېكلەر پايتەختى تاشكەنتكە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ بارىمىز. يول بىر، دەۋر باشقا، لېكىن ئومۇمىي تىلەك يەنە خەلق ئۈچۈن.

بىز 3-كۈنى كەچقۇرۇن داۋاندىن ئېشىپ، سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئىچىدىكى ”سوپى“ دېگەن بىر جايغا باردۇق. ئۇ يەردە بىزنى ھەربىيلەر ئۆتكۈزمەي خېلى خاپا قىلدى. ئاخىر پاسپورتلىرىمىزنى كۆرۈپ، بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بولكا بىلەن شورپا بەردى. يولدا بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن دەرھال ياتتۇق، بىراق، خېلى ۋاقىتقىچە ئېلېكتر چىرىغىغا قاراپ ھەيران بولۇپ پاراڭلىشىپ ياتتۇق. بۇ چىراغ بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى لامپىلارغا ئوخشىمايتتى. جىنچىراغلارغا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. بۇ بەك يورۇق ئىدى، ھەممە يەرنى يوپيورۇق قىلىۋېتىدىكەن، يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ تاپقىلى بولاتتى. ئەمدى ئۇخلايلى دېسەك، بۇ چىراغنى قانداق ئۆچۈرۈشنى بىلمىدۇق ئاڭغۇچە بىر ئادەم كېلىپ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تامدا تۇرغان بىر قارا نەرسىنى باسقانىدى، چىراغ ئۆچۈپ كەتتى. بىز ھەيران قېلىپ كۈلۈشتۇق. كېيىن ئۇخلاپ كەتتۇق.

بۇ ئەھۋال سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن، تېخنىكا تەرەققىي قىلغان زاماندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇغۇلۇپ كۆزىنى ئېچىپلا توك

چىرىغىنى كۆرگەن ئادەملەر ئۇچۇن بۇ راستىنلا غەلىتە گەپ لېكىن بىز بولساق بىرىنچى قېتىم مۇنداق يورۇق، سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان تىلسىم چىراغنى كۆرۈۋاتىمىز-دە! ماشىنا، تېخنىكىدىن گەپ قىلغاندا، بىزنىڭ بىرىنچى كۆرگىنىمىز ئاپتوموبىل ئىدى. ئىككىنچى كۆرگىنىمىز مۇشۇ چىراغ بولدى. بىزنىڭ ئۇ ياقتا ئۇقۇغان ۋاقىتلىرىمىزدا ھەربىر تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى كۆرگەندە بىر قېتىم پەيدا بولىدىغان ئاجايىپ ھېسسىياتلىرىمىز ۋە ئىشلىرىمىز ناھايىتى جىق. بۇ ئەسلىمىنى ئوقۇش جەريانىدا زېرىكىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، ئورنى كەلگەندە مۇنداق قىزىق گەپلەرنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

ئەتىسى بىزنى ئېگىز يۇك باسقان چوڭ ماشىنىلارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بىر-ئىككى سائەت تاغ ئارىسىدا ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمىزدا يەنە ئاسمان-پەلەك بىر تاغ كۆرۈندى. سەپىرىمىز مۇشۇ تاغنىڭ ئۈستى بىلەن داۋاملىشىدىكەن، بۇنى "ئالاينىڭ تېغى" دەيدىكەن، تېرەك داۋاندىن قۇتۇلدۇقمىكىن دېسەك، ئالاي داۋانغا كەپتىمىز. بىراق بۇ تاغ ئېگىز بولغان بىلەن يىلان باغرى ئايلانما يوللاردىن ماشىنا بىلەن چىقىدىكەنمىز. داۋاننىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن قارىساق، ئارقىمىزدىكى ھېلىقى تېرەك داۋان بۇنىڭدىن پەس كۆرۈنۈپ قالدى. داۋاندىن ئۇ ياققا چۈشۈشكە باشلىدۇق. يېپەك تارتىلغان چېتى كۆرۈنمەيدىغان توپتوز تاش يولدىن مېڭىپ تاغدىن ئەمدى چۈشتۇق دېگەندە يامغۇر يېغىپ كەتتى. قار ئارىلاش ياغقان يامغۇردا چىلىقلا ھۆل بولۇپ كەتتۇق. ئۈستىمىزدىكى تېرە جۇۋا، تېرە قۇلاقچىلار شىلىمدەكلا بولۇپ قالدى. دۈگدىيىپ، قىينىلىپ ئولتۇردۇق. قاراڭغۇ چۈشتى، خېلى ماڭغاندىن كېيىن يىراقتا توك چىراغلىرى يۇلتۇزدەك پىلىلداپ

كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، بىز داۋاملىق مېڭىپ بىر شەھەر ئىچىگە كىردۇق. بۇ، "ئوش" دېگەن شەھەر ئىكەن. بىزنى يوغان بىر مەكتەپكە ئوخشىغان ئىمارەتنىڭ ھويلىسىغا ئەكىلىپ تاشلىدى. كېيىن ئىككى ئادەم چىقىپ بىزنى بىر چوڭ زالغا باشلاپ ئەكىردى ۋە: "مۇشۇ يەردە ئۇخلاڭلار،" دېدى. خۇرجۇنلىرىمىزنى بېشىمىزغا قويۇپ ياتتۇق. تېخى ئانچە جىق ئۇخلىمىغانىكەنمىز، ئەمدى تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىكەن، بىر رۇس كىرىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. سۆزىنى چۈشەنمەيمىز، "ئىستاتىۋاي" دېگەن سۆزى قۇلىقى-مىزغا كىرەتتى. بۇ "قوپۇڭلار" دېگىنى ئىكەن. كېيىن بۇ رۇس بىز ياتقان يەرگە كېلىپ تېخىمۇ ۋارقىراپ كەتتى. بىزگە خاپا بولۇپ بىرنېمىلەرنى دەيدۇ، يا چۈشەنمەيمىز. ئۇ يېنىمىزدىكى قاتلاپ قويۇلغان تېرە جۇۋىلارنى پۇتى بىلەن تېپىپ تېخىمۇ ۋارقىرىدى. "شتاۋاي" دېگەن سۆزنىلا ئاڭلايمىز. كېيىن بۇ نېمە ئۈچۈن جۇۋى-لارنى تېپىپ ۋارقىرايدۇ دېسەك، ھېلىقى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن تېرە جۇۋىلار مەشنىڭ ئىسسىقىدا قاتتىق پۇراپ ئۆينىڭ ئىچى پۇراققا تولۇپ كېتىپتۇ. رۇسنىڭ شۇنىڭغا خاپا بولۇپ ۋارقى-رىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. ئۇ جۇۋىلارنى، خۇرجۇنلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، "ماڭ" دېگەن شەرەت بىلەن بىزنى باشلىدى، ئەپچىقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توختىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. بىز نېمە بولغانلىقىنى، نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرساق، بىر قىرغىز ئادەم كېلىپ بىزگە نېرىراقتا بىر ئۆيگە كىرىپ يۈزلىرىمىزنى يۇيۇپ، ئاندىن تاماق يەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. جۇۋا-خۇرجۇنلىرىمىزنى ھويلى-دىكى بىر كۆزەتچىگە قاراپ قويۇشنى تاپشۇردۇق. بىر يەردە يۈز-مىزنى يۇيۇپ، يەنە بىر يەرگە چىققاندا قولىمىزغا بىردىن چوڭ

كۈرۈشكا، بىردىن بېلەت تۇتقۇزۇپ قويدى. بېرىپ بىر يەردە قاتار تۇرغان ئادەملەرنىڭ كەينىدە تىزىلىپ تۇردۇق، كېيىن نۆۋەت كېلىپ، بىر تۆشۈكنىڭ ئالدىغا كەلسەك، ھېلىقى بېلەتنى ئېلىپ، بىر تەخسىدە بىر پارچە بولكا، تۆت دانە چاقماق قەنت، يەنە بىر تەخسىدە ياڭيۇ شورپىسى بەردى. ئۇنى ئېلىپ بىر بوش جوزىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ يەپ بولۇپ ئۇ يەردىن چىقتۇق، ھېلىقى كۈرۈش-كىنى بىزگە بېرىۋېتىپتىكەن. باشقىلارنى دوراپ، بىز ئۇنى بىلمىز-دىكى بەلبېغىمىزغا باغلىۋالدۇق. كېيىن بىزنى بىر مەكتەپ سىنىپىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزدى. بىز ھەيران قېلىپ ئولتۇردۇق. كېيىن بىر ئادەم يەنە بىر سۆلەتلىكرەك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قىرغىزچە: "بۇ سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار" دەپ تونۇشتۇردى. بىز ھەيران قالدۇق. مۇئەللىم ئىسىم-فامىلىلىرىمىزنى سوراپ تىزىمغا ئالغاندىن كېيىن ئىمتىھان ئېلىشقا باشلىدى. بىز تۇرۇپ بىزنىڭ بۇ يەردە ئوقۇمايدىغانلىقىمىزنى، تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇيدىغان جۇڭگو باللىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتۇق. بۇ سۆزىمىزنى چۈشەندۈرەلمەي، بىر قىرغىز بالىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران ئۇقتۇرساقمۇ ئۇلار بىزنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكە باشلىدى. "سىلەر مۇشۇ يەرگە ئوقۇشقا كەلگەن باللار، شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىسىلەر، چاتاق قىلماي ئولتۇرۇڭلار" دەپ بىزگە قايتا-قايتا چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلدى. ئاخىر بولماي بىز ھەممىمىز ئورنىمىزدىن قوپۇپ پاسپورت-لىرىمىزنى ئېلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدۇق: "بىز ئوقۇشقا كەلمىگەن، تاشكەنتكە كەلگەن، بىز جۇڭگولۇق" دېدۇق. كېيىن ئۇلار بىر باشلىقنى باشلاپ كىردى، ئۇ پاسپورتلىرىمىزنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئاندىن كېيىن بىزنى باشلاپ ئەپچىقىپ دەرۋازىدىن

چىقىرىۋەتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ يەردە شوپۇرلۇق كۇرسى ئېچىلىدىكەن، تاغلاردىن قىرغىز بالىلىرىنى ئەكېلىپ ئوقۇتىدىكەن. بىزنىمۇ شۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلگەن تاغلىقلار، دەپ ئاخشام تۈندە شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلاپتىكەن. بىر كېچىنى ئاشۇنداق ئاۋارىچىلىقتا ئۆتكۈزدۇق. زالدىن ھويلىغا، ھويلىدىن سىنىپقا كىرىپ، ئاندىن تالاغا قوغلاندۇق. بۇ قىزىق ئىش بولدى. بىر ياقتىن كۈلىمىز، بىر ياقتىن ئاچچىقىمىز كېلىدۇ.

ئەمدى بىز نەگە بارىمىز؟ ئۇنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز. شۇنداق بېشىمىز قېتىپ، خۇرجۇن-جۇۋىلىرىمىزنى تىزىپ قويۇپ يولنىڭ بويىدا ئولتۇرساق، بىر ئۆزبېك ئادەم كېلىپ قالدى. ئۇ ئادەمنى توسۇپ ئەھۋالىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ پاسپورتلىرىمىزنى كۆرۈپ ئەھۋالىمىزنى ئاڭلاپ بىزگە ئېچىندى. سىياقىدىن بىر كادىرغا ئوخشايدىكەن. "سىلەر قىينىلىپ قاپسىلەر، غەنجاندا سىلەرنىڭ كونسۇلخانا بار، شۇ يەرگە بېرىڭلار. ماۋۇ ياقتىن ماشىنا كېلىدۇ، ماشىنىنىڭ ئالدىنى توسساڭلار سىلەرنى ئاپىرىپ قويىدۇ" دېدى. بۇ ئادەمگە قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتىپ، ماشىنا كۈتۈپ ئولتۇردۇق، كېيىن كۆمۈر باسقان، يۈك باسقان، ياغاچ باسقان چوڭ ماشىنىلار غارقىراپ كەلگىلى تۇردى. بىز بېرىپ ئالدىنى توسۇيمىز. شوپۇرلار سىگنال بېرىپ ۋارقىراپ، خاپا بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاۋۋال ئىككىمىز توستۇق، بولمىدى. كېيىن بەش-ئالتىمىز توسدۇق، ئۇمۇ بولمىدى، ئاندىن بىر ماشىنا كەلگەندە ھەممىمىز يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ توسۇۋالدۇق، سىگنال بېرىۋەرسىمۇ ئۇنىمىدۇق. ماشىنىنىڭ شوپۇرى يوغان بىر رۇس ئىكەن، ئۇ چۈشۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، بىزنى ئىتتىرىپ-يىقىتىپ دېگەندەك يول ئاچتى-

دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خەق نېمە ئۈچۈن ماشىنىسىغا ئالمايدۇ بىزنى؟ دەپ بېشىمىز قېتىپ ئولتۇرساق، بىرۋاقىتتا ئاستىغا تۆت چاق بېكىتىلگەن، چىرايلىق بىر ئەينەكلىك ئۆي كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدۇق. يېنىمىزدىكى بىرسى: "بۇ رۇسلار يامان خەق ئىكەن، ئۆينىڭ ئاستىغىمۇ چاق بېكىتىۋاپتۇ" دېدى. ئۇنىڭ ئىچىدە لىققىدە ئادەم ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىمىزدىن ئۆتكەندە سۇر باسقاندەك بولۇپ قالدۇق. چوڭ ماشىنىنى توسايلى دېسەك توختىمايدۇ، قورساق ئاچقىلى تۇردى، ئەمدى قانداق قىلارمىز، دەپ تۇرساق، ھېلىقى ئۆزبېك ئادەم قايتىپ كېلىپ قالدى. "ۋاي نېمىشقا تېخى كەتمىدىڭلار؟" دەپ سورىدى. "بىزگە ماشىنىلارنى توس دېگەنىدىڭىز، توسساق ئۇنىمىدى، توختىمىدى" دېگەنىدۇق، ئۇ ئادەم ھەيران قالدى. ئاڭغىچە ھېلىقى ئەينەكلىك ئۆيدىن يەنە بىرسى كەلدى. "ئەنە ماشىنا كەلدى، چاپسان تەييار بولۇڭلار، مەن سەپ قوياي" دېدى ئۇ ئادەم. بىز بىر-بىرىمىزگە قاراپ ھەيران بولۇشتۇق. "ئاشۇ ئۆيگە بىزنى ئولتۇرغۇزامدۇ؟" دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ ئادەم كۈلۈپ: "بۇ ئۆي ئەمەس، بۇنى ئاپتوبۇس دەيدۇ، ئادەم توشۇيدىغان ماشىنا" دەپ چۈشەندۈردى. ئاندىن ئۇ بېرىپ ئاپتوبۇسنى توختىتىپ، بىزنى چىقارماقچى بولغانىدى، شوپۇر يۈكلىرىمىزگە قاراپ ئۇنىمىدى. خۇرجۇنىمىزغۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، يەنە ھېلىقى تېخىچە پۇراپ تۇرغان ھۆل تېرە جۇۋىلار ئۇنىڭغا باشقىچە كۆرۈندى بولغاي. ئاندىن ئۇ ئادەم بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ: "بىر ئادەم بىلەن نەرسىلىرىڭلىنى قالدۇرۇڭلار، مەن كېيىن ئوچۇق ماشىنا بىلەن يولغا سېلىپ قوياي" دېدى. بىز ئىچىمىزدىكى يۈرەكلىكرەك

ھەم چوڭراقمىز قادىر ھەسەننى نەرسىلەر بىلەن قالدۇرۇپ، مېڭىپ كەتتۇق. تۆت-بەش سائەت يول يۈرۈپ ئەنجانغا كەلدۇق، بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى كونسۇلخانا بىلىدىكەن، ئۇلار قارشى ئالدى. كونسۇلخانا ھويلىسىدىن بىزگە بىر ئۆي ئاجرىتىپ بەردى، كەچلىكى قادىر ھەسەن يېتىپ كەلدى. كەچكى تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كونسۇل سا رۇچىن دېگەن ئادەم (شۇي مۇتىڭنىڭ دادىسى؟) مەجلىسخانىسىدا بىزنى قوبۇل قىلدى. خېلى سىلىق ئوبدان ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ كېلىشىمىزنى بىلىدىغانلىقىنى، بۇ توغرۇلۇق ئۈرۈمچىدىن تېلېگراممىا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىزنىڭ يولدىكى قىينالغانلىقىمىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدىمىزغا ئادەم ئەۋەتمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن بىر-ئىككى كۈن ئەنجاندا دەم ئېلىشىمىزنى، كېيىن تاشكەنتكە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى دەم ئالدۇق، كونسۇلخانىنىڭ بىر كادىرى شەھەرنى ئايلاندۇردى. بۇ شەھەر بەك چوڭ، بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. تەكشى سېمونت كوچىلار، مال بىلەن تولغان ئەينەكلىك چوڭ دۇكانلار، قەۋەت-قەۋەت چوڭ ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. بۇ كوچىلاردا ھېلىقى ئاپتوبۇس دېگەن ماشىنىدىن باشقا قوڭغۇزدەك يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان كىچىك ماشىنىلارمۇ بار ئىكەن. بىر مەيدانغا كەلسەك يوغان بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلى تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ لېنىننىڭ ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ھەيكەل سول قولىدا چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جەنۇب تەرەپكە سوزۇپ تۇرىدىكەن. بىزنى باشلاپ چىققان يەنە بىر ئۇيغۇر ئادەم بار ئىدى، ئۇ كونسۇلخانىنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرىغا قارايدىغان

ئادىمى بولۇپ، "ئاقساقال" دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ئادەم ئاشۇ لېنىن ھەيكىلى توغرىسىدا بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى: بىر قەشقەرلىق ئەنجانغا كېلىپ، بىر ئۆزبېك بىلەن دوست بوپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ ئاشۇ مەيدانغا كەلگەندە، ھېلىقى قەشقەرلىق لېنىننىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ: "بۇ كىم" دەپ سوراپتۇ. بۇ پۈتۈن روسىيىنى، بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتلىرىمىزنى ئازاد قىلغان ئادەم" دەپتۇ ئۆزبېك. "بۇ ئادەم نېمىشقا قولىنى بىز تەرەپكە سوزۇپ تۇرىدۇ؟" دەپ سوراپسا، "ئاشۇ قەشقەرنى ئازاد قىلالماي قالدىم دېگىنى" دەپتۇ ئۆزبېك. كېيىن ئۆزبېك قەشقەرلىقتىن: "سىلەرنىڭ يۇرتىڭىزمۇ مۇشۇنداق چوڭ ھەيكەللەر بارمۇ؟" دەپ سوراپتىكەن، ئۇ: "بار" دەپتۇ. "ئۇ ھەيكەل قانداق تۇرىدۇ؟" دەپ سوراپسا، "قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، مۇشۇ تەرەپكە قاراپ تازىم قىلىپ تۇرىدۇ" دەپتۇ. "ئۇ نېمە قىلغىنى" دېسە، "كېلىپ بىزنىمۇ ئازاد قىلىۋەتسىلىكەن دېگىنى" دەپتۇ. بۇ ئاددىيغىنا ھېكايە خېلى چىق مەزمۇننى ئىپادە قىلاتتى. بىزمۇ "ئەتتەڭ، شۇ ئادەم بېرىپ بىزنىڭ يۇرتلارنىمۇ ئازاد قىلىۋەتمەپتىكەن ـ دە!" دېيىشتۇق. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگىنىگە 11 يىل بولغان ئىكەن. بىز "لېنىن" دېگەن نامنى بۇرۇن خېلى ئاڭلىغان، ئەمدى ئۇنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈش بىلەن بىزدە لېنىنغا مۇھەببەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىز شەھەرنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلدۇق.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن پويىزغا ئولتۇرۇپ تاشكەنتكە ماڭماقچى بولدۇق. ۋوگزالغا كېلىپ ئازراق كۈتكەندىن كېيىن، قاتتىق ۋارقىراپ، تۈتۈن پۇرقىرىتىپ تاراقلىغان ئاۋازى بىلەن يەرنى تىترىتىپ بىرنېمە چىقىپ كەلدى. ئۇ ۋارقىراپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىغاندا، ھەيۋىتىدىن تىترەپ كەتتۇق. ئەگەر ئەتراپىمىزدا باشقا

ئادەملەر بولمىغاندا، قېچىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ راستىنلا ھەيۋەتلىك نەرسە ئىكەن. بايىقى ئاستىغا چاق بېكىتكەن "ئۆي" بۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدىكەن. ئەمدى "پويىز"نىمۇ كۆردۇق. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق ئىدى، ئەلۋەتتە. ئارقىسى كۆرۈنمەيدىغان ئۇزۇن ئەينەكلىك ئۆيلەر چېتىلغان بۇ كارامەت نەرسىنى بىزنى ئۇزاتقىلى چىققانلار چۈشەندۈرگىلى باشلىدى. ئۇلار بىزگە پويىزنىڭ ئىچىدە ئوغرى بولىدىغانلىقىنى، دىققەت قىلمىساق نەرسىلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئۇلار ئوغرىنى بەك دەھشەتلىك قىلىپ چۈشەندۈردى: "پۇلۇڭنى تۇيدۇرماي ئالىدۇ. تۇيۇپ قېلىپ قارشىلىق قىلساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر ئاياغ كىيىملەرنىڭ ئىچىدە يوشۇرغان پۇلۇڭ بولسا پالتا بىلەن پۇتۇڭنى چاناپلا ئېلىپ كېتىدۇ، سائەت تاقىغان قولۇڭنى دېرىزىدىن چىقارما. قولۇڭنى سائەت بىلەنلا كېسىۋالىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش قورقۇنچلۇق گەپلەر قايتا-قايتا تەكرارلاندى. ئاخىردا ھېلىقى "ئاقساقال": "ئوغرى كېلىدىغان بولسا ھەممىڭلار ئۆملىشىپ قارشى تۇرۇڭلار. 'زاگىرانىچنى چالىۋېتىك' دەڭلار" دېدى. بۇ، "بىز چەت ئەل كىشىلىرى دەڭلار" دېگىنى ئىكەن. ئۇلار ئاخىر بىزنى پويىزغا چىقىرىپ، ۋاگوننىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى قات قىلىپ قويۇلغان 12 ياتاق كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

پويىز تاراقلاپ كېتىپ باردى، بىز ھەم خۇشال، ھەم ھەيران. لېكىن، ئوغرىدىن قورقۇپ يۈرىكىمىز گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە خۇرجۇن-جۇۋىلىرىمىزنى قويۇۋېلىپ بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ مىدىرلىماي ئولتۇردۇق، ئابدۇقادىر ھەسەن بىزگە بىز تۇرغان مۇشۇ يەرنىڭ ئۆينىڭ ئاخىرى ئىكەنلىكىنى،

ئادەم كىرگۈزمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ئاستىنقى ئۈچ كارد-
ۋاتتا ئالتەيلەن ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىمىز بىلەن ماڭىدىغان يەرنى
توسىۋالدۇق. كېيىن ئادەملەر كېلىپ بىز تەرەپكە ئۆتمەكچى
بولدى. ئۇلارنى بىز ماڭغۇزمىدۇق. ئۇلار قايتىپ كېتىپ يەنە
بىرنەچچەيلەن قوشۇلۇپ كەلدى. بىز پۇتىمىزنى تارتمىدۇق، ئۇلار
رۇسچىلاپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىدى. بىز ھېلىقى "ئاقساقال"
ئۆگىتىپ قويغان "زاگىرانىچنى چالۋېك" دېگەن سۆزنىلا
تەكرارلاۋەردۇق ۋە ئەمدى ئۇلار ئۇرۇنىدىغان بولسا ھۇجۇم قىلىشقا
تەييار تۇردۇق. ئادەملەر كۆپىيىپ، جېدەلگە ئايلىنىشقا ئاز قالدى.
بىرۋاقتىتا يېرىم ھەربىيچە كىيىنگەن بىر ئادەم كېلىپ بىزگە ھۇرمەت
بىلەن چاس بېرىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ ھۇرمەت قىلغىنىغا
قاراپ بىرئاز بوشاشقىمىز بار. يەنە ئۇنى يېرىم ھەربىيچە ياسانغان
ئوغرى بولمىغىيدى دېگەن ئەندىشىمىزمۇ بار. شۇڭا ئۇنىمۇ ئۆتكۈزمى-
دۇق. "زاگىرانىچنى چالۋېك" دەپلا تۇرىۋەردۇق. ئۇ كېتىپ
بىرئازدىن كېيىن، ئۆزىگە ئوخشاش كىيىنگەن بىر ئادەمنى باشلاپ
كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئۆزبېكچە سۆزلەپ بىزدىن ئەھۋال سورىدى. بىز
ئۇنىڭغا بۇلار بىز تۇرغان مۇشۇ يەرگە بېسىپ كىرمەكچى، بىز
كىرگۈزمەيمىز. بىز قەشقەردىن كەلگەن "زاگىرانىچنى چالۋېك"
دەپ تۇرۇۋالدۇق. كېيىن ئۇ ئادەم بىزگە چۈشەندۈردى. بۇ
بىزنىڭ ئۆيىمىز ئەمەسكەن، مۇشۇ ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول
بىلەن كىشىلەر مېڭىپ نېرىقى ۋاگونلارغا ئۆتۈپ تۇرىدىكەن. بىز
بۇنداق قىلساق، پويىز تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدىكەنمىز.
ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خىجالەت بولدۇق، ھەممىمىز قادىر
ھەسەنگە ئالايدۇق ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن پۇتىمىزنى

تارتىپ يول بەردۇق. شۇنداقتىمۇ ئوغرىغا دىققەت قىلىش كېرەك دەپ ئويلاشتۇق. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ئەندىشىلەرمۇ كۆچەيدى، تۆتتىن-تۆتتىن بولۇپ، ئىككى سائەتتە بىر ئالمىشىپ نۆۋەتتە تۇردۇق.

شۇنداق قىلىپ، يېرىم ئۇخلاپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا تاشكەنتكە كەپتىمىز. پويىز توختىدى، نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ پەسكە چۈشتۇق. ئەمدى نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيتتۇق. كېيىن پويىزدىكىدەك ساقچى كىيىمى كىيگەن بىر ئۆزبېكنى تېپىپ، ئۇنىڭغا: "بىز جۇڭگو كونسۇلخانىسىغا بارىمىز" دەپ ئېيتقانىدۇق، ئۇ بىزنى باشلاپ چىقىپ ۋوگزالنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر پوچتا ھارۋىنى كۆرسىتىپ، بىزنى ھارۋىكەشكە تونۇشتۇردى. ھارۋىكەش رۇس ئىكەن. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ، بىزنى كونسۇلخانىغا ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھارۋىغا يۈكلىرىمىزنى باستۇق، ئەمدى يەنە ئەندىشە تۇغۇلدى: "بۇ ھارۋىكەش ھارۋىنى ھەيدەپلا ئەپقېچىپ كەتسە قانداق قىلارمىز؟" مەسلىھەتلىشىپ بۇنىڭغىمۇ چارە تاپتۇق: ئىككىمىز بىرىپ ئاتنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تىزگىننى چىڭ تۇتۇپ ماڭدۇق، بىرىمىز ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق، قالغانلار ھارۋىنى ئوراپ، مۇشۇ خىلدا "ئوغرى"بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان ھارۋىكەشنى مۇھاسىرە قىلىپ ماڭدۇق. ۋوگزالدىن كونسۇلخانىغىچە بولغان ئارىلىق خېلى بار ئىكەن، ياخشى، ھارۋىكەش تىنچ-ئامان بىزنى ئۇ يەرگە يەتكۈزۈپ كەلدى. يۈكلىرىمىزنى دەرۋازا تۈۋىگە چۈشۈرۈۋېلىپ، ھارۋىكەشكە پۇل بېرىپ، كونسۇلخانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇردۇق. خېلى ساقلىساقمۇ ھېچكىم چىقمىدى، تېخى تاڭ ئاتمىغان، ئادەملەر قوپمىغان ۋاقىت بولغاچقا، دەرۋازىنى

قېقىشۋەردۇق. كېيىن بىرسى دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن: "سەن كىم؟" دەپ خەنزۇچە ۋارقىرىدى. ئارىمىزدىكى ئاز-تولا خەنزۇچە بىلىدىغانلاردىن بىرسى: "بىز قەشقەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچى" دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما يەنە ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن خاپا بولۇپ تەلۋىلىكىمىز تۇتتى-دە، ئۈچ تۆتتىن بىرلىشىپ ۋارقىراپ، دەرۋازىنى ئۇرۇشۋەردۇق. دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى چىقتىيۇ، لېكىن ئاچمىدى. ئاچچىقىمىز بارغانچە ئەۋجىگە چىقىپ: "ئۆزىمىزنىڭ كونسۇلخانىمىز تۇرسا، بىز شۇنچە قىينىلىپ كەلگەن تۇرساق، يەنە بىزگە دەرۋازا ئېچىپ بەرمەسەن؟" دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىشىپ ئۇرىۋەردۇق. قادىر ھەسەن: "يەنە ئاچمىسا دەرۋازىنى چېقىش كېرەك" دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭغۇچە دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇرچە: "سىلەر نېمە ئادەملەر؟" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىز كىملىكىمىزنى ئېيتقاندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى يان ئىشىكتىن بىر ئادەم چىقىپ، "بىزنى قوپاللىق قىلدىڭلار" دەپ تەنقىد قىلغىلى، بۇ قەشقەر ئەمەس، مەدەنىيەتلىك شەھەر، دەپ بىرنېمىلەرنى دېگىلى تۇرغانىدى، بىز مۇشۇنداق قىينچىلىقتا كەلسەك، ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەي مۇشۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟ دەپ قائىدە سۆزلىدۇق. باشقىلارمۇ جاۋىلداپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئۇ بىچارە قورقۇپ ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىغانىدى، بىرنەچچە ئادەم چىقتى، بىزنى ھويلىغا كىرگۈزۈپ بىر چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغۇزدى. "خاپا بولماڭلار، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — مېنىڭ ئېتىم مەممەتجان. مۇشۇ كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتچىسى. سىلەر دەرۋازىنى يامان قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن، بىز باشقا ئادەممىكىن دەپ قورقۇپ قاپتىمىز. دەم ئېلىڭلار، بىرئاز ئۇخلىۋېلىڭلار!" دەپ چىقىپ كەتتى.

شۇ يەردىلا خۇرجۇنلىرىمىزنى بېشىمىزغا قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپتىمىز.
بىرۋاقىتتا يەنە ھېلىقى مەممەتجان كىرىپ: "كونسۇل سىلەر بىلەن
كۆرۈشمەكچى" دېدى. ئارقىسىدىن بەستىلىك، يوغان بىر ئادەم
كىرىپ كەلدى. مەممەتجان مانا بۇ كىشى كونسۇل گەن ۋۇلۇ
بولىدۇ" دەپ تونۇشتۇردى. بۇ ئادەم شىبە ئىكەن، ئەنجانىدىكى
كونسۇلمۇ شىبە ئىكەن. ھەممىمىز ئورنىمىزدىن قوپۇپ تۇرغانىدۇق.
ئۇ كېلىپ بىر-بىردىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. چالىراق ئۇيغۇرچىمۇ
سۆزلەيدىكەن، بىزنىڭ توغرىمىزدا ئۇرۇمچىدىن تېلېگرامما ئالغانلى-
قىنى، لېكىن، بىزنىڭ بۈگۈن كېلىشىمىز تۇيۇقسىز بولۇپ قالغانلىق-
تىن دەرۋازىدا بىرئاز كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزدىن
ئۆزرە سورىدى. ئەنجانىدىكى سا رۇچىنىمۇ يۇمشاق ئادەم ئىكەن، بۇ
ئادەممۇ خېلى سىلىق سۆزلىدى. گەن ۋۇلۇ: "تاماق يەپ دەم ئېلىڭلار،
سىلەر ئوقۇيدىغان مەكتەپكە خەۋەر قىلدۇق، ئادەم كېلىدۇ" دېدى.
ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، ئۆزىمىزنىڭ
مەدەنىيەتسىزلىكى، قوپاللىقى توغرىسىدا سۆزلىشىپ يولدا كەلگۈچە
بولغان ئەھۋاللارنى، بۈگۈن سەھەردىكى ئىشنى ئەسكە ئالدۇق.
بولۇپمۇ تۈنۈگۈن ئاخشام پويىزدىكى دۆتلۈكىمىز، قوپاللىقىمىزنى
ئەسلەپ خېلى ئىزا تارتىشتۇق. ئەمدى بۇ ياقلارغا كۆنۈپ، مەدە-
نىيەتلىك بولۇش كېرەكلىكىنى دېيىشتۇق. ئەپت-بەشىرىمىز ناچار،
ئۈچىمىزدا ھېلىقى ماتا پاختىلىق چاپان، پۇتىمىزدا سېرىق كۆن
ئۆتۈك، تېرە قۇلاقچا، كۆتۈرۈۋالغىنىمىز بىر چوڭ خۇرجۇن ھەم
ھېلىقى سېسىق جۇۋا تۇرسا، بۇ تۇرقىمىزدا قانداق مەكتەپكە
بارارمىز دەپ ئەندىشە قىلدۇق، قارىساق، بۇ يەردە دېرىزىدىن
ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ساقال-بۇرۇتى بار ئادەم كۆرۈنمەيدۇ،

ھەممىسى كاستيۇم كىيگەن، گالستۇك تاقىغان، بىز، بىزگە سەت بولىدىغان ئوخشايدۇ، ساقال-بۇرۇتىمىزنى چۈشۈرۈۋالايلى، دېيىش-تۇق، بەزىلىرىمىزنىڭ ساقال-بۇرۇتى چىققان ياش باللار ئىدۇق، گاھىلىرىمىزنىڭ ساقال-بۇرۇتى يېڭى چىققان. مېنىڭ ئاددىيلا بىر مىللىي ئۇستىرام بولىدىغان، بۇرۇن ئەسكەر بولغان ۋاقتىمدا ئۆگىنىپ قويغان ساتىراشلىق ئەسقاتتى. بىرقانچىسىنىڭ ساقال-بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ قويدۇم. ئارىمىزدا يېشى چوڭراق، ساقىلىمۇ جىقراق ئۇبەيدۇللاغا كەلگەندە، ئۇ ساقىلىنى ئېلىشقا زادى كۆنمىدى. قانچە نەسىھەت قىلساقمۇ ئۇنىماي: "مەن ساقىلىمنى چۈشۈرتمەيمەن، نامىزىمنى تاشلىمايمەن. سەنلەر نېمە قىلىشساڭ قىلىش" دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن بىز ئۇنى بېسىپ تۇرۇپ مەجبۇرى ساقىلىنى چۈشۈرمەكچى بولدۇق. ئۇبەيدۇللا ئىلاجى يوق رازى بولدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرۈپ يېرىمىغا كەلگەندە ھېلىقى مەممەتجان كىرىپ "سىلەر ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن سىلەرنى ئالغىلى ئادەم كەپتۇ، مانا كىرىۋاتىدۇ" دېدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن مەن بىر ياغلىق بىلەن ئۇبەيدۇللانىڭ ساقىلىنى قوشۇپ بېشىنى تېڭىپ باغلىدىم. ئۇبەيدۇللا مېنى تىللاپ تۇردى. بىرئازدىن كېيىن يانتاياق تۇتقان، بىر ئايىغى توكۇر بىر ئادەم ئاقساپ كىرىپ كەلدى. ئۇ چالىراق ئۆزبېكچە بىلىدىغان رۇس بولۇپ، فامىلىسى مېشكوۋ ۋە بىز ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ تەرتىپ مۇدىرى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ ئۇبەيدۇللاغا قاراپ نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. مەن: "چىشى ئاغرىپ قالغان" دېدىم. ئۇ ئادەم: "دوختۇرغا كۆرسىتىش كېرەك. ئاۋۋال مۇنچىغا بارىمىز، يۈرۈڭلار!" دەپ بىزنى

باشلاپ ئەپچىقتى. ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ بىر مۇنچىغا باردۇق. ئۇبەيدۇللا تېخىچە تىللاپ تۇراتتى. ساقالنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇنچىغا بېرىپ ئىشىكتىن شۇنداقلا كىرسەك، ئوڭ تەرەپتە ساتىراشخانا بار ئىكەن، ئۇ يەردە بىرنەچچە ئادەم چاچ ئالدۇرۇۋېتىپتۇ. مەن ئۇبەيدۇللانى ئېلىپ غاچىلا قىلىپ ساتىراشخانىغا كىرىپ كەتتىم. ساتىراشلار ئۇبەيدۇللانى كۆرۈپ كۈلۈشتى، ئەمدى ساقىلىنى ئېلىۋاتقاندا مېشكوۋ بىزنى ئىزدەپ كىرىپتۇ. ئۇ چۈشۈرۈلۈۋاتقان ساقالىغا بىر، ماڭا بىر قاراپ كۈلۈپ قويدى. شۇ يەردىن مۇنچىغا كىردۇق. بىر چوڭ ئۆيگە ئەكىرىپ بىزگە كىيىملىرىمىزنى سېلىپ، ئايرىم-ئايرىم بىر يەرگە قويۇپ، ئىچكىرىگە كىرىپ يۇيۇنۇشىمىزنى ئېيتتى. بىر چوڭ ئومۇمىي مۇنچا ئىكەن. يۇيۇنۇپ چىقساق، كىيىملىرىدمىز يوق. بۇ نېمە ئىش دەپ چۆچۈپ كەتتۇق. ئاڭغۇچە مېشكوۋ كىيىم كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كىردى-دە، ئىسىملىرىمىزنى ئاتاپ تۇرۇپ، كىيىم تارقىتىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. كىيىملەر بەك ئېسىل ئىكەن، قارا كۆك كاستۇم-شالۋۇر، كۆڭلەك، مايكا-ئىشتان، گالستۇك، قارا بەتىنكە، پايپاق، ھەممىسى بار. خۇشال ئولتۇرۇپ كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق. كىيىمنىڭ باشقىلىرىنى كېيىشتە مەسىلە چىقمىدى، ئىككى نەرسىگە كەلگەندە چاتاق چىقتى. بىرسى پايپاق، بىرسى گالستۇك. پايپاق ئۇزۇنراق ئىكەن، بەتىنكىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئىلگىكى بار رېزىنكە تۇرۇپتۇ. بۇنى ئىلسەك، پۇتىنىڭ پەلىقىدە تۇرماي چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ نېمە بولىدى، دەپ ھەممىمىز مېڭە ئىشلەتكىلى تۇردۇق، ئاڭغۇچە بىرسى، ماۋۇ رېزىنكىدە ساڭگىلاپ تۇرغان بىرنېمە تۇرىدۇ، دېدى. قارىساق رېزىنكىنى پايپاقنىڭ ئۈستىگە باغلاپ، رېزىنكىنىڭ ئۇچىنى پايپاققا ئىلىپ قويىدىغان

نەرسكەن، بۇنى ھەل قىلدۇق. ئەمدى گالستۇكقا كەلدى. ئۇنداق قىلدۇق، بۇنداق قىلدۇق، زادى باغلىيالمىدۇق. تۇرپان، ئاتۇشنىڭ يېزىلىرىدا، ئۇلۇغچاتنىڭ تاغلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللار بۇنى تاقاشنى نەدىن بىلسۇن؟ ئاخىر مەن بۇ نېمىنى قاتلاپ يانچۇقىمىزغا سالسىلى، كېيىن بىرگەپ بولار، دېدىم. شۇ چاغدا مېشكوۋ كىرىپ گالستۇك تاقىمىغانلىقىمىزغا قاراپ تۇرۇپ قالدى-دە: "ھە، مەيلى، كېيىن تاقارسىلەر، يۇرۇڭلار!" دېدى. ئۇ يامان زېرەك رۇس ئىكەن، ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئوخشايدۇ. بىز كونا كىيىملىرىمىزنى سورىدۇق، ئۇ: "كىيىمىڭلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ئامبارغا ئېلىپ كەتتى." دېدى. گاھىلار كىيىملىرىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. قاراڭ بۇ قىزىق گەپنى؟ ياۋروپاچە چىرايلىق، ياخشى كىيىم بىلەن كىيىندۈرۈپ قويسا، يەنە ماتا پەشمەت بىلەن تېرە جۇۋىسىنى ئىزدەيمىز. بۇ مۇلۇكچىلىكنىڭ تەسىرىمۇ، ياكى ئاشۇ كۆنگەن كىيىملەرگە بولغان مۇھەببەتمۇ؟ ئىشقىلىپ، ئاشۇ كونا كىيىملىرىمىزدىن ئايرىلغىمىز كەلمىدى.

مۇنچىدىن چىقىپ ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇق. بىر-بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشىمىز، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قاپتىمىز، چىرايلىرىمىزمۇ ئېچىلىپ، خېلى ئىسكەتلىك يىگىتلەرگە ئايلىنىپ قاپتىمىز. گالستۇك يوقلۇقنى دېمىسە، تاشكەنت كوچىلىرىغا ياراشقۇدەك بولۇپ قالدۇق.

شۇنداق قىلىپ، تاشكەنتتىكى بىز ئوقۇيدىغان مەكتەپكە كىردۇق. بىزدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باللار ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچى، مەكتەپ كادىرلىرى بىزنى كۈتۈۋالدى. بۇ "ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتى" بولۇپ، شىنجاڭ باللىرى

ئۈچۈن مەخسۇس ئېچىلغانىكەن. شىك شىسەينىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى بويىچە ھەر يىلى 100دىن بالا چىقىپ ئوقۇشى كېرەك ئىدى. بۇ مەكتەپتە ئۈچ قېتىم 300 بالا ئوقۇدى، تۆتىنچى قېتىمغا كەلگەندە توختاپ قالدى. بىز ئىككىچى قارار ئىدۇق.

ئۈچ - تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن بىزدىن ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن بىر سىنىپقا ئەكىرىپ پارتىلاردا قاتار ئولتۇرغۇزدى ۋە بىردىن - بىردىن تۇرغۇزۇپ تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەردىن ئىمتىھان ئالدى ۋە سىنىپلارغا بۆلدى، مەن 2 - سىنىپقا بۆلۈندۈم شۇنىڭ بىلەن دەرسىمىز باشلىنىپ كەتتى.

دەرسلەر بەك جىق، ئوقۇش ئالدىراش، تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇ-رۇشمۇ بەك جىددىي بولدى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئويغىتىپ، تەنھەرى-كەت مۇئەللىمى قاتارغا تىزىپ يېرىم سائەت يۈگۈرتىدۇ، يېرىم سائەت گىمناستىكا ئوينىتىدۇ. ئاندىن ناماق يەپ، سائەت سەككىزدە دەرسنى باشلايمىز. چۈشتىن بۇرۇن تۆت سائەت، چۈشتىن كېيىن تۆت سائەت دەرس ئوقۇيمىز. كەچكى تاماقتىن كېيىن بىر سائەت دەم ئېلىپ ئاندىن دەرس تەييارلايمىز. كەچ سائەت توققۇزدا ئۇخلايمىز. شەنبە كۈنى كەچقۇرۇندىن يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇنغىچە دەم ئالىمىز. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ دەرس تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى مۇن-داق جىددىي ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ھەرىكىتىنى ئۆتكۈزمىگەنلەر ئۈچۈن بۇ مەشغۇلاتلار ئېغىر كەلدى، لېكىن، ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدۇق.

دەرس باشلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، مەن تۇيۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. بىرىنچى يىلدا ئوقۇيدىغان مەكتىپىمىز تاشكەنت شەھىرىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر جەنۇبتىكى — "لوناچارسكى" دېگەن بىر رايوندا ئىدى. مەن شۇ يەردىكى بىر دوختۇرخانىغا بېرىپ

ياتتىم. ئاغرىقىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ، قىزىپ، ئۆتىنىڭ ئىچىدە
ياتقاندەك بىردەم ئېسىمنى بىلىپ، بىردەم بىلمەي ياتىمەن. بىركۈنى
ئاخشىمى بىر ئوكۇل سالغاندىن كېيىن ئاستا ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى
ئاچسام، بېشىمدا بىرقانچە دوختۇر-سېسترالار تۇرۇپتۇ، بىر ئادەم-
نىڭ: "ئاغرىقى جىددىي ئىكەن، مەكتىپى قەيەردىدۇ؟" دېگەن ئاۋازى
قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. يەنە بىرۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ
ئاتاي دەپ قاپتۇ. يېنىمدا بىر تونۇش موماي دوختۇر تۇرۇپتۇ.
بىر سېسترا ئوكۇل سېلىۋېتىپتۇ. دوختۇر كۆزۈمنى ئېچىشىمغىلا
كۈلۈمسىرىدى، بۇ ماڭا خېلى كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. ئاخشامقى
كارىۋات چۆرىسىدىكى جىددىيلىك يوق. كېيىن دوختۇر قولتۇقۇمدىكى
ئىسسىقلىق ئۆلچەيدىغان نەرسىنى ئېلىپ قارىدى-دە، يەنە خۇش
بولۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن بېشىمنى سىلاپ يېرىم ئۆزبېكچە "ياش
يىگىت، ئامان قالدىڭىز، خەتەر ئۆتتى" دېدى. دېمىسىمۇ ئۆزەممۇ
خېلى يەڭگىللىشىپ قالغاندەك ئىدىم. كېيىن سېسترا بىر چىنە شېكەر
سالغان چاي ئەكىلىپ ماڭا ئىچكۈزدى. ئاندىن دوختۇر موماي
مېنىڭ ئەھۋالىمنى، قەيەرلىكلىكىمنى سورۇشتە قىلىپ: "ئانىڭىز
بارمۇ؟" دەپ سورىدى. "بار" دېدىم. ئۇنىڭمۇ بىر ئوغلى بار
ئىكەن، ئۇ يىراقتا ساراتوۋ دېگەن شەھەردە تۇرىدىكەن. ئۇنى
سۆزلەپ بېرىپ: "ئانىڭىزغا خەت يازسىڭىز مەندىن سالام ئېيتىڭ،
مەن يەنە كېلىپ تۇرىمەن" دەپ خوشلىشىپ تاڭ ئاتقاندا قايتىپ
كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام، مەن تىف كېسىلى بىلەن ئاغرىپتىمەن،
ئاخشام گرادۇسۇم قىرىق بىردە سەككىزگە چىقىپتىكەن. دوختۇرلار
جىددىي قۇتقۇزۇپ، ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن، شەھەردىن ئاشۇ
دوختۇر مومايىنى ئالدۇرۇپتۇ. ئۇ موماي تۈن يېرىمىدە كېلىپ، تاڭ

ئاتقۇچە جىددىي داۋالاپتىكەن، گرادۇسۇمنى 41 گە چۈشۈرۈپتۇ، مەن ئېسىمگە كەلگەندە ئەمدى 40 قا چۈشكەنىكەن. بۇنى ئاڭلاپ راستىنلا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىمدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم. دوختۇر مومايىنى خۇددى ئانامدەك كۆرۈپ مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئارىلاپ كېلىپ بېشىمنى سىلاپ، پاراڭ سېلىپ، دورا بۇيرۇپ بېرىپ كېتەتتى. قىزىتمام ئاستا-ئاستا جايىغا چۈشتى، لېكىن ماغدۇرۇم يوق تۇرالمىدىم. بىرەر ھەپتىگىچە تۈزۈك تاماقمۇ يېمىدىم. ئورۇقلاپ ياغاچتەك بولۇپ قالدىم. چاچلىرىممۇ تۆكۈلۈپ چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، داۋاملىق دەم ئېلىپ داۋالىنىپ، بىر ئاي دېگەندە ساقىيىپ دوختۇردىن چىقتىم. ئەتىسى سىنىپقا كىرسەم، ئوقۇتقۇچى ئاناتومىيىدىن دەرس ئۆتۈۋاتقانىكەن. ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. بىر ئايدا باللار جىق دەرس ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ماڭا كۆنۈلۈك دەرسنى ئوقۇشتىن باشقا بىر ئايلىق قېپقالغان دەرسنى تولدۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلدى، بۇ بەك ئېغىر كەلدى، شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ ئوقۇدۇم. لېكىن يېرىم يىللىق ئىمتىھاندا ئۈچ نومۇر ئېلىپ قالدىم. كارىۋىتىمغا كېلىپ دۈم يېتىۋېلىپ تازا يىغلىدىم. قىشلىق دەم ئېلىشتىن كېيىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىشىپ ئوقۇشقا توغرا كەلدى، ئاخشىمى شام يېقىپ قويۇپ (ئۇخلىغاندىن كېيىن ئېلېكتىر چىراغ ياققۇزمايتتى.) دەرس تەييارلايمەن. بىر قېتىم شىرەگە بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپ قېلىپ، شام يېقىلىپ چۈشۈپ چېچىمنىڭ بىر پارچىسىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىشقىلىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ يىللىق ئىمتىھان بەرگەندە ئون نەچچە دەرستىن يېرىمىدىن جىقراقى بەش، ئازىراقى تۆت بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن "ئوھ!" دېدىم.

يازلىق تەتىلدە موسكۋا لېنىنگرادقا ئېكىسكۇرسىيىگە باردۇق.

پويىز سەپىرىمىز بەك كۆڭۈللۈك بولدى. موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن بۇ كاتتا شەھەر بىزنى ھەيران قالدۇردى. ئېكسكۇرسىيە، سايا-ھەت-تاماشا، ئويۇن-تىياتىر، بولۇپمۇ موسكۋانىڭ سېرىكى ناھايىتى ئۆزگىچە تارتتى. نەزەر دائىرىمىز بارغانچە كېڭەيگەن بولسا كېرەك، ئاق سەۋىيىمىز ئۆسۈشكە باشلىدى.

لېنىنگرادقا بارغاندىن كېيىن، تېخىمۇ بىر گۈزەل شەھەرنى كۆرگىنىمىزگە ئىشەندۇق. پادىشاھنىڭ قىشلىق ھەم يازلىق سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا بەك ھەيران قالدۇق. ئۇ يەردە مۇئەللىملەر بىزگە كۆپرەك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى پېتىرگرادنىڭ ئۆت-مۈشىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، لېنىنگرادنى ئېكسكۇر-سىيە قىلىش جەريانىدا بىر ياقتىن ئىلگىرىكى ئاق پادىشاھلارنىڭ سەلتەنەت، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ۋە خەلققە سالغان جەبىر-زۇلۇملىرىنى بىلدۇق، يەنە بىر ياقتىن ئاشۇ كونا سارايلار، تارىخىي مۇزېيلار، ئېرمىتاژ ۋە تىرىتىياۋىسكى گاللېرىيە دېگەن رەسىملەر كۆرگەزمىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، رۇسلارنىڭ قەدىمكى تارىخى، رەسساملىق سەنئىتى، ئىمارەتچىلىك ئۇستىلىقى ساھەلىرىدە خېلى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق. ھەممىدىن مۇھىمى، لېنىنگرادتىكى بىر ھەيكەلنىڭ ۋاقتىمىز بىز ئۈچۈن لېنىن ئۆزى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان دۇنيا تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئۆكتەبىر ئىنقىلابى توغرىسىدا ئوبدان بىر ئۆگىنىش بولدى.

بۇ ئېكسكۇرسىيە مەزگىلىدە ئۇچراتقان قىزىق ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئىككىنى سۆزلەپ ئۆتەي: بىركۈنى كېچىگە چۈشۈپ بالىتىق دېڭىزىنىڭ قولتۇقىنى ئايلىنىپ (بۇ بىزنىڭ بىرىنچى

قېتىم دېگىنىز كۆرۈشمىز ھەم كېمىدە ئولتۇرۇشمىز ئىدى.) پېتىرگوۋ دېگەن پادىشاھنىڭ يازلىق سارىيىغا باردۇق، بۇ ساراي بەك ئېسىل ياسالغانىكەن. كۆرگەزمە قىلىنغان نەرسىلەرمۇ ناھايىتى جىق ھەم ياخشى ئىكەن. سارايىنىڭ باغلىرى، ئەتراپى گۈزەل، يېشىللاندۇرۇلۇپتۇ. ساراي ئىچىگە بەك قىممەتلىك ماتېرىياللار، ئاسارئەتىقىلەر تىزىدلىپتۇ. بۇ خەلقئارادىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك تارىخىي ئورۇنلاردىن بىرى بولسا كېرەك (ئەپسۇسكى بۇ ساراي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نېمىس ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمانىدا ۋەيران بولۇپ كەتتى). ئېكسكۇرسىيىدىن كېيىن بىر دەرەخلىقنىڭ ئارىسىدىكى يېشىل چۆپلۈكتە ئولتۇراتتۇق، ھەر خىل ئادەملەر كېلىپ بىزگە قارىشىپ تۇرۇشتى. بىزنىڭ باللار تۇرۇپ ئوينىشىپ چېلىشقىلى تۇردى، كېيىن چېلىش قىزىپ كەتتى. ئىچىمىزدە ئابدۇزايىر دېگەن بىر ساۋاقداش بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىخىنى مەندىن خېلى يوغان، مېڭىشلىرى نوچىدەك، يېشىمۇ مەندىن چوڭراق ئىدى، ئۇ چېلىشقا چۈشۈپ بىر-ئىككىيلەننى يىقىتقاندىن كېيىن، كېلىپ مەن بىلەن چېلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىمسام-ئۇنىماي مېنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ كۈچكىلا يۆلىنىدىغان، پەم-ھۈنىرى يوق چېلىشچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغانىدىم. شۇڭا، تۇتۇشقان ۋاقتىمىزدا ئايلاندۇرۇپ كۈچ بىلەن يانپاشقا ئالغانىدىم، ئۇ يىقىلدى. باللار مېنى ماختاپ چاۋاك چېلىشتى، كېيىن قاراپ تۇرغان ئادەملەر غۇلغۇلا قىلىشىپ، بۇرۇتلۇق، مەندىن ئېگىزرەك كەلگەن بىر يىگىتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۈشۈپ مەن بىلەن چېلىشتۇرماقچى بولدى. ئۇ گروزىيىلىك ئىكەن، گروزىنلارنى كۈچلۈك كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا بىرئاز ئەيمىنىپ قالدىم. كېيىن باللارنىڭ، بىزنى باشلاپ بارغان ئوقۇتقۇچى،

كادىرلارنىڭ تەكلىپى بىلەن چېلىشقا چۈشتۈق. ئادەم كۆپىيىپ
كەتتى ۋە بۇ ئورمانلىقنىڭ ئارىسى چېلىش سورۇنىغا ئايلىنىپ
كەتتى. قارىسام، ھېلىقى يىگىت بېلىمنى تۇتۇپلا قوروپ كۆتۈرۈ-
ۋالدىيۇ، پىرقىرىتىپ-پىرقىرىتىپ ئاتالماي يەرگە قويدى. مەن
ئۇنىڭ ھۈنىرىنى بىلىۋالدىم. كۆتۈرۈپ ئاتىدىغان چېلىشچى، ئەگەر
ئۇستا بولمىسا، چوقۇم ئۆزى يىقىلىدۇ. ئۇ يەنە بېلىمنى يىغىپ
كۆتۈردى. مەن بۇدا چىڭ تۇرماي كۆتۈرۈلۈپ بەردىم، ئۇ پىرقى-
رىتىپ ئاتقانىدى، يەرگە تىنىك چۈشۈپ، دەرھاللا چەپ يانپاشقا
ئالغاندىم، ئۇ قاتتىق يىقىلدى. ھۇگا-سۈرەن بولۇپ كەتتى. لېكىن
ئۇ بېلىمنى قويۇپ بەرمەي ئېسىلىپ قوپۇپ يەنە چېلىشمەن، دەپ
تۇرۇۋالدى. ئەلپازىغا قارىغاندا چىدىماسلىق قىلغىلى تۇردى.
بىزنى باشلاپ بارغان مەكتەپ كادىرلىرى دەرھال چېلىشنى توخ-
تاتتى-دە، بىزنى ئېلىپ كەتتى. مەن بۇ يەردە پو ئېتىۋاتقىنىم
يوق. راستىنلا مېنىڭ چېلىشىشتىن ئاز-تولا خەۋىرىم بار ئىدى.
بىزنىڭ ئاتۇش دېگەن يۇرتتا باللار كىچىكىدىن تارتىپلا چېلىشقا
چۈشىدۇ، بەزىدە چوڭلار پۇل بېرىپ باللارنى چېلىشقا سالىدۇ.
ئىككى-ئۈچ تەرەپ بولۇپ چېلىشىدىغان ئادەتمۇ بار. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئاتۇشتىن چېلىشچى پالۋانلار جىقراق چىقىدۇ. مەنمۇ كىچى-
كىمدىن چېلىشچىلىقنى ئۆگىنىۋالغاندىم (1946-يىلى بىتىم ۋاقتىدا،
ئۈرۈمچى تولانبايدا ئەنۋەرخانبابا ئاشۇنداق ئۇنىمسام ئۇنىماي
چېلىشقا تارتىپ، ئاخىر ئۇنى مەن تاشلىۋېتىپ، قولى سۇنۇپ
كەتكەنىدى). شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار لېنىنگرادنىڭ ئورمانلىقىدا
چېلىش قىلىپ، بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ بىر گرۇزىن يىگىتىنى
تاشلىۋېتىشى، بۇ خېلى قىزىقارلىق ھەم بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى

مەغرۇرلاندۇرىدىغان بىر ئىش بولغانىدى.

يەنە بىر قىزىق ئىش، بىركۈنى كەچقۇرۇن كىنوغا بارىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر باغقا بېرىپ، ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر قەھۋەخانىدا ئۈچىمىز ۋىنو ئىچىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ باشقىلاردىن ئارقىدا قاپتىمىز، كېيىن يۈگۈرۈپ كىنوخانىغا بارساق كىنو تېخى باشلانماپتىكەن، مەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقسام، بىر چوڭ زالدا ئادەملەر مېڭىشىپ يۈرۈپتۇ، بىزنىڭ بالىلارنى ئىزدىسەم كۆرۈنمىدى. بىرئاز مەست بولسام كېرەك، كۆزۈمگە ناھايىتى جىق ئادەم كۆرۈنۈپ كەتتى. كېيىن ئالدىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ بالىلاردىن بىرمۇنچىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئالدىراپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغانىدىم، بىرۋاقىتتا بېشىم "تاڭڭىدە" قىلىپ بىرنەرسىگە تەگدى ــ دە، شەپكەم ئۇچۇپ كەتتى. ئۆزەم كەينىمگە داجىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. خەقلەر ۋارقىراپ كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاستا ئېڭىشىپ مېڭىپ ئارقىغا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىم، بىر رۇس شەپكەمنى ئەكىلىپ قولۇمغا بەردى، تېخىمۇ ئىزا تارتىپ كەتتىم. ئاڭغۇچە بىزنىڭ بىرنەچچە بالىلار كېلىپ مېنى باشلاپ كىنوغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. كېيىن قارىساق، ئالدىمىزدىكى ھېلىقى بىزنىڭ بالىلار كۆرۈنگەن تەرەپ ــ ئاشۇ بىر تام پۈتۈنلا كۆرۈنىدىغان ئەينەك ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئادەملەر كۆرۈنسە، مەن ئالدىراپ بايقىماي مېڭىپ ئەينەككە ئۇسۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بۇ ئىش ئۈچۈن بالىلار كىنو كۆرگۈچە كۈلۈشتى ۋە ئۇزاق ۋاقىتقىچە ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ يۈرۈشتى. كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تېياتىر، كىنولارغا بېرىپ كۆرىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئەينەكلەر ئۇچرىغاندا، بالىلار ماڭا: "ھەي ئۇسۇپ سالما!" دەپ چاقچاق

قىلىشاتتى. بۇ ھازىرقى ئادەملەر ئۈچۈن ئانچىمۇ ھەيران قالغىچىلىكى يوق بىر ئىش. لېكىن، ئۇ چاغدا ئاشۇنداق بىر زالنىڭ پۈتۈن تېمىنىڭ ئەينەك بولىدىغانلىقىنى بىز نەدىن بىلەيلى؟

ئېكسكۇرسىيىدىن قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى يىللىق دەرس باشلاندى. بۇ يىلى بىرقانچە يېڭى دەرسلەر قوشۇلدى. ھەم دەرسلەرنىڭ تېمىلىرىمۇ كۆپەيدى. ئۆتكەن بىر يىلدا پۈتۈن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى تۈگەتتۇق. ئەمدى ئۆتىدىغان دەرسلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسلىرى ئىدى.

بۇ ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرسنى سۆزلەپ بېرىپ، پالانى كىتابنىڭ پالانى تېمىلىرىنى ئوقۇڭلار، دەپ چىقىپ كېتىدۇ، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن دەرسنى ماشىنكىدا رۇسچە ئۇردۇرۇپ تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇمۇ ناھايىتى ئاز. ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ خاتىرىمىزگە يۆلىنىمىز ھەم كىتاب كۆرىمىز. دەرس قىسقارتىلىپ يىغىنچاقلاپ سۆزلەنگەنلىكتىن، بىر كىتابنىڭ بىرنەچچە تېمىسىنى تاللىۋالىمىز، ياكى بىرنەچچە كىتابتىن كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەرستىن كېيىن خاتىرىلەرنى رەتلەش كېرەك ۋە ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. ئاندىن باشقا كىتاب كۆرۈش ۋە يەنە مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئون نەچچە دەرسكە ئۈلگۈرۈش بەك قىيىن. بەزى دەرسلەر ئۆگەنگەن بىلەنمۇ زادى مېڭگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن، سىياسىي ئىقتىساد. تېخى بىزگە ماركسىزم نەزەرىيىلىرىدىن دەرس كىرگۈزمەپتىكەن. بىز تەلەپ قىلساق، "سىلىنىڭ ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ تەلىپى بويىچە كىرگۈزمىدۇق، ئۆزەڭلار ئوقۇۋېلىڭلار" دەپ كىتابلارنى تارقىتىپ بەردى. رەسمىي دەرسلەردىن باشقا، يەنە بۇ كىتابلارنى كۆرۈش كېرەك بولدى. ئاشۇنداق ۋاقىت قىسلىقىدا يەنە ماركسىزم

نەزەرىيىسگە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئوقۇماي بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر يىللىقى دەرس تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ جىددىي كۈرەش ۋەزىيىتىمىز بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا ياكى تىرىشىپ ئوقۇپ بىرنېمە بىلىپ قايتىش، ياكى تىرىشماي چالا ساۋات قايتىشتىن ئىبارەت مەسىلە قويۇلدى. مەن بىرقانچە ساۋاقداشلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تىرىشىپ ئوقۇدۇق. ئاز ئۇخلاپ، ئاز دەم ئېلىپ، كۆپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىمىزدىن، ئىشقىلىپ، ئوقۇشىمىز يامان بولمىدى.

دەرسلەردىن باشقا، كەچلىكى ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرۇژوكلىرى ئېچىلدى: مۇزىكا، دراما، شوپۇرلۇق، ناخشا-ئۇسسۇل، يەنە قوشۇمچە رۇسچە ئۆگىنىش. كىم نېمىنى خالىسا ئۆزى يېزىلىشى كېرەك بولغانلىقتىن، مەن مۇزىكىغا يېزىلدىم، ئۆگىنىشىمىز باشلىنىشى بىلەنلا ھەممىمىزگە ساز قوراللىرىنى تارقىتىپ بەردى. ماڭا "باس" دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمدىنمۇ ئېگىز، ئۆرە تۇرۇپ چالىدىغان يوغان ئىسكىرىپكىنى بەردى. بۇنى كۆرۈپلا خۇشۇم كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ سول قولۇمنىڭ باشمالتىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوغان پەدىلىرىنى بېسىشقىمۇ بولمىدى. كېيىن بىر بالا بىلەن ئۇنى دۇتارغا تېگىشىۋالدىم. بۇنى كۆرۈپ ئوقۇتقۇچىم مېنى تەنقىد قىلدى. كېيىن دۇتارنىمۇ چالماي چىقىپ كېتىپ، شوپۇرلۇق كۇرسىغا ھەم دراما كۇرۇژوكىغا كىردىم. شوپۇرلۇقنى ئۈچ ئاي دېگەندە ئۆگىنىپ بولدۇق. بىراق، پىراكتىكىمىز ئازراق بولۇپ قالدى. درامىدا نەزەرىيە ئۆگەندۇق، شۇنىڭ بىلەن بەزى ئۆزبېكچە سەھنە كىتابلىرىنى ئۆگەندۇق. مۇئەللىمىمىز باقىيوۋ دېگەن بىر تاتار كىشى ئىدى،

ئۇ بىزگە بىر سەھنە كىتابىنى ئىشلەپ چىقىشنى تەكلىپ قىلدى. چوڭ كىتابلارغا كۆچمىز يەتمەيتتى. باقىيوۋ بىز بىلەن سۆزلىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇپ بىلىپ، بىر ئايغا يەتمەيلا بىر سەھنە كىتابى يېزىپ كەپتۇ. بىز ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى يېڭى مەكتەپلەر ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭغا قارشىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنى سۆزلەپ بەرگەنىدۇق. ئۇ كىتاب مۇشۇ تېمىدا يېزىلىپتۇ. مۇزاكىرە قىلىپ ئانچە-مۇنچە تۈزەتكەندىن كېيىن سەھنىگە تەييارلىدۇق. ئۈچ ئايغا يەتمەي تەييارلاپ سەھنىدە قويدۇق. باقىيوۋ خېلى سەۋىيىسى بار ياخشى رېژىسسور ئىكەن، بىزگە ئوبدان ئۆگەتتى. ئويۇنىمىز يامان چىقمىدى. مەن بىر يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى رولىنى ئوينىدىم. ئابلىمىت مەقسۇتوۋ بىر دىنىي مەكتەپنىڭ ئەسكى تۇتقۇر ئوقۇغۇچىسى رولىنى ئوينىدى. ئاساسىي رول مۇشۇ ئىككى بولۇپ، ئاندىن باشقا ئىلغار، قالاق ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئويۇن قويغان كۈنىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىنىڭ باشچىلىرى، بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ مەسئۇللىرى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز كېلىپ قاتناشتى. بىزنىڭ تاشكەنتتىكى كونسۇل گەن ۋۇلۇ ۋە باشقا كونسۇل خادىملىرىمۇ كېلىپ قاتناشتى. ئۇلار ئويۇنىمىزنى ئوبدان ئالقىشلىدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ باللار ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. بۇ مېنىڭ (بەزى دېكلاماتسىيەلەردىن باشقا) بىرىنچى قېتىم دراما ئويناپ سەھنىگە چىقىشىم ئىدى.

ئوقۇغان دەرسلىرىمىزنى ئەمەلىيەتكە باغلاش ئۈچۈن، ئېكسكۇرسىيەلەرگە بېرىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مۇزېيخانا، تىببىي ئورۇنلار، ھايۋانات باغچىلىرى ۋە باشقىلار. بىر قېتىم يېزىغا پاختا يىغقىلى چىقتۇق. ئۆزبېكىستان سوۋېتلەر ئىتتىپا-

قىنىڭ ئاساسىي پاختا رايونى. كېيىن ناھايىتى جىق تېرىلىدىغان- لىقتىن، ئېچىلغان غوزىدىكى پاختىنى تېرىۋېلىش ئاسان بولمىسا كېرەك، پاختا تېرىش ئۈچۈن ئاممىۋى سەپەرۋەرلىك قىلىناتتى. بىزمۇ باشقا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاما بىلەن بىرلىكتە پاختا تېرىشقا چىقتۇق. چىققان يېرىمىز تاشكەنتنىڭ كونېپىتىش تەرىپىدىكى "قوغۇنچى" دەپ ئاتالغان بىر يېزىدىكى كولخوز ئىكەن. بارغان ۋاقتىمىزدا، ئىش ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا كولخوزچى- لار بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتتى. ئۇندىن باشقا بىر قېتىم تېرىلغۇ ۋاقتىدىمۇ ئەمگەككە چىقتۇق.

بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزبېك خەلقى ۋە ئۆزبېكىستان توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغۇم كەلدى: ئۆزبېك خەلقى تارىخىي ياقتىن ئالغاندا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا، ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش ئۇلۇس. تارىختا، ئايرىم ۋاقىت- لاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ توقۇنۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، دوستانە ياشاپ كەلگەن. ئۆز- بېكلەر تارىختىن تارتىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە ھەم ئەمگەك- چان خەلق. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە، ئۆزبېك مەدەنىيىتى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن، مۇزىكا- ئۇسسۇل، ناخشا، ئىلىم- مەرىپەت، مۇنەججىملىك، ئىمارەتچىلىك، نەققاشچىلىق ۋە باشقىلار. ئۆزبېك مۇزىكىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئاتاقلىق مۇزىكىلاردىن بىرى. ئۆزبېك مۇزىكىسى- نىڭ مەنبەسى مۇقام مۇزىكىسى. مۇقام ئۇيغۇر مۇقامىدىن ئازراق ۋە ئارراق بولسىمۇ، ئالاھىدە كەڭ مەزمۇن ۋە بايلىققا ئىگە. ئوتتۇرا ئەسىردە ئەدەبىيات ۋە ئىلمى نۇجۇم جەھەتتىن تۈركىي خەلقلەر

تارىخىدا مەشھۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە پەلسەپە ئىلمىدىمۇ ئۆز زاما-
نىسىنىڭ پەلسەپە تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن ئىگەللىدى. ئوتتۇرا
ئەسىر مەزگىللىرىدە ئۆزبېكلەردىن مەشھۇر ئالىملار مەيدانغا چىققان.
مەسىلەن، فارابى، ناۋايى، ئۇلۇغبېك، بابىر قاتارلىق ئالىملار يالغۇز
ئۆزبېك ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا تۈركىي خەلقلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا
يېقىن شەرق ئارىسىدا ئىلىم-مەرىپەت جەھەتتە چوڭ رول ئوينىغان
كىشىلەر. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۆزبېكلەر شەكلى مىللىي ۋە
مەزمۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى يولىنى
باشلاپ چوڭ ئۇتۇقلارغا ئىگە بولدى. بىز ئوقۇغان 1930-يىللىرىنىلا
ئالغاندا، ئۇنداق تەرەققىياتنىڭ خېلى ياخشى نەمۇنىلىرىنى كۆرۈشكە
بولاتتى.

ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە بىرنەچچە ئالىي مەكتەپ ۋە
باشقا ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر، كۇتۇپخانىلار، تىياتىر، سېرك،
كونسېرت...لار بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى
بولۇپ قالغان. بۇ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللىي
سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

ئۆزبېكىستان ھاۋا ئىقلىمى ياخشى، تۇپرىقى ئۈنۈملۈك، مەھسۇ-
لاتى مول، ھەر خىل مېۋىلىرى ياخشى، ئوبدان بىر يۇرت. ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى باشقا جايلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تەبىئىي شەرتى
جەھەتتىن خېلى ياخشى بىر جۇمھۇرىيەت. ئۆزبېكىستان ھاۋا ئىق-
لىمى، يېزا ئىگىلىكى، مېۋىزارلىقى جەھەتتىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا
بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا، خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئۇيغۇر-
لار ئادىتىگە بەك يېقىن. تىلى بىزنىڭ تىلىمىزغا چۈشىنىشلىك.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز تاشكەنتتە ئوقۇغان مەزگىللەردە ئوقۇشنىڭ

قىيىنچىلىقىدىن باشقا زېرىكىش ھېس قىلمىدۇق، ياتسىنمىدۇق. تۇرمۇشتا، يېمەك-ئىچمەك، ھەرىكەتتە كۆڭلىرىمىزنى خۇشال ئۆتكۆزدۇق. مەن بىلىم ئالغان بۇ ماكاننى، بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاننىڭ ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي مەركىزى بولغان گۈزەل تاشكەنت شەھىرىنى دائىم ئەسلەيمەن (ئازادلىقتىن كېيىن ئىككى قېتىم تاشكەنتكە باردىم. تاشكەنتنى ۋە ئوقۇغان، ھەرىكەت قىلغان جايلارنى كۆرگەندە بەك خۇشاللىق ھەم سۆيۈنۈش ھېس قىلدىم).

1937-يىلى يازدا ئوقۇشىمىز تاماملاندى. ئىككى-ئۈچ ئاي ئالدىراشلىق بىلەن ئىمتىھانغا تەييارلاندۇق. بۇ ۋاقىتتىكى ئالدىراشلىقىمىزنى ۋە كەيپىياتىمىزدىكى جىددىيلىكنى تەسۋىرلەش قىيىن. ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتۈپ قايتىش ھەممىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت ۋە مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئىمتىھان باشلانغاندا ساۋاقداشلاردىكى روھىي جىددىيەت يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. كېچىسى ئۇيقۇنىڭ تايىنى يوق، بىر دەرستىن ئىمتىھان بېرىپ تۈگەتكۈچە يۈرەك پوكۇلداپ جان چىققۇدەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىمتىھاننىڭ سۈرلۈكلۈكىنى دېمەمدىغان! چوڭ زالدا ئۇزۇن ئۈستەلدە ئىمتىھان كومىسسىيىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبېكىستان مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنى مەسئۇللىرى، بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ باشلىقلىرى، مۇئەللىملەر، ھەر پروفېسسور، دوكتورلار قاتار ئولتۇرۇشقان. زالغا كىرگەندە گوياكى بىر سوت كومىسسىيىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك، تەقدىرىڭىزگە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغاندەك ھېس قىلىسىز. ئىمتىھان بېرىشكە كىرگەن ۋاقىتتىكى جىددىيەتلىك چىققان ۋاقىتتا باشقىچە بولىدۇ. ياكى خۇش ياكى ناگولا. بەزى باللار شۇنچىلىك خۇشكى، دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ.

گاھىلىرى بولسا، بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ھەتتا كۆزلىرى ياش، ھېچنېمىگە قارىماي ياتقىنىغا ماڭىدۇ. مۇشۇنداق سۈرلۈك، جىددىي ئىمتىھاننىمۇ ئۆتكۈزدۇق. ئەمدى ئىمتىھان نەتىجىسىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز. ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى. بۇ ئېلاننى كۆرگەندىن كېيىن، ساۋاقداشلاردا ھەم خۇشلۇق، ھەم كۆڭۈلسىزلىك ئىككى خىل كەيپىيات تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈندى. چۈنكى ھەممەيلەننىڭ ئىككى يىلدىن بېرى جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنغانىدى. مەن ھەممىدىن بەك خۇش بولدۇم. مەن دوپپامنى ئاسمانغا ئېتىپ ۋارقىرىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ مەغرۇرلىنىشقىمۇ ھەققىم بار ئىدى. چۈنكى مەن، 17 دەرسنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق 5 تىن نومۇر ئاپتىمەن. چىقسام ئېلان تاختىسى-نىڭ ئالدىدا باللار تىزىلغانىكەن، ھاجىيوۋ "سەيپىدىن قېنى؟" دەپ ۋارقىراپ يۈرىدۇ، ئۇ مېنى سۆرەپ دېگۈدەك تاختاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. باللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ قارىسام، تىزىمنىڭ بىرىنچىسىدە "سەيپىدىن تاشخونۇۋ" (مەن ئۇ ۋاقىتتا دادامنىڭ ئېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان) دېگەن ئىسمىمنىڭ قاتارىدا دەرسلەر كاتەكچىسىنىڭ ئاستىدا خۇددى تۆگە بوينىغا ئوخشىغان، بېشىنى ئېگىپ قاتار تىزىلغان 17 بەش تۇرامدۇ. كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەن-مەي قالدىم. باللار ھۇگا-سۈرەن قىلىپ مېنى تەبرىكلەشتى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. ھەم سەكرىمىدىم، ھەم دوپپامنى ئاسمانغا ئاتمىدىم. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدىكى خۇشاللىق دولقۇنى چىرايىمغا تەپمەي قالمىدى. مەن ئەسلىدە ھەممە پەندىن مۇنداق بەشلا نومۇر ئالارمەن دەپ ئويلىمىغان. بولۇپمۇ ھېساب بىلەن خىمىيىدىن ياخشى ئۆتەلمەيمەنغۇ، دەپ قىياس قىلاتتىم. سوئاللار ئاسان چىقىپ

قالدىمۇ نېمە، بۇ دەرسلەردىنمۇ بەشتىن نومۇر ئاپتىمەن. مېنىڭ ئىسمىمنىڭ ئاستىدا سەيدۇللا ئابدۇرىشىتوۋ دېگەن چۆچەكلىك تاتار بالىسىنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭدا 16 بەش، بىر تۆت نومۇر. ئاندىن كېيىن ھاجىيوۋ ئۇنىڭ كاتەكچىسىدە 15 بەش، ئىككى تۆت نومۇر بار ئىدى.

ئىمتىھان تۈگىدى. نەتىجىمىز ئايان بولدى. ئەتىسىلا ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلەرنىڭ رەسمىي پەخرىي تاختايىغا چىقتى. مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمۇ بولدى. مۇراسىم تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىلى، مەكتەپ مەسئۇللىرى ھەم بىزنىڭ كونسۇل سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا ۋەكالىتەن مەن سۆزلە-دىم (مەن ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئىدىم). شۇنىڭ بىلەن ئىككى يىللىق ئوقۇش-كۈرەشنى غەلىبە بىلەن تۈگىتىپ شىنجاڭغا قايتتۇق.

قايتىپ چۆچەككە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلار سوغاقراق قارشى ئالدى (بىزدىن بىر يىل ئىلگىرى قايتقان بىرىنچى قارارنىڭ بالىلىرى چۆچەككە كەلگەندە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، چۆچەكنىڭ دوتيىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقمىدىڭ، دەپ قوپاللىق قىپتۇ. ھامۇت خوجايوۋ دېگەن بىرسى بىز سوۋېتتە ئوقۇپ كەلدۇق، مۇندىن كېيىن ھوقۇق بىزنىڭ بولىدۇ، سەن بىر دوتەي بىزنى كۈزۈگە ئېلىماي قانچىلىك ئادەم، دەپ ۋارقىراپتىكەنمىش). چېگرىغا بىرنەچچە ئادەم چىقىپ ئەكىلىپ چۆچەكتە بىر مەكتەپكە چۈشۈرۈپ قويىدى. كېيىن دوتەي قارشى ئېلىپ، شۇ جايدا ئەھۋالنى سۆزلەپ كېلىپ: ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىسياننى باستۇرۇش ھەرىكىتى بولۇۋاتقاندە-لىقىنى، بارلىق ماشىنىلار جەنۇبقا سەپەرۋەر قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ،

بىزنىڭ ئۆرۈمچىگە هارۋا بىلەن كېتىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەيپىمىز بەك ئۇچۇپ كەتتى. بىزدىمۇ ئىلگىرىكى باللاردەك سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار بىز، دەپ مەيدە-مىزنى كۆتۈرىدىغان مەغرۇرلۇق بار ئىدى. سوغاق قارشى ئالىسىغۇ مەيلىدى، هارۋا بىلەن ئۆرۈمچىگە قايتىشىمىز بەك ئەلەم قىلدى. ئىلاج يوق، هارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئۆرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ ۋاقىتتا چۆچەكتە كىراچى هارۋىكەشلەر رۇس بولىدىكەن، تۆت چاقلىق بىرىشكا دەپ ئاتالغان رۇس هارۋىسىدا يۈكلىرىمىز بىلەن بىر هارۋىدا تۆتتىن بالا ئولتۇردۇق. هارۋىنىڭ ئارقىسىغا يېرىمىغا دېگۈدەك ئاتنىڭ يەم-خەشەكلىرى بېسىلغانىدى. ئازغىنا ماڭغاندىن كېيىن هارۋىكەشلەر ئېتىمىز هېرىپ قالدى، چۈشۈپ مېڭىڭلار، دەيدۇ. بولۇپمۇ تاغ-داۋانلارغا كەلگەندە چۈشۈپ مېڭىش تۈگۈل، هارۋىلارنى ئىتتىرىپ چىقىرىشىپ بېرىمىز. ئاندىن هارۋىكەشلەر يېرىم كۈن مېڭىپلا ئېتىمنى دەم ئالدۇرىمەن دەپ يېتىۋالىدۇ. يەنە كېلىپ شەهەردە قونماي، ئوت، سۇيى بار يەردە — دالىدا قونىدۇ. تاماقتا قىينىلىمىز. مۇشۇنداق قىلىپ جىق جاپا تارتىپ 12 كۈن دېگەندە ماناسقا كەلدۇق.

بۇ 12 كۈنلۈك سەپەر ئېغىر سەپەر بولدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى-دىكى يۇقىرى تۇرمۇش، پويىز، ماشىنا كۆزىمىزگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. سوۋېتتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار دېگەن كىبىرىمىزمۇ يوقىلىپ ئاللىقاياقلارغا كەتتى. يۈزلىرىمىز كۆيۈپ، قوللىرىمىز قاپىرىپ، ئۆزىمىزمۇ هارۋىكەشلەرگە يېقىن بېرىپ قالدۇق. شۇنداق قىلىپ ئەمدى ئۆرۈمچىگە قاچان بارارمىز دەپ تۇرساق، شىېڭ شىسەي ماناسقا ماشىنا ئەۋەتىپتۇ. دۇبەن گۇڭشۇنىڭ (دۇبەن مەهكىمىسىنىڭ)

فۇگوەنى دەيدۇ، بىر خەنزۇ ئەمەلدار قارشى ئالغىلى كەپتۇ. ماشى-نىلارغا ئولتۇرۇپ "ئۇھ" دېدۇق. بۇ، يوك ماشىنىلىرى بولسىمۇ ھېلىقى ھارۋىلاردىن، كۆپ ۋاقىت ھارۋىغا ئولتۇرالماي پىيادە ماڭغاندىن مىڭ ئەلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ھۆكۈمەت ئېتىبار قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ كۆڭلىمىز خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۈرۈمچىگە كەلسەك، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئالدىدىكى شىڭگۇيۈەنىنىڭ ئالدىدا بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈردى. باغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ، كونىچە ياسالغان بىر بىنانىڭ ئالدىدا بىر قېرى خەنزۇ يەنە بىرنەچچە خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىزنى قارشى ئالدى. قېرى خەنزۇنى بىزگە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شىن دەپ تونۇشتۇردى. ئىككىنچى قەۋەتكە باشلاپ چىقتى. قارىساق ئۈستەل، ئۈستىگە چاي-نەرسىلەر تىزىلغان. خېلى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالغانغا ئوخشاپ تۇراتتى. مائارىپ نازىرى قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. مەن باللارغا ۋەكالىتەن سۆز قىلدىم.

بۇ قارشى ئېلىشقا قاراپ بىزنى ئەمدى بىر كاتتا مېھمانخانىغا ئاپىرىپ چۈشۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن شەھەرگە كىرسەك، نەدىكىنى؟ مېھمانخانا تۈگۈل تۈزۈكرەك بىر ئۆيگىمۇ ئېلىپ كىرمىدى. شىمالىي دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇتخانىغا ئەكىرىپ تاشلىدى. تۇرىدىغان ئۆيىنىڭمۇ تايىنى يوق، كۆپىمىز بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ، ئۈستى يېپىق بىر جايدا ياتتۇق. بىردىن قاچىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن تاماق ئېلىپ يەيمىز. ھېلىقى لاپاسنىڭ ئاستىدا ئويقۇنىڭمۇ تايىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تورۇسىدا كەپتەر ئۇۋىلايدىكەن، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇلار گۇگۇل-داپ سايرىغىلى تۇرىدۇ. باللارنىڭ كەيپى يامان، كۆڭلەپ قاپىقى

ئېچىلمايدۇ، تاشكەنتتىكى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن كېلىپ، بۇتخانىدا، كەپتەرخانىدا يېتىش، نۆۋەتتە تۇرۇپ تاماق يېيىش ئېغىر تۇيۇلدى، چۈنكى بۇ يەردىكى گۆش- يېغى ناھايىتى ئاز سەي بىلەن موما ياكى گاڭپەنلەر تاشكەنتتىكى تاماقلارنى ئېخىمۇ سېغىندۇردى.

بىركۈنى تاماققا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغاندا، مېنىڭ ئالدىمدا ئابلىمىت مەقسۇتوۋ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆرۈپلا تاشكەنتتىكى ۋاقىتتىكى ئۇنىڭ بىر قىلىقى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. بىركۈنى بىز بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتۇق. مەقسۇتوۋ تاماق توشۇيدىغان قىز بىلەن بىرنېمىنى تاكاللىشىپ قالدى، تۇزى ئاز دېدىمۇ، گۆشى پىشماپتۇ دېدىمۇ، ئىشقىلىپ، تاماقنى ياراتمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن تەخسىنى تامىقى بىلەنلا قىزغا ئاتتى، ياخشى، قىزغا تەگمىدى، ئۇ يىغلاپ قېچىپ كىرىپ كەتتى. مۇشۇ ۋەقە ئېسىمگە كەلدى- دە، مەن مەقسۇتوۋقا قاراپ: "قېنى ئەمدى تەخسىدىكى تاماقنى ئېتىپ باقمامسەن؟" دېگەنىدىم، باللار ھەممىسى كۈلۈشتى. مەقسۇتوۋ تېرىكىپ كەتتى: "جان چىققۇدەك بولۇپ تۇرسا، جىلە قىلمىغىنا ئادەمنى!" دەپ ماڭا ۋارقىرىدى. بۇنىڭغا ئوخشىغان چاقچاقلار، كىنايىلەر، كۈلكىلەر بولۇپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئەتىگەندە قوپقاندا، يوتقىنىمىزنىڭ ياكى ئەدىيالىمىزنىڭ ئۈستىدىكى كەپتەر مايىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق چاقچاقلار تازا كۆپىيەتتى.

كېيىن ئاستا- ئاستا بىزگە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ قالدى. قارد-

ساق ئۇرۇۋەچىنىڭ سۇرى يامان، شىبېڭ دۇبەنىنىڭ ئىبتىنى ئاتىغاندا كىشىلەر چۆچۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ. يېقىن ئاغىنىلەر سۆزلەشكەندە ئالدى ـ كەينىگە قاراپ پىچىرلىشىپ يۈرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش، ئادەم قاماش، ئادەم ئۆلتۈرۈش...ئۇ يەردىكى قانىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇمچىگىمۇ كەلگەن گەپ بار ئىكەن. مەھمۇت شىجاڭ ھىندىستانغا قېچىپ كېتىپتۇ. باشقا قوزغىلاڭچىلار، باشقا ئىسيانچىلار باستۇرۇلۇپ بوپتۇ. لېكىن بۇ باستۇرۇشنىڭ ئايىغى تۈگىمىگەندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا مەن "جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى" دېگەن ۋەقە زادى قانداق بولغان؟ مەھمۇت شىجاڭ نېمە ئۈچۈن ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى؟ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە قىزىقتىم. بۇ ئىشقا شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىقتىمكى، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى ئەربابلاردىن ماڭا بىۋاسىتە تونۇش بولغان ئەرباب مۇشۇ مەھمۇت شىجاڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ سوۋېتكە چىقىپ ئوقۇشۇمدا مەھمۇت شىجاڭنىڭمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرى بار ئىدى ئەمەسمۇ؟

خەلقلەردە "شامال ئۆتتۇشمەيدىغان تام يوق" دېگەن تەمسىل بار، بىر قاتار تىڭ ـ تىڭلاشلار ئارقىلىق مەن سوۋېتكە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن قەشقەردە، جۈملىدىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەتراپىدا بولغان ئىشلارنى بىرقەدەر بىلىپ چىقتىم، شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1936 ـ يىلى ۋە 1937 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا مەھمۇت شىجاڭ بەك قىيىن ئەھۋالدا قالغان.

خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارنى قوللىشى ۋە ئۇلارغا ئەگىشە.

شىدىن بەك قورققان شېڭ شىسەي بۇ ئىككىسىنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ
ئاساسىي مەقسىتى قىلغان. شېڭ شىسەينىڭ بىرىنچى چارىسى خوجا
نىياز ھاجىغا مۇئاۋىن رەئىسلىك دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئۇرۇم-
چىگە ئەكىلىۋېلىش بولغان، مەھمۇت شىجاڭغا قەشقەردە بىر شىجاڭ-
لىق مەنسىپىنىلا بەرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىۋ بىڭ دېگەن ئادەمنى
قەشقەر گارنىزون قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇ ئارقىلىق مەھمۇت
شىجاڭنى تىزگىنلىمەكچى بولغان، لېكىن شېڭ شىسەي بۇنىڭ
بىلەنمۇ خاتىرجەم بولالمىغان.

شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش
ئۈچۈن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىشەنچلىك تايانچ كادىرلىرىدىن
ئابدۇراخمان، نىزامىدىن ھاجى، ئايۇپبەگ، مۇتىۋىللا ئاخۇن، شېرىپ
ھاجى، توختى بۇجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجى، بارات تۇەنجاڭ دېگەن
كىشىلەرنى قايتا-قايتا تېلېگراممىا بېرىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۈگىنىشكە دەپ ئۇرۇمچىگە چاقىرتىۋالغان،
كېيىن شېڭ شىسەي يەنە مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئىككى تۇەنجاڭىنى،
تۆت لىيەنجاڭىنى ئۇرۇمچىگە ئۈگىنىشكە چاقىرتقان. بۇنىدىن باشقا
شېڭ شىسەي قەشقەردىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بارلىق ساقچى
ئورۇنلىرىنى ئىگەللەپ، كەڭ ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق
مەھمۇت شىجاڭنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قاتتىق نازارەت قىلغان ۋە
مەھمۇت شىجاڭنى قوللىغان بىرنەچچە ئادەمنى قاماپ ئۆلتۈرگەن.

مەھمۇت شىجاڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى شېڭ شىسەينىڭ يوقىتىش
سۈيىقەستىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شېڭ شىسەيگە ئوچۇق قارشى
چىقالمىغان، چۈنكى شېڭ شىسەينى سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللايتتى.

مەھمۇت شىجاڭنىڭ قىلغان بىر چارىسى ئىمىن ۋاھىدى، مۆمىن

ئاخۇن دېگەن ئىككى كىشىنى لەنجۇگە ئەۋەتىپ، جياڭ جيېشىغا شېڭ شىسەيىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بولغان. جياڭ جيېشى "بىز ھازىر ياپونغا قارشى تۇرۇش بىلەن ئالدىراش، بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇڭلار" دېگەنىمىش. ئۇلار قايتىشتا ئىمىن ئاخۇن لەنجۇدا قېپقالغان، مۆمىن ئاخۇننى قۇمۇلدا شېڭ شىسەيىنىڭ ئىشپىيونلىرى تۇتۇۋالغان. ئۇرۇنۇشلىرى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، قاندىداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، مەھمۇت شىجاڭ 1936 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆزىنىڭ سادىق كىشىلىرى: ئىسمائىل بەگ، مۆھىت پەيزى، ياقۇپ تۆەنجاڭ، ھىمىت ھاجى، كىچىك ئاخۇنلارنى چاقىرىپ مۇزاكىرە قىپتۇ. ئىككى خىل پىكىر چىقىپتۇ: بىرى، ھازىر قوزغىلىش، يەنە بىرى، ياخشى تەييارلىنىپ پۇرسەت كۈتۈش. كېيىن ئىككىنچى پىكىر ماقۇللىنىپتۇ. بۇ مەخپىي مەسلىھەتنى بىرسى قەشقەردىكى گارنىزون قوماندانى ليۇ بىنگە ۋە سوۋېت كونسۇلىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي بىلەن مەھمۇتنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. 1937 ـ يىلنىڭ بېشىدا (قۇربان ھېيت كۈنلىرى) مەھمۇت شىجاڭ ئىككىنچى قېتىم يېقىن كىشىلىرى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ھەربىي قىسىملارنى يىغىسارغا توپلاپ ھەرىكەت قىلماقچى بولغانىكەن، بۇمۇ گارنىزون قوماندانىغا مەلۇم بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شېڭ شىسەيدىن مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاساسلىق كادىرلىرىدىن 23 كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە چاقىرىپ تېلېگىراما كەپتۇ. ئاندىن كېيىن، مەھمۇت شىجاڭنىمۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق يىغىنىغا ئۈرۈمچىگە چاقىرىپتۇ. مەھمۇت شىجاڭ بارماي بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر گارنىزون قوماندانى ليۇ بىڭ مەھمۇت شىجاڭنى مۇزاكىرە قىلىدىغان

بېگى ئىش بار دەپ يېڭىشەھەرگە چاقىرتىپتۇ.

مەھمۇت شىجاڭ ئۇرۇمچىگە بارسەن دېگەن گەپنى تارىتىپ، مەخپىي چەتكە چىقىپ پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن ئۇۋ قىلىش نامى بىلەن يوشۇرۇنچە شەھەردىن چىقىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىسگەندە يېقىن كىشىلىرى مۇسۇل ھاجى (ئۆزىنىڭ ئاكىسى) باياخۇن ئەزىز، ئابدۇللا داموللا، نەيىم (؟)، گايىت ئاخۇن، شېرىپ ئاخۇن، ياسىن قارىي، ئابلىمىت قاتارلىق 35 كىشى بىلەن يەركەنگە كەتكەن. كېتىش ئالدىدا ھەربىي قىسملارنى سەنمۇجاڭى ئابدۇنىيازغا تاپشۇرغان.

بىرنەچچە كۈنگە قالماستىن ئابدۇنىياز ئۆلكە ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش باشلىغان. ئۇ ئۇرۇشۇپ يەركەنگە بارغان. كىچىك ئاخۇن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاتناشقان، خوتەندىن ماخۇشەن قوزغىلىپ ماسلاشقان، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ تامامەن ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىپ قالغان. جەمئىيەت قاتتىق داۋالغۇشقا چۈشۈپ قالغان. شېڭ شىسەي بولسا، قەشقەر گارنىزون قوماندانىغا مەھمۇت شىجاڭنى خىزمەت ئىشلەپ قايتۇرۇپ ئەكىلىش توغرىسىدا تېلېگرام بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قارشى كۈچ تەييارلاشقا باشلىغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھمۇت شىجاڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن (شۇنىڭ ئالدىدا مەتىمىن ھەزرەتمۇ ئۆتۈپ كەتكەن).

شۇندىن كېيىن، ماخۇشەن رەسمىي قوزغىلاڭ قىلىپ خوتەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان، ئابدۇنىياز، كىچىك ئاخۇنلار قەشقەر رايونىدا قوراللىق ھەرىكەت باشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن "جەنۇبىي شىنجاڭ ئىسيانى" دەپ ئاتالغان چوڭ بىر پاجىئەلىك ۋەقە پەيدا

بولغان.

مەھمۇت شىجاڭ نېمە ئۈچۈن ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى؟ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى: بىرى — شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولۇش، بۇ ئۆلۈم يولى ئىدى. يەنە بىرى — سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش، بۇمۇ تۇيۇق يول ئىدى. بۇ يولنى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا مەھمۇت شىجاڭ خالىمايتتى. ئۇنىڭ كوممۇنىزمدىن قورقۇش ھالىتى ئاشۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرگەنىدى. دېمەك، ئۇرۇشسا قان تۆكۈلەتتى، ئۆزى يېڭىلەتتى.

مەھمۇت شىجاڭ كېتىش ئالدىدا، بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىلياس ئەپەندى باشلىق 100 گە يېقىن كادىرنىڭ كۆپىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى، بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە كۈچەپ كەتكەنلىكىگە ۋە ئۆز ئەتراپىدا ئىشلەۋاتقان بۇ كادىرلارنىڭ ئۇنى ھە دەپ شېڭ شىسەيگە بېقىنىشقا، شېڭ شىسەينىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىققا دەۋەت قىلىشلىرىغا ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا، سوۋېتكە قارشى ئىدىيىسىدىن بولغان.

شېڭ شىەي بولسا ئۇنىڭ "ئاسىيلىقى"نى باھانە قىلىپ، ئۆزىگە قارشى بولغان ياكى قارشى بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئادەملەرنى تازىلاش، باستۇرۇش ھەرىكىتى قوزغاپ كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. شېڭ شىسەيگە سوۋېت ياردەم قىلمىسا، ئۇنىڭ

ھەربىي كۈچى بۇ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا يەتمەيتتى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن 1937 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر تويۇن چېگرىسىدىن 40 ئايروپىلان، 20 تانكا بىلەن ئىككى (ئۈچ) قىرغىز، رۇس پولكلىرىدىن ئىبارەت سوۋېت قىزىل ئەسكەرلىرى كىرگەن. ئۇلار - نىڭ بىر قىسمى مارالبېشى، ئاقسۇ تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى يەكەن، خوتەن تەرەپكە مېڭىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىسيانىنى باستۇرغان، ماخۇشەن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن قوشۇپ يوقىتىلغان. بىر قىسمى دېرەك- سىز يوقالغان (نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم)، ئاز بىر قىسمى دۇنخۇاڭ تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. ئابدۇنىياز ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، ئەسكەرلىرى- نىڭ ئۆلگىنى ئۆلگەن، قاچقىنى قاچقان. كىچىك ئاخۇن 200 دەك ئەسكىرى بىلەن تەكلىماكانغا قېچىپ كىرىپ كېتىپ، شۇ ياقتا ئاچار- چىلىقتا ئۆلگەنىمىش. شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي قىسىملىرى ۋە ساقچى ئورۇنلىرى بۇ ئىسيانىنى باستۇرۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئادەملەرنى قولغا ئالغان، ئۆلتۈرگەن ياكى توپ - توپى بىلەن قىرىپ تاشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسيانچىلارنىڭ باشلىقلىرى، ئادەتتىكى كادىرلىرى- دىن تاشقىرى، ئەسكەرلىرىمۇ قولغا چۈشۈش بىلەنلا قىرىپ تاشلان- غان. بۇلارنى قورال تۇتۇپ قارشى تۇرغانمۇ دەيلى، قورالسىز، ئىسيانغا قاتناشمىغان ئۇيغۇر كادىرلىرىدىن، زىيالىيلىرىدىن ئاز بولمىغان ئادەملەر ئېتىپ تاشلانغان، يەنىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ھېچقانداق ۋەزىپىدىمۇ بولمىغان، ئىسيانىنى ياقلىغۇچى دەپ گۇمان قىلىنغان، ئىلگىرىكى قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان مىڭلىغان - ئون مىڭلى- غان ئادەملەر تۈرمىلەرگە قامىلىپ، قىرىپ تاشلانغان.

مەھمۇت شىجاڭ چەتكە بارغاندىن كېيىن خام خىياللار بىلەن

چەت ئەلدىن ياردەم ئېلىپ شىنجاڭنى ئازاد قىلىلغۇچى بولغان. ئۇ مەمتىمىن ھەزرەت بىلەن ئايرىم ھەرىكەت قىلىپ، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان...دەك مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئۆزلىرى بېرىپ، ياكى ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغان. كېيىن ئۇ ياپون ئىشپىيون-لۇق ئورۇنلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي بىزگە سىياسىي كۇرس دېگەن نام بىلەن يىغىپ دەرس بېرىشكە باشلىدى. ئاساسىي دەرسنى شېڭ شىسەي ئۆزى بېرەتتى. ئۇندىن باشقا مەنسۇر ئەپەندى (سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شېڭ شىسەيگە ئەۋەتكەن مەدەنىي، مائارىپ مەسلىھەتچىسى) مىللىي مەسىلىدىن، جاھانگىرلىككە قارشى ئىتتىپاقىنىڭ (فەندىخۇي) مۇشۇجاڭى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ھازىرقى ئەھۋالدىن دەرس بېرەتتى. شېڭ شىسەي بولسا ئۆزىنىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىدىن دوكلات بېرەتتى. ھەپتىدە بىر، جىق بولسا ئىككى قېتىم، بىر-ئىككى سائەتتىن سۆزلەيتتى. بىز ئۇنى مۇزاكىرە قىلاتتۇق. ئادەتتە بىز دۇبەن مەھكىمىسى ئىچىدىكى شىدالۇ دېگەن زالغا (غەربىي بىنا) توپ-لىنىپ، بىر سائەت، ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي كېلىپ دوكلات بېرەتتى. بەزى چاغلاردا ئەتىگەندە بېرىپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ-تۆتلەردە چىقىپ كېتەتتۇق. چۈشتە بىر-ئىككى-دىن جىڭموما، بىر چىنىدىن قايناقسۇ ئىچەتتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى: "ئۇلۇغ داھىمىز شېڭ دۇبەن جيەن جۇشى ئىنتايىن ئالدىراش" دەپ بىزگە كۆڭۈل قويغان بولاتتى. كېيىن-كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. بىز شىدالۇغا كىرىپ

ئۇلتۇرغاندىن كېيىن، زالنىڭ ئىچىدە قوراللىق ئەسكەرلەر بىزنى ئورىۋالاتتى. پارتىلارنىڭ ئارىسىدىكى يوللاردىمۇ بەش - ئون قەدەمدە بىردىن ماۋزېر تۇتقان ئەسكەرلەر تۇراتتى. زالنىڭ شىمال ھەم جەنۇبىدىكى ئىككى كىچىك بالكوندا بىزگە قارىتىپ ئىككى پىلىموت قويۇلغان. بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋال بولغاندا، بىزدە ئەمدى بىزگىمۇ شېڭ شىسەينىڭ كالتىكسىنىڭ ئۇچى تەگمىگىدى دېگەن ئەندىشە پەيدا بولدى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق ئۆتكەندىن كېيىن، "ۋېيدالىڭشۇ" كىرىپ ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك كۈلۈپ، چاقچاق قىلىپ، دوكلات بېرىپ چىقىپ كەتتى. كېيىنكى دەرسلەردە شىدالۇغا بويىنىمىزنى باغلىغاندەك بارىدىغان بولدۇق، يۈرەكمىز پوكۇلداپ تۇراتتى. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدۇق. مۇشۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئايلىق كۇرسىمىزمۇ تۈگىدى.

1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولسا كېرەك، ئۈرۈمچىدە تۇيۇقسىز ھەربىي ھالەت بولۇپ، خوجانىياز ھاجى باشلىق نۇرغۇن ئادەملەرنى قولغا ئالدى. مېنىڭ ئاكام ھىلالىددىنىمۇ شۇ قاتاردا تۇتۇپ كەتتى. 11 - ئايدا بىزنى خىزمەتكە تەقسىم قىلدى، مېنى ئاۋۋال سىفەن مەكتىپىگە ئەۋەتتى. ماڭا تارىخ دەرسىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۈچ - تۆت كۈن تەييارلىق قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق دەرسكە كىرىپ چىقسام، يۇقىرىدىن بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ گېزىتخانىغا بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەرگە بېرىپ ئەمدى يولداشلار بىلەن تونۇشۇپ (يولداش ئەسەت ياقۇپ شۇ يەردە تەھرىر بولۇپ ئىشلەيدىكەن) بىرەر ھەپتىمۇ ئۆتمىگەندى، يەنە "چۆچەككە بارىسەن" دېگەن بۇيرۇق كەلدى، ھەيران قالدىم. بۇيرۇققا بويسۇنۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا نارازىلىق

سۆزىنى ئاغزىمدىن چىقىرىشىم مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق قىلىپ مەن ئابلىمىت مەقسۇتوۋ، مۇھەممەت ھوسەيىن ئۇچىمىز چۆچەككە كەتتۇق. ئۇ ۋاقىتتا مىنىڭ چۆچەككە پالانغانلىقىمنى مەن نەدىن بىلەي؟ كېيىن 1940-يىلى چۆچەك ۋالىيسى جاۋ جيەنفېڭ مەن غۇلجىغا بارىمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋالغاندا ماڭا سىر قىلىپ ئېيتقاندا ئاندىن بىلدىم.

زور خۇشاللىق بىلەن بېرىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئىككى يىل جاپالىق ئوقۇش، قايتىشتىكى چوڭ ئۇمىدلەر، "ئۇلۇغ داھىنىڭ مەرھەمىتى" مانا مۇشۇنداق نەتىجىلەرگە ئېلىپ كەلدى.

# ئالتنچی باب

## چۆچەكتە ئالتە يىل

مەن 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا چۆچەككە باردىم. ئۈرۈمچىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چۆچەك گېزىتخانىسىغا بىرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. مەن بىلەن بىللە بارغانلاردىن مۇھەممەت ھۇسەيىنمۇ گېزىتخانىغا كىردى، ئابلىمىت مەقسۇتوۋ مۇئەللىم بولدى. شۇندىن باشلاپ 1943 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ئالتە يىلغا يېقىن چۆچەكتە خىزمەت قىلىپ ھايات كەچۈردۇم. بۇ ئالتە يىل مېنىڭ ھاياتىمدىكى مۇھىم بىر مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە مەن ئاق ـ قارىنى ئاساسەن تونۇۋې-لىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم؛ سەۋىيەمنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىچە ئىشلەشكە تىرىشتىم. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ مەزگىللەردە، بولۇپمۇ 1942 ـ يىلغىچە مېنىڭ ئىدىيە ھالىتىم ئاساسەن مەيدە بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى كاتېگورىيىسىدە ئىدى. مەندە سوۋېتتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا ھەۋەسكار سوتسىيالىزمچىلىق ئىدىيىسى ۋە تۇتۇق كوممۇنىزم خاھىشى بار ئىدى. شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ بۇ ئىدىيىنى كۈچەيتكەن بولساممۇ، ماركسىزمنىڭ ئىچىگە تېخى تازا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەنىدىم. مەن باشتا شېڭ شىسەيگە ئىشەنىدىم، ئۇنىڭ "ئالتە بۈيۈك سىياسەت" بىلەن نىقاپلانغان ئالدامچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بايقىيالمىدىم. شېڭ شىسەيگە بۇرژۇئا دېموكراتىك

ئىنقىلابى قىلنۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇ قەدەممۇقەدەم سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قاراپ ماڭىدۇ، دەپ ئۇمىد باغلىدىم. ئۇنىڭ سىرتسىيالىزم، ماركسىزمدىن گەپ سېتىشى، بىرقەدەر ئىلغار مەپكۇرىلارغا يول قويۇشى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت سېپىدە مەلۇم ئۇتۇقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۆپلىگەن كادىرلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقانلىقى مەندە ئاشۇنداق ئۇمىد قوزغىدى. شېڭ شىسەيگە بولغان مۇنداق خاتا تونۇش مېنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا چوقۇنۇشۇم بىلەنمۇ باغلىق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللىغان، ستالىن قوللىغان، موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كەلگەن شېڭ شىسەيدىن گۇمان قىلمىدىم. مېنىڭ ئېڭىمدا ستالىن يامان ئادەمنى قوللىمايدۇ، دېگەن دوگمىچىلىق ئىدىيىسى رول ئويناپ كەتتى. مەن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى — شېڭ شىسەينىڭ يالغان سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ياخشى كۆزىتەلمىدىم، شېڭ شىسەينىڭ نىقاپلانغان ئەسلى قىياپىتىنى كۆرەلمىدىم. بۇنى كېيىن، ئەمەلىيەت جەريانىدىلا قەدەممۇقەدەم تونۇشقا باشلىدىم.

1937 ـ يىلى دېكابىرنىڭ ئاياغلىرىدا چۆچەك گېزىتخانىسىغا كىرىپ خىزمەت باشلىدىم. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ياڭ خېلىن دېگەن ئادەم ئىكەن، ئۇ خېلى يىللىق قارشى ئېلىپ، بىر چوڭ ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى بىلەن تونۇشتۇردى. تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئاساسىي كادىرلار نىياز ئىساقى (مۇئاۋىن باش مۇھەررىر). مۇھەممەتجان ئىلھامجانوۋ (يى بودې، تەرجىمان) فۇزىيىل مەخسۇم (تەھرىر)، ئارىپ بۇرناشوۋ (تەھرىر، رۇسچە تەرجىمان)

دېگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بەزىلىرى ئىپادە بىلدۈرمىدى. بەزىلىرى سوغۇق قارشى ئالدى. مۇھەممەت ھۈسەيىن بىلەن ئىككىمىز شۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىدە چەتتىرەك قويۇلغان بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ ئىش باشلىماقچى بولدۇق.

شىرەدە ئولتۇردۇق، لېكىن ئىش يوق. گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئوقۇيمىز، رومان ئوقۇيمىز، بىزگە زادى ئىش بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئولتۇردۇق. ئاخىرى ئىش يوقلۇقى توغرىسىدا گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ياڭ خېلىڭغا كېلىپ شىكايەت قىلدۇق. شۇندىن كېيىن، بىزگە كوررېكتورلۇق ۋەزىپىسى بېرىلدى. مۇھەممەت ھۈسەيىننىڭ ئاچچىقى يامانراق ئىدى، مۇنداق ئادەملەر بىلەن ئىشلىيەلمەيمەن دەپ چىقىپ كېتىپ مۇئەللىملىك قىلدى. مەن گېزىتچىلىك ئىشىنى بىر ئۆگىنىپ باقاي، دەپ داۋاملىق ئىشلىدىم. ئاستا ـ ئاستا ئۇ يەردىكىلەر بىلەنمۇ ئاز ـ تولا كېلىشىپ قالدىم. ئارىپ بۇرناشوۋ ياخشى ئادەم ئىكەن. ئۇ، ئادەتتە (ھاراق ئىچمىگەن ۋاقىتتا) ئاز گەپ قىلىدىغان، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا سوۋېتتىن كېلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ماقالىلەرنى تاللاپ كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماقالىلىرى ئىككى خىل بولاتتى. بىرسى پەن يېڭىلىقلىرى، بىرسى تارىخ توغرىسىدىكى ماقالىلەر. ئۇنىڭ ئۆزى بىلىم سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئادەم ئىكەن. مەن بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي بىز دوست بولۇپ قالدۇق. ئۇ گاھىدا ماڭا ئەقىل كۆرسىتىپ: "سەن بارغوي سەيپىدىن، ئىشلە، قورقماي ئىشلە" دەپ مەدەت بېرىپ قوياتتى.

ياڭ خىلىندىن باشقا، تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىرقانچە ياش
خەنزۇ كادىرلار بىلەنمۇ چىقىشىپ قالدىم. ئاندىن كېيىن، مەتبەئە-
دىكى ئىشچىلار بىلەن ئىناق بولۇپ كەتتۇق. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا
ئۇلار بىلەن جىقراق پاراڭلىشاتتۇق، مېنىڭ كوررېكتورلۇق ۋەزىپەم
مەتبەئە ئىشچىلىرى بىلەن جىقراق ئۇچرىشىشقا سەۋەب بولدى.
شۇنداق قىلىپ ئاستا-ئاستا گېزىتخانىدا يىلتىز تارتىپ قالدىم.
2-يىلغا ئۆتكەندە، مېنىڭ خىزمىتىمنى كوررېكتورلۇقتىن تەھرىرلىككە
ئۆزگەرتتى. ئەمدى خېلى ئىش قىلغاندەك، ئىشىمدىنمۇ، ئۆزەمدىنمۇ
رازىدەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. يەنە گېزىتنىڭ ئاخىرقى چىگ-
ياگىنى مەن قول قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئالدىم. بۇ مەسئۇلىيەت-
چانلىقى چوڭ ئىشكەن. بۇ ۋەزىپىنى باشقىلار ئالغىلى ئۇنىمايدىكەن،
شۇڭا ماڭا ئىتتىرىشتى. مەن ئۇستۇمگە ئېلىۋەردىم. يەنە گېزىت
تارىلىش ئالدىدا بىر قاتار قاراپ چىقىش ئىشى ماڭا يۈكلەندى.
شۇنداق قىلىپ، مەلۇم دەرىجىدە مەسئۇلىيىتى بار بىر تەھرىرگە
ئايلىنىپ قالدىم.

چۆچەكتىكى گېزىتخانىدا ئىشلەش جەريانى مېنىڭ ئۈچۈن بىر
ئۆگىنىش جەريانى بولدى. ئالدى بىلەن تەھرىرلىك، نەشرىياتچى-
لىقنى ئۆگىنىش — بۇ خىزمەتتە ئادەم جىق ماتېرىيال كۆرۈشكە
مەجبۇر بولىدىكەن، ھەر خىل گېزىتلەرنى كۆرۈشكە، ھەر خىل
ژۇرناللارنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن، ئۇ ۋاقىتتا بىز سوۋېت
گېزىت-ژۇرناللىرىنى جىقراق كۆرەتتۇق. تەھرىرلىكنىڭ مەزمۇنى ۋە
ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇلاردىن پايدىلىناتتۇق. مەن «پراۋدا»، «قىزىل
ئۆزبېكىستان» گېزىتىدىن جىقراق پايدىلىناتتىم. ئۆزىمىزدىمۇ
گېزىت-ژۇرناللار ئاز ئەمەس ئىدى. يەنە بىر ياقتىن سىياسىي

ئۆگىنىش قىلاتتىم. ماتېرىيال كۆرۈش، ماقالە كۆرۈش، ھەر خىل
ئاخباراتلارنى ئاڭلاش ئارقىلىق كىشىنىڭ قاراش دائىرىسى كېڭىيە-
دىكەن. خەلقئارا ئەھۋال، ئىچكى ئەھۋال، سىياسىي-ئىجتىمائىي
كۆرەشلەر، ئىقتىسادىي ئەھۋاللار توغرىسىدا كىشىنىڭ بىلىمى ئېشىپ
بارىدىكەن. ئاندىن قالسا، نەزەرىيە ئۆگىنەتتىم. بىز سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقىدا ئوقۇغاندا ئىجتىمائىي پەنلەرنى، بولۇپمۇ ماركسىزم نەزەرىيە-
لىرىنى رەسمىي دەرس قىلىپ ئوقۇتمىغان، ئۆزىمىز ماتېرىيال
كۆرۈپ، لېكسىيە ئاڭلاپ ۋە ئېكسكۇرسىيەلەرگە قاتنىشىپ، ئۆزلۈكە-
مىزدىن ئۆگەنگەن. ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىرقانچە-
لىرىنى كۆرگەن. لېكىن دەرس ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن، ھەم
ياردەم قىلىدىغان مۇئەللىم بولمىغىنى ئۈچۈن كۆرۈشىمىزمۇ چوڭقۇر
بولمىغان. ئەمدى خىزمەت جەريانىدا سىياسىي كىتابلارنى كۆرۈشكە
ۋاقىت چىقتى (بىز سوۋېتتىن كىتابلارنى خېلى جىق ئېلىپ كەلگەن).
بىز كىتاب كۆرۈشتە نەزەرىيىدە چۈشىنەلمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى
گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ياڭ خېلىنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشى ئۈچۈن
سورىدۇق. ئۇ بىزگە ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن مەن
لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن كىتابىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ
چىقىپ، خېلى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئاندىن كېيىن «كوممۇ-
نىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ۋە باشقا ئەسەرلەرنى ئاشۇ شەكىلدە
كۆرۈشكە باشلىدىم. كىتابتىن بىرەر تېمىنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن، ياڭ خېلىن بىرنەچچە سوئال چىقىرىپ بېرەتتى، بۇ سوئال-
لارنى ئويلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلاتتۇق،
ئۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ نەزەرىيە ئۆگىنىشتە
بىرقەدەر ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ياڭ خېلىن شەرقىي شىمالدىن سوۋېت

ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن، سىياسىي سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى، كوممۇنىست بولمىسىمۇ، كوممۇنىزم تەرەپدارى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ماڭا ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلدى. مەن يەنە ئەدەبىي جەھەتتىن ئۆگىنىش قىلدىم. ۋاقىت تاپقاندا رومان، ھېكايىلەرنى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر ماقالىلەرنى جىقراق كۆرۈشكە توغرا كەلدى. ئەسلىدە مەن سوۋېتتە ئوقۇۋاتقاندىمۇ ئەدەبىياتقا قىزىققاندىم، كېيىن ئوقۇغانچە تېخىمۇ قىزىقىدىغان بولدۇم، ئاندىن كېيىن يېزىش ھەۋىسى پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ چۆچەك گېزىتخانىسىدا خىزمەت قىلىش ماڭا ھەر جەھەتتىن چوڭ ئۆگىنىش، ئالغا بېسىش جەريانى بولدى.

مەن چۆچەك گېزىتخانىسىدا ئىشلەش جەريانىدا، سائەتلەپ دەرس بېرىدىغان مۇئەللىملىكمۇ قىلدىم. دەسلەپتە سىفەن مەكتېپىدە دەرس بەردىم، يازدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۇرسى بولاتتى. ئۇنىڭدىمۇ دەرس بەردىم. كۆپرەك ۋاقىت گىمنازىيە دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس بەردىم. دەرسىم ھەپتىسىگە سەككىز-ئون سائەت بولدى، ئاۋۋال سىياسەتتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىم مەسىلىلىرى (بۇ ئاساسەن خەلقئارا ئەھۋال) توغرىسىدا لېكسىيىلەرمۇ سۆزلىدىم. ئاندىن كېيىن ئەدەبىيات دەرسى بەردىم. كېيىنكى يىللاردا تارىخ دەرسىنى قوشۇپ ئۆتتۈم. باشلاپقى بىر مەزگىل دۇنيا تارىخىنى ئۆتكەنىدىم، كېيىن جۇڭگو تارىخىنىمۇ قوشۇپ بەردى. جۇڭگو تارىخى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز بىلەتتىم، بۇ دەرسنى كەيىنىك ئىسىملىك بىر داغۇر يولداش بېرەتتى، شۇ كۈنلەردە ئۇ بىزنىڭ گېزىتخانىغا كېلىپ، ئاۋۋال تەرجىمان بولدى، كېيىن فۇشىجاڭ مەھەممەتجان ئىلھامجانوۋ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا فۇشىجاڭ

بولدی. ئاندىن ئۇ ۋاقتىم يەتمەيدۇ، دەپ جۇڭگو تارىخى دەرسىنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەردى، مەن ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان ماتېرىيالى بويىچە دەرس ئۆتەتتىم. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاشۇ ماتېرىيالدىن سىرتقا چىقىپ سوئال بەرمەيتتى. چۈنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئاشۇنچىلىك نەرسىنىمۇ ئاران ھەزىم قىلاتتى.

گىمنازىيىدە دەرس بېرىش — بۇمۇ ماڭا چوڭ بىر ئۆگىنىش بولدى. ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاۋۋال ئۆگىنىش كېرەك، ئۆزەممۇ، ھەتتا گېزىتخانىدىكى ئىشىمغا قارىغاندا مۇئەللىملىك خىزمىتىمدىن خېلى ھۇزۇرلىنىدىغان بولدۇم. قىلغان خىزمىتىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ھۇزۇرلىنىدىكەنسەن. بۇ گىمنازىيىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار خېلى جىق بولۇپ، قىزلار سىنىپى، ئوغۇللار سىنىپى ئايرىم ئىدى. ئاۋۋال مەن ھەر ئىككى سىنىپقا دەرس بەردىم. كېيىن مېنىڭ دەرسىمنى قىزلارنىڭ بىر يۇقىرى سىنىپىغا مۇقىملاشتۇرۇپ قويدى. بۇ سىنىپتا ئۇيغۇر قىزلىرى ئازراق، كۆپى تاتار، ئۆزبېك، قازاق قىزلىرى ئىدى، ئايىمۇ مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇيتتى.

چۆچەكنىڭ قىزلىرى ئەركىن، شوخراق بولىدىكەن، مىجەزىمىز چىقىشىپ قالدى، ئۇلار مېنىڭ دەرسىمنى يارىتىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ دەرسنى ياخشى ئاڭلايتتى. تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ئولىشىۋېلىپ خۇشال - خۇرام پاراڭلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىمىزدا خېلى ئوبدانلا دوستلۇق پەيدا بولۇپ قالدى. بەزى ۋاقىتلاردا تارىخ، ئەدەبىيات دەرسىگە قوشۇپ بەزى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتىم، ئۇلار بەك قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتى. بۇمۇ بەلكى مېنىڭ دەرسىمگە قىزىقىشلىرىنىڭ بىر سەۋەبى

بولسا كېرەك. كېيىنكى يىللاردا مەن سىياسەت دەرسىگە ماسلاش-
تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، سىنىپىي پەرقلەر، يۇقىرى
سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر توغرىسىدا
سۆزلەپ بېرىدىغان بولدۇم. ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭغىمۇ بەك قىزىقىدىغان
بولدى.

بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا ئىككىنچى قېتىملىق (ھېلىقى 13 يېشىمدا بىر
ھەپتە مۇئەللىم بولغىنىمنى قوشقاندا ئۈچىنچى قېتىملىق) مۇئەللىملىك
قىلىشىم ئىدى. مەن مۇئەللىملىك خىزمىتىنى بەك يارىتاتتىم، ئۆزەڭ
بىلگىنىڭنى بالىلارغا ئۆگىتىش، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە
بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشۇش، ھەقىقەتەن بەك ئوبدان خىزمەت.
قىلغان ئىشىڭنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدۇ، ئەمگىكىڭ يەردە قالمايدۇ.
سەندە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار سېنى قەدىرلەيدۇ، ئەبەدىي ئۇنتۇم-
مايدۇ. ھازىرغىچىلىك شۇ گىمنازىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئۇچراپ
قالغاندا ماڭا بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ھۆرمەت قىلىدۇ.
بۇ توغرىدا مەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېسىمگە ئالدىم، 1953-
يىلى بولسا كېرەك، مەن قەشقەرگە بارغاندا ۋاڭ ئېنماۋ، زوچى،
ئېمىنوۋ (بۇلار ئۇ ۋاقىتتا قەشقەردە ئىشلەيدىغان)لار بىلەن ئاتۇشقا
باردۇق. ئۈستۈنئاتۇشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاستىنئاتۇشقا بارغاندىن
كېيىن، ئىتاچىدىن كىرىپ، بۇيامەت بىلەن ئايلىنىپ تېجەنگە كەل-
دۇق. بىر يەرگە كەلگەندە كۆرۈك بۇزۇلۇپ كېتىپتىكەن، ئۇنى
ياساپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. بىز بىر ئېتىزنىڭ قىرىدا ئولتۇرات-
تۇق، يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆيدىن بېشىغا ئاق رومال سالغان، چاچ-
لىرىغا ئاق كىرگەن بىر ئايال كېلىپ بىز بىلەن بىرئاز پاراڭلاشقان-
دىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ كېتىپ بىر قوغۇن كۆتۈرۈپ چىقتى.

يەنە بىر ئەر كىشى بىرگە چىقىپ قوغۇن پىچىپ بىزنى مېھمان قىلدى. ئۇ ئايال بىزدىن: "قەشقەردىن كېلىشلىمۇ، ئۈرۈمچىدىنمۇ؟" دەپ سورىدى. بىز: "ئۈرۈمچىدىنمۇ بار، قەشقەردىنمۇ بار" دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ ئايال يەر ئاستىدىن ماڭسا قاراپ-قاراپ قوياتتى. ئاندىن ئۇ: "سەيپىدىن ئەپەندىم دېگەن كىشىنى بىلىشدىغانلا، بىزنىڭ ئاتۇشلۇق، مۇشۇ تېجەنلىك ئىدى." دېدى. ئىمەنوۋ "سىلى ئۇ كىشىنى نەدىن بىلىلا؟" دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئايال: "ۋاي بىلمەمدىغان، ئۇ كىشى بىزگە ئوقۇتقۇچى بولغان ئەمەسمۇ، ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمىز، دېسلە!" دېدى. كېيىن ئېمىنوۋ مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە شۇ سىلىنىڭ ئوقۇتقۇچى بارمىدۇ، ياخشى قاراپ باقسىلا" دېگەنىدى، ئۇ سىنچىلاپ ماڭا قارىدى (چۈنكى ئۇ يەردە ئۇيغۇر پەقەت ئىمىنوۋ بىلەن ئىككىمىز ئىدۇق). مېنىڭ چىرايىمدىمۇ بىر كەيپىيات سېزىلدىمۇ "ۋاي سەيپىدىن ئەپەندىم ئەمەسمۇ؟" دەپ كېلىپ قۇچاقلاپ ئامانلىشىپ كەتتى. ئايال ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ۋاق ئېنماۋ بىلەن زو چى ئىككى يولداش بۇ ئىشقا ناھايىتى ھەيران قالدى. كېيىن مەن ئايالنى ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋاللاشتۇق، سورىساق ئۇ 1935-يىلى مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان شۇ تېجەن مەكتىپىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىكەن، "ئاتلىرى نېمە؟" دېسەم، "ئېتىم ئامىنە ئەمەسمۇ، مەن 2-سىنىپتا ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇراتتىمغۇ، سىلى مېنى جىق تۇرغۇزىدىغان ئەمەسمۇ؟" دەپ جاۋاب بەردى. مېنىڭمۇ دەرھال ئېسىمگە كەلدى، ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان شۇ ۋاقىتتىكى بىر قارامۇقۇق قىز كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ئۇ ئايال بىر ياقتىن كۈلۈپ، بىر ياقتىن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى-دە، ھېلىقى ئەر كىشى بىلەن

(ئۇ ئېرى ئىكەن)، بىر داستىخاندا بىرنەچچە نان، بىر كومۇ قېتىق، ئەپچىقىپ بىزنى مېھمان قىلدى. كۆۋرۈك پۈتكۈچە بىز ئۇيىدان پاراڭلاشتۇق. ۋاڭ ئېنىماۋ، زو چى يولداشلار ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بەك تەسىرلەندى. بۇ ئىش بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى كۆرسەتتىكى، بىلىم بەرگەن، ئوقۇتقان كىشىنى ئوقۇغۇچىلار ئەبەدىي ئۇنتۇمايدىكەن. ھازىرغىچە "مەن ئۆمرۈم بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولسام ئەجەب ياخشى بولاركەن" دېگەننى ئويلاپ قالىمەن.

چۆچەكتە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە مېنىڭ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ قاتناشقان بىر ئىشىم سەنئەت، مەدەنىي ئاقارتىش خىزمىتى بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆلكە ھەم ۋىلايەتلەردە، ناھىيىلەردە ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بولاتتى. بۇ ئۇيۇشمىلار ئۆشرە-زاكات كىرىمى بىلەن مەكتەپ باشقۇرغاندىن باشقا، كۆپچىلىككە قاراپ سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى. مەن چۆچەككە بارسام سانايىنەپىسە دېگەن بىر ئۆمەك بار ئىكەن، ئازغىنا ئادەملەر بىلەن ئانچە-مۇنچە كونسېرتلارنى قويىدىكەن. بىرەر-ئىككى قېتىم بىر پەردىلىك كىچىك ئويۇنلارنىمۇ قويۇپتۇ. بەڭگى، قىمارۋازلارنى تەنقىد قىلغان بىر كىچىك ئويۇن قويۇپتىكەندۇق، بۇنى كۆرۈپ بەزى باشقا مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە: "ئۇيغۇرلار قىمارۋاز بىلەن بەڭگىدىن باشقا نەرسىنى ئوينىيالمايدۇ" دېگەن گەپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا ئۇيغۇرلار قاتتىق نارازى بولۇپ: "بىز ئۆزىمىزنى ئۆلارغا كۆرسەتمەيمىزمۇ؟" دەپ جېدەل بوپتىكەن، لېكىن كۈچى ئاجىز ئىكەن. بىزنىڭ بارغان ۋاقتىمىز دەل مۇشۇنداق ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. بىزنى كۆرۈپ ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسىدىن تارتىپ ئامبارچىسىغىچە

بىزگە يېقىنلاشتى، بولۇپمۇ ھەۋەسكار ئارتىسلار بىزگە تېخىمۇ بېيىشتى. ئۇ ۋاقىتتا سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ "تاشكەنتچىلەر" دېگەن نامى بار ئىدى. چۆچەكتە بارغان بىز ئۈچ تاشكەنتچىدىن ئۇلارنىڭ چوڭ ئۈمىد كۈتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي مېنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا باش كاتىپلىققا سايلىدى. رەئىسى بىر چالا ساۋات ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭغا جىقراق ياردەم قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن كۆپچىلىكنىڭ ياردىمى بىلەن سانايىنەپسە ئىشلىرىغا قاتناشتىم.

ئۇيغۇر سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چۆچەك سەھنىسىدە باشقا مىللەتلەردىن ئۆتۈپ كېتىش، دېگەن قارارغا كەلدۇق. تاتارلاردىن ئۆتۈشىمىز قىيىن ئىدى. ئۆزبېكلەر، تاتارلار خېلى مۇرەككەپ ئويۇنلارنى قويىدىكەن، بولۇپمۇ تاتارلار ئىچىدە ھەۋەسكار زىيالىيلار جىقكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەيپۇللىن دېگەن مەخسۇس ئوقۇغان بىر رېژىسسورى بار ئىكەن، ئۇنىڭ رولى چوڭ ئىكەن. بىز: "تاتارلارغا يېتىشىپ ئېشىپ كېتىش" دېگەنگە كۆزىمىز يەتمىسىمۇ، غەيرەت بىلەن مۇشۇ قارارنى قىلدۇق. ئاۋۋال ئادەم سانىنى كۆپەيتتۇق، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئاندىن قالسا موزدۇزلار، ساتىراشلار، سەيپۇڭلار ۋە ئائىلىدىكىلەردىن سەنئەتتىن بىرئاز خەۋىرى بار، ئانچە-مۇنچە دۇتار-راۋاپ چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغانلارنى توپلىدۇق. ئۇلارنى مۇزىكىچى، كونسېرتچى قىلىپ ئىككىگە بۆلدۇق. كېيىنرەك بىزنىڭ ئۆمىكىمىز يالغۇز كونسېرتچى بولۇپلا قالماستىن، دراممۇ ئوينايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ھەممىمىز ھەۋەسكارلار بولغانلىقتىن، ئىشتىن تاشقىرى كەچقۇرۇن مەشغۇلات قىلاتتۇق. ئىشتىن چۈشۈپ تاماق يېگەندىن

كېيىنلا ئۆيۈشمىغا يىغىلىپ، سائەت 10 ـ 11 گىچە، ئالدىراش ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ئىشلەيتتۇق، گاھىدا يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ دەم ئالمايتتۇق. ھەۋەسكار دېسە ھەۋەسكارنىڭ تازا ئۆزى بولدۇق. ھېچكىمگە تەشۋىق قىلىش ھاجەت ئەمەس ئىدى، ھەممەيلەندە دېگۈدەك بىر خىل ئاكتىپ، ھەرىكەتچان سەنئەتكە بېرىلىش كەيپىياتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كېيىنرەك ئايىمنىمۇ مەكتىپىدىن سوراپ كەچلىكى ھەرىكىتىمىزگە قاتناشتۇردۇق. ئۇلارنىڭ گىمنازىيىسى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كونسېرتلىرىنى قويۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئايىم ئۇسسۇل، ناخشىلارغا چىقاتتى، قارىساق، ئۇلارنىڭ ماھارىتى يامان ئەمەس. كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە مەن ئۇلارغا بىر پەردىلىك «18 ـ سېنتەبىر» ناملىق سەھنە كىتابى يېزىپ بەردىم ھەم ئۇنى قويۇشقا ياردەم قىلدىم، ئۇنىڭ مەزمۇنى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋاقتىدا شەرقىي شىمال تاغلىرىدىكى ئايال پارتىزانلارنىڭ كۈرىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئايىم مۇھىمراق رولغا چىقىپ، خېلى تۈزۈك ئوينىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بىز «قانلىق داغ» ناملىق سەھنە كىتابىنى قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي رول روشەنگۈل ئۈچۈن ئەرتىستكا تاپالمايۋاتاتتۇق، ئايىمنى مەكتىپىدىن سوراپ ئەكىلىپ شۇ رولغا قاتناشتۇردۇق. بىرىنچى قېتىم دىرامىغا قاتنىشىشىغا قارىماستىن ئۇ، خېلى ياخشى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن سانايىنەپىسىمىزگە قوشۇۋالدۇق.

سەنئەت ئىشلىرىمىز كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كونسېرتتا خېلى ئىلگىرىلەشتىن باشقا، بايىقى «قانلىق داغ» دىرامىسىنى قويدۇق، 1939 ـ يىلدىن باشلاپ

بىرقانچە سەھنە كىتابلىرىنى قويدۇق. مەسىلەن، «شانلىق غەلبە» (ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا)، «چاقىرىلمىغان مېھمانغا سوۋغا» (ياپونغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا)، «باي ۋە مالاي» (ھەمزە ھېكىم-زادىنىڭ ئەسىرى، بۇ ئەسەرنى مەن شىنجاڭ شارائىتىغا مۇۋاپىقلاش-تۇرۇپ بىرئاز ئۆزگەرتكەنىدىم)، «ئانارگۈل»، «ئارشىن مال ئالان» (تەييار قىلىپ قويالماي قالدۇق) ۋە «ئىككى بايغا بىر مالاى» ھەم «خىيالىي دوختۇر» قاتارلىق كىتابلارنى قويدۇق. 1941 - يىلغا كەلگەندە خېلى تەرەققىي قىلىپ، باشقا مىللەت سانائىنەپىسلىرىدىن ئۆتۈپ، تاتارلارغا يېتىشىپ قالدۇق. ئاخىرى 1942 - يىلى بولسا كېرەك، «ئىككى بايغا بىر مالاى» دېگەن كىتابنى (بۇ ئىتالىيىلىك مەشھۇر دراماتۇرگ كارلو گولدونىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، خېلى داڭقى چىققان ئەسەر ئىدى) قويغاندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنى تاتارلاردىن ئېشىپ كەتتۇق دەپ ھېسابلىدۇق. بۇنى بىزلا ئەمەس تاتار رېژىسسور سەيپۇللىنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلغانىدى. چۆچەكتىكى سوۋېتلىكلەر (كونسۇلخانا خادىملىرىدىن باشقا "ساۋ سىن تورگ" دەپ ئاتالغان سودا ئورنىنىڭ خادىملىرى قوشۇلۇپ سوۋېتلىكلەر خېلى جىق بولىدىغان)نىڭ تەلىپى بىلەن ئۇلارغا مەخسۇس قويۇپ بەردۇق. سوۋېتلىكلەردىمۇ خېلى ياخشى ئىنكاس چىقتى. ئۇلار چۆچەكتە بۇ كىتابنىڭ مۇشۇنچىلىك سەۋىيىدە قويۇلۇشىغا ئىشەنمەپتىكەنمىش.

مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن ئۆزەمنى، ئاشۇ بىزنىڭ ھەۋەسكار ئارتىسلىرىمىزنى ماختىۋالماقچى ئەمەسمەن، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ يازغان ۋە قويغان كىتابلىرىمىز، كونسېرتلىرىمىز ھازىرقى سەۋىيە بىلەن ئۆلچىگەندە خېلى تۆۋەنلىكتە گەپ يوق. ئاما

ئاشۇ ۋاقىتتا، شۇ شارائىتتا، ئاشۇ موزدۇز، ساتىراشلار ۋە ھەۋەسكار زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر بىلەن ئاشۇنداق خىلى چوڭ ـ چوڭ كىتابلارنى شۇ سەۋىيىدە قويالىشىمىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسەن ئۆزىمىز يازغۇچى، ئۆزىمىز رېژىسسور، ئۆزىمىز سەھنە دېكوراتسىيىچى، ئۆزىمىز ئارتىس، ھەم مۇزىكانت، ھەم كونسېرتچى، ھەم دىرامچى، ھەم سەھنىدە قويالىغۇچى ئىدۇق. ئىشقىلىپ، قولىدىن كەلگەننى ئايىماي قىلىدىغان بىر ئاكتىپ كوللېكتىپ ئىدۇق. بۇنداق قىلىشتىن ئالىدىغان چوڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت يوق. تاپقان كىرىم ـ نىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئارتىسلارغا بۆلۈپ بەرسەكمۇ بۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. پۇل ئۈچۈن دەپ سەنئەتكە قاتناشقان بىرەر كىمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ئۆمىكىمىز راستى بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي ھەۋەسكار، چوڭ يۈرەك، كۈرەشچان بىر ئۆمەك ئىدى. ھازىرقى شارائىتنى تارازا قىلىپ ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىكى شارائىتتىن تۇرۇپ بۇ سانايىسنەپىسىگە ۋە ھەۋەسكار سەنئەت خادىملىرىغا يۇقىرى باھا بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

چۆچەك ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىلىك پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىگە تەسىرى زور بولغان، شۇ ئۆمەكتە يېزىپ سەھنىگە قويۇلغان بىرنەچچە سەھنە كىتابى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بېسىلىپ ئۆلكە بويىچە تارقىتىلىپ بىرقانچە جايلاردا سەھنىگە قويۇلغانىدى.

چۆچەكتىكى مۇشۇ بىرمەزگىل ئىچىدە ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمىلەرنى يېزىپ باققان بولدۇم. بىرىنچى بولۇپ 1938 ـ يىلى «بىرلىك سەپ» دەپ بىر شېئىر يازدىم. ئۇ ۋاقىتتا

بىرلىك سەپ دېگەن ئالاھىدە تەشۋىق قىلىنىدىغان بىر تېما ئىدى.
ئۇ شېئىرنى ئويلىسام نېمىشقا يازدىم، قانداق ئىدىيە بىلەن يازدىم،
ئۆزەممۇ ھەيران قالىمەن. لېكىن ئۇ بىرىنچى قېتىم يازغان نەرسەم
بولغانلىقتىن يادىمدىن چىقمايدۇ. ئاندىن كېيىن «يېتىم توختى»
دېگەن ئۇزۇنراق بىر ھېكايە يازدىم، بۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ ئېزىلى-
شى، سىنىپىي كۈرەش، ئاخىر توختى دېگەن بىر بالىنىڭ تىرىك
پېتى تۇغ ئاستىغا بېسىلىشى يېزىلغانىدى. قەشقەر تەرەپلەردە،
دەريالاردا توسقان توسۇقنى سۇ ئەكتىپ توختىمىغاندا، تۇغ
(توغان) ئاستىغا توختى ياكى تۇردى ئىسىملىك ئادەمنى تىرىك
باسىدىغان خۇراپىي قىلىق بار ئىدى. بۇ ھېكايە ئاشۇنداق ھادى-
سىنى تېما قىلغانىدى. ھېكايە «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىغا چىققاندىن
كېيىن تۇزۇك ئىنكاسلار بولدى. ئۆزەممۇ خېلى رازى بولۇپ
قالدىم، كېيىن، شېئىرچىلىقنى قويۇپ ھېكايىچى بولسام بولغۇدەك،
دېگەن ئويغا كەلدىم. ئاندىن كېيىن «ئاچچىق خاتىرە»، «شانلىق
قۇربان»، «زامانقۇل»، «ئىككى مەنزىرە» دېگەن ھېكايىلەرنى
يازدىم. «زامانقۇل» بىر خۇسۇسىي مۇنچىچىنىڭ مۇنچىسىدا ئىشلەيدى-
غان زامانقۇل دېگەن قازاق بالىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئىدى.
ئاندىن چوڭراق بىر يازغان ھېكايەم (بۇنى پوۋېست دېيىشمۇ
مۇمكىن) ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئېلىپ يېزىلغان «يادىكار» دېگەن
ئەسەر بولدى. ئاندىن بىزنىڭ سانايىنەپىسىمىزنىڭ تەلىپى بىلەن
سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىشقا ياكى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم. يېزىلغان
سەھنە كىتابلىرىنىڭ بىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان «18-سېنتەبىر»، يەنە
بىرى «شانلىق غەلىبە» (بۇ تولۇق بىر كىچىلىك كىتاب بولۇپ،
ياپونغا قارشى كۈرەش تېما قىلىنغان) ھەمزە ھېكىمزادىنىڭ «باي

ۋە مالاي» دېگەن ئەسىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ۋە شىنجاڭ شارا-ئىتىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ چىقتىم. يەنە يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئىككى بايغا بىر مالاي»نى قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدىم. يەنە بىرسى «چاقىرىلمىغان مېھمانغا سوۋغا» — بۇمۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن ئېلىنغان. بۇ سەھنە كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەھنىگە قويۇپ ئوينىدۇق، ھېكايىلەر ژۇرنالغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلىققا خېلى ھەۋەس پەيدا بولۇپ قالدى. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر قولۇمدا يوق. ئىككى ھېكايە، بىر سەھنە كىتابى ساقلىنىپ قاپتۇ.

مېنىڭ يازغان ئۇ ئەرسىلىرىم شۇ ۋاقىتتىكى ئىدىيەمنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، ياپونغا قارشى كۈرەش، مىللىي ئىنقىلاب مەزمۇنى بار ئىدى. ھازىرقى تەلەپ ۋە سەۋىيىدىن ئالغاندا، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنىڭدا جىق يېتىشسىزلىكلەر، ھەتتا خاتالىقلار بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنداق بولغاندىمۇ ئۇ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ھەۋەسكارلىقىمنىڭ باشلانغۇچ مەھسۇلاتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىققان ياشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ئەھمىيىتى بار. شۇڭلاشقا مەن ئۇلارنى يادىمدىن چىقىرالمايمەن.

چۈچەكتىكى ئالتە يىللىق ئۆمۈر مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمدىن ئالغاندا، ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم قاتتىق ئېغىرچىلىقنى كەچۈرگەن مەزگىللەر بولدى. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئايىم بىلەن تۇرمۇش قۇردۇق. بىزنىڭ بۇ تۇرمۇشىمىز ئويلىمىغان ئەھۋالدا بولۇپ قالدى. ئايىم ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىگە قاتنىشىپ يۈرگەن

ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىرلىقى بىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئانىسى، ياسىن، قاسىم، تۇرسۇنئاي، ئايىم بىلەن تۆت بالا بىر ئائىلە بولۇپ، كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. دادىسى ئەسلى خۇمدانچى بولۇپ، كەمبەغەلرەك تۇرمۇشتا ئۆتكەنىكەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئايىمغا مەكتەپتە ئوقۇشنى توختىتىپ، خىزمەتكە كىرىپ ئائىلىنى بېقىشقا توغرا كەپتۇ. مېنىڭ چۆچەكتە تۇرمۇش قۇرۇش نىيىتىم يوق ئىدى. ئانام قەشقەردە يالغۇز بولغاچقا، قەشقەرگە كېتىپ ئانامنى باقماقچى ئىدىم. ئامما، ئايىمنىڭ داۋاملىق ئوقۇشى، ئائىلە قىيىنچىلىقىنى بىللە تارتىش ئۈچۈن بالدۇرراق تۇرمۇش قۇرۇشقا توغرا كەلدى.

بىزنىڭ تويىمىز ئادەتتىكى كەمبەغەل كادىرنىڭ تويى بولدى، مەن ئۇ ۋاقىتتا 40 سوم مائاش ئالاتتىم (بۇ ھازىرقى 50 ـ 60 يۈەننىڭ قىممىتىگە توغرا كېلەتتى). بۇنچىلىك پۇل بىلەن تۇرمۇشنى قامداش ئۈستىگە يەنە تويىنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ ئاغىنىلەر ياردەم قىلدى، بولۇپمۇ نىسا ئاچام (بۇ كىشى بىزگە تۇغقان بولۇپ، مەن چۆچەككە بارغان كۈندىن تارتىپلا ئانامدەك مېھرىبانلىق قىلغانىدى) ۋە مەھەممەت نىياز قارىمنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن بىرنېمە قىلىپ تويىنى ئۆتكۈزدۇق. ئايىمغىمۇ تۈزۈكرەك بىرقۇر كىيىم ئېلىپ بېرەلمىدىم. ئالغانلىرىممۇ ئاشۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن چىقالمايدىغان ئاددىي نەرسىلەر بولدى. ئۇلارمۇ مەندىن تويلۇق تەلەپ قىلمىدى. تويىمىز مۇشۇنداق كەمبەغەل توي بولسىمۇ، كۆڭۈللۈك توي بولدى. دوست ـ ئاغىنىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىشىپ، بولۇپمۇ بىزنىڭ

سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى چالغۇچىلار، ئارتىسلار كېلىشىپ، ئەل نەغمە، ئۇسسۇل ـ ناخشا بىلەن توينى قىزىتىۋەتتى.

بۇ ئائىلىگە 40 سوم كىرىم كېرەتتى، لېكىن بەش ئادەمگە يەنە مەن قوشۇلۇپ ئالتە بولدۇق. بىر يىلدىن كېيىن ئايىم مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، گېزىتخانىغا خىزمەتكە كىرىپ، 30 سوم ئايلىق ئالدى، كىرىم 70 سومغا يەتتى، شۇنىڭدىمۇ يېتىشمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئادەتتىكى تاماق ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر، ياسىن بىلەن قاسىمنىڭ ئوقۇش راسخوتى، قاتارلىقلارغا خېلى پۇل كېتەتتى.

1940 ـ يىلى قىشتا ئانام مېنى كۆرۈش ئۈچۈن قەشقەردىن چىقىپ ئىلىغا كەلگەندە ئاغرىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەنمۇ بارىمەن دەپ جىق ھەرىكەت قىلىپ كەتتىم، زادى رۇخسەت قىلمىدى. شۇ ۋاقىتتا جاۋ جيەنفېڭ دېگەن ئادەم ۋالىي بولۇپ، ماڭا خېلى غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئەھۋالىمنى ئېيتىپ قاتتىق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا مېنىڭ ئەسلىدە چۆچەككە پالىنىپ كەلگەنلىكىمنى، شېڭ دۇبەننىڭ رۇخسىتىسىز چۆچەك شەھىرىدىن چىقىشىمغا بولمايدىغانلىقىنى، ئىككى قېتىم ئۈرۈمچىگە تېلېگرامما بېرىپ رۇخسەت ئالالمىغانلىقىنى، يەنە تىرىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ماڭا كۆڭۈل قويدى. ئاخىر شۇ يىلى (1940 ـ يىلى) يازدا پەقەت بىر ئايدىن ئاشماسلىق ۋە چوقۇم چۆچەككە قايتىپ كېلىش شەرتى بىلەن ئۈرۈمچىدىن رۇخسەت كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئايىم بىلەن ئىككىمىز 40 سومغا ماشىنا بېلىتى ئېلىپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. 40 سومدىن ئارتۇق ھېچقانچە پۇلىمىزمۇ يوق ئىدى. يولدا يېرىم ئاچ، يېرىم توق دېگەندەك بىر چارىلەرنى قىلىپ غۇلجىغا بارساق ئانام ئاللىقاچان ۋاپات بوپتىكەن، ئايىم بۇنى بىلىپتىكەن،

لېكىن ماڭا ئېيتماپتىكەن، ئەلەم بولدى. يىغلاپ قاقشىدۇق. ئاندىن
بىر ئايغا يېقىن قالغاندا قايتماقچى بولدۇق. لېكىن كىراغا پۇلىمىز
يوق، شۇ يەردىكى پۇلدار تۇغقانلىرىمىزدىن ياردەم سورىدۇق.
ئەسلى چۆچەكتىن چىقىش ۋاقتىدىمۇ قايتىشتىكى ماشىنا بىلىتىنى
تۇغقانلىرىمىز ياردەم قىلار دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلگەن. ئىش
بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك چىقمىدى، بېشىمىزغا كۈن چۈشتى. ۋاقتىدا
قايتىپ بارمىساق جازاغا تارتىلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئاخىر ئەڭ
يېقىن "قەدىردان" تۇغقۇنىمىزدىن بىرسى ئانام قالدۇرۇپ كەتكەن
بىر جۈپ بىرلىيانت هالقىنى چىقىرىپ، مۇشۇ هالقا مەندە قالسا،
مەن 40 سوم پۇل بەرسەم، دېدى. ئۇ بىر جۈپ هالقىنىڭ قانچە
پۇلغا توختايدىغانلىقى بىلەن كارىم بولمىدى، ماڭا پەقەت 40 سوم
بولسىلا بولاتتى. ئىلاجى يوق 40 سومنى ئالدىم، كېيىن ئاڭلىسام،
ئانام ۋاپاتى ئالدىدا: "سەيپىدىننى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، خوتۇنى-
نىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، ماۋۇ هالقىنى ئاشۇ كېلىنىمنىڭ قولىقىغا
سېلىپ قويۇڭلار" دەپ ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن.
بىر ئاي بولغۇچە هالقا بارلىقىدىن گەپ يوق، تازا پۇلدىن قىسىلغان-
دا ئاندىن هالقىنى چىقىرىپ، بىر قولىدا هالقا، بىر قولىدا 40
سوم تەڭلىگەنلىكى بەك ئەلەم قىلدى. پۇلسىزلىقنىڭ، كەمبەغەل-
لىكنىڭ دەردى يەتتى. ئانامنىڭ يادىكارىنى ئالالماي 40 سوم
ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. يەنە ئانامنى ئويلاپ كۆز يېشى قىلدۇق،
ئاخىر "پۇلغا هېرىس بولغان ئادەمنىڭ يۈرىكى قاتتىق بولىدىكەن"
دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، بىلەت ئېلىپ چۆچەككە ماڭدۇق.
هازىرغىچە ئاشۇ هالقا بىلەن 40 سوم مەسىلىسىنى ئويلىسام، هالقىغا
ئەمەس، ئاشۇ تۇغقىنىمنىڭ قىلمىشىغا يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىش-

تاندەك قىلىدۇ. ئەمدى ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. بۇ يەردە مەن تۇرمۇش قىسلىقىنى، ئاندىن بايلارنىڭ يۈرىكى قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئانام بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىك ئارمانىمنى دېمەكچىمەن.

پالاكەتنىڭ چوڭى يولدا بولدى. كېتىش ئالدىدا گۇڭئەنجۇيگە يول خېتىگە بارسام، بىرسى يول خېتىنى كېسىپ ئەمدى قولۇمغا بىرىپ تۇراتتى، ئىچكىرىدىن ساقچى كىيىمىنى كىيگەن، ئۇزۇن بۇرۇتلۇق، سېمىز بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ موللاخۇن دېگەن ئادەم ئىكەن، مەن بۇ ئادەمنى كۆرمىسەممۇ ئېتىنى ئاڭلىغانىدىم. كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى غەزەپلىنىپ تىلغا ئالىدىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: "ھە، سەيپىدىنمۇسىز، قايتماقچى بولدىڭىزمۇ؟" دېدى ـ دە، قولۇمدىكى يول خېتىنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەپچىقىپ بەردى. ئىشقىلىپ ساقچىنىڭ يول خېتى بار دەپ خاتىرجەم يولغا چىقتۇق. نەدىكى خاتىرجەملىك بولسۇن؟ چۆچەككە كەلگۈچە بولغان تۆت كۈنلۈك سەپەرنى ئەنسىزلىك ۋە قاتتىق ئەندىشە بىلەن ئۆتكۈزدۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا يوللاردا ساقچى ئورۇنلىرى يول خېتىنى قاتتىق تەكشۈرىدىكەن. قەيەردە ساقچىنىڭ ئالدىغا كەلسەك، يول خېتىمىزنى يىغىپ ئەكىرىپ كېتىدۇ، چىقىپلا: "سەيپىدىن دېگەن قايسىڭ؟" دەپ توۋلايدۇ. "مەن" دېسەم، "ماشىنىدىن چۈش!" دەيدۇ. ئايىم بىلەن ئىككىمىزنى ئەكىرىپ ئاۋۋال مېنىڭ سول قولۇمنى ئېچىپ قارايدۇ ـ دە، (ئاشۇ يول خېتىگە مېنىڭ سول قولۇمنىڭ باشمادىقى يوق دەپ يېزىلغان بولسا كېرەك) ئاندىن چامادانلىرىمىزدىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزگىچە ئاختۇرۇپ تەكشۈرىدۇ. كېيىن سوراق قىلىشقا باشلايدۇ، ھېچنېمە تاپالماي قويۇۋېتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ بىرەر سائەتكىچە ۋاقىتنى ئالىدۇ. ساقچى ئورۇنـ

لىرى بار يەرگە يېقىنلاشقانچە يۈرىكىمىز جىغىلدايدۇ، ئايىم يىغلاشقا باشلايدۇ. ئۇ، ياش، مېنى تۇتۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قورققان بولسا كېرەك. دېمەكچى، مەنمۇ ئەندىشە قىلىپ قالدىم. ئىلىدىن دۆربىلجىنگە كەلگۈچە چوڭ ـ كىچىك ئوندىن ئوشۇق ساقـ چىدىن ئاشۇنداق تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق كۆلكىلىك ئىككى ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىرى، شىخودىكى تەكشۈرۈشتە، يانچۇق دەپتىرىمنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ، (لاتىن يېزىقى بىلەن يول خاتىرىسى يېزىلغان) "بۇنىڭغا نېمە يازدىڭ؟ ئېيتىپ بەر" دەپ سوراق قىلغىلى تۇردى، مەن "مۇشۇنداق يول خاتىرىسى" دېسەم ئىشەنمەي قىستاۋەردى، ئانداق بولسا ئوقۇپ باق دېسەم، (ئۇ خەنزۇ بولغانلىقىدىن نەدىن ئوقۇيالىـ سۇن، يەنە كېلىپ لاتىن يېزىقى) "سەن ئۆزەڭ ئوقۇپ بېرىسەن" دېدى. مەن "ئەگەردە مەن بۇنىڭدا خاتا نەرسە بولسا مەن راستىنى ئوقۇپ بېرەتتىممۇ؟" دېسەم، "راستىنى ئوقۇمىساڭ قامايـ مەن!" دېدى، ئوقۇپ بەردىم. ئاندىن ئۇ ئۇستەلگە ئۇرۇپ: "زادى راست ئوقۇدۇڭمۇ؟" دەپ ۋارقىرىدى، مەن: "ئىشەنمىسەڭ ئوقۇتۇۋال" دېسەم ئىلاجى يوق قويۇۋەتتى. يەنە بىرى، چېپچەيزى دېگەن رايوننىڭ ساقچىسىغا كەلگەندە ئاختۇرۇپ بولۇپ قاتتىق سوراق قىلغىلى باشلىدى. "سەن يوشۇرۇن تەتۈر ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ئادەم، راستىڭنى ئېيتىسەن" دەيدۇ. قولۇمدىكى چۆچەك گېزىتخانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى بەرسەم "بۇنى ياسىۋالغانسەن" دەيدۇ. "سەن چۆچەكتىن سورا، تېلېفون بېرىپ" دېسەم، تۇرۇپ ئۇ "چۆچەك گېزىتخانىسىنىڭ دەرۋازىسى قايسى تەرەپكە قارايدۇ؟" دەپ سورىدى. مەن كۈلۈپ: "گېزىتخانىنىڭ خىزمەتچىسى بولمىغان

ئادەممۇ چۆچەكلىك، ياكى چۆچەككە بارغانلا بولسا، گېزىتخانىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلىدىغۇ؟ بۇ سوئالىڭ تازا دۆتلۈك ئەمەسمۇ؟" دېدىم. ئۇ ۋارقىراپ، تىللاپ شالىنى چېپىپ باقتى: "سەن راستىڭنى ئېيتمىدىڭ، قامايمەن" دەپ پوپوزا قىلدى. شۇ ۋاقىتتىچە بىز ئولتۇرغان ماشىنىدىكى بىر ھەربىي ئادەم ساقچى باشلىقىغا: "تەكشۈرۈشىڭنى چاققان تۈگەت، كېتىمىز" دەپ ئالدىرىتىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ ساقچى باشلىقىغا قاراپ: "مۇشۇ بېشىڭ بىلەن سەن بىر پەيچۇسنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇردۇڭمۇ؟ تامادى" دەپ تىللىدى ـ دە، مېنى يۈر دەپ باشلاپ ئەپچىقىپ كەتتى.

مۇشۇنداق قىينچىلىق، ئەندىشە، يەنە ئاشۇنداق كۈلكىلىك ئىشلار بىلەن چۆچەككە كەلدۇق. گۇڭئەنجۈينىڭ ئالدىغا كەلگەندە سابىر دېگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت بىزنىڭ يول خېتىمىزنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. "مۇشۇ خەتلەر بىلەن قانداقمۇ كەلگەنسىلەر" دېدى ئۇ. "ئۇنى نەدىن بىلدىڭ؟" دېسەم، يول خېتىنىڭ يۇقىرىسىغا ماشىنكا بىلەن بېسىلغان خەنزۇچە بىر قىزىل ھەرپىنى كۆرسىتىپ: "مۇشۇ گۇمانلىق ئادەم دېگەننىڭ بەلگىسى" دېدى. شۇ يەردە مەسىلە ئايدىڭلاشتى. ئەمدى ئويلىسام، ھېلىقى غۇلجا ساقچى ئىدارىسىدىكى موللاخۇن دېگەن خەتنى ئەكىرىپ كېتىپ ئاشۇ قىزىل ھەرپنى بېسىپ قويۇپتىكەن. خەنزۇچە بىلمىگەنلىكىنىڭ تازا دەردى ئۆتۈلدى. بىلگەندىمۇ ئۇ قىزىل خەتنى ئۆچۈرۈۋېتىشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى. بىراق سىبىت نوچى ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ بارغاندەك، "گۇمانلىق" دېگەن يول خېتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شۇنچە قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ كېتىپتىمىز.

1942 ـ يىلغا كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش سېزىلىشكە باشلىدى. بىز گېزىتخانىدا ئىشلىگەندىن كېيىن بالدۇر-راق سېزىۋالغان بولساق كېرەك، گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ياڭ خېلىن بىركۈنى مېنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، شېڭ شىسەينىڭ قەيەر-دىدۇ بىر يەردە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنى بېسىلغان خەۋەرنى ماڭا كۆرسىتىپ: "ماۋۇ خەۋەرنى ياخشى ئوقۇ، سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولغىلىۋاتىدۇ" دېدى. شۇنداق بولسىمۇ بىر ياقتىن دىققەت قىلىپ، بىر ياقتىن بوشاشماي ئىشلەۋەردۇق. بۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت-گېرمان سوقۇشى باشلىنىپ خېلى ئۆتكەن، ئىچكى جەھەتتە ياپونغا قارشى ئۇرۇش، خەلقئارادا فاشىزمغا قارشى كۈرەش كەڭ قانات يايغاندى، ئەھۋاللار جىددىي ئىدى. گېزىتىمۇ خېلى ئالدىراش بولدۇق. ماڭا يەنە رادىئودا ئۆزبېكىستان — تاشكەنت رادىئوسىدىن خەلقئارا خەۋەر ئېلىش تاپشۇرۇلغاچقا، ئاخشىمى بۇنىڭ بىلەنمۇ بىر ـ ئىككى سائەت ئولتۇرۇش كېرەك ئىدى.

شېڭ شىسەينىڭ سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىش بارا ـ بارا تېخىمۇ ئوچۇق بىلىنىشكە باشلىدى. 1943 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بىر بىدە شىنجاڭ-دا گومىنداڭ داڭبۇسى قۇرۇلغاندا، چۆچەكتىمۇ ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك شۆبىسى قۇرۇلدى. ۋالىي، ساقچى ئىدارە باشلىقلىرى ئۆزگەردى، شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئايىم بىلەن ئىككىمىز خىزمەتتىن ھەيدەلدۇق. شۇ كۈنى ياڭ خېلىن بىزنى چاقىرىپ ئەكىرىپ: "سىلەرنى خىزمەتتىن چىقىرىش توغرىسىدا تۈنۈگۈن ئۈچىنچى قېتىملىق قەتئىي بۇيرۇقنى ئالدىم، ئەمدى ئىجرا قىلماي ئىلاجىم يوق" دەپ بىزگە ئۇقتۇردى. يېزىپ تەييارلاپ قويغان، چۆچەك گېزىت-خانىسىدا بىرقانچە يىل ئوبدان ئىشلىگەن گۇۋاھنامە بىلەن ئىككى-

مىزگە ئىككى ئايلىقتىن مائاشىمىزنى قوشۇپ بەردى. ئۇ كۆز يېشى قىلىپ بىزنى ئۇزىتىپ، ماڭا: "پەخەس بولۇڭ، ئىلاجى بار چۆچەك-تىن يۆتكىلىپ كېتىڭ" دېدى.

ئەمدى تۇرمۇشتا تېخىمۇ قىيىنچىلىق باشلاندى، ئىلگىرى مائاشىمىز يەتمەي قىينالغان بولساق، ئەمدى ئۇمۇ يوق بولغاندى. باشقا يەردىن خىزمەت ئىزدىسەك، خىزمەت بەرمىدى. مېنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ (ئاۋۋال باش كاتىپ بولۇپ، كېيىن مۇئاۋىن رەئىس بولغانىدىم) يەنە باش كاتىپ قىلىپ قويغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ بوشاتتى. ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى ئاۋۇت هاجى دېگەن كىشى "ئىلاجىمىز يوق" دېدى ۋە مېنىڭ قىيىنچىلىقىمغا قاراپ، ئۇيۇشمىنىڭ بوغالتىرلىقىنى قىلساڭ، دېدى. بۇنى مېنىڭ بىر ئاغىنەم قېيۇم دېگەن ئادەم بىلەن (ئايىمىنىڭ تۇغقىنى ئىدى) مەسلىھەتلەشتىم. ئۇ بوغالتىرلىقتا ئۇستا بولىدىغان، ئۇ ئادەم: "ۋەزىپىنى ئېلىۋەر، مەن ياردەم قىلىمەن" دېدى. ماڭا دەپتەرلەرگە جەدۋەللەرنى سىزىپ بېرىپ، قەيەرگە قانداق يازىدىغانلىقىمنى، قەيەرگە نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ، قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردى. شۇنداق يېزىپ بىر ئاينى تۈگەتكەندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى دەپ، مېنى بۇ خىزمەتتىنمۇ چىقىرىۋەتتى.

مەن كىچىكلىكىمدە سەيپۇڭچىلىقنى ئاز - تولا ئۆگەنگەنلىكىمدىن، لەتىپجان دېگەن بىر سەيپۇڭغا ئىمكار بولۇپ ئىشلىدىم. لەتىپجان خېلى تۈزۈك ئاغىنە بولۇپ، بىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا قاتنىشىپ يۈرگەنىدى، ئۇنىڭ دۇكىنىدا بىر ئاي ئىشلەپمۇ پۇل تاپالمىدىم ۋە بۇ بىر ئاينىمۇ ناهايىتى قىيىندا ئۆتكۈزدۇق. ناۋاي - قاسساپتىن

قەرزگە نان، گۆش ئېلىپ يېدۇق، ئۇلار ئالدىرىتىۋەرگەنلىكتىن، ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇستامغا بىرئاز پۇل بېرەملا دېسەم، ئۇ "نىمكار دېگەنگە پۇل ئاسانلا كەلمەيدۇ، بىر-ئىككى، ئۈچ ئاي ئىشلەپ باققاندىن كېيىن ھۈنەرنى كۆرۈپ ئاندىن كېيىن پۇل بېرىدىغان ئىش" دېدى. قارىسام پوزىتسىيىسى يامان، ھېلىقى ئاغىنىچىلىقنىڭمۇ ئەسىرى يوق. شۇ يەردىن خاپا بولۇپ، پۇلۇڭمۇ كېرەك ئەمەس، دەپ چىقىپ كەتتىم.

يەنە ئىش تاپالمىدۇق، بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىدىكى يولنىڭ ئۇ چېتىدە ئىمىن ئىسلام دېگەن ئادەمنىڭ كىچىككىنە بىر ئاشخانىسى بار ئىدى. بۇ ئادەم بىلەن خېلى يېقىن ئىدۇق. بىر قاتار ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىگە ئوخشاش بۇ ئادەممۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ بەك ئېچىنىپ، بەزىدە تۆت سەر-يېرىم جىڭ گۆش ئەكىلىپ بېرىپ، گاھىدا دېرىزىدىن بىرەر تەخسە مانتا، ئىككى تەخسە لەغمەن سۇنۇپ بېرىپ تۇردى. بىراق ئۇنىڭغىمۇ پۇل بېرىش كېرەك، ئۇمۇ ئاران ئاشپەزلىك قىلىپ جېنىنى ئالىدىغان كەمبەغەل ئىدى. مۇشۇنداق قىيىنچىلىقلاردا يۈرگەندە، ۋالىي مەھ-كىمىسىدە ئىشلەيدىغان جۇڭ يىن (كېيىن ئىسمىنى جۇڭ دىخۇا دەپ ئۆزگەرتتى) دېگەن بىر شىبە مەسئۇل كادىر (ئۇ ئادەم چۆچەك كۇلۇبىنىڭ مۇدىرلىكىنى قوشۇمچە قىلىدىغان، ماڭا كۆڭلى يېقىن بولىدىغان) بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرۈپ: "سىزگە مەسئۇل خىزمەت بېرىش مۇمكىن ئەمەس، مۇشۇ كۇلۇبتا بىر قارا خىزمەتكە ئورۇن-لاشتۇرساق، 20 سوم ئايلىق چىقىدۇ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ مۇدىرلىق ئىشىمنى قىلىسىز" دېدى. ماقۇل دەپ كۇلۇبقا باردىم، جۇڭ دىخۇانىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن بولۇپ بىرەر ھەپتە ئۆتتى كېيىن

بىر قىسىم خەنزۇ خىزمەتچىلەر يىغىلىپ: "ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى
قىلىشى كېرەك" دەپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنى ۋالىي مەھكىمە-
سىدىن كەلگەن بىر كادىر ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ
قالدىم. مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇلارغا قارشى تۇردى. ئاخىر
مەن مىللىيلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۆز خىزمىتىمنى قىلاي دېدىم.
مېنىڭ قىلىدىغان خىزمىتىم — كوچىغا كىنو، تىياتىر ئېلانلىرىنى
چاپلاش، بېلەت سېتىش، ئىشىكتە تۇرۇپ بېلەت تەكشۈرۈش،
ئويۇن ۋاقتىدا زالنىڭ تازىلىقىغا قاراش، ئويۇن تۈگىگەندە زالنى
تازىلاش ھەم ئورۇندۇقلىرىنى رەتلەش خىزمەتلىرى ئىكەن. بىرىنچى
بولۇپ ئېلان چاپلاشقا چىقتىم، كىنونىڭ ئېلانى يېزىلغان ئۈچ چوڭ
قەغەزنى يۆگەپ قولتۇقۇمغا قىسىپ، بىر تەخسىدە شىلىم ۋە بىر
كىچىك تاختا ئېلىپ كۇلۇبنىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچىغا چىقتىم.
چاپلىسام تۇرماي، بىردەم تامغا، بىردەم قەغەزگە شىلىم سۈرتۈپ، خېلى
قىيىنچىلىقتا چاپلىدىم. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئېلان چاپلىغىلى چىققى-
نىمدا باغقا قارايدىغان بىر خەنزۇ بوۋاي شىلىم چېلىنغان بىر كىچىك
چېلەك بىلەن بىر سۈپۈرگىنى ئېلىپ چىقىپ، ئېلان چاپلاشنى
كۆرسەتتى. ئۇ سۈپۈرگىنى چېلەكتىكى شىلىمغا چىلاپ تامغا يۇقىرى-
تۆۋەن ئىككى قېتىم سۈرتتى-دە، قاتلاقلىق ئېلاننى يۇقىرىدىن
تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ بىردەمدە چاپلاپ بولدى. مەن بۇ ئادەمدىن
بەك رازى بولۇپ، ئېلان چاپلاشنىڭمۇ يولى بار ئىكەن دەپ ئويلى-
دىم. ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى بىلمىسەڭ بولمايدى-
كەن، شۇنداق قىلىپ ئېلان چاپلاشنىڭ يولىنى بىلىۋالدىم. ئەتىسى
ئەتىگەندە بوۋايدىن ئۆگەنگەن ئۇسۇل بىلەن چېلەك، سۈپۈرگىنى
ئېلىپ، ئېلاننى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىپ بارسام، بوۋاي مېنىڭ

ئالدىمنى تۇسۇپ، چىلەك، سۈپۈرگە، قەغەزلەنى سورىدى، ئۇ: "بۇ ئىشلارنى مەن قىلىپ بېرەي، سىز كۇلۇبىنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى قىلىڭ" دېدى. ئۇنىمسام ئۇنىماي قولۇمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئادەمگە ئىچىمدىن رازى بولۇپ، بەك تەسىرلەندىم. بىر شىبە شەپقەت قىلىپ خىزمەتكە قويىدى، بىر قىسىم خەنزۇ ئىشچىلار ئۆز ئىشىگنى قىلسەن، دەپ مەجبۇر قىلدى. ئاخىر بىر خەنزۇ بوۋاي مېنىڭ ئېلان چاپلاش خىزمىتىمنى ئۈستىگە ئالدى. كىشىلەر ئارىسىدا غەمخورلۇق، ئۆچلۈك، چەكلەش، مۇھەببەت دېگەن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ھەر قەدەمدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىكەن. مەنمۇ بۇنى خىزمەتتىن بوشىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ خىزمەتكە كەلگەن مۇشۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئوچۇق كۆردۈم. بۇلا ئەمەس، مېنىڭ ئېلان چاپلاشتىن باشقا خىزمەتلىرىم جىق. بۇ خىزمەتلىرىمنىمۇ كېيىن بىرقانچە ئىشچىلار ئاستا-ئاستا بۆلۈۋالدى، بىرسى بېلەت سېتىشنى، بىرسى ئىشكتە بېلەت يىغىشنى ئۈستىگە ئالدى. قىينىراق بىر ئىش ئويۇندىن كېيىن ياكى ئەتىسى ئەتىگەندە زالنى تازىلاش، بەندىگىلارنى رەتلەش ئىدى. ئاۋۋاللىرى بۇ ئىشنى ئايىم بىلەن ئىككىيلەن كىنودىن كېيىن ئاخشامدا قىلىۋېتىپ يۈردۇق. كېيىن ئەتىگەندە كېلىپ ئىشلەيدىغان بولدۇق. بۇ ئىشنىڭ قىيىنچىلىقى شۇ يەردىكى، بىرى كىنو ۋاقتىدا شاپاق، چېكىلدەك شاكاللىرى، ئالما شۆپۈكلىرى بىلەن ئەخلەت تولۇپ كېتەتتى. يەنە بىر ياقتىن، كۇلۇبىنىڭ بەندىگىلىرى مۇقىم بېكىتىلمىگەن بولۇپ، كىشىلەر كىنودىن چىققاندا مالىماتاڭ بولۇپ كېتەتتى. بۇ ئىككى ئىشنى قىلىشقا ئاز دېگەندە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى.

بىركۈنى ئەتىگەندە كېلىپ قارىسام، زال چىرايلىق، پاكىز

رەتلەپ قويۇلۇپتۇ، كىم قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەتىسى كەلسەمۇ
شۇنداق، ئۆگىنى كەلسەممۇ شۇنداق. بۇ ئىش بىر ياقتىن مېنى
تەسىرلەندۈرسە، يەنە بىر ياقتىن باشقىلارغا ئېغىرچىلىق سالغىنىم
ئۈچۈن كۆڭلۈم ئازابلاندى. يەنە بىركۈنى سەھەردە ئايىم بىلەن
ئىككىمىز كېلىپ، ئىشكىلەرنى ئېتىۋېلىپ، تازىلىق قىلىۋاتساق، بىر-
مۇنچە كىشىلەر سىرتتىن كېلىپ ئىشكىلەرنى ئۇرغىلى تۇردى، ئاچماي
ئىشەنمىزنى قىلىۋەردۇق، كېيىن ئۇلار قانداقتۇر بىر ئېلاج قىلىپ
ئىشكىنى ئېچىپ كىرىپتۇ. قارىسام كۇلۇبىنىڭ دوخۇۋاي (كاناي)
مۇزىكا دۈينىڭ باللىرى ئىكەن. بۇ مۇزىكىدا 20 گە يېقىن باللار
بولۇپ، ھەممىسى ياش-ياش ئۇيغۇر، قازاق باللىرى ئىدى.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىز ئويۇن قويغاندىمۇ مۇزىكا چالاتتى، بەزىدە
ئويۇنغىمۇ قاتنىشىدىغانىدى. بولۇپمۇ تۇرسۇن ھەسەن (ھازىر قۇمۇل
سەنئەت ئۆمىكىدە رېژىسسور) ئاكتىپ قاتنىشاتتى، ئۇ كىچىكىدىنلا
ئوبدان قىزىقچى ئارتىس ئىدى. شۇ تۇرسۇن ھەسەن ئالدىدا، ئۇنىڭ
كەينىدىن يەتتە-سەككىز بالا سۈپۈرگە. چېلەك، تاختاي يۇيىدىغان
توبالارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە، بىزنى ئۇنىمىغىنىمىزغا
قويماي ئىتتىرىپ زالدىن چىقىرىپ، ئىشكىنىڭ ئىچىدىن ئېتىۋالدى.
مەلۇم بولدىكى، بىرنەچچە كۈندىن بېرى شۇ باللار ئاخشىمى ياكى
سەھەردە زالنى تازىلاپ رەتلىگەنىكەن. بۇگۈن ئەتىگەن بىز ئۇلاردىن
بالدۇرراق كېلىپ قاپتىمىز. بۇ باللارنىڭ كۆيۈنۈشى مېنى بەك
تەسىرلەندۈردى. بۇلارنىڭ بۇ ئىشى، بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدىكى
مۇھەببەتنىڭ خېلى چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيتتى. ئارىلىقتا ئۇ باللار
بىر ياققا كېتىپ قالدىمۇ نېمە، تازىلىقنى يەنە مەن ئۆزەم قىلىپ،
ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەتىگەندە يەنە ئايىم بىلەن كەلسەك،

زال ئىچىدىن ئېتىلگەن، ئىچىدە باشقىلار تازىلىق قىلىۋېتىپتۇ، ئىشكنى ئۇرۇپ خېلى ئېيتىشىپ باقتۇق، ئاچمىدى. ئىلاجى يوق باغقا چىقىپ ئولتۇردۇق. بۇلارنىڭ مۇزىكىچى باللار ئەمەسلىكى بىلىندى. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرساق، توپىلىرىنى قېقىشىپ قېيۇم بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى مۇنەۋۋەر كۇلۇبتىن چىقىپ كەلدى. بۇلار ئايىمنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېيۇم بىلەن ئىككىمىز خېلى يېقىن ئاغىنە ئىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن گېزىتخانىدا خېلى ۋاقىت بىللە ئىشلىگەن، بۇ كۈنلەردە ئۇ كۇلۇبنىڭ ھېسابات ئىشىنى قوشۇمچە ئىشلەيتتى. مۇنەۋۋەر ئايىملار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، بەك شوخ ھەم سۆيۈملۈك قىز بولۇپ، مەن ئۇنى سىڭلىمدەك ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇمۇ مېنى ئاكىسىدەك كۆرۈپ ئەركىلەپ، چاقچاق قىلىپ، قىزىق-قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇلار بىز ئولتۇرغان بەندىگە كېلىشى بىلەن مۇنەۋۋەر مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغلىغاچ: "بۇ ئىشنى قىلماڭ سەيپىدىن ئاكا، سىزنىڭ مۇشۇ كۇلۇبتا خار بولۇپ يۈرۈشىڭىزگە بىز چىدىمايمىز" دېدى. كېيىن ئولتۇرۇپ بىرئاز بېسىلغاندىن كېيىن، قېيۇم مەسلىھەت بېرىپ، باشقا ئىشلارنى مۇزىكىچى باللارغا بۆلۈپ بېرىش، مېنىڭ كۇلۇبنىڭ بۇفېتىدە نەرسە سېتىش، يەنە بىلىيارتقا قاراشقا ئوخشاش خىزمەتلەرنى قىلىشىمنى ئېيتتى.
كېيىن ئاڭلىسام قېيۇمنىڭ بۇ تەكلىپىگە بەزىلەر ئۇنىماپتىكەن، يۇقىرىدىن جۇڭ يىنىنىڭ قوشۇلۇشى، تۆۋەندىن مۇزىكىچى باللارنىڭ قەتئىي تۇرۇشى بىلەن شۇنداق قىلىنىدىغان بوپتۇ. بۇفېت كەچلىكى ئويۇن ۋاقتىدا ئېچىلىدۇ، بىلىيارتقا بولسا، دائىم ئادەم كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شاھمات، دامكا ۋە باشقا ئويۇنلارمۇ بار

ئىدى، مەن شۇ ئىشلارنى باشقۇردۇم. بىلىيارتقا بىر ئادەمگە بىر سائەتكە 50 تىيىن ئالاتتۇق، مېنىڭ ۋەزىپەم بىلىيارت تاشلىرىنى قۇلۇپلانغان ئىشكاپتىن ئېلىپ، ئوينىغۇچىلارغا بېرىپ 50 تىيىن ئېلىش، ئويناپ بولغاندىن كېيىن ياكى نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارغا ئۆتكۈزۈش ياكى ئىشكاپقا سېلىپ قۇلۇپلاش ئىدى. بۇ، سوۋېتتىن يېڭى كىرگەن ياخشى بىلىيارت بولغاچقا، كىشىلەر خېلى قىزىقىپ ئوينايتتى.

بىراق تۇرلۇك بىسىم بىلەن ھەم ئاغىنە، تۇغقانلارنىڭ ئۇ يەردە ئىشلەشكە قوشۇلماسلىقى بىلەن چېكىنىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. ماڭمۇ بىر قىسىم ئىشىمنى باشقىلارنىڭ قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى بىر خىل روھى ئازاب بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەن كۇلۇبتىن چىقىپ كەتتىم، لېكىن ئاشۇ دوستلاردىن، بەش يىلدىن بېرى ئويۇن قويۇپ كېلىۋاتقان بۇ كۇلۇبتىن ئايرىلىپ چىقىش، ماڭا يەنە بىر خىل ئېغىر تەسىر قىلدى. بۇ كۇلۇب ھەم بۇ كۇلۇب ئەتراپىدىكى "چۆچەك خەلق باغچىسى" دەپ ئاتالغان باغ قۇرۇلۇشتىن تارتىپ ماڭا تونۇش ئىدى، بۇ ئورۇنلاردا خېلى جىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقاندىم. 1937 ـ يىلى مەن چۆچەككە يېڭىدىن بارغاندا قارىسام، مۇشۇ كۇلۇبنىڭ بىناسى سېلىنىپ، تاملىرى كۆرۈلۈپ بولۇپ، توختاپ قالغانىكەن، 1938 ـ يىلنىڭ بېشىدا بىز مەسلىھەتـ لىشىپ، ھۆكۈمەت پۇل بېرەلمىگەنلىكتىن بايلاردىن ئىئانە (ياردەم) پۇل توپلاپ داۋاملىق ياسىغاندۇق. پۇلى بارلار پۇل بەرگەن، پۇلى يوقلار ئەمگەك كۈچى بىلەن ياردەم قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كۇلۇب پۈتكەن، كۇلۇبنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەردىكى ئەسلى بار دەرەخلەر رەتلەنگەن ئوقۇغۇچىلار،

كادىرلارنىڭ قاتنىششى بىلەن يېڭىدىن نۇرغۇن دەرەخلەر قويۇلغان، باغنى چۆرىلىتىپ تام ياسالغان، ئۈچ تەرەپكە چوڭ دەرۋازا، كۈنپېتىش تەرەپكە يان ئىشىك قويۇلغانىدى. 1938 ـ يىلى كۈز، 1939 ـ يىلى باھار ھەم كۈزدە داۋاملىق دەرەخلەر قويۇلۇپ، بۇ جاي زامانىۋى بىر يېڭى كۇلۇبى بار، خېلى تۈزۈككىنە باغقا ئايلىنىپ قالغان، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە "چۆچەك خەلق باغچىسى" دېگەن تاختايمۇ ئېسىلغانىدى. شۇ زامانىنىڭ سەۋىيىسىدىن ئالغاندا، "چۆچەك خەلق باغچىسى" پۈتۈن ئۆلكە بويىچە بىردىنبىر يېڭى باغچا بولغانىدى. بولۇپمۇ يازلىقى كىشىلەرنىڭ سەيلە قىلىدىغان، دەم ئالىدىغان ئوبدان جايى ئىدى. بۇ باغچىدا كىشىلەر كىنو، بەزى ۋاقىتىدا تىياتىر، كونسېرت، كۆرەتتى، پىۋا، چاي ئىچەلەيتتى، كاۋاپمۇ يېگىلى بولاتتى. بىليارت، شاھمات قاتارلىق ئويۇنلارنىمۇ ئوينىغىلى بولاتتى. چۆچەك خەلق باغچىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، چۆچەك شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىلا ئەمەس، مەدەنىي سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈشتىمۇ كۆرۈنەرلىك بىر ئامىل بولۇپ قالدى. (1977 ـ يىلى مەن چۆچەككە بارغاندا ئۇ يەردىكى مەسئۇل يولداشلار مېنى شۇ باغچىغا ئېلىپ باردى. باغ، كۇلۇب شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ، ئازادلىقتىن كېيىن ئانچە ـ مۇنچە ياسىلىپ، دەرەخلەر قويۇلۇپ خېلى كۆكەرتىلىپتىكەن، 50 ـ 60 ـ يىللىرى بارغىنىمدا مەن بەك رازى بولغانىدىم. بۇ قېتىم بارسام تۆۋەنلەپ كېتىپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى باغچىدىنمۇ ناچارراق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يەرنىڭ مەسئۇللىرى ماڭا: "سىز مۇشۇ باغچىنى بىنا قىلىش، كۇلۇبنىڭ بىناسىنى سېلىشقا قاتناشقانىكەنسىز، بەزىدە ئويۇنلارنى قويۇپتىكەنسىز، كۆرۈپ باقسىڭىز، دېدۇق" دەپ ئايلاندۇرۇپ، كۇلۇبنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى،

كېيىن ھېلىقى بىلىيارتخانىغا كىرگەندە، بىرسى مەندىن: "ماۋۇ بىلىيارتنى تونۇيدىغان بولسىڭىز كېرەك" دېدى. "تونۇمامدىغان، كونا قەدىناس بىلىيارت. لېكىن ھازىر ئۇ ھالىتى قالماپتۇ" دېدىم، دېمىسىمۇ ئۇ ۋاقىتتىكى بىلىيارتلىقى قالماپتۇ، بەك كونىراپ كېتىپتۇ، يۈزىدىكى رەخت، چەتلىرىدىكى رېزىنكىلىرىنى يەڭگۈشلىگەنىسكەن، ياماق سالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتسىمۇ، بىلىيارتنىڭ مۇشۇنچىلىك تۇرغىنى ھېلىمۇ خېلى ئىش بوپتۇ. بۇ تونۇش پېشقەدەم بىلىيارتنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشلار ئېسىمگە كەلدى، باغنى ئايلىنىپ يولداشلارغا ئۆتمۈشتىكى بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم.

چۆچەكنىڭ مەدەنىيىتىدىن گەپ قىلغاندا، بۇ شەھەر ئۆلكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن يۇقىرىراق تۇراتتى. ئۆزبېك، تاتار، رۇسلار جىقراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپرەكى سوۋېتتىن كەلگەن كىشىلەر، مەدەنىي سەۋىيىسى يۇقىرىراق، زىيالىيلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر، قازاقلارمۇ ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن خېلى مەدەنىيەتلىك بولۇپ قالغان، مەكتەپمۇ باشقا جايلارغا قارىغاندا جىقراق، باشلانغۇچ مائارىپ خېلى كېڭەيگەندىن تاشقىرى، مۇئەللىملەر كۇرسى، باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا (گىمنازىيە) مەكتەپلىرىمۇ بار ئىدى. 20 ـ يىللاردا چۆچەكتە يېڭى مەكتەپ ئېچىلغان، بۇ ناھايىتى تار دائىرىدە بولسىمۇ ھەر ھالدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلىنىشى بولغانىدى. 30 ـ يىللارغا كەلگەندە مائارىپنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى باشقا جايلارغا قارىغاندا تېزرەك بولغان. مەن بېرىپ تۇرغان ئالتە يىل ئىچىدە بولسا، بۇ تەرەققىيات خېلى كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتارلارغا چۈشىنىشلىك ئورتاق تىل دەپ

ئاتالغان تىلدا گېزىت ـ ژۇرنال، بەزى كىتابلار نەشر قىلىنغانىدى. تىببىي داۋالاش ئىشلىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. شۇ ۋاقىتتا چۆچەكتە ئوقۇغان ياشلار ھەتتا ئازادلىقتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ، بەلكى تاھازىرغىچە خىزمەت قىلىپ چوڭ رول ئويناۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ كۆپى سوۋېتكە كېتىپ قالدى. 1977 ـ يىلى مەن بارغاندا چۆچەكنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ بىرئاز كۆڭلۈم يېرىم بولدى. پارتىيە-نىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك ئىدىيە جەھەتتە چوڭ نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن، ئەلۋەتتە. لېكىن شەھەرنىڭ قىياپىتىدە ھېچقانچە تەرەققىيات كۆرۈنمەيدۇ. مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بەك ناچار. مىللىي، دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئېتىبار قىلىشمۇ بەك ئاز. شەھەردە بىرمۇ ناۋاي-خانا قالماپتۇ، بۇ بىر ئاددىي مىسال بولسىمۇ، خېلى چىق نەرسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مەن ئىلگىرى بۇ يەردە خېلى تۇرغانلىقىم، بۇ شەھەرنىڭ تۇز، نېنىنى يېگەنلىكىم ھەم ئانچە ـ مۇنچە ئەمگىكىم سىڭگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نارازى بولدۇم (ئەھۋال-نىڭ مۇنداق بولۇشىدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بار، ئەلۋەتتە). كېيىن يەرلىك پارتكوم دائىمى ھەيئەتلىرىنىڭ ئالاھىدە مەجلىسىنى ئۆتكۈ-زۈپ، چۆچەك شەھىرىنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ چىقتۇق. بىرنەچچە يۈز مىڭ يۈەن پۇلمۇ تەستىقلاپ بەردۇق، مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، مىللىي ئىشچى ـ خىزمەت-چىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە تەكىتلىدۇق.

مەن كۆلۈبتىكى خىزمەتتىن ئايرىلدىم، ئەمدى بىر تىيىن كىرىممۇ يوق، داۋاملىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىپ خەجلىدۇق، ئۈستىمىز-

دىكى بىرەر قۇر كىيىمدىن باشقا مۈلۈك دەيدىغان بىرنېمە قالمىدى،
ھەتتا كونا چامادانلارنىمۇ سېتىپ خەجلىدۇق. بۇنداق باشقا
ئېغىرچىلىق چۈشكەن كۈنلەردە راست دوست بىلەن يالغان دوست
ئېنىق ئايرىلىدىكەن، يالغان دوستلار ئەمدى ئىچ ئاغرىتىش بىر
ياقتا تۇرسۇن، زەردە بىلەن كىنايە قىلىدىغان بولدى. راست
دوستلار بولسا راست غەمخورلۇق قىلدى. ئوچۇق ماددىي ياردەم
قىلىشقا بىز ئۇنىمىغاندىن كېيىن گاھىدا ئۇلار ئۆيگە كېلىپ كەتكەندە
كىتابلار ئارىسىغا ياكى كىگىز ئاستىغا بەش-ئون سومدىن پۇل تاشلاپ
كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەم مۇڭداش، ھەم
سىرداش، ھەم بىر يۇرتلۇق؛ ھەم ساۋاقداش دوستۇم ئابلىمىت
ھاجىيوۋ ئىدى. ئۇ كېيىنرەك چۆچەككە بېرىپ باجخانىدا ئىشلىگەن،
ماڭاشى يامان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باج كىرىملىرىدىن
بېرىدىغان پىرسەنتىمۇ بولسا كېرەك، ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي گاھىدا
پۇل، گاھىدا نەرسە بىلەن ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ئۇندىن قالسا
دۆربىلجىنلىك تاشۇەك (ئەسلى ئاتۇشتىن، مەن بىلەن بىر يۇرت-
لۇق، سودىگەر، ئازادلىقتىن كېيىن خىزمەتچى، يېقىندا قەشقەردە
ۋاپات بولدى)، مۆيىدىن بەگ (بۇ ئادەممۇ سودىگەر، ھازىر
ئۇرۇمچىدە پېنسىيىگە چىققان)، مەممەت نىياز قارىي (بىر يۇرتلۇق،
ھازىر شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مائاۋىن باش-
لىقى)، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن يۇسۇپ ھاجىم، ئىگەمبەردى خەلپىتىم
دېگەن كىشىلەر، تۇغقانلاردىن توختى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى
نىساخان ئاپا (ئۇنى ھەممىمىز قەدىرلەپ نىسا ئاپا دەيتتۇق)، ئوغلى
مەمتىلاخونلار بىزگە يېقىندىن غەمخورلۇق قىلىپ، ھالىمىزدىن
خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بۇ ۋاقىتلاردىكى مېنىڭ پائالىيىتىم ئىلاجى

قىلىپ چۆچەكتىن يۆتكىلىپ ئىلىغا كېتىش ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمايتتى.

شۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز مېنى قامىدى. سوراق قىلىغان ئاساسىي مەسىلە، كونسۇلنىڭ، مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېيتىپ بېرىسەن، دېدى. مېنىڭ كونسۇلخانا بىلەن بېرىش-كېلىشىم بار ئىدى، ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئۇچرىشىپ ئامانلاشقاندىن باشقا، جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. يەنە بىرى، ئالدىنقى يىلى بىر قىش مالىنىن دېگەن مۇئاۋىن كونسۇلنىڭ تەكلىپى بىلەن كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرىگە ئۇيغۇرچە دەرس بەرگەنىدىم. مەن سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن بىر زىيالىي بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، كونسۇل دۇباشىن، مۇئاۋىن كونسۇل مالىنىنلار ئېتىبار قىلاتتى. لېكىن ماڭا ھېچقانداق تاپشۇرۇق بەرمىگەنىدى، گۇڭئەنجۈي مېنى خېلى قىستاپ بېقىپ، ھېچبىر نەتىجە ئالالمىدى. ئاندىن ھېلىقى چېپەيزى ساقچىسىنىڭكىگە ئوخشاش بىمەنە سوئاللار، مەسىلەن، سەن نېمىشقا سوۋېتكە بېرىپ ئوقۇدۇڭ؟ لېنىننى ماختاپ ماقالە يېزىپسەن، سەن ئۇنى نەدىن بىلىسەن؟... دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بىلەن ئاۋارە قىلدى. مەن سوۋېتكە قانداق بارغانلىقىمنى شېڭ دۇبەندىن سورا، لېنىننى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار ھېچنىمە تاپالماستىن مېنى قويۇۋەتتى. شۇ كۈنلەردە ئايىم ھەر كۈنى تۈرمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى، مەن ھويلىغا چىقسام‌ملا يىراقتىن كۆرۈشۈپ قالاتتۇق. كېيىن ئۇ بىركۈنى: "يۇرت كاتتىلىرى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ" دېگەن سۆزنى يىراقتىن ۋارقىرى-

دى. تۇرمىدىن چىقىپ ئاڭلىسام، شۇ ۋاقىتىدىكى بىرلىك سەپ نىشانى بولغان يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىگەمبەردى خەلپىتىم، ئابىت ھاجى (بۇ ئادەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى). مۇقىم شىيەنجاڭ (ئىلگىرى شىيەنجاڭ بولغانىكەن، كىشىلەر كىيىنمۇ شۇنداق ئاتايتتى). قاتارلىق ئادەملەر ۋالىيغا بىرىپ (بۇ ۋاقىتتا جاۋ جيەنفېڭ يۆتكىلىپ كېتىپ باشقا بىر ئەشەددىي گومىنداڭچى ۋالىي بولۇپ كەلگەنىدى) قايتا ـ قايتا مىنى چىقىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئاخىر: "سەيپىدىننى چىقىرىشقا رۇخسەت قىلمىسىڭىز، بىز ۋالىي مەھكىمىسىدىن كەتمەيمىز" دېگەن يەرگىچە بىرىپ تۇرۇۋاپتۇ.

تۇرمىدىن چىققاندىن كىيىن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تېخىمۇ قىيىندى، سىياسىي بېسىم بارغانچە كۆپەيدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ساقچىدىن چاقىرىپ سوراق قىلاتتى، گاھىدا كېچىسى بىزنىڭ ئۆيگە كىلىپ پاراڭلاشقان بولۇپ ئولتۇرۇپ، ئايىمنى چىقىرىۋېتىپلا ئىشكنى ئېتىۋېلىپ سوراق قىلاتتى، ماڭا ئەمدى سوراقلار داۋام قىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت قاماش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىش خەۋپى مەلۇم بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كىيىن، ئاغىنىلەر، بولۇپمۇ ساقچىدا ئىشلەيدىغان ئوسمانجان، سابىر قاتارلىق تونۇشلارمۇ چاپسانىراق چۆچەكتىن كەتسەڭ دېدى. مەنمۇ ھەمىشە تەلەپ قىلىپ ۋالىي مەھكىمىسىگە باردىم، ئۇلار زادى رۇخسەت بەرمەي "دۆبەن تەستىقلىمىدى" دەيتتى، ئاخىر 1943 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلارغا كەلگەندىلا ماڭا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاران باللىقتا چۆچەكتىن چىقىپ كەتتۇق.

لېكىن چۆچەكتىن چىقىپ كېتىش ئۇنچە ئاسان بولمىدى. كىراغا پۇل بولمىغانلىقتىن، قانداق كېتىشىمىزنى بىلمەيتتۇق، بىر ئوگىدىن

كەلگىنى، شۇ ۋاقىتتا نىساخان ئاپام، مەمتىلەملەر ئائىلىسى بىلەن غۇلجىغا كۆچىدىغان بولۇپ، ئۇلار بىزنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ بىزگە شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىقتا ئاسمانچە ياردەم بولدى. ئۇلارنىڭ بالا-چاقا، ئۆي-ۋاقىلىرىنىڭ ئۈستىگە بىز قوشۇلۇپ، ئادەم ۋە نەرسە-كېرەكلەرمۇ كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى بىرىشكا هارۋا، بىر خادىك هارۋا بىلەن يولغا چىقتۇق. ياللىۋالغان بىر هارۋىكەشتىن باشقا، بىر هارۋىنى مەمتىلاخۇن، بىر هارۋىنى مەن هەيدىدۇق. هەممىمىز خۇددى بىر ئائىلىدەك نىساخان ئاپامنىڭ مېھرىبانلىقى بىلەن كۆزىمىزگە قىيىنچىلىقمۇ بىلىنمەي، سەپەرنى ئوبدان ئۆتكۈزدۇق.

چۆچەكتىن چىقىشتا ئىككىنچى چوڭ بىر مەسىلە، ساقچىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش بولدى. ئەتىگەندە ساقچى ئالدىغا كەلدۇق، نىساخان ئاپام، مەمتىلاخۇنلارنى بىر قاتار تەكشۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ھېچنىمىنى قويماي تىتىپ تەكشۈردى، مېنىلا ئەمەس، ئايىمنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئەستەر-پاختىسىغىچە ئاختۇردى. كىتاب-دەپتەرلەرنىڭ ھېچنىمىسىنى قويماي سىنچىلاپ تەكشۈردى. ئۇ ۋاقىتتا قاتتىق مەنئىي قىلىنىدىغان بىر قىسىم ماركسىزمغا دائىر كىتابلىرىم بار ئىدى، ئۇلارنى بىرىشكىنىڭ كەينىدىكى يەم-خەشەكلەر ئارىسىغا تاشلاپ قويغانىدىم، كۆرمەي قالدى. تەكشۈرۈشتە باشقا ھېچنېمە تاپالماي، ئىككى نەرسىنى ئۆزلىرىچە چىڭ تۇتقان بولدى. بىرى، مېنىڭ تاشكەنتتە مەكتەپ پۈتتۈرگەن گۇۋاھنامەم. بۇ رۇسچە يېزىلغان، مەكتەپنىڭ تامغىسى بېسىلغان، لېكىن گۇۋاھنامىلىقىنى كۆرۈپلا بىلىۋالغىلى بولىدىغان بىرنېمىدى. ئۇ ساراڭلار ئۇنى قەستەنگە قىلدىمۇ، "بۇ سوۋېت

گراژدانلىرىنىڭ پاسپورتى، ئىقرار قىلىسەن" دەپ قېيىندى. ھاجىيىۋ، مەمتىلاخۇنلار "بۇ گۇۋاھنامە" دەپ چۈشەندۈرگەندىلا، ئاخىر ئىلاجى يوق، بۇنى تاشلاپ قويۇپ، رەسىملەردىن ئىش چىقارماقچى بولدى. تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئېكسكۇرسىيە ئۈچۈن موسكۋا، لېنىنگرادقا بارغان ۋاقتىدا، كېيىن چۆچەكتە تۇرغان مەزگىللەردە چۈشكەن سۈرەتلەر بار ئىدى. سۈرەتلەردە ساۋاقداشلار، دوست-ئاغىنىلەر، سوۋېتلىك مۇئەللىملەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار: "بۇ رەسىملەرگە نەدە چۈشكەن، نېمىشقا چۈشكەن، بۇ كىملەر؟" دەپ سوراپ ئاۋارە قىلدى. سوۋېتتىكى ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ سۈرۈشتۈردى، بولۇپمۇ سوۋېتلىك مۇئەللىملەر ۋە مەكتەپ خادىملىرىنى (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئورۇسمۇ بار) قانداق ئادەملەر، نېمە ئالاقەڭ بار دەپ تولا سورىدى. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئىككى سائەت ئاۋارە قىلدى. كېيىن شۇ يەردە توختىتىپ قويۇپ يا ماڭغۇزمىدى، يا گەپ قىلمىدى، كېيىن بىرۋاقىتتا مېنى گۇڭئەنجۈينىڭ ئىچىگە چاقىرىپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇزاق سوراق قىلدى. يەنە ھېلىقى گەپلەر ئىدى، ئىشقىلىپ، بىر ئىلگىنچەك تاپسا تۇتۇپ قېلىپ قاماپ قويىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ھېچنېمە تاپالمىغاچقا ئاخىر كۈن قايرىلىپ بىرۋاق بولغاندا، مېڭىشقا رۇخسەت قىلدى. يولغا چۈشتۇق، ھاجىيوۋ، يەنە بىرقانچە ئاغىنە-تۇغقانلار سېپىلنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققۇچە بىللە كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. شەھەردىن ئايرىلىشتا كەينىمىزگە قاراپ، ھەممىمىزنى دېگۈدەك يىغا تۇتتى. بۇ شەھەردە خېلى ئۇزاق ياشاپ، جىق باللىق بولغان، ئۆزىنىڭ قەدىردان ئېرىنىمۇ مۇشۇ يەرگە كۆمۈپ قويغان نىساخان ئاپام بولسا، چۆچەكتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك

قىلاتتى. ماڭا بولسا ھەم تۈزنى يېگەن، ياخشىلىقنىمۇ كۆرگەن، ئەلەممۇ تارتقان بۇ شەھەردىن ئايرىلىش ھەم كۆڭۈلسىز، ھەم كۆڭۈللۈك سېزىلەتتى. نىساخان ئاپام خېلى ۋاقىتقىچە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ كەلدى. مەنمۇ كۆزۈمگە ياش ئالماي تۇرالمىدىم. ئايىم بولسا بايا ئاپىسى بىلەن ئايرىلغاندا يىغلىغانچە تېخىچە توختىمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ، شەھەردىن ئايرىلىپ قارا ئۆڭكۈر ئېقىنىغا كېلىپ توختىدۇق. ھەر ھالدا شەھەردىن ئامان چىققىنىمىزغا ھەممەيلەن خاتىرجەم بولۇشتۇق. دېمىسىمۇ، قىلنىڭ ئۈستىدە قالغانىكەنمەن، گۇڭئەنجۇينىڭ ئالدىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا شۇ يەردە ئىشلەيدىغان سابىر قولۇمنى قاتتىق قىسىپ: "تۇتۇلۇپ كېتىشكە تاس-تاس قالدىڭىز، چاپسانراق چۆچەكتىن يىراققا كېتىڭ، دۆربىلجىندە تۇرماڭلار، ئۇلىغا بارغاندىن كېيىن دىققەت قىلىڭ" دېدى. قارا ئۆڭكۈردە دەم ئېلىۋېلىپ، كېچىلەپ يول ماڭدۇق، غۇلجىغىچە بولغان 600 كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنىڭ سەپىرى ئاشۇنداق باشلاندى...

سەپەر ئۈستىدە قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز بولمىدى. تاماقتىن ئانچە قىينالمىدۇق، ئېلىۋالغان قۇرۇق تاماقلار ئاز ئەمەس ئىدى. كۆپرەك دالادا، سۇ بويىدا، ئوت-چۆپ بار يەردە قوناتتۇق. لېكىن ھارۋا سەپىرى ئاسان ئەمەس ئىكەن. بولۇپمۇ خوجىكە تېغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بۆرىتالاغا كەلگۈچىلىك بولغان مۇشۇ ئارىلىقتا يول قىيىنغا چۈشتى. ئەڭ قىيىنى داۋان ئېشىش ئىدى، ئاتلارنى بىرىمىز يېتىلەسەك، ئىككىيلەن تاش كۆتۈرۈپ چاقنىڭ كەينىدە ماڭاتتۇق. ئات توختىشى بىلەنلا چاقنىڭ ئاستىغا تاش قوياتتۇق. ئات تارتالمىغاندا ئۇلىشىپ ھارۋىنى ئىتتىرىشكە توغرا كېلەتتى، گاھىدا تىكرەك داۋانلاردا بىر ھارۋىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقارغاند-

دىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېتىنى چىقىرىپ كېلىپ باشقا هارۋىغا قوشۇشقا توغرا كېلەتتى...

ئەنە شۇنداق جاپالار بىلەن داۋان ئېشىپ، چۆل كېزىپ بۆرىتالاغا كېلىپ مەتنىياز قارىمنىڭ دادىسى ئەيسا هاجىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق، بۇ ئادەم بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، بىر باي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆچەكتە ئۇنىڭ ئوغلى مەتنىياز قارىم بىلەن ئىناق ئۆتەتتۇق. ئۇ بەك ياخشى قارشى ئېلىپ ئوبدان كۈتۈۋالدى. كېيىن بۆرىتالادا يۇرتداشلار، تۇغقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، قولدىن قولغا مېهمان بولۇپ، بىر هەپتە تۇردۇق هەم ئوبدان دەم ئېلىپ قالدۇق. ئاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپ، سايرامنى ئايلىنىپ، تەلكە تاغلىرىنى ئېشىپ، سۈيدۈڭ، كۈرەدىن ئۆتۈپ غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، نىساخان ئاپامنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق.